«شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» كىتاب نەشر قىلىش تۈرى (0428)
“东风工程” 图书出版项目之0428

مۇھەممەد ئەھمىدى
ئابدۇللا مۇھەممىدى ئەرتەن



# ئەقىدە

شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

مۆھەممەد ئەھمەدى
ئابدۇللا مۆھەممەدى ئەرتەن



# ئۇقدە

( ھېكايىلەر)

شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

信念：维吾尔文/阿布都拉 • 穆罕默德著. —乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2012.8
ISBN 978-7-5466-1480-9

I.①信… II. ①阿… III.①品德教育—中国—通俗读物—维吾尔语（中国少数民族语言）IV.①D648-49

中国版本图书馆CIP数据核字(2012)第208776号

پىلانلىغۇچى: ئادىل مۇھەممەت
مەسئۇل مۇھەررىرى: رەنا باقى
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: ھەبىبۇللا مۇھەممەت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئالىيە مەمەت
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: خەمىدە سەئىدئالىم
بەت ياسىغۇچى: ئايىنىسا ئوبۇل

**ئەقىدە**

* * *

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى №255 پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880mm×1230mm 1/32 باسما تاۋىقى: 11·875
2012 - يىلى 9 - ئاي 1 - نەشرى
2012 - يىلى 9 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5466 - 1480 - 9
باھاسى: 19·70 يۈەن

# كىرىش سۆز

شىنجاڭ ئاخبارات - نەشرىياتچىلىقى «شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» (تۆۋەندە «شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» دېيىلىدۇ) دۆلەت ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بىر تۇتاش پىلانلىغان، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى كونكرېت تەشكىللەپ يولغا قويغان بىر تۈرلۈك مۇھىم سىياسىي تەدبىر ۋە خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى. «شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» نى داۋاملىق يولغا قويۇش مەركەزنىڭ يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتى ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئوتتۇرىغا قويغان زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىر. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى نەشرىياتچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تۈرلۈك نەشر بۇيۇملىرىنى نەشر قىلىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىغا ئىلغار ئىدىيەنى تەشۋىق قىلىدىغان، پەننىي بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرىدىغان، زامانىۋى مەدەنىيەتنى تارقىتىدىغان، ئاساسىي قاتلام ئىدىيە - مەدەنىيەت بازىسى قۇرىدىغان ۋە مۇستەھكەملەيدىغان، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئاساسىي مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان، مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىدىغان، پەن - مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرىدىغان ئاخبارات - نەشرىياتچىلىق ئاممىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت.

نەشر بۇيۇملىرىنى ھەقسىز تەقدىم قىلىش «شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» دىكى مۇھىم تۈرلەرنىڭ بىرى. بۇ تۈردە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىنىپ، شىنجاڭدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرى ۋە شەھەر (بازار) مەھەللىلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈلگەن ئاساستا ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز، شىبە قاتارلىق ئالتە خىل تىل - يېزىقتا سىياسىي

- ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا، تۇرمۇش، مەدەنىيەت، بالىلار ئوقۇشلۇقى ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت ئالتە چوڭ تۈر بويىچە نەشر بۇيۇملىرىنى نەشر قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى ھەم ئاساسىي قاتلامغا تەقدىم قىلىندى. مەزمۇن جەھەتتىن ئالغاندا، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئاساسىي مەدەنىيەت ھوقۇق - مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئاساسىي لىنىيە، «ۋەتەننى - شىنجاڭنى سۆيۈش، ئىتتىپاق ئۆتۈش - تۆھپە قوشۇش، تىرىشىپ ئىشلەش - ئۆزئارا ياردەملىشىش، ئېچىۋېتىش - ئىلگىرىلەش» نى ئەۋج ئالدۇرۇشتىن ئىبارەت شىنجاڭ روھى نىشان، «ئەمەلىيەتكە، تۇرمۇشقا، ئاممىغا يېقىنلاشتۇرۇش» مەقسەت، ھەر مىللەت ئاممىسى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان، ئۆگىنەلەيدىغان، قوللىنالايدىغان بولۇش پرىنسىپ قىلىندى. بىز بۇ نەشر بۇيۇملىرىنى ئاممىباب، چۈشىنىشلىك قىلىپ تۈزۈشكە، رەسىملىك ھەم ئاۋازلىق بولۇشنى بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشتۇق، ئىلمىي، قوللىنىشچان، مەزمۇنلۇق ۋە قىزىقارلىق بولۇشنى گەۋدىلەندۈردۇق، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ئىدىيە، يېڭى بىلىملەردىن پايدىلىنىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ يېڭى ئىدىيە، يېڭى مەنزىل، يېڭى نەزەر دائىرىسىنى قوزغاپ ۋە كېڭەيتىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنى ئىجتىمائىي ئىلغار مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بەھرىمەن قىلدۇق.

بىز « شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» نەشر بۇيۇملىرىنى ھەقسىز تارقىتىش تۈرىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، ھەقسىز تەقدىم قىلىنىدىغان تۈرلۈك نەشر بۇيۇملىرىنىڭ قاپلىنىش دائىرىسى ۋە تەسىر كۈچىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ كۈنسېرى ئېشىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى يەنىمۇ قاندۇرۇپ، زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ۋە ئەقلىي مەدەت بىلەن تەمىن ئېتىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

شىنجاڭ ئاخبارات - نەشرىياتچىلىقى «شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى

# مۇھەممەت ئەھمىدىنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

مۇھەممەت ئەھمىدى، ئۇيغۇر، 1940 ـ يىلى كۇچا ناھىيە ئۇچئۈستەڭ يېزا داۋزىيار كەنتىدە ئوقۇمۇشلۇق دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزگەن. 1957 ـ يىلىدىن 1958 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋزىيار دادۈينىڭ بوغالتىرى بولۇپ ئىشلىگەن، 1958 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1980 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە ئۇچئۈستەڭ گۇڭشېسىدا باشقۇرۇش رايونى كاتىپى، مۇدىرى، گۇڭشې ئىستاتىستىكا ۋە تەشۋىقات خادىمى، قوشۇمچە گۇڭشې قۇدۇق قېزىش ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. 1980 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1986 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە كۇچا ناھىيەلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىدە كاتىپ، 1986 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 2000 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە كۇچا ناھىيەلىك پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلەپ، شۇ يىلى 9 ـ ئايدا پېنسىيەگە چىققان. 1988 ـ يىلى شىنجاڭ ياشلىرى ژۇرنىلىدا «ئازغان» ناملىق تۇنجى ئەسىرى ئېلان قىلىنغاندىن تارتىپ 2011 ـ يىلغىچە ھېكايە، نەسر، فېليەتون قاتارلىق بىر قىسىم نەسرىي ئەسەرلىرى تارىم ژۇرنىلى، ئاقسۇ ئەدەبىياتى، شىنجاڭ سەنئىتى قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. ئۇ 1957 ـ يىلىدىن 2009 ـ يىلغىچە ئىختىيارىي مۇخبىرلىق بىلەن، 2003 ـ يىلىدىن باشلاپ قوشۇمچە ئاخبارات فوتو سۈرەتچىلىكى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ھەر قايسى گېزىت ـ

ژۇرناللاردا 4000 پارچىدىن كۆپرەك خەۋەر، ماقالە، زىيارەت خاتىرىسى ۋە سۈرەتلىرى ئېلان قىلىنغان. «ئاق يولۋاس»، «مەن كېسەل ئەمەس» ناملىق ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە تارىم ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن مۇكاپاتلانغان. ئۇنىڭدىن باشقا، 1964 - يىلى شىنجاڭ گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان «غالتەكلەشتۈرۈش خامپىۋاغ دادۈي دېھقانلىرىنىڭ ئەمگەك سىجىللىقىنى يەڭگىللەتتى» ماۋزۇلۇق ماقالىسى، 1989 - يىلى يازغان بىر پارچە تەكشۈرۈش دوكلاتى شىنجاڭ گېزىتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن ۋە نەق پۇل بىلەن مۇكاپاتلانغان. 2003 -، 2005 - ۋە 2008 - يىللىرى شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسى تەرىپىدىن ئىلغار ئىختىيارىي مۇخبىر بولۇپ مۇكاپاتلانغان. 2005 - يىلى كۇچا ناھىيەلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تەرىپىدىن ئىلغار ئىختىيارىي مۇخبىر بولۇپ مۇكاپاتلانغان، 2007- يىلى ئون مۇنەۋۋەر ئاخبارات خادىمى بولۇپ مۇكاپاتلانغان. ئۇ، كۇچا ناھىيەلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك فوتوگرافلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ياشانغانلار گېزىتىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان مۇخبىرى. بۇ كىتابقا ئۇنىڭ ئۇزۇن يىلدىن بۇيان يازغان بىر قىسىم ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلدى، بۇنىڭ ئەۋلادلارنى تەربىيەلەش ۋە يېتەكلەشتە مەلۇم قىممىتى بارلىقىغا ئىشىنىمىز.

## ئابدۇللا مۇھەممەدنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

ئابدۇللا مۇھەممەدى، 1964 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى كۇچا ناھىيەسىدە، خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

1971 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1976 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە كۇچا ناھىيەلىك 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1976 ـ يىلى 9ـ ئايدىن 1981 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە كۇچا ناھىيەلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىدا ئوقۇغان. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئاقسۇ مالىيە سودا مەكتىپى ۋە شىنجاڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان.

ئۇ ھازىر كۇچا ناھىيەلىك دۆلەتلىك باج ئىدارىسىدە خىزمەت ئىشلىمەكتە.

ئۇ 1986 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئاقسۇ گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان «سىز نېمىنى ئارزۇ قىلىسىز؟» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ كەلگەن بولۇپ، ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ «باشلىق»، «مېيىت نامىزى» قاتارلىق ئون نەچچە پارچە ھېكايىسى، «ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ گۈل تاجى ـ كۇچا خەلق ناخشىلىرى»، «سەن پۇل تاپالايتىڭ، ساتىراش ئاكا!» قاتارلىق مۇلاھىزە ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان.

ئۇ ھازىر شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاقسۇ

ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى، كۆچا ناھىيەلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى، كۆچا ناھىيەلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، كۆچا ناھىيەلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى.

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى بۆلۈم

## ھېكايىلەر

ئەقىدە ........................ 3
ئاق يولۋاس ...................... 21
ئاخىرقى ھەمراھ.................. 38
ھاكىمنىڭ جاۋابى ................. 43
ھەسرەتلىك كۈلكە ................ 46
چۈشىنىش ..................... 85
قىزىل گالستۇكلۇق بالا............. 99
مەن كېسەل ئەمەس ............. 103
كېسەل يوقلاش ................ 116
پاكلىق....................... 119
كۆيدۈرۈلگەن ھېكايىلەر ......... 128
ساۋاب ...................... 139
كاككۇك ئاۋازى ................ 147
كۈلمەيدىغان ئادەم .............. 177

## نەسرلەر

ئازغان ........................ 196
ئاق كىشمىش .................. 198

ئىككىنچى بۆلۈم

# ھېكايىلەر


دېرىزىدىكى قىز ............................ 205
بايقاش .................................... 216
باشلىق .................................... 219
سىناق ..................................... 225
يولدا ...................................... 229
بىز سىزگە ئىشىنىمىز ......................... 236
قوياش غەربكە قايرىلغاندا .................... 240
سىز نېمىنى ئارزۇ قىلىسىز؟ ................... 245
قوياشنى قايتا كۆرگۈم بار ..................... 249
كۆز تەگكەن مەھەللە ......................... 269
تېلېفون .................................... 281
كۆك پەردىلىك دېرىزە ........................ 299
غېرىبلىق ................................... 308
سۇيىقەست .................................. 318
ئىگىسىز دەرەخ .............................. 335
سايلام ..................................... 345
چېقىش ..................................... 348
جياڭسۇدىكى ھېكايە ........................... 353
ئادەم ۋە ھايۋان .............................. 362

بىرىنچى بۆلۇم

مۇھەممەت ئەھمىدى

# ئەقىدە

(ھېكايە، نەسىرلەر)

# ئەقىدە

ئۇزۇن يىل بويتاق يۈرۈپ، ئەمدى ئۇشتۇمتۇت توي قىلماقچى بولغانلىقىم ھەش - پەش دېگۈچە پۈتۈن يۇرتقا تارقالدى. خىزمەتداش، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىم بۇ ئىشتىن ھەيران ھەم خۇشال ئىدى. تەرەپ - تەرەپكە يۈگۈرۈپ، يوقنى تەل قىلىپ، ئاخىرى تويۇمنىمۇ قىلىۋالدىم.

توي تۈگەپ مېھمانلار تارقىغاندىن كېيىن، چىرايلىق توي كىيىمى كىيگەن ئاينىسا كۆچۈرۈپ كېلىنگەن ئۆيگە كىردىم. ئاينىسا ھاياجان بىلەن خۇشاللىناتتى ھەم بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەيتتى. مەن «قاراڭ ئاينىسا، بىز نەقەدەر بەختلىك!» دېگەن مەنىدە ئۇنىڭ نەمخۇش، ئىسسىق بارماقلىرىنى چىڭ سىقىپ قويدۇم. كەچتە بىرى قۇلىقىمغا شىۋىرلاپ: «سادىقجان، سىز قانداقلارچە بۇ توكۇر قىزنى تېپىۋالدىڭىز؟» دەپ سورىدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۆتكۈر مەسخىرە بىلەن تولغانىدى.

— ئەقىدىمىزگە يارىشا، — دېدىم مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ.

— شۇنداقمۇ؟ قاچانلاردا ئەقىدە قىلىشقان؟

— بۇنىڭغا ئۇزۇن يىل بولدى، ئاغىنە.

دوستۇم ئۈندىمىدى، لېكىن مەن ئىختىيارسىز ئاشۇ چاغدىكى ئىشلارنى ئەسلەپ قالدىم.

بۇ ۋەقە بۇنىڭدىن يىگىرمە نەچچە يىل بۇرۇن يۈز بەرگەن ئىدى. مەن شۇ ۋاقىتتا ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن بولۇپ، دادۈي بويىچە بىردىنبىر بىلىملىك ئادەم دەپ قارىلاتتىم.

دادۇينىڭ دادۇيجاڭلىرى مېنىڭسىز بىرەر بەت ئالاقە - ئۈقتۇرۇشىمۇ يازالمايتتى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئۇلار مېنى بەكلا ئىززەتلەپ، يېنىدىن پەقەتلا ئايرىمايتتى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ پۇتىغا پۇت، قولىغا قول بولۇپ، خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلىشىگە ياردەم بېرەتتىم. تەشكىل تېخى ئۈچ يۈز نەچچە ئائىلىلىك پەيزىۋات دادۇينىڭ بوغالتىرلىق ھوقۇقىنىمۇ ماڭا تاپشۇرغانىدى. ئاز كەم مىڭ نوپۇسى بار بىر ئورۇننىڭ مالىيە ھوقۇقىنىڭ ماڭا يۈكلىنىشى مەن ئۈچۈن مۇشەققەتلىك ھەم شەرەپلىك ۋەزىپە ئىدى. قىزلار مېنىڭ ھۆرمەتكە ئېرىشكەنلىكىمنى كۆزدە تۇتامدۇ ياكى مېنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرەمدۇ بۇنىسى ماڭا نامەلۇم. ئۇلار ئىچىدىكى بەزى قىزلار ئېتىزدا ئەمگەك قىلىۋاتقاندا مېنى كۆرسىلا «سادىق بوغالتىر بىزنىڭ ئىشىمىزغا ياردەم بەرگىلى كەپتۇ» دېسە، يەنە بەزى قىزلار «سادىق باغ ئىچىدىن گۈل تاللىغىلى كەلگەندۇ تايىنلىق» دېگەندەك خىلمۇخىل چاقچاقلارنى قىلاتتى. مەن بۇ چاقچاقلارغا كۈلۈپ قويۇپلا، بىر نەرسە دېمەيتتىم. ئۇلار مېنىڭ گەپ - سۆز قىلمايلا باشقا ئەترەتكە مېڭىشقا تەمشەلگەنلىكىمنى كۆرگىنىدە «بۇ باغنىڭ گۈللىرى سادىققا يارىمىدى ھا...ھا...ھا...» دېيىشىپ مېنى چاقچاق چۆۋىقلىرى بىلەن ساۋىغىنىچە يولغا سالاتتى. كۈن ئۆتۈپ، ئاي ئۆتۈپ دېگەندەك، مەنمۇ قىزلارنىڭ بوي تۇرقى، چىراي شەكلى، خۇلق - مىجەزلىرىگە ئاستىرتىن سەپسالىدىغان بولۇپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم. شۇ كۈنلەردە مېنىڭ ئىككىنچى ئەترەتكە ئىشىم بولسا - بولمىسا كۈندە دېگۈدەك بارغۇم كېلىدىغان بولۇپ قالدى.

باش باھار كىرىپ، تېرىلغۇ تەييارلىقى جىددىي ئىشلىنىۋاتقان كۈنلەر ئىدى. مەن بۇ ئەترەتكە كېلىپ غالتەك بىلەن ئېتىزغا توپا توشۇۋاتقان دېھقانلار بىلەن بىرگە ئەمگەككە

قاتناشتىم. بىر گۇرۇپپىدا غالتەك بىلەن بوز توپىسى تۇشۇيدىغان قىز - چوكانلاردىن ئون نەچچىسى بولۇپ، ئەرلەردىن ئۈچ كىشى بۇلارنىڭ غالتەكلىرىگە توپا ئۇسۇپ بېرىۋاتاتتى. مەنمۇ ئۇلارغا ياردەملىشىپ، غالتەكلىرىگە توپا ئۇسۇشۇپ بېرىشكە باشلىدىم. مەن كەلگەندىن كېيىن توپا ئۇسۇۋاتقانلاردىن ئىككى كىشى نېمە ئۈچۈندۇر ئىش ئورنىدىن كېتىپ قالدى. ئون نەچچە غالتەككە توپا ئۇسۇش يەنە بىر دېھقان بىلەن ئىككىمىزگىلا قالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە توپىنى تۇشۇپ تۆكىدىغان ئارىلىق بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا ئىدى، شۇڭا غالتەكچىلەر توپا ئۇسۇشنى كۈتۈشۈپ تۇراتتى. مەن ئۇلارغا توپىنى ئۆزۈڭلار ئۇسۇڭلار دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم - دە، ھېرىپ كەتسەممۇ توختىماي ئىشلەۋەردىم. مەن توپا توشۇۋاتقانلار ئىچىدىكى ئايىنىسانىڭ غالتىكىگە توپا ئۇسۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم. لېكىن ئۇ، غالتىكىنى مېنىڭ قېشىمغا ئەكەلمەي، يەنە بىرەيلەننىڭ قېشىغا ئەكەلدى. ئۇنىڭ ۋاقتى يەتمىسە ئۆزى ئۇستى. مەن ئۇنى زورمۇ زور چاقىرىپ توپا ئۇسۇپ بەرگەن بولساممۇ، كېيىنكى قېتىمدا قېشىمغا كەلمىدى. مەن ئايىنىسانىڭ نېمە ئۈچۈن مەندىن ئۆزىنى قاچۇرۇشىنىڭ تېگىگە زادىلا يېتەلمىدىم، شۇنداقتىمۇ بۇنىڭغا جاۋاب ئىزدىمەكتە ئىدىم. شۇ ئەسنادا ئايىنىسانىڭ نېمىنىدۇر ئويلىغىنىچە پات - پاتلا ماڭا قارىغانلىقىنى سەزدىم - دە، قەلبىمدە بىر خىل ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى پەيدا بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم...

قانداق كۈچنىڭ ئايىنىسانى مېنىڭ قېشىمغا ئىتتىرىپ كەلگەنلىكىنى بىلمەيمەن، بىردىنلا ئۇ مېنىڭ يېنىمدا پەيدا بولدى - دە: «كەتمەننى ماڭا بېرىڭ» دېگىنىچە قولۇمدىكى كەتمەنگە ئېسىلدى.

— مەن نېمىدە توپا ئۇسۇيمەن؟ — دېدىم مەن سوئال قويۇپ.

— سىز ئارام ئېلىڭ، — دېدى ئۇ چورتلا قىلىپ.
— ۋاي - ۋۇي، ئايىنسا، سادىق بوغالتىرغا ئىچىڭ ئاغرىپ قاپتۇ - دە؟ — دېدى قىزلاردىن بىرى چاقچاق قىلىپ.
— ھەئە، ئىچىم ئاغرىپ قالدى، گېپىڭلار بارمۇ؟
ئايىنسا بۇ گەپلەرنى دېدى - يۇ، يۈزلىرى شەلپەردەك قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى. مېنىڭ ئارتۇقچە جاپا تارتمىسۇن دەپ ئۇنىڭ سىلىكىم ئۇچۇن غالتىكىنى مېنىڭ يېنىمغا ئەكەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۇ ماڭا بۇ يۈرتتىكى قىزلار ئىچىدە ھەممىسىدىن گۈزەل ۋە مېھرىباندەك تۇيۇلدى...
دادۇيىمىزدە ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش كەچ كۇرسى باشلانغىلىمۇ بىرنەچچە كۈن بولۇپ قالدى. بۇ كۇرسقا دەسلەپكى قەدەمدە، ئوقۇشسىز قالغان بىر قىسىم ساۋاتسىز ياشلار قوبۇل قىلىنغانىدى. بۇلارغا دەرس بېرىش ۋەزىپىسى ماڭا يۈكلەنگەنىدى. تۇنجى دەرس ئۇيغۇر تىلىنىڭ «ئا، ب» ھەرپلىرىنى ئۆگىتىش بىلەن باشلاندى. بۇ كۇرسقا قاتناشقان كۇرسانتلارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ئون ئالتىدىن ئون توققۇز ياشلارغىچە بولغان دېھقان قىزلىرى ئىدى. ئۇلار بىر - بىرىدىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە چىرايلىق ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئايىنسامۇ بولۇپ، ئۇنىڭ زىلۋا بويى، ئەمدىلا مۇرىسىدىن ئاشقان بىر جۈپ تۇم قارا چېچى، ئاناردەك چىرايلىق مەڭزى، قاڭشارلىق بۇرنى، ئاق سەدەپتەك چىشلىرى، ئوماق لېۋى ئۇنىڭ تولۇۋاتقان ھۆسن - جامالىغا ھۆسن قوشۇپ ئۇنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈۋەتكەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، باشقا قىزلارمۇ ئۇنىڭغا ھەۋەس بىلەن قارايتتى. مانا بۈگۈن ئايىنسامۇ مېنىڭ ئوقۇغۇچۇم بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ مېنىڭ ئوقۇغۇچۇم بولۇپ قېلىشى مېنى بەكمۇ خۇشال قىلدى. چۈنكى مەن ئايىنسانى ھەر كۈنى ئاز بولغاندا بىرەر سائەتتىن ئارتۇق كۆرۈپ تۇرىمەن. تېخى ئۇ، ھەر كۈنى باشقىلاردىن ئاز بولغاندا يېرىم سائەتتەك بۇرۇن

كېلىدىغانلىقىنى قوشقاندا، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان ۋاقتىمىز ئۇزاردى. لېكىن مەن ئاينىسا بىلەن يالغۇز ئۇچراشقاندىمۇ: «تىنچ - ئامان تۇردىڭىزمۇ؟ ئاتا - ئانىڭىز سالامەتمۇ؟» دېگەندەك ئادەتتىكى سۆزلەرنى ئاران قىلاتتىم، مۇشۇ گەپلەرنى تېپىپ قىلىشىمۇ ئاسان چۈشمەيتتى. لېكىن ئاينىسا باشقا گەپ - سۆز قىلمىغىنى بىلەن پات - پاتلا ماڭا بىرەر ئۇچۇم چىلان ياكى كىشمىش ئۆرۈكنىڭ قېقىنى بېرەتتى. مەن بۇ نەرسىلەرنى يېسەم توگەپ كېتىدۇ، دەپ ئويلاپ يېيىشكە كۆزۈم قىيمايتتى، مەنمۇ ئۇنىڭغا پات - پاتلا قەنت، ناۋات دېگەندەك نەرسىلەرنى بېرەتتىم. قىسقىسى، بىزنىڭ ئارىلىقىمىز كۈنسېرى يېقىنلىشىشقا باشلىدى. شۇنداقتىمۇ قەلبىمدە يالقۇنلاشقا باشلىغان مۇھەببەت سەزگۈسىنى ئىپادىلەيدىغان بىرەر ئېغىز لايىق سۆزنى تېپىپ دېيەلمەي، نۇرغۇن ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتكىنىمگە ھەر كۈنى دېگۈدەك پۇشايمان قىلاتتىم - دە، ئەتە كۆڭلۈمدىكى گېپىمنى ئۇنىڭغا چوقۇم ئېيتىمەن، دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە ۋەدە قىلاتتىم. ئەتىسى ئاينىسا بىلەن يالغۇز ئۇچراشقاندا، ئويلاپ قويغان گەپلىرىمنى دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايتتىم. دېمەك، مەن ئاينىسانى چىن قەلبىمدىن ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم. 1968 - يىلى بىر قىسىم «ئىسيانچى» لار دادۇينىڭ دادۇيجاڭ ۋە مۇئاۋىن دادۇيجاڭلىرىنى «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار» لار دەپ ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ئورنىدا ئۆزلىرى ھوقۇق ئىگىلىدى. «ئىسيانچى» لار باشلىقى مامۇت دادۇي ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولدى. مۇئاۋىن مۇدىر ۋە ھەر قايسى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ باشلىقلىرىنىڭ كۆپ قىسمى باشقىدىن تەيىنلەندى. دادۇي چوڭ بولغاچقا ئۇلار دادۇينىڭ ھېسابات ئىشلىرىنى باشقۇرالماسلىقتىن قورقتىمۇ ياكى مېنى ياۋاش، سىزغان سىزىقىمىزدىن چىقمايدۇ، دەپ ئويلىدىمۇ،

ئىشقىلىپ مەن يەنىلا دادىۇينىڭ بوغالتىرلىقىنى ئىشلەشكە بەلگىلەندىم.

شۇنىڭدىن كېيىن، مەن ھېساباتلارنى ئۆز تەرتىپى ۋە قائىدىسى بويىچە ئىشلەۋەردىم. بىر كۈنى، مامۇت مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ مۇنداق دېدى: «سادىقجان سىز مالىيە ئىشىغا پىششىق ھەم بىزنىڭ دېگىنىمىزنى قىلىدۇ، دەپ سىزنى بوغالتىرلىقتىن قالدۇرمىدۇق. بۇنىڭدىن كېيىن بىزگە يېقىنراق تۇرارسىز.» مەن دەرھاللا مامۇتنىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يەتتىم ۋە ئىما قىلىنغان يوشۇرۇن مەنىنى ھېس قىلىپ تېنىم شۈركىنىپ كەتتى. مەن بىرىنچى قېتىملىق سۆھبەتتىلا قوپال تېگىشنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، ئارتۇقچە گەپ - سۆز قىلمايلا شۇنداق دېدىم:

— خەلق بەرگەن ھوقۇقنى خەلق ئۈچۈن ئىشلىتىدىغانلىقىمغا ئىشەنسىڭىز بولىدۇ.

— ھە... ھە... شۇنداق قىلىڭ، شۇنداق، — دېدى مامۇت كېكەچلىگىنىچە. تۆت ئېغىز گەپ بىلەن سۆھبىتىمىز ئاخىرلاشتى، مامۇت ھوقۇق ئىگىلىگەن كۈندىن باشلاپ كۈندۈزى بىر قىسىم كىشىلەرنى كۈرەش قىلىپ «كاپىتالىزم» نى پىپەن قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلسا، كېچىسى ھوقۇقنىڭ «تەمى» نى تېتىشقا باشلىدى. بۇگۈن بۇ ئەترەتتە «شېرىن كېچە» نى ئۆتكۈزسە، ئەتىسى يەنە بىر ئەترەتتە «شېرىن كېچە» نى ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇ بارغانلا ئەترەتتە بىرەر قوينىڭ بېشى كېسىلىپ، بەش - ئون بوتۇلكا ھاراق تۆكەپ تۇردى. ئۇنىڭ دەستىدىن كىشىلەر قاچقىر قاقشاشقا باشلىدى. قىسقىسى، ئۇ بارا - بارا بۇ يۇرتتىكى «زومىگەرگە» ئايلانماقتا ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنى كارامەت چاغلاپ، دادىۇينىڭ مال - مۈلكىنى يەپ - ئىچىپ، ھەدەپ بۇزۇپ - چېچىشقا باشلىدى. مەن بۇ ئىشنى توسۇممسام بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ

يۇرەتتىم. بىر كۈنى ئۇ ماڭا ئۆزىگە بەش يۈز يۈەن بېرىشنى ئېيتتى (كاسسىر ئاغرىپ قېلىپ ۋاقىتلىق كاسسىرلىقنىمۇ مەن ئىشلەۋاتاتتىم). مەن بۇ پۇلنى نېمە قىلىسىز دېسەم: «بېرىشنى بىلىڭ، نېمە قىلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن» دېدى ئاچچىق بىلەن.

— مەن بوغالتىر، ئۇنىڭ سەۋەبىنى دېمىسىڭىز بەرمەيمەن، — دېدىم كەسكىن قىلىپ، ماموت دەسلەپتىلا مەن بىلەن ماجىرالىشىشنى خالىمىدىمۇ:

— داۋىيمىزگە كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈشكە ئىشلىتىمىز، — دېدى ئاخىر ئەھۋالنى ئاشكارىلاپ.

— كوللېكتىپنىڭ ئىقتىسادىنى بۇزۇپ - چېچىشقا بولمايدۇ، — دېدىم مەن چورتلا قىلىپ.

— مېنىڭ گېپىمگە كىرمەيدىكەنسىز - دە، شۇنداقمۇ؟

— سىز كوللېكتىپنىڭ پۇلىنى بۇزۇپ - چاچماقچى بولسىڭىز ئۇنىڭغا مەن يول قويمايمەن.

— ھە مۇنداق دەڭ، ئاخىر كىم - كىمنى يېڭىدىغانلىقىنى كۆرۈپ قالارسىز، — دېدى ماموت چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ.

— قولىڭىزدىن كەلگىنىنى قىلارسىز، — دېدىم مەنمۇ رەددىيە بېرىپ. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ بىر ئاخشىمى ماموتنىڭ يېقىنلىرىدىن سۇلتان قاتارلىق تۆت ئادەم ئۆيۈمگە كىرىپ كەلدى. مەن بىر قاراپلا ئۇلارنىڭ ئەلپازىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم، شۇنداقتىمۇ ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدىم، لېكىن ئۇلار مېنىڭ گېپىمنى ئىلىك ئالمىدى. سۇلتان ماڭا مۇنداق دېدى:

— سادىق سەن تەشكىلگە بويسۇنماي، ئۆزۈڭ بىلگەننى قىلىپ كەلدىڭ. شۇنىڭ ئۈچۈن تارتىپ چىقىرىلدىڭ. بۈگۈندىن باشلاپ تۇرىدىغان يېرىڭ ھېلىقى «ئەكسىلئىنقىلابچىلار» تۇرىدىغان يەر بولىدۇ، — دېدى. مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ

غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولدۇم ـ دە، مۇنداق دېدىم:
ــ تارتىپ چىقىرىلىپ كۆرەش قىلىنىدىغان ئادەم مەن ئەمەس، بەلكى سەنلەر، چۈنكى سەنلەر كوللېكتىپنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇزۇپ ـ چېچىپ، ناباب ئىشلارنى قىلىشىۋاتىسەن.
ــ گەپنى ئاز قىلىپ ئالدىمىزغا چۈشۈپ ماڭ، ــ دېدى سۇلتان ۋارقىرىغىنىچە.
ــ سەن مېنى باشقۇرالمايسەن، ــ دېدىم ئاچچىق بىلەن.
شۇنىڭ بىلەن سۇلتان ياغاچ مىلتىقى بىلەن تۇمشۇقۇمغا دۈشكەللىدى. مەن غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدىم:
ــ ھەي ھايۋان، قولۇڭنى تارت!
ــ قولۇمنى تارتىمسام قانداق قىلىسەن، ــ دېدى سۇلتان.
ــ قولۇڭنى تارت دېگەندىن كېيىن تارت، ــ دېدىم تېخىمۇ قاتتىق غەزەپ بىلەن. ئۇ مېنى ياغاچ مىلتىقىنىڭ پاينىكى بىلەن قاتتىق بىرنى قويدى، مېنىڭ زادى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى:
ــ ئانام مېنى تۇغقاندا قولۇمنىمۇ بىللە تۇغۇپتىكەن، بۈگۈن ئىشلىتىدىغان ۋاقىت كەپتۇ، ــ دېگىنىمچە ماۇتىنىڭ تۇمشۇقىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى قويدۇم. ئۇ ۋايجان دەپ ئاغزى ـ بۇرنىنى تۇتۇپ قالدى. بۇنى كۆرگەن باشقا «ئىسيانچىلار» مېنى دۇمبالاشقا باشلىدى... ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن ـ تاڭ، ھوشۇمغا كېلىپ قارىسام، مەھەللىنىڭ چېتىدىكى بىر كونا مال قوتىنىدا يېتىپتىمەن. ئىشكىنى ئاچاي دېسەم، سىرتتىن تاقاقلىق بولغاچقا ئاچالمىدىم. بۇ دەل 11 ـ ئاي مەزگىلى بولغاچقا ھاۋا سوغۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە قورساقنىڭ ئاچلىقى مېنى قىينايتتى، قارىسام ئۆينىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ بولۇپ كېتىپتۇ. مەن بۇنىڭدىن يەنە كېچە بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم.
«دوك...دوك...دوك...» قىلغان ئاۋاز خىيال يىپىمنى

ئۇزۇۋەتتى. بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئاستا ـ ئاستا سۇرۇلۇپ ئاۋاز چىققان تەرەپتىكى تام تۈۋىگە باردىم. بىر قىزنىڭ «مانا تامنىڭ ئۇلى تېشىلدى» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇ ئاۋازنىڭ ئاينىسانىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلگىنىمدە، يۈرىكىم ياپراقتەك تىترەپ، كۆز چاناقلىرىم ياشقا تولدى. مانا ئاينىسا ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى قاتارلىق ياشلار ئۆزلىرى ئاچقان تۆشۈكتىن ئۆيگە كىردى. ئاينىسا قولىدىكى قول چىراغنىڭ يورۇقى بىلەن مېنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىمدىكى قان داغلىرىنى، قولۇمدىكى ئىششىغان جايلارنى كۆردى ــ دە: «سادىق، سىز نېمە بولدىڭىز؟» دېگىنىچە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلىۋەتتى. «ھەي ئاچا، سادىق ئاكامنى تېزراق ئاچىقىپ كېتەيلى!...» ئاينىسا ئىنىسى غوپۇرنىڭ گېپى بىلەن ئېسىگە كېلىپ، بۇ جايدا ئۇزاق تۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، دەرھال ھەرىكەتكە كەلدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ، مېنى ئاينىساسىز ياشىيالمايدىغاندەك بىر خىل سېھرىي كۈچ ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالدى. ئاتا ـ ئانامۇ مېنىڭ ئاينىسا بىلەن توي قىلىشىمغا قوشۇلدى. مەن ئۇلارنى ئاينىسانىڭ ئۆيىگە تېزراق بېرىشقا قىستىدىم. بىر كۈنى ئاتام بىلەن ئانام ئەمگەكتىن قايتىپ كېلىپلا ئاينىسانىڭ ئۆيىگە ماڭدى، مەن ئۇلار كەلگۈچە يولىغا قارىدىم. مانا ئۇلار چىرايىدىكى تەبەسسۇمنىڭ ئورنىنى بىر خىل سۇلغۇنلۇق قاپلىغىنىچە ئۈن ـ تىنسىز كىرىپ كەلدى. مېنىڭ كۆڭلۈم بىرەر ئىشنى سەزگەندەك بولۇپ، يۈرىكىم تېز ـ تېز سېلىشقا باشلىدى. ئاتام بىلەن ئانام ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرغىنىچە بىردەم بىر ـ بىرىگە قاراشسا، بىردەم ماڭا قارايتتى. بۇ جىمجىتلىققا چىدىماي ئېغىز ئېچىشقا مەجبۇر بولدۇم.

ــ بۇ ئىش قانداق بولدى، گەپ قىلمايسىلەرغۇ؟

ــ بالام سادىق، سېنى باشقا جايدىن لايىق تېپىپ ئۆيلەپ

قويايلى.
— ئاينىساچۇ؟
— ئۇنىڭ لايىقى بار ئىكەن.
— كىم شۇنداق دەيدۇ؟
— ئاينىسانىڭ ئاتىسى سۇلايمان ئاخۇن.
— بۇرۇن ئۇنداق گەپنى ئاڭلىمىغانتىمغۇ؟
— سۇلايمان ئاخۇننىڭ ئېيتىشىچە، ئاينىسانى يۇقىرىقى مەھەللىدىكى تۇغقىنىنىڭ ئوغلى ئەسمەتكە بېرىشكە ۋەدىلىشىپ قويۇپتىمىش.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىر پارچە ئوت مېڭەمدىن كىرىپ تاپىنىمدىن چىقىپ كەتكەندەك چىدىيالماي پۇچىلىنىپ كەتتىم، سەزگۈر ئانام مېنىڭ بۇ ھالىمنى كۆرۈپ:
— جېنىم بالام ئىچىڭنى پۇشۇرمىغىن، قىز بالا دېگەن جىق، خالىغىنىڭنى ئېلىپ بېرەيلى، — دېدى.
— مەن ئاينىسادىن باشقىنى خالىمايمەن!...
بۇ گەپنىڭ ئېغىزىمدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن. تالاغا چىقىپ چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قارىغىنىمچە خىيال سۇرۇۋاتقىنىمدا بۇ گەپ ئېسىمگە كېلىپ، ئاتا - ئانام ئالدىدا قىلغان ئەدەپسىزلىكىمدىن يۈزلىرىم ئوت ئالغاندەك ۋىلىلداپ كەتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئاينىسا بىلەن كۆرۈشتۈم. ئاينىسا مېنى كۆرۈپلا يىغلاشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭ ئاخشامقى ئىشتىن خەۋىرى بارلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولدۇم:
— ئاينىسا ئېيتىپ بېقىڭە، سىز ئەسمەت بىلەن توي قىلامسىز؟
— مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلمايمەن.
— نېمە ئۈچۈن؟
— ئۇنى بولمىغۇر ئادەم دەپ ئاڭلىدىم.

— ئەگەر شۇنداق بولمىسا توي قىلامتىڭىز؟
— مەن ياخشى كۆرگەن ئادىمىم بىلەن توي قىلىمەن.
— ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭىز كىم؟ — ئاينىسا راست گەپنى دەپ بېقىڭە، ئەسمەت بىلەن توي قىلامسىز؟
— ئۇنىڭ بىلەن توي قىلمايمەن دېدىم، توي قىلمايمەن.
— ئاتا - ئانىڭىز مەجبۇرلىسىچۇ؟
— بۇ مۇمكىن ئەمەس.
— زادى تېگىسەن دەپ قاتتىق تۇرىۋالسىچۇ؟
— يىراقلارغا قېچىپ كېتىمەن، قاچالمىسام ئۆلۈۋالىمەن.
— قىز بالا تۇرسىڭىز قانداق قېچىپ كېتەلەيسىز؟
— سىز بىلەن قېچىپ كېتىمەن!

ئاينىسا بۇ گەپنى دېدى - يۇ، ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى تۇتقىنىچە يەرگە قارىۋالدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۈرىكىم قېتىدىكى يالقۇن تېخىمۇ ئۇلغىيىشقا باشلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ھاڭۋېقىپلا قاپتىمەن.

— سادىق مېنىڭ گېپىمنى ئۇنتۇپ قالماڭ جۇمۇ! ئاينىسانىڭ بۇ گېپى بىلەن ئېسىمگە كېلىپ قارىسام، ئۇ ئۆيى تەرەپكە قاراپ كېتىپتۇ.

ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاينىسانىڭ ئەسمەت بىلەن توي قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئەلەم ئىچىدە بىردەم سۇلايمان ئاخۇنىنىڭ نادانلىقىغا ئېچىنسام، بىردەم ئۆزۈمنىڭ تۇمۇرنى قىزىقىدا سوقماي، پەيتنى ئۆتكۈزۈۋەتكىنىمگە غەزىپىم كېلەتتى... خىياللار دېڭىزىدا ئۇزۇن يۈرۈپ تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ قاپتىمەن.

— ئوغلۇم، ئورنىڭدىن تېز تۇرغىنا، — دېدى ئانام مېنى ئويغىتىپ.

— مېنى ئۇخلىغىلى قويسىڭىز بولمامدۇ، — دېدىم مەن.
— ئاينىسا قىز ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋاپتىمىش.

– نېمە دەيسىز؟
– ئاينىسا ئۆلۈۋاپتۇ دەۋاتىمەن!
– قاچان ئۆلۈۋاپتۇ؟
– كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئەسمەتنىڭ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن بۇگۈن سەينادا ياتاي دەپ تۇرۇۋاپتىمىش، ئۇلار ئامالسىز ماقۇل بوپتۇ. ئىككى - ئۇچەيلەن ھەمراھ بولغاچ ئۇخلىماي ئۇنى بېقىپتۇ، تاڭ سەھەردە باققانلار ئۇخلاپ قالغان ئوخشايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، قېچىپ بېرىپ ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋاپتۇ.
– ئۇلار ئاينىسانىڭ ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋالغانلىقىنى قانداق بىلىپتۇ؟
– ئىز بېسىپ ئىزلەپ كەلسە ئاينىسانىڭ ئىزى دەريانىڭ بويىغا كېلىپ يىتىپتۇ. ئۇلار ئاينىسانىڭ يانتاققا ئىلىنىپ قالغان ياغلىقىنى تېپىۋاپتۇ. كىشىلەر مۇشۇنىڭغا قاراپ ئۇنىڭ دەرياغا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋالغانلىقىنى جەزملەشتۇرۇپتۇ.
بۇ خەۋەر يۈرىكىمگە نەشتەردەك سانجىلدى. مەن ناشتىمۇ قىلماي، دەريا بويىغا قاراپ يۈگۈردۈم. بۇ ۋاقىت كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەن چاغ بولۇپ، بىر توپ ئادەم ئاينىسا ئۆزىنى تاشلىغان يەرگە ئوۋلىشىۋالغانىدى. سۇلايمان ئاخۇن ۋە ئۇنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ئۈن سېلىپ يىغلاشلىرى دەريا بويىدىكى سۈكۈتنى بۇزۇپ تۇراتتى.
سۇلايمان ئاخۇن تووۋلاشقا باشلىدى:
– ئاينىسا قىزىم! مېنى تاشلاپ نەگە كەتتىڭىز؟ ۋاي ئىسىت... ۋاي ئىسىت... ئۇ ھۆكىرەپ يىغلىماقتا ئىدى. ئاينىسانىڭ جەسىتى تېپىلمىدى. سۇلايمان ئاخۇن قىزىنىڭ ئۆچ، يەتتە ۋە قىرىق نەزىرلىرىنى دەريا بويىغا ئەكىلىپ بەردى ۋە قىزى ئاينىسا ئۆزىنى دەرياغا تاشلىغان يەرگە قەبرە قاتۇردى.
مەن قەبرىنىڭ بېشىغا ئىككى تۈپ ئۇجمە كۆچىتى تىكىپ

قويدۇم. سۇلايمان ئاخۇن ئۆجمە كۆچىتىنى مېنىڭ تىككەنلىكىمنى بىلگەندىن كېيىن، قېشىمغا كېلىپ گەپ - سۆز قىلماي قوللىرىمغا سۆيۈپ كەتتى. مەن نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدىم... ئىككىنچى يىلى، بۇ ئۆجمە كۆچەتلىرىنىڭ بىرىگە ئاق ئۆجمە، بىرىگە شاتۇت ئۇلىدىم. چۈنكى ئاينىسا هايات ۋاقتىدا ئاق ئۆجمە بىلەن شاتۇتنى ھەممە مېۋىلەردىن بەك ياخشى كۆرەتتى.

مانا بۇ ۋەقەنىڭ يۈز بەرگىنىگە يىگىرمە نەچچە يىل بولدى. شۇنىڭدىن بۇيان، مەن ئاينىسانىڭ روھى بىلەن بىرگە ياشاپ كەلدىم. باشقا قىزلار بىلەن توي قىلمىدىم. يىللار بىر - بىرىنى ئۇزىتىپ تۇردى، چاچلىرىم ئاقىرىشقا باشلىدى. بىرەر ماڭدام يولنى ئارتۇق بېسىشنى خالىماس بولۇپ قالدىم. لېكىن ئاينىسا ئېسىمگە كەچكەندە، بىردىنلا ئۇنىڭ قەبرىسىنى يوقلاش ئىستىكى مېنى ئۇلتۇرغۇزمايدۇ - دە، يىگىرمە نەچچە كىلومېتىر يولنى بېسىپ، ئۇنىڭ قەبرىسىنى يوقلىسام ھارغىنلىق ھېس قىلمايمەن.

*　　　　　　*　　　　　　*

- تاك... تاك... تاك...

ھويلىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قارىسام، پوچتالىيون ئىمىنجان ئىكەن. ئۇ ماڭا بىر پارچە خەتنى بېرىپ ئۆيگە كىرىشكە زورلىغىنىمغا قارىماي كېتىپ قالدى. كونۋېرت ئۇستىدىكى خەتنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. كونۋېرتقا:

بۇ خەت x ناھىيەلىك پارتكومدا خىزمەت قىلغۇچى سادىقجانغا تېگىدۇ دېيىلىپ، ئاخىرىغا ئىلى ۋىلايىتى xx ناھىيەسىنىڭ xx كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق ئاينىساخاندىن دەپ يېزىلغانىدى. مەن كونۋېرت ئۇستىدىكى خەتلەرنى قايتىدىن ئوقۇدۇم.

قايسى ئاينىساخاندۇ؟ مېنىڭ ئۇ جايدا توغقانلىرىم بولمىسا، قانداق بولۇپ بۇ خەت كېلىپ قالغاندۇ؟ لېكىن ئاينىسا دېگەن بۇ ئىسىم مېنىڭ قەلبىمنى ئىختىيارسىز داۋالغۇتۇۋەتكەنىدى. شۇڭا بۇ خەتنى ئوقۇپ كۆرۈش قارارىغا كەلدىم ـ دە، كونۋېرتنى ئېچىپ خەتنىڭ ئاخىرىنى كۆرمەي تۇرۇپلا ھەيران بولۇشقا باشلىدىم. خەت مۇنداق باشلانغانىدى:

«قەدىرلىك سادىقجان، سالامەت تۇردىڭىزمۇ؟ خىزمىتىڭىز ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتامدۇ؟ مەن يېقىندا بىزنىڭ ناھىيەدىن مۇشۇ يۇرتقا كەلگەن بىر سودىگەردىن ئۇقۇشۇمچە سىز ياخشى تۇرۇپسىز، تېخى بىر ئىدارىنىڭ باشلىقى بولۇپسىز، مەن بۇنى ئاڭلاپ بەكمۇ خۇش بولدۇم، سىزنى مۇبارەكلەيمەن. ئەمدى مېنىڭ ئەھۋالىمنى سورىسىڭىز، مەن يامان ئەمەس كېتىپ بارىمەن، گەپنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، بۈرۈن يۈز بەرگەن ئىشنى بۈگۈن سىزگە ئېيتاي:

بۇنىڭدىن يىگىرمە نەچچە يىل بۇرۇنقى كەچ كۈز ئايلىرىنىڭ بورانلىق بىر كۈنى، مېنىڭ ھاياتىمدا ئۇنتۇلماس ئېچىنىشلىق بىر ئىش بولدى. يەنى مەن قاتتىق قىيىن ـ قىستاقلار نەتىجىسىدە ئەسمەتكە مەجبۇرىي ياتلىق قىلىندىم. ئاھ، خۇدا... ئۆزى ياخشى كۆرمىگەن كىشىگە مەجبۇرىي ياتلىق قىلىنىش قىزلار ئۈچۈن نېمىدېگەن ئازاب ـ ھە؟... مەن شۇ كۈنى بۇ دۇنياغا قىز بولۇپ تۇغۇلغىنىمغا مىڭ مەرتەم پۇشايمان قىلدىم، ئېچىندىم، قاقشىدىم، لېكىن ئامال قىلالمىدىم. ئاخىر بىر قارارغا كەلدىم. مەن ماشا ھازا ئېچىلغان كۈننىڭ تاڭ سەھەر ۋاقتىدا ئۆزۈمنى دەرياغا تاشلىغانىدىم، كېيىن ھوشۇمغا كېلىپ مېنى بىزنىڭ مەھەللىدىكى بېلىقچى قاسىم ئاكام قۇتقۇزۇۋالغانلىقىنى بىلدىم. بىراق، تىرىك قالغىنىم، ماڭا تەسۋىرلىگۈسىز ئېغىر ئازاب ئېلىپ كەلگىنىنى كىمگىمۇ ئېيتاي؟ چۈنكى، ئۆزۈمنى دەرياغا تاشلىغاندا ئۇلۇغ پۈتۈم قورام

تاشقا تېگىپ كېتىپ يوتا ئۇستىخىنىم چېقىلىپ چۇل - چۇل بولۇپ كېتىپتۇ. تېخى بىر تال ئۇستىخىنىمنىڭ پارچىسى يوتا تېرەمنى تېشىپ چىقىپ قاپتۇ. پۇتۇم كۆپتەك ئىششىپ كەتكەنىدى، مىدىر - سىدىر قىلالمايتتىم، زەخىملەنگەن جاي ھەرە چاققاندەك ئاچچىق ئاغرىيتتى. قاسىم ئاكام تېڭىقچىلىقنى بىلگەچكە چېقىلغان ئۇستىخانلىرىمنى جايىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن خېلى زور كۈچ سەرپ قىلىپ ئاندىن تېڭىپ قويدى، ئۇنىڭ پۇتۇمنى تېڭىش جەريانىدا پات - پاتلا «ۋاي ئىسىت، ۋاي ئىسىت، خۇدايىم شىپالىق بېرەر» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، پۇتۇمنىڭ ساقايمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم، ئۆزۈمنىڭ مەڭگۈلۈك مېيىپ بولۇپ، باشقىلارغا يۈك بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بارلىقىنى چۈشەندىم. مەن بۇلارنى ئويلاپ قاسىم ئاكامدىن مېنى قانداق بولۇپ قۇتقۇزۇۋالدىڭىز، دەپ سورىسام، ئۇ، راست گەپنى ئېيتتى. مەن بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنى قاسىم ئاكامغا سۆزلەپ بېرىپ ھايات قېلىشىنىڭ قىممىتى يوقلۇقىنى، ئۇنىڭ مېنى قۇتقۇزۇۋالغانلىقىنىڭ مەن ئۈچۈن قىلچىلىك زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى ئىزھار قىلدىم ۋە ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ، بەربىر ئۆلۈۋالىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. قاسىم ئاكام ماڭا: «دۇنيادا ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ھاياتلىق، شۇڭا ئۇنى سۆيۈش لازىم» دەپ نۇرغۇن نەسىھەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭ گەپلىرىدىن تەسىرلىنىپ ئۆلۈۋېلىش نىيىتىمدىن ياندىم، ئەمما بۇ يۇرتتىن يىراق يەرگە كېتىش ئارزۇيۇمنى ئېيتتىم. قاسىم ئاكام مېنىڭ يۈرەك جاراھىتىم ۋە بەدىنىمدىكى جاراھەتنى كۆرۈپ ماڭا ئىچى ئاغرىغان بولسا كېرەك، ئۇ ماڭا: «مېنىڭ يالغۇز تەنھالىقىمنى بىلىسىز، شۇڭا خالىسىڭىز مەن سىزگە دادا بولاي، سىز ماڭا بالا بولۇڭ» دېدى. مەن «دادا» دېگىنىمچە ئۆزۈمنى رەھىمدىل

قاسىم ئاكامنىڭ پاك باغرىغا ئاتتىم. بۇ جايدا ئۇزاق تۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان قاسىم ئاكام، مېنى كېمە بىلەن ئېلىپ ماڭدى. بىز دەريادا بىر كۈنگە يېقىن يول يۈرۈپ XX ناھىيەنىڭ تارىم دېگەن يۇرتىغا كەلگەنىدۇق. ئاردىن مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئەسمەت بىزنى ئىزدەپ يۈرۈپتىمىش، دېگەن مىش - مىش گەپنى ئاڭلاپ غۇلجىغا چىقىپ كەتتۇق. ئۇ جايدىكى كىشىلەر ناھايىتى رەھىمدىل ئىكەن، بىز بارغاندىن كېيىن بىزگە ئۆي، ئاشلىق بەردى، تېرىلغۇ يەرمۇ بەردى. بىز شۇ جايدا تۇردۇق، لېكىن مەن يۇرتۇمنى، ئۆز ئاتا - ئانامنى ۋە سىزنى بەكمۇ سېغىندىم. كېچە - كېچىلەرنى ئۇنسىز يىغلاپ ئۆتكۈزدۈم. بىراق يۇرتۇمغا قايتىپ بارسام يەنە ئەسمەتنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلالمايمەن. ئەگەر ئۇنىڭدىن قۇتۇلدۇم دېگەندىمۇ سىزگە مەڭگۈلۈك يۈك بولۇپ قالغۇدەكمەن. چۈنكى، پۇتۇمنى بىرنەچچە قېتىم تاڭدۇرغان بولسامۇ، سۇنغان پۇتۇم يىرىڭداپ كېتىپ دوختۇرلار پۇتۇمنى يوتامدىن كېسىۋەتتى. بىر پۇتۇمدىن ئايرىلىپ مەڭگۈلۈك مېيىپ بولۇپ، بالداق بىلەن ماڭىدىغان بولۇپ قالدىم. شۇڭا ئازابنى ئۆزۈملا تارتاي دەپ سىزگىمۇ، ئائىلەمدىكىلەرگىمۇ يىگىرمە نەچچە يىلدىن بۇيان خەت - خەۋەر بەرمىگەنىدىم. ئۆتكەن يىلى، يىگىرمە يىلدىن ئارتۇق دەرىمنى تارتقان مېھرىبان دادام قاسىم ئاخۇن مېنى تاشلاپ ئۇ ئالەمگە كەتتى، يالغۇز قالدىم. شۇنداق ئەھۋالدا بۇ يۇرتتىكى كىشىلەر ماڭا ياردەم قولىنى سۇنۇپ تۇردى. ئۆزۈممۇ تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئىشلەپ، جېنىمنى خارلاشتۇرمىدىم. يېقىندا سىزنىڭ ئوبدان تۇرۇۋاتقانلىقىڭىزنى، يەككە - يېگانە ياشاۋاتقانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ، دۇنيادا پاك ئادەمدىن ئىككىسى بولسا بىرى سىز، ئەگەر بىرى بولسا سىز ئىكەنلىكىڭىزنى ھېس قىلدىم - دە، ئۆمرىمىزنىڭ تەڭدىن تولىسى تۈگىگەن

بولسىمۇ سىزدىن ھال ـ ئەھۋال سوراي، دەپ بۇ خەتنى يېزىپ سىزگە ئەۋەتتىم. ۋاقتىڭىز يەتسە بىرەر پارچە خەت يېزىۋېتەرسىز. ئۇ ماڭا مەڭگۈلۈك ھەمراھ بولۇپ قالار، سىزگە سالامەتلىك تىلەپ سالام يوللىغۇچى ئاينىسادىن. xx يىل xx ئاي xx كۈن».

مەن خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، ئاينىسانى قايتۇرۇپ كېلىش مەقسىتى بىلەن شۇ كۈننىڭ ئۆزىدىلا ماشىنا بىلەن يولغا چىقتىم. يولدا كېتىۋېتىپ تىت ـ تىت بولماقتا ئىدىم. چۈنكى «بېيجىڭ» ماركىلىق ماشىنىنىڭ مېڭىشى بۇرۇنقىدىن ئاستىلاپ قالغاندەك بىلىنمەكتە ئىدى. شۇڭا پات ـ پاتلا شوپۇرۇم قېيۇمغا ماشىنىنى تېزراق ھەيدەشنى تاپىلايتتىم، ئۇ ماقۇل دەيتتى ـ يۇ، ماڭا قارىغىنىچە ھىجىيىپ قويۇپ گەپ ـ سۆز قىلماي ماشىنىنى ئامالىنىڭ بارىچە تېز ھەيدەيتتى. ماشىنىنىڭ تېزلىكى سائىتىگە 80 كىلومېتىردىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ماڭا ناھايىتى ئاستا مېڭىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ماشىنا غۇلجىغا قاراپ يايپېشىل ئوتلاقلارنى ئارقىغا تاشلاپ ئۇچقاندەك كېتىۋاتماقتا، ئېگىز تاغلارنى قاپلىغان باھار چېچەكلىرىنىڭ سەلكىن شامالدا يېنىك ئىرغاڭلاشلىرى، دەريادىكى قاشتېشىدەك سۈپسۈزۈك سۇلارنىڭ بۇژغۇنلاپ ئېقىشلىرى ئاينىسا بىلەن ئىككىمىزگە ئاتا قىلغان بەختلىك مىنۇتلارنى تەبرىكلىگەندەك بىلىنەتتى. يولدا كېتىۋېتىپ «ئاينىسا بىلەن بىرگە ياشاش مەن ئۈچۈن تېپىلماس بەخت» دەيتتىم ئۆز ـ ئۆزۈمگە پىچىرلاپ. پىچىرلاشلىرىم بىردىنلا رېئاللىققا ئايلاندى: ئاينىسا بىلەن ئىككىمىز يېڭىدىن چېچەك ئاچقان ئۆرۈكلۈك باغقا كىرىپ تاماشا قىلماقتىمىز، مەن چىرايلىق چېچەكلىگەن بىر تال گۈلنى ئوشتۇپ ئېلىپ، ئۇنىڭ چېكىسىگە قىستۇرۇپ قويدۇم. ئۇ، گۈلدىنمۇ بەك گۈزەللىشىپ كەتتى. ئۇ قولۇمدىن يۇلقۇنۇپ

قاچتى، مەن ئۇنى قوغلىماقتا ئىدىم، ئۇنىڭ كۆلكىسى باغدىكى باھار قۇشلىرىنىڭ ئاۋازىغا قوشۇلۇپ كەتتى.

«تىت... تىت» — ماشىنىنىڭ سىگنالى مېنى خىيال ئىچىدىن سۇزۇپ چىقتى. بىز ئاينىسا تۇرۇشلۇق مەھەللىگە يېقىنلاپ قالغانلىقىمىزنى ھېس قىلدىم. ئالدىمىزدا يەنە بىر مەنزىرە پەيدا بولۇشقا باشلىدى: ئالدىمىزدىكى يولدا چاچلىرى ۋاقىتسىز ئاقىرىشقا باشلىغان، ئىككى قولتۇقىدىكى بالداققا تايانغان، چېھرىدە ئىنتىزارلىق بەلگىسى چىقىپ تۇرغان بىر پۇتلۇق ئايال بىز تەرەپكە قاراپ تېز - تېز كېلىۋاتاتتى. مەن بىر قاراپلا تونۇدۇم، ئۇ ئاينىسا ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئالدىغا قاراپ يۈگۈردۈم.

1991 - يىل، كۇچا

# ئاق يولۋاس

1

بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ تۇرسۇنىنىڭ بەكلا ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. كۇچۇكىنىڭ چوڭلۇقى ئۆيدىكى قارا مۇشۇكچىلىكلا كېلەتتى، بەش - ئالتە ياشلاردىكى مەھەللە بالىلىرى ئۇنى ئىنچىكە، ئۇزۇن تانىسىدىن دارقىرىتىپ سۆرىگىنىچە توپىلىق يولدا ئويناۋاتاتتى. كۇچۇكنىڭ ئاق رەڭگى توپىدا مەينەتلىشىپ، تۈكلىرى سالۋاراپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بوزەك قىلىنىۋاتقانلىقىدىن زارلىنىۋاتقاندەك كۈچسىز، ئىنچىكە ئاۋازدا ئىڭرىغاندەك غىڭشىيتتى. بالىلارنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلماقچى بولۇپ، تانىنى جان - جەھلى بىلەن چىشلەيتتى. ئۇنىڭ كىچىك، مونچاقتەك قاپقارا كۆزلىرىدىن ئاغرىنىش بىلەن يېلىنىش، غەزەپ بىلەن ئۆچمەنلىك ئارىلىشىپ كەتكەن سوغۇق نۇر چېقىنىدايتتى.

كۇچۇكنىڭ يالۋۇرغاندەك غىڭشىشى، تۆت پۇتىنى يەرگە تىرەپ بار كۈچى بىلەن تىپىرلىشى بالىلار ئۈچۈن تولىمۇ قىزىق ئويۇن ئىدى، ئۇلار تانىنى تالىشىپ بىر - بىرى بىلەن ھۆرپىيىشەتتى.

— ئەكەل ئەمدى، سەنلا ئوينامسەن؟

— ۋاي قارا، يۇگۈرىدىغان بولدى مانا!

— تانىنى چىشلەپ ئۈزۈۋەتمىسۇن، ئاغزىغا تەپ...

— سۇغا تىقىپ باقمايلىمۇ...

— قۇلىقىنى تارتما، قولۇڭنى چىشلىۋالىدۇ!

بالىلار خۇشاللىقىدىن چۇرقىرىشاتتى، سەكرىشەتتى.

كىچىك غىڭشىيتتى، كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلاتتى. تۇرسۇنغا كىچىك بارغانسېرى ھالسىزلىنىۋاتقاندەك، ھازىرلا ئۆلۈپ قالىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

— كىچىككىنى قويۇۋېتىڭلار! نېمانچە قىينايسىلەر؟ - دېدى ئۇ دوغىلاق يۈزلۈك، يىرتىق كىيىملىك، سالۋار تۇماقلىق بالىنىڭ قولىدىن تانىنى يۇلۇپ تارتىۋېلىپ.

— مېنىڭ كىچىككىنەم...، — گۆلەيدى ھېلىقى بالا بۇرنىنى تارتىپ.

— ياق، ئۇنىڭ ئەمەس، ھەممىمىزنىڭ كىچىكى، — دېدى ئۇنىڭ يېنىدىكى ئاق سېرىق بالا، - بايا بىز ئۇنى كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدىن تۇتۇۋالغان.

تۇرسۇن خۇددى كەپسىز ئوقۇغۇچىغا تەنقىد بېرىۋاتقان ئوقۇتقۇچىدەك گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ قويدى.

— بوپتۇ، تالاشماڭلار.. كىچىكنى مۇنداق سۆرەپ ئوينىساڭلار ئۆلۈپ قالامدۇ...

— ئۆلسە مەيلى...، — پەرۋاسىزغىنا جاۋاب بەردى ھېلىقى دوغىلاق بالا.

— ئۆلسە مەيلى دەيسىنا، ئەمىسە ھېچقايسىڭغا يوق بۇ كىچىك! — تۇرسۇن كىچىكنى يەردىن ئالدى - دە، ئىككى قوللاپ مەيدىسىگە بېسىۋالدى.

— ئەكەل كىچىكنى! — يىغلامسىرىدى ئاق سېرىق بالا، — بەرمىسەڭ ئاپامغا دەيمەن، ئاپا...ئاپا...!

تۇرسۇن قورقۇمسىراپ ئەتراپقا قارىدى. ئىشىك، دەرۋازىلارنىڭ بىرەرسىدىن جاۋىلداپ - چېچىلىپ بىرەر ئايالمۇ چىقمىدى. ئۇ يېنىك تىنىۋالدى.

ئاق كىچىك تۇرسۇننىڭ قولىدا دىر - دىر تىترەيتتى. ئۇنىڭ گۆشسىز ئورۇق بەدىنى خۇددى بىر پارچە مۇزغا ئوخشاش سوغۇق ئىدى. تۇرسۇننىڭ كىچىكنى باللارغا زادىلا تاشلاپ

بەرگوسى كەلمىدى.

— ئەمىسە ماڭا سېتىپ بېرىڭلار، — دېدى ئۇ، — ھەر بىرىڭلارغا بىر موچەندىن بېرىمەن.

— بىر موچەن... نەچچە تال كەمپۈت كېلىدۇ ئۇنىڭغا؟ — سورىدى ئاق سېرىق بالا يىغلامسىراشتىن پورۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى بىردىنلا ھەۋەس بىلەن پارقىرىتىپ.

— ئىككى تال... ئەرزانلىرىدىن ئالساڭ تۆت تالمۇ كېلىدۇ.

بالىلار شۇبھە، قىزىقىش ئىچىدە بىر - بىرىگە ئۈنسىز قارىشىپ قويىدى.

— تۆت تال كەمپۈت دېگەننى كەچكىچىمۇ شوراپ تۈگىتەلمەيسىلەر، — دېدى تۇرسۇن بالىلارنى قىزىقتۇرۇپ، ئاندىن جىلىتكىسىدىكى قەلەم سالغۇچ ئىچىدىن ئۇششاق پۇللارنى ئېلىپ بالىلارنىڭ ھەر بىرىگە بىر موچەندىن ئۆلەشتۈرۈپ بەردى، — غاپپار ئاكام دۇكىنىنى تاقاپ قويمىدۇ، تېز يۈگۈرۈڭلار...!

بالىلار دەسلەپتە تۇيۇقسىز ئېرىشكەن بۇ پۇل ئۈچۈن ھەيران بولۇشۇپ گاھ قولىدىكى پۇلغا، گاھ تۇرسۇنغا ھاڭۋېقىپ قاراشتى - دە، كېيىن خۇشاللىقىدىن چۇرقىراشقىنىچە قويۇق توپا توزىتىپ، دۇكان تەرەپكە يۈگۈرۈشۈپ كېتىشتى. تۇرسۇننىڭ ۋۇجۇدى شۇ ھامان پەقەت ئىمتىھاندا يۈز نومۇر ئالغان چېغىدىلا ھېس قىلىدىغان شادىيانە بىر تۇيغۇ ئىچىدە يايراپ كەتتى. ئۇ بەختسىزلىككە ئۇچرىغان، ئۆلۈۋاتقان كىچىك ھايات ئىگىسىگە باشپاناھ بولغۇدەك، ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزغۇدەك ئىقتىدار ۋە كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدا يېتىلگىنى ئۈچۈن خۇشال ئىدى.

ئۆتكەن يىلى كۈزدە، پۈتىنى مۈشۈك چىشلەپ سۇندۇرىۋەتكەن بىچارە چۈجىنىڭ ئېچىنىشلىق چوكۇلداشلىرى ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە. چۈجە تۇرسۇننىڭ ئالىقىنىدا سارغۇچ،

يۇمران قاناتلىرىنى تىترىتىپ تۇگۇلۇپ ياتاتتى. بېغىشىدىن سۇنۇپ كەتكەن جانسىز، ئىنچىكە پۇتى قورسىقىنىڭ ئاستىدا ساڭگىلاپ تۇراتتى. بوغدايچىلىك كېلىدىغان كىچىك سارغۇچ كۆزلىرى تولىمۇ مۇڭلۇق ئىدى. تۇرسۇن ھەر قانچە ئويلىنىپمۇ چۈجىنىڭ پۇتىنى ساقايتىشنىڭ چارىسىنى تاپالمىدى - دە، چۈجىگە ئىچ ئاغرىتىپ مىشىلداپ يىغلىۋەتتى. شۇ چاغدا مومىسى بۇنىڭ ئاسانلا چارىسىنى قىلغانىدى. ئۇ چۈجىنىڭ پۇتىنى لاتىدا ئاۋايلاپ تاڭدى - دە، چۈجىلەر توپىغا قوشۇۋەتتى، دەرۋەقە چۈجە بىرنەچچە كۈن دىڭگاسلاپ، ئاقساپ ماڭغاندەك قىلىپ، كېيىن پۇتى ئاستا - ئاستا ساقىيىپ كەتكەنىدى...

يىراقتىن باللارنىڭ قىيقاس - چۇقانلىرى يەنە ئاڭلاندى، ئۇلار ماگىزىندىن تېزلا قايتىپ چىققانىدى، ئۇلار نېمىنىدۇر تالىشىپ، بىر - بىرىنى قوغلىشاتتى، باش - كۆزلىرىگە توپا چېچىشاتتى.

«ئۇيات... ئۇيات... نېمىدېگەن ئەدەپسىزلىك... — تۇرسۇن نەپرەت بىلەن لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويدى، - ئۇستىبېشىنى قارىمامدىغان، تازىلىقنى سۆيۈش دېگەننى بىلمەيدۇ، مۇئەللىم مەكتەپكە خەتلىسۇنچۇ قېنى، ھەددىمىكەن مەكتەپتە مۇشۇنداق قىلىشقا...»

ئۇ قۇچىقىدىكى كۈچۈككە ھەۋەس، ئىپتىخار بىلەن قاراپ قويدى. كۈچۈك ھېلىمۇ قىش شىۋىرغىنىدا قالغان تال چىۋىقتەك دىر - دىر تىترەپ، مۇزدەك سوغۇق بەدىنىنى چىڭ تۈگۈۋالغانىدى. ئەمما ئۇنىڭ كۆزلىرىدە بايىقى كۈچسىز غەزەپ ۋە ئۆچمەنلىكنىڭ سوغۇق نۇرلىرى ئۆچكەن بولسىمۇ، ئەمما ئىشەنمەسلىك، شۈبھە ۋە قورقۇنچنىڭ مۆلۈلدىشى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

تۇرسۇن كۈچۈكنىڭ بويىنىدىكى كەندىر تانىنى يېشىپ

تاشلىۋېتىپ، بېشىنى ئامراقلىق بىلەن سىيلاپ قويدى.

— ئەمدى مەندىن قورقما، — دېدى ئۇ كېتىۋېتىپ، — مەن سېنى قىيناپ، يولدا دارقىرىتىپ سۆرەپ ئوينىغان ئاۋۇ كەپسىز باللارغا ھەرگىز ئوخشىمايمەن. مەن مەكتەپنىڭ بەشىنچى يىللىق ئوقۇغۇچىسى ھەم پىئونېرمەن. مۇئەللىم ھەمىشە بىزگە تەبىئەتنى سۆيۈڭلار، قۇشلار ۋە ھايۋانلارنى ئاسراڭلار، دەپ تەلىم بېرىپ تۇرىدۇ، مۇئەللىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي بولامدۇ؟ مانا مەن ئالدى بىلەن ئاڭلايمەن. ئاتا - ئاناڭ بولغان بولغىيدى، ئۇلار نېمىشقا ساڭا قارىماي، كەپسىز باللارنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بەردىكىنە؟ سېنىڭمۇ ئاتا - ئاناڭ بارمۇ دەمسىنا؟ بولمايچۇ. شەھەردە دېگىنە. ئۇلار شۇنچىلىك كۆيۈمچان، مېھرىبان، ئۇلار مېنىلا ئەمەس، مومامنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ، شۇڭا مېنى مومامغا ھەمراھ بولسۇن دەپ بۇ يەرگە ئەۋەتكەن. ھېلى سەن مومامنى كۆرسەڭ، كۆيۈمچان - مېھرىبانلىقتا ھېچكىم ئۇنىڭغا يەتمەيدۇ. ئۇ مېنىلا ئەمەس، ئىنەك، موزاي، قوي - ئېشەكتىن تارتىپ، توخۇ - مۇشۇككىچە ھەممىسىنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ، كۆيۈنۈپ باقىدۇ. مەن راستىنى ئېيتسام، مۇشۇكتىن باشقىسىغا خۇددى مومامدەك ئامراق، مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈم قويۇۋالغان ئىسىم بىلەن چاقىرىمەن. ساڭىمۇ دەپ بېرەيمۇ، ئىنەكنىڭ ئىسمى ئايخان ساغلاق، موزاينىڭ لەڭمەن تاختاق، قوينىڭ مۆمىن قارىي، ئېشەكنىڭ قارا باتۇر... ۋاي بولدىلا، كېيىن ھەممىسىنىڭ ئىسمىنى بىلىۋالىسەن. ئەمدى ساڭىمۇ ئىسىم قويۇشۇم كېرەك، بولمىسا سېنى نېمە دەپ چاقىرىمەن؟ ئېيتقىنا، ئىسمىڭنى نېمە دەپ قويسام بولار، تۇمشۇقۇڭ بىلەن كۆزۈڭدىن باشقا ھەممە يېرىڭ ئاق ئىكەن، «ئاق قارىي»... بۇ بىزنىڭ سىنىپتىكى رەيھانگۈلنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى. ئاڭلىسام ئۇ ناھايىتى ئاچچىقى يامان، ئەسكى ئادەمىش، ھە

دېسىلا قىزنى ئۇرارمىش. مەن بۇنداق ئادەملەرنىمۇ، ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ ناھايىتى يامان كۆرىمەن، شۇڭا ئۇنىڭ ئىسمىنى زادىلا ساڭا قويمايمەن. «ئاق بويناق» دەپ قويسام قانداق بولار؟ بىراق... سېنىڭ بوينۇڭ ئالا ئەمەس - دە، ياخشىراق بىرەر ئىسمىنى ئويلاپ تاپسام بولاتتى... يولۋاسچۇ... ھە، ھە، بۇ ئىسىم تازا مۇۋاپىق. سەن چوڭ بولغاندا، يولۋاستەك باتۇر ئىت بولىسەن، ئىسمىڭغا مۇبارەك بولسۇن، ئاق يولۋاس...!

تۇرسۇن چوڭ يولدىن ئۆي تەرەپكە — كونا ھارۋا يولىغا بۇرۇلدى.

ھاۋا سوغۇق ئىدى. ئىزغىرىن شامال تۇرسۇننىڭ يۈز - قۇلاقلىرىغا نەشتەردەك سانجىلاتتى. ئۇ يۈز - قۇلاقلىرىنىڭ پىچاق بىلەن تىلغاندەك ۋىژىلداپ ئېچىشىپ ئاغرىشلىرىنى سەزمەيتتى. ئۇ خۇشال ئىدى، شور توپىلىق يولدا قۇشتەك ئۇچۇپ باراتتى.

— ئاق يولۋاس!...

2

— ۋاي خۇدايىم... نېمە قىلىق بۇ تۇرسۇنجان! — نەۋرىسىنىڭ قۇچىقىدىكى كۈچۈكنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇچقان موماي پېشانىسىگە پاققىدە بىرنى ئۇردى، — تاشلا، تاشلا دەيمەن... نەدىن تېپىپ كەلدىڭ بۇ ئالۋاستىنىڭ ئۆپكىسىنى؟

ئەسلىدە بۇ كۈچۈكنى كۆرسە مومام چوقۇم خۇشال بولىدۇ، دەپ ئويلىغان تۇرسۇن كۈتۈلمىگەندە مومىسىنىڭ مۇنداق چېچىلىپ توۋلاشلىرىنى ئاڭلاپ ھودۇقۇپ كەتتى.

— ئۇششاق بالىلار كوچىدا سۆرەپ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاس قاپتىكەن، مەن ئۇنى...

— قولىدىن تارتىۋېلىپ ئەپقېچىپ كەلدىم دېگىنە... ساڭا ئويۇن، ماڭا جاپا... ئاز كۈندە چوڭىيىپ يوغان ئىت بولىدۇ،

ھويلا - ئارامغا كەلگەن بىرەرنى چىشلىۋالسا... مانا كۆرۈك بۇ بالا - قازانى... موماڭ قىرىغاندا قايسىبىرىنىڭ ئەرز - دادىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ؟

- بۇ كۈچۈك ئادەمنى چىشلىمەيدۇ چوڭ ئاپا، ئۇ، ئىنەك بىلەن قويىڭىزنى ئوغرىلاردىن، توخۇلارنى تۈلكە بىلەن ئاغمىخاندىن ساقلاپ قالسا ياخشى ئەمەسمۇ؟

- مەمەدانلىق قىلما! - موماي نۇرسىز كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ نەۋرىسىگە ئالىيىپ قارىدى، - ئىتنىڭ يۈزدە توكى بار، ۋاقتى كەلگەندە كىم ياخشى، كىم ئوغرى، ئۇنى ئايرىپ تۇراتتىمۇ، يوقات بۇنى، نەدىن ئەكەلگەن بولساڭ شۇ يەرگە ئاپىرىپ تاشلا!...

تۇرسۇن ھودۇقتى، تىترىقىدى، ئۇ ھىچقاچان مومىسىنىڭ مۇنچىلىك ۋارقىراپ كايىشلىرىنى ئاڭلىمىغانىدى. ئۇ مومىسىغا باتناپ كۈچۈكنى يەرگە تاشلىدى، كۈچۈك يەردە تۈگۈلۈپ، غىڭشىپ، ئەتراپىغا قورقۇمسىراپ قارىدى. گويا مومايىنىڭ غەزەپلىك نەزەر تاشلاشلىرىدىن نېرى بولاي دېگەندەك، يۈگۈرگىنىچە ئىشىكى ئوچۇق ئېغىلغا كىرىپ كەتتى. موماي سۈپۈرگە بىلەن تۇرسۇننىڭ چاپانلىرىنى سۈپۈرۈۋېتىپ كايىش ئارىلاش سۆزلىمەكتە ئىدى:

- مەيدەڭدىكى توككە قارىغىنا، ھېلىمۇ پاسكىنا مەرەزنىڭ توكى ئاغزىڭغا كىرىپ كەتمەپتۇ. ماڭ، يۈگۈر، قولۇڭنى يۇيۇپ ئېشىڭنى ئىچ.

تۇرسۇن مومىسىنىڭ ئوخشىتىپ ئەتكەن چۆچۈرىسىنى خۇددى ئاغرىپ يېتىپ قالغان ۋاقتىدىكىدەك بىر خىل ئىشتىھاسىزلىق بىلەن ئىچتى، ئۇ ئىچىدە مومىسىدىن بەكلا ئاغرىندى. «چوڭ ئاپامغا نېمە بولغاندۇ؟» دەپ ئويلايتتى ئۇ قاچىدىكى چۆچۈرىنى ئۇياق - بۇياققا مالتىلاۋېتىپ، «ئۇ چۈجىنىڭ سۇنغان پۇتىنى تېڭىپ ساقايتقان، مەن كۈچۈكنى

ئۇششاق باللارنىڭ ئۆلتۈرۈپ قويۇشىدىن قوغداپ قالدىم، ھەر ئىككىلىسى ئوخشاشلا ياخشى ئىشقۇ. ئاق يولۋاس چوڭ بولسا ئۆينى باقىدۇ، كېچىسى تىمىسقىلاپ كەلگەن ئوغرىلارنى چىشلەپ تالايدۇ، توخۇلارنى تۈلكە، ئاغمىخانغا يېگۈزمەيدۇ... بۇ نىمىدىگەن ياخشى!... ئەسلى تاشلىۋېتىشكە توغرا كەلسە، قارا مۇشۇكنى يىراققا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىپ، كۆزدىن يوقىتىش كېرەك. چۈنكى ئۇ ھۆرۈن، تىرىكتاپ، ئالدىغا تۆكۈپ بەرگەن تەييار ئاشنى ئىچىپ، كاڭنىڭ ئىسسىق يېرىدە تۈگۈلۈپ، ئۇخلىغىنى ئۇخلىغان. مومام نېمىشقا مۇشۇ ئىشلارنى سېلىشتۇرۇپ باقمايدىكىنە؟ ئۇ ئاق يولۋاسنى يامان كۆرسە كۆرۈۋەرسۇن، ئەمما مەن ياخشى كۆرىمەن، ئۇنى ھەرگىزمۇ تاشلىۋەتمەيمەن...»

موماي ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بۇ ياخشى پۇرسەت ئىدى. تۇرسۇن ئېشىنى چالا - بۇلا ئىچىپلا ئېغىلغا يۈگۈردى. ئاق يولۋاس ئېغىلنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭىغا تىقىلغىنىچە كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۈگۈلۈپ ياتاتتى. ئۇ تۇرسۇننى كۆرگەن ھامان قورقۇش ئارىلاش، ئىنچىكە قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ، غىڭشىپ قويدى.

«مېنى تونۇپسەن - دە، ئاق يولۋىسىم، — تۇرسۇن خۇشال بولۇپ ئۇنى كۆتۈرۈۋالدى، — خاتىرجەم بول، ئەمدى مەن سېنى مومايغا كۆرسەتمەي، ئۆزۈم بېقىپ چوڭ قىلىمەن. ساڭا ئەمدى نەگە ئۇۋا ياساپ بەرسەم بولار؟ ئېغىلغۇ ياخشى ئىدى، كالا - قويلار ساڭا ھەمراھ بولاتتى، بىراق، سېنى مومامنىڭ كۆرۈپ قېلىپ تاشلىۋېتىشىدىن قورقىمەن. سامانلىقچۇ؟... ئۇ يەر ئىسسىق بولغىنى بىلەن يەنىلا ئىشەنچلىك ئەمەس، ئەڭ ياخشىسى، ئېغىلنىڭ ئۆگزىسىدىكى بېدە ئارىسىدا ياتقىن، مومام ئۆگزىگە چىقسام بېشىم قايىدۇ، دەپ بېدىنى ماڭا تاشلاتقۇزىدۇ. ئۇ يەر سوغۇق بولغىنى بىلەن سەن ئۈچۈن

بىخەتەر...»

تۇرسۇن ئاق يولۋاسنى كۆتۈرۈپ ئۆگزىگە چىقتى. ئېگىز بېدە دۆۋىسىدە تېخى ئېرىپ ئۈلگۈرمىگەن قار پارچىلىرى ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى. ھويلىغا قارىغاندا ئۆگزە ئۈستى خېلى سوغۇق ئىدى. تۇرسۇن بېدە دۆۋىسىنىڭ قېتىنى ئېچىپ، خېلىلا ئىچكىرىسىگە ئەپچىللىكىنە ئۇۋا ياسىدى، ئاندىن ئاق يولۋاسنى ئۇۋىغا قويۇپ بېرىپ، يانچۇقىدىكى ناننى يۇمشاق چاينىدى-دە، ئۇنىڭغا يېگۈزۈشكە باشلىدى، ئېچىرقاپ كەتكەن ئاق يولۋاس يۇمشاق ناننى ئاچ كۆزلۈك بىلەن يالماپ يۇتاتتى، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ تۇرسۇننىڭ قولىغا تەلمۈرەتتى. نەمخۇش، ئىسسىق، يۇمشاق تىلى بىلەن ئۇنىڭ بارماقلىرىنى يالايتتى، ئويناقشىپ جايىدا تىپىرلايتتى... ئاھ قانداق ياخشى!... تۇرسۇننىڭ ۋۇجۇدى سۆيۈنۈش ئىچىدە جىمىرلاپ كەتتى، ئۇنىڭ سەكرىگۈسى، ۋارقىرىغۇسى كەلدى.

كەچ كىرىپ كېلىۋاتاتتى، تۇرسۇننىڭ مومىسىنىڭ ئىنەك سېغىشقا ياردەملىشىدىغان ۋاقتى كەلگەنىدى.

«ئەمدى ئەتە ئەتىگەندە كۆرۈشەيلى ئاق يولۋىسىم، — ئاستا پىچىرلىدى تۇرسۇن ئۇنىڭ يۇمران تۈكلىرىنى سىلاۋېتىپ، — سوغۇقتا قويغانلىقىم ئۈچۈن مېنى كەچۈر، مومامنىڭ ئاچچىقىدىن قورقۇپلا شۇنداق قىلدىم. بۇ قىشمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، پات ئارىدا باھار كېلىدۇ، باھارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تېخى بىلمەيسەنغۇ دەيمەن؟ ئۇ چاغدا قار-مۇزلار ئېرىپ، ئەتراپ ياپيېشىللىققا پۈركۈنىدۇ، مەن مەكتەپتىن يېنىپ قوي باققىلى چىققاندا سېنى جاڭگاللىققا ئەگەشتۈرۈپ بارىمەن، ساڭا بۇغدايلىققا كىرىپ كەتكەن قويلارنى قانداق توسۇشنى، تۈلكىنىڭ ئۇۋىسىنى قانداق پۇراپ تېپىشنى، توشقان قوغلاشنى... جىق-جىق ئىشلارنى ئۆگىتىمەن...»

ھويلىدىن مومىسىنىڭ بوغۇق، ئەمما ئۈنلۈك ئاۋازى ئاڭلاندى:

– تۇرسۇنجان... قېنى سەن تۇرسۇنجان!...

تۇرسۇن بىر باغ بېدىنى ھاپىلا - شاپىلا ئۇۋىنىڭ ئاغزىغا كەپلەپ قويۇپ، ئالدىراپ ئۆگزىدىن چۈشتى.

– مانا مەن موما.

– ھېلىقى كۈچۈك قېنى؟ مەھەللىگە ئاپىرىپ كىمدىن ئالغان بولساڭ شۇنىڭغا بېرىۋەت، ئۆلۈپ قالسا قىساسىغا قالىسەن بىكار.

– ئاپىرىپ ئىگىسىگە بېرىۋەتتىم.

– قاچان؟

– ئېشىمنى ئىچىپ بولۇپلا.

موماي ئۇندىمىدى، ئەمما تۇرسۇن يالغان سۆزلەپ مومىسىنى ئالداپ قويغىنى ئۈچۈن قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا خۇشال ئىدى. ئۇ ئاخشىمى پەنەر يورۇقىدا دەرسلىرىنى تەكرارلاپ، تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بولۇپ، ئىسسىق كاڭدا تېزلا ئۇيقۇغا كەتتى. كېچىچە ئاق يولۋاسنى چۈشەپ چىقتى.

3

ئەمدى ھەممە نەرسە، كۈندە نەچچە مىڭ ئۆتىدىغان توپىلىق يولمۇ، ئېتىز، جاڭگالمۇ، مومايىنىڭ يالغۇز چوقچىيىپ تۇرىدىغان كونا ئۆيىمۇ تۇرسۇنغا باشقىچە مېھرىلىك تۇيۇلۇشقا باشلىدى، ئۇنىڭ ئەس - يادى ئاشۇ ئاق يولۋاستا. ئەمدى ئۇ مەكتەپتىن يانغاندا ساۋاقداشلىرى بىلەن يولدا ئوينايدىغان ئادىتىنى تاشلىغانىدى، ئۇ مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقاتتى - دە، ئۇدۇل ئۆيگە چاپاتتى، مومىسىغا ياردەملىشىپ، كالىغا ھەلەپ ئېتىپ، قوي، ئېشەككە بېدە - سامان تاشلىغاندىن كېيىن، بىر ئامال قىلىپ ئاق يولۋاسنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا تىرىشاتتى. ئاق يولۋاس ھازىر خېلىلا يوغىناپ

قالغان، تۆكلىرىمۇ ئاپپاق قاردەك پارقىراشقا باشلىغانىدى. تۇرسۇن ئۆۋىنىڭ ئاغزىنى ئاچقان ھامان ئۇ ئالدىغا ئېتىلىپ چىققانتى - دە، گاھ غىڭشىپ، گاھ ھاۋشىپ تۇرسۇننىڭ ئەتراپىدا سەكرەپ پىرقىراشقا باشلايتتى. بۇ چاغدا تۇرسۇن مومىسىنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئالاقىزەدىلىك بىلەن كۈچۈكنى ئالمان - تالمان ئۆۋىسىغا كىرگۈزۈۋېتىشكە مەجبۇر بولاتتى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى تۇرسۇننىڭ خۇشاللىقىدىن كۆرە تەشۋىش، ئارامسىزلىقى كۈچىيىشكە باشلىدى. ئاق يولۋاسنى بۇ قاراڭغۇ ئۆۋىدا يەنە قانچىلىك يوشۇرۇپ ساقلىغىلى بولار، مومىسى ئۇنى كۆرۈپ قالسا...

تۇرسۇننىڭ ئەنسىرىگىنىدەك كۈتۈلمىگەن كۆڭۈلسىزلىك ئاخىرى يۈز بەردى. بىر كۈنى، تۇرسۇن كەچتە مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ ئۇدۇل ئۆگزىگە چىقتى - دە، ئۆۋىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۆۋىنىڭ ئاغزى ئېچىلغان، ئاق يولۋاس قاياققىدۇر يوقالغانىدى. تۇرسۇن دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بېدە دۆۋىسىنى ئايلىنىپ چىقتى، پەسكە چۈشۈپ ئېغىل، سامانلىق، ھەتتا توخۇ كاتەكلىرىگىچە ئاختۇرۇپ باقتى. ئاق يولۋاس ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. بىر چاغدا موماي قاياقتىندۇر تۇرسۇننىڭ يېنىدا پەيدا بولدى:

— نېمىنى ئىمىسقىلاپ يۈرىسەن؟

تۇرسۇن دۇدۇقلىدى:

— مۇنداق... قاراپ باقاي دەپ...

— خۇپسەنلىك قىلما، كۈچۈكۈڭنى ئىزدەپ يۈرگەنسەن تايىنلىق؟

تۇرسۇن دەسلەپتە ئەندىكتى، كېيىن نېمىنىدۇر پەملىگەندەك قىلدى.

— سىز... سىز ئۇنى كۆرۈپسىز - دە، موما. — دېدى ئۇ ئۈمىدلىنىپ.

— دېمىدىمۇ، بالا تېرىيدۇ دەپ، ھېلىتىن مۈشۈكنى قوغلاپ يۈرۈپتۇ. تېخى ماڭىمۇ قاۋاپ، ئاللا - تووامنى چىقاردى ئۇ نىجىس.

— نەگە سولاپ قويدىڭىز؟

— سولاپ نېمە قىلاتتىم؟ جاڭگالدىن يانغان ئوتۇنچىلارغا بېرىۋەتتىم، ماڭ ئەمدى ئىشىڭنى قىل، دەرسىڭنى تەكرارلا، ئىت باقىدىغان مالچىمىدىڭ يا سەن؟

تۇرسۇن ئەلەمدىن بوغۇلۇپ يىغلىۋەتتى.

— سەن بەك ئەسكىكەنسەن، ئەمدى قېشىڭدا تۇرمايمەن، — دېدى ئۇ بىر ياقتىن يېشىنى سۈرتۈپ، بىر ياقتىن يىغلاپ، — شەھەرگە كېتىمەن، شەھەرگە كېتىمەن، ھازىرلا كېتىمەن.

ئۇ راستتىنلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ كوچىغا ماڭدى، قورقۇپ تەشۋىشكە چۈشكەن موماي پايپاسلاپ يۈگۈرگىنىچە ئۇنى تۇتۇۋالدى.

— ئاپپاق بالام، چىرايلىق قوزام... ساڭا تۇخۇم پىشۇرۇپ قويغانمەن.

تۇرسۇن مومىسىنىڭ قولىدا يۇلقۇناتتى، قوللىرىنى قايرىيتتى، تېپچەكلەيتتى.

— قويۇۋەت، مېنى قويۇۋەت...! — دەپ ۋارقىرايتتى تېخىمۇ بەك يىغلاپ.

موماي قوزىدەك مۆلايىم، قولىقى يۇمشاق، قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولىدىغان، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان نەۋرىسىنىڭ بۇنداق تەرسا ھەم جاھىللىقىدىن ھەيران ھەم خاپا بولدى. لېكىن، ئەمدى ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدەك كايىش ئەمەس، باش - كۆزىگە سۆيۈپ يالۋۇرۇشقا، تاتلىق سۆز بىلەن ئالداشقا مەجبۇر بولدى.

— بولدى ئاپپاق بالام، يىغلىما، — دېدى نەۋرىسىگە ئارانلا كۆچى يېتىپ تۇرغان موماي قورقىنىدىن ئۇنى قۇچاقلىۋېلىپ،

— ئىگەكىم ئاشۇ كىچىك بىلەنلا كۆڭلۈك تىنىدىغان ئىش بولسا، ئوتتۇنچىلاردىن ئەتىلىككىلا ئەكەلدۈرۈپ بېرەي، كۈندۈزى مورىگە ئارتىپ مەكتىپىڭگە ئاپىرامسەن، كېچىسى يوتقىنىڭغا سولاپ ياتامسەن، خالىغىنىڭنى قىل.

تۇرسۇن يىغىدىن توختىدى. لېكىن ئۇ، شۇ ئاخشىمى تاماقمۇ يېمىدى، دەرسىنىمۇ كۆڭۈللۈك تەكرارلىمىدى، ئىلگىرىكى كۈنلىرىدىكىدەك مومىسىغا چۆچەك ئېيتىپ بەرسەڭ دەپمۇ يالۋۇرمىدى.

«ھېچقىسى يوق، بىر كېچە ئۆتسۇنچۇ، كىچىكنى ئەتىلا ئۇنتۇپ كېتىدۇ، — دەپ ئويلايتتى موماي، كاڭنىڭ بۇلۇڭىدا ئۇنسىز دومسىيىپ ئولتۇرغان نەۋرىسىگە كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويۇپ، — ئۇنىڭغا ئىت ئويناشنى كىم قويۇپتۇ؟ ئوقۇشنى ئوقۇسۇن، بىكار بولسا قوي، كالا باقسۇن، دادىسىنىڭ ماڭا تاپىلاپ كەتكىنىمۇ شۇ...»

شۇ كېچە نېمىشقىدۇر تولىمۇ ئەنسىز ئۆتتى. سىرتتا شىۋىرغان قۇترايتتى، لەمپىدىكى قوناق شاخلىرى شاراقلايتتى، نېمىنىڭدۇر ئۈزۈپ - ئۈزۈپ غىڭشىغان، بىر نەرسىنى تاراقلاتقان ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

موماي ئەتىسى سەھەردە تەرەت ئېلىش ئۈچۈن ئىشىكنى ئاچتى - دە، قورقۇش، ھەيرانلىق ئىچىدە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئىشىك يېنىدا ئاق يولۋاس سوغۇقتىن غال - غال تىترىگىنىچە تۈگۈلۈپ ياتاتتى. مومايىنى كۆرگەن ئاق يولۋاس ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى - دە، غەزەپ بىلەن قاۋاشقا باشلىدى. شۇ چاغدا تونۇش ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغانغان تۇرسۇن يالاڭ كىيىمى بىلەنلا ھويلىغا ئېتىلىپ چىقىپ خۇشاللىقىدا ۋارقىرىۋەتتى.

— ئاق يولۋىسىم!...

## 4

مانا باھار!

گۈللەر، ئۇتياشلار، ياپيېشىل ياپراقلاردىن تون كىيگەن دەل ـ دەرەخلەر، قۇشلار، كېپىنەكلەر، ھەرىلەر ئاشۇ سېخىي تەبىئەتنىڭ ئەركىسى.

ئاق يولۋاسمۇ بۇ ھويلىدا شۇنداق. موماي ھېلىمۇ ئۇنىڭغا ئالىيىپ ـ ھومىيىپ، گاھىدا تىللاپ ـ قارغاپ، چالما ئېتىپ تالاغا قوغلاپ يۈرگىنى بىلەن ئەمدى قىشتىكىدەك بىرەر ئۇتۇنچىنىڭ ھارۋىسىغا تاشلاپ بېرىشكە ئامالسىز. دېمىسىمۇ تۇرسۇننىڭ ھېلىقى چاغدىكى كۆكەملىكى ئۇنى خېلىلا قورقۇتۇپ، چۆچۈتۈپ قويغانىدى.

تۇرسۇن ھەر كۈنى مەكتەپتىن كېلىپ «قارا باتۇر» غا مىنەتتى ـ دە، ئاق يولۋاسنى ئەگەشتۈرۈپ، جاڭگالغا مال باققىلى كېتەتتى.

موماي كەچتە قورساقلىرى تومپىيىپ، ئىككى يانغا چايقىلىپ ئاران كېلىۋاتقان كالا، قويلارنى كۆرگەندە نەۋرىسىدىن سۆيۈنۈپ نامىزىدا ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن دۇئا قىلاتتى، لېكىن بىرلا غەم ـ ئەندىشە ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلاتتى. «ھەي... ئۆزىغۇ تولىمۇ ئەقىللىق بالا، شۇغىنىسى مۇشۇ كاساپەت لالمىنى دەپ ئوقۇشنى ياخشى ئوقۇيالماي قالمىغىيدى...» دەپ تەشۋىشلىنەتتى ئۇ.

يازلىق تەتىلدە مومايىنىڭ ئوغلى شەھەردىن كەلدى.

ــ تۇرسۇنجاننى ئەكەتكىلى كەلدىم، ــ دېدى ئۇ قىسقىلا قىلىپ، مومايىنىڭ كۆزلىرى تەشۋىشتىن پارقىراپ كەتتى.

ــ نېمە، ئۇ بۇ يەردە ياخشى ئوقۇيالمىغان ئوخشىمامدۇ بالام...؟ ھەي... مەن شۇ چاغدىلا پەملىگەن...

ــ ياق، ئاپا، ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى ئەلا دەرىجىدە

پۈتكۈزۈپتۈ، ئەمدى ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنى شەھەردە ئوقۇشى كېرەك، بۇ يەردە ئۇنداق مەكتەپ يوق ئەمەسمۇ...

شۇ چاغدا تۇرسۇن ھەمىشە ئاق يولۋاسنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ دەرس تەكرارلاشنى ياخشى كۆرىدىغان ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى جىگدە تۈۋىدە، ئاق يولۋاس بىلەن خوشلىشىۋاتاتتى:

— خوش مېنىڭ ئاق يولۋىسىم، قوش مېغىزدەك ئادىشىم... ئەمدى مەن شەھەرگە كېتىشىم، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇشۇم كېرەك. بىلەمسەن، مەن سېنى ئىت سۈپىتىدە ئەمەس، تەبىئەتنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە بېقىپ چوڭ قىلدىم. مۇئەللىمنىڭ گېپى ناھايىتى توغرا: ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى سۆيۈش، ئۇنى قوغداش مەجبۇرىيىتىلا بار، ئۇنى يوقىتىش، ۋەيران قىلىش ھوقۇقى يوق، سەن تەبىئەتنىڭ بىر ئەزاسى بولغىنىڭ ئۈچۈن چوقۇم ياشىشىڭ كېرەك. سېنى ئۆلتۈرۈشكە، يوقىتىشقا ئۇرۇنۇش كىچىكلەر ئۈچۈن بەڭباشلىق، ئەقىلسىزلىك، چوڭلار ئۈچۈن جىنايەت.

ئاق يولۋاس گويا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تەسىرلىنىپ ئاڭلاۋاتقاندەك، قاپقارا كۆزلىرىنى تۇرسۇنغا تىكىپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ، ئالدىدا جىمجىت زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى.

— شەھەرگە سېنى بەك ئەكەتكۈم بار ئىدى. بىراق، سەن ئۇ يەردە زېرىكىپ قىسىلىپ قالىسەن، سەن ئۈچۈن يەنىلا مۇشۇ ھويلا ياخشى. سەن ئەمدى مومامنىڭ جۇنۇپ ۋارقىراشلىرىدىن ھەرگىز قورقما، ئۇ ئاخىرى ھېلىقى ھارامتاماق قارا مۈشۈكتىن سېنىڭ مىڭ مەرتىۋە ياخشى ئىكەنلىكىڭنى چۈشىنىپ قالىدۇ...

خەير، ئەمدى مەن مېڭىشىم كېرەك، تەتىلدە سېنى يوقلاپ كېلىمەن، ئايخان ساغلىقنى، قارا باتۇرنى... ھەممىڭلارنى كۆرگىلى كېلىمەن...

كىچىك ماشىنا، تۇرسۇن بىلەن دادىسىنى ئېلىپ كونا ھارۋا يولىدا قويۇق توپا توزىتىپ يۈرۈپ كەتتى. بىردىنلا غېرىبلىق يېتىپ، كۆڭلى بۇزۇلغان موماي ئۇن - تىنسىز كۆز يېشى قىلىپ، يول چېتىدە تەلمۈرۈپ تۇرۇپ قالدى. ئاق يولۋاس كىچىك ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن چاپقىنىچە ئاللىقاچان چاڭ - توزانلار ئىچىدە غايىب بولغانىدى. ئۇ شۇ يۈرگۈرگىنىچە ماشىنىغا نەلەرگىچە ئەگىشىپ باردىكىن؟ پەقەت كەچكە يېقىنلا ھاسىرىغان، تىللىرى ئۇزارغان، قۇلاقلىرى سالپايغان ھالدا قايتىپ كەلدى - دە، جىگدە تۈۋىدە باغرىنى يەرگە يېقىپ ئۇزۇنغىچە ياتتى...

نەچچە يىلدىن بېرى نەۋرىسىنىڭ ۋاڭ - چۇڭلىرى، بوينىغا ئېسىلىپ تاتلىق ئەركىلەشلىرىگە كۆنۈپ قالغان مومايغا، مەھەللىدىن چەت بۇ كونا ئۆيدە ھوقۇشتەك يالغۇز ياشاش بەك ئېغىر تۇيۇلۇشقا باشلىدى. گاھىدا كەپسىزلىك قىلىپ ئوغلاقتەك سەكرەپ مومايىنى كايىتىسىمۇ نەۋرىسىنىڭ ھەمراھ بولۇشى قانداق ياخشى ئىدى؟!

ئېغىر، ھەسرەتلىك خىيال ئىچىدە تالاي كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈۋاتقان مومايغا ئەمدى ئاق يولۋاسلا بىردىنبىر ھەمراھ بولۇپ قالغانىدى. ئاق يولۋاس ھەر كۈنى پۈتۈن بىر كېچە ئۆي ئەتراپىنى ئايلىنىپ، قاۋاپ چىقاتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى بوم ھەم ياڭراق ئىدى. موماي ئۇنىڭ ئاۋازىنى ھەر بىر ئاڭلىغاندا نەۋرىسىنى گويا ئۆزىنىڭ يېنىدا باردەك، ئۇ ھازىرلا ئىشىكتىن كىرىپ كېلىدىغاندەك ھېس قىلاتتى. ئەمدى پەقەت ئاق يولۋاسنىڭ ئاۋازىلا مومايغا خاتىرجەملىك بېغىشلاۋاتاتتى. ئۇ ئەمدى كېچىسى ئوغرى كېلىپ كالا - قويلىرىنى ئوغرىلىۋېلىشىدىنمۇ، تۈلكە، ئاغمىخانىنىڭ توخۇلىرىنى يەپ كېتىشىدىنمۇ ئەنسىرىمەيدىغان بولدى.

«قادىر ئىگەم ئىتقا تىل بەرمىگىنى بىلەن ئەقىل بىلەن

مىھىر - ۋاپانى يەتكۈچە بەرگەنىكەن...» موماي ھەر قېتىم ئاق يولۋاسنى جىگدە تۈۋىدە كۆرگەن ھامان شۇنداق دەيتتى: «قارىمامدىغان بىچارىنى... باققان ئىگىسىنى ھېلىغىچە ئۇنتۇماپتۇ، ئۇ نەۋرەمنى كۈتۈۋاتقان ئوخشايدۇ».

ئاق يولۋاس ھە دېسىلا بۇرۇن تۇرسۇن ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىغان جايدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋالاتتى، ئۇ قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىۋېلىپ، ھوشيارلىق بىلەن چاقناپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزىنى ھارۋا يولىدىن ئۈزمەيتتى.

ھەئە... ئۇ تۇرسۇننىڭ مەكتەپتىن كېلىشىنى سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتۈۋاتاتتى.

1990 - يىلى، كۇچا

# ئاخىرقى ھەمراھ

سابىق ھاكىم سابىت كېرىمنىڭ پېنسىيەگە چىققىنىغا بۇ يىل بەش يىل، ئايالى ھەمراخاننىڭ تۈگەپ كەتكىنىگە ئالتە يىل بولۇپ قالدى. بۇ يىللار مابەينىدە، ئۇنىڭ كۈنلىرى غېرىبلىق ۋە خىيال ئىچىدە ئۆتتى. ئۇنىڭ ئادەتتىكى كادىر، ئىدارە باشلىقى ۋە ھاكىم بولۇپ ئىشلىگەن يىللاردىكى ئىسسىق - سوغۇقلار ۋە ئەگرى - توقاي كەچمىشلىرى قەلبىدە تاتلىق ھېسلاردىن كۆرە ئاچچىق ئەسلىمىلەرنى كۆپرەك قالدۇرغانىدى. شۇڭا ئۇ بۇلارنى ئويلىماسلىققا تىرىشاتتى، ئەمما كۆڭۈل رايى بۇنىڭغا يول قويمايتتى.

بۈگۈن ناشتىدىن كېيىن، سابىت كېرىم ھەر كۈندىكى ئادىتى بويىچە ئاق بويناققا ئاش بەردى، ئاندىن توخۇ - كەپتەر، قوي - چارۋىلىرىغا يەم بەردى، ھويلا - ئارانلىرىنى سۈپۈرۈپ تازىلىدى. بۇ ئىشلار ئۇنى خېلىلا چارچاتقانىدى، ئۇ سافادا ئولتۇرۇپ چاي ئىچكەچ مەرھۇم ئايالىنىڭ چوڭايتىپ جازىغا ئېلىنغان سۈرىتىگە قارىدى ۋە كۆڭلى پەرىشان بولغان ھالدا خىيالغا پاتتى: «ھەي ھەمراخان، ھەي ھەمراخان، سىز ھايات بولغان بولسىڭىز مەن بۇنداق غېرىبسىنىپ قالماستىم. قېرىغاندا ئايالىدىن ئايرىلىپ قالسا ئۆينىڭ چىرىغىمۇ ئۆچۈپ قالىدىكەن ئەمەسمۇ؟ مەن ھاكىملىقتىن ئايرىلىپ قالغانغا قىلچە ئۆكۈنمىدىم، لېكىن سىزدىن ئايرىلىپ يۈرەك - باغرىم پارە - پارە بولۇپ كەتتى، نۇرغۇن كېچىلىرىم ئۇيقۇسىز ئۆتتى، كۆز ياشلىرىممۇ قۇرۇپ كەتتى. يالغۇزلۇقنىڭ دەردى نېمىدېگەن يامان! ئوغلىمىز ھامۇتجان ئۈرۈمچىدە ئىشلەۋاتىدۇ، قىزىمىز

باھارگۈل ياتلىق بولۇپ كەتتى. ئۇ، ھەپتىدە بىر - ئىككى قېتىم كېلىپ، كۆڭلۈمنى ۋاللىدە يورۇق قىلىپ قويۇپلا كېتىپ قالىدۇ. سەن ئۇنىڭدىن رەنجىمە، ئۇ بىچارىگىمۇ ئامال يوق، ئالدىراشلىق ئىچىدە چېپىپلا يۈرگىنى يۈرگەن. يالغۇزلۇقتا قاچاندۇر بىر كۈنى ئۆيدە ئۈن - تىنسىزلا كېتىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيمەن...» شۇ تاپتا ئۇ، ئەسلىمىلەر قوينىغا بارغانچە چوڭقۇر چۆكۈپ كەتتى... «سابىت ئاخۇن، ھوي سابىت ئاخۇن، ئاشلىرى سوۋۇپ قالدى! چۆپنى قىلدەك كېسىپ ئەتكەن ئۈگرىگە سېپىلگەن پىننە پۇرىقى ئۆينى بىر ئالغان ئىدى... سابىت ئاخۇن، ھوي سابىت ئاخۇن، پولۇ سوۋۇپ قالدى، قوللىرىنى چايقىۋالسىلا! سابىت ئاخۇن گۈرۈچلىرى تىترەپ تۇرغان ساپ - سېرىق پولۇنى ئىشتىھا بىلەن يېدى... سابىت ئاخۇن، سىلىگە ناۋات چاي دەملەپ قويدۇم، قىزىقىدا ئىچىۋالسىلا...»

ئاق بويناقنىڭ ئىڭىشىپ سۈركىلىشى سابىت كېرىمنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى. ئۇنىڭ كۆزىدىن سىرغىپ چۈشكەن بىر تامچە ياش، ئاق بويناقنىڭ بوينىغا تامچىلىدى.

— ئۆيدە ئادەم بارمۇ؟

دەرۋازا يېنىك قېقىلدى، سابىت ئاكا ئېغىر قەدەملەر بىلەن بېرىپ دەرۋازىنى ئاچتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم سابىت ھاكىم، قانداق ئەھۋاللىرى. تەنلىرى سالامەتمۇ؟ ھۆكۈمەت ئىشخانىسىدىن قوغۇن - تاۋۇز تارقاتقانىكەن، سىلىگە ئېيتىپ قويۇشۇمنى ھاۋالە قىلغان ئىدى، — دېدى ياشلا بىر بالا.

سابىت ئاكا ئۈچ كۈندىن بۇيان كەلگەن بۇ تۇنجى مېھماننى خېلى چىڭ تۇتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ «يەنە مۇھىم ئىشلىرىم بار ئىدى» دەپ كېتىپ قالدى. ئىلگىرى ئادەم ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان بۇ ئۆينىڭ چۆلدەرەپ قالغانلىقىدىن ئاق

بويناقنىڭ ئىچى پۇشقان بولسا كېرەك، سابىت ئاكىغا قاراپ، بىر نەچچىنى قاۋاپ قويدى، سابىت ئاكا ئۇھ تارتقىنىچە يەنە ئىچىگە خىيالغا پاتتى: «قوغۇن - تاۋۇزلارنى ئەكەلسەممۇ مەن بەرىبىر يېيەلمەيمەن، يەنە كېلىپ ئەكەلگۈدەك ماغدۇرۇممۇ يوق، كىملەرگە چىراي سارغايتارمەن. باھارگۈل ئەكەتسۇنمىكىن - يە؟ بولدىلا! سابىت ئاكا قولىنى سىلكىپ قويدى، - ئۇھ... ئادەم ھەقىقەتەن خام سۈت ئەمگەن نەرسىكەن، بۇرۇن قوغلىسىمۇ كەتمەيدىغان ئادەملەر ھازىر يىراقتىن ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدى. ھېلىمۇ مۇشۇ بىر ئىتنى بېقىپ قويۇپتىكەنمەن. ھېلىقى ھىممەت دېگەن ناكەس ھەجەپ قىلدى - ھە، رەھمەتلىك ھەمراخاننىڭ قىلمىغىنى قالمىغان ئۇ تۇزكورغا» سابىت ئاكا بىرنەچچە يىل ئاۋۇالقى بىر ئىشنى خىرە - شىرە ئېسىگە ئالدى:

- يىغىندىن قايتىپ كەلگەن سابىت ھاكىم قولىدىكى ئىچىگە سومكىنى ئالدىغا چىققان ھەمراخانغا سۇندى. شۇ چاغدا دېرىزە سۇرتۇۋاتقان ھىممەت يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كەلدى - دە، ھەمراخاننىڭ قولىدىكى سومكىنى ئالدى.

- مەن ئالاي، - دېدى ئۇ تەرلىرىنى سۈرتكەچ ھىجىيىپ.

- ئۆز بالام بولسىمۇ سەنچىلىك قىلماس ئىدى، يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان بۇ چوڭ ئۆينىڭ قايسىبىر ئىشلىرىغا سېنىڭ قولۇڭ تەگمىدى، - دەپ كۆزىگە ياش ئالدى ھىممەتتىن سۆيۈنگەن ھەمراخان ئانا.

- سىلەر ماڭا ئىككىنچى قېتىم ھاياتلىق ئاتا قىلدىڭلار، سىلەرنىڭ ياردىمىڭلار بولمىغان بولسا، سەھرايى قىيامەتتە يەنە قاچانغىچە يۇرۇشۇمنى بىلمەيتتىم. ئانامنىمۇ داۋالىتالمايتتىم، سىلەرگە قانچىلىك قىلسامىمۇ ئەرزىيدۇ.

- رەھمەت بالام، كۆڭلىڭگە ئىنساب بەرسۇن. بىر كۈنلەردە بىزنى ئۇنتۇپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن بالام.

— ئۇنداق بولمايدۇ، ئۇنداق قىلسام ھايۋاندىن نېمە پەرقىم؟ ئەگەر شۇنداق قىلسام، مېنى يەر يۇتسۇن، نان ئۇرسۇن!...

— بولدى، بولدى، ئۇنداق دېمە بالام، كۆپۈرلۈق بولمىدۇ، — دېدى ھەمراخان ئانا ھىمىتنىڭ ئاغزىنى توسۇۋېلىپ، — ئاڭلىدىلىمۇ سابىت ئاخۇن، بۇ بالا بولمىغان بولسا، بۇ كۈنلەردە مەن قانداق قىلاتتىمكىن — تاڭ؟ سەي — كۆكتات ئەكېلىشتىن تارتىپ، ئەۋرەز يوللىرىنى تازىلاشقىچە ھەممىنى بىر يوللۇق قىلىۋاتىدۇ. لېكىن بىزدىن ھېچنېمە تەلەپ قىلىپ باقمىدى. ھوقۇق سىلىگە باقمۇەندە ئەمەس، پېنسىيەگىمۇ يېقىنلاپ قالدىلا، مۇشۇ بالىنى ياخشىراق بىر ئورۇنغا پاتۇرۇپ قويمامىلا؟

— مەنمۇ ئويلىشىۋاتىمەن خوتۇن، ئۇمۇ بوپقالا.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھىمىتنىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى. ھاياجاندىن تەنلىرى تىترەپ، چاناقلىرى لىققىدە ياشقا تولدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئازادە ئىشخانا، مەخسۇس ماشىنا ۋە ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن بىرمۇنچە ئادەملەر... كېلىپ ئۇلگۇردى. ئۇ خۇشاللىقىدىن ئاغزىنى غەلىتە ئۇمچەيتىپ:

— رەھمەت، رەھمەت... سىلەرگە بالا بولۇپ، سىلەرنىڭ بىر ئۆمۈر خىزمىتىڭلارنى قىلىمەن، ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇ دېمەكچىدەك ئاغزىنى ئۇمەللىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ھىمىت ھۆكۈمەت ئىشخانىسىغا كاتىپ بولۇپ يۆتكىلىپ كەلدى، ئارقىدىن سابىت كېرەم ئۇنى ئىشخانا مۇدىرى قىلىپ ئۆستۈردى. ئۇنىڭ ئۆز ئۆيىدە بولىدىغان ۋاقتىدىن سابىت ھاكىمنىڭ ئۆيىدە بولىدىغان ۋاقتى كۆپرەك ئىدى. ئۇ ھازىر ئۆزىنى سابىت ھاكىمغا تونۇشتۇرغان كادىرلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاروپنى پۈتۈنلەي ئەستىن چىقىرىۋەتكەنىدى.

ئاق بويناقنىڭ غىڭشىپ، يۇمشاق تىللىرى بىلەن يالىشى

سابىت ئاكىنى خىيالدىن ئويغاتتى. ئىگىسىنىڭ ئۇنسىز تۇرۇشىدىن ئەنسىرىگەن ئاق بويناق سابىت ئاكىغا سۈركىلىپ، پىرقىراپ يۈرەتتى.

— غەم قىلما قېرىندىشىم، — دېدى سابىت ئاكا. — مەندىن ئەنسىرىمە، رەھمەتلىك ھەمراخان ئېسىمگە كېلىپ قالدى شۇ. ئۇ چاغلاردا ھېچنېمىدىن غەم قىلمايتتۇق، مانا ئەمدى ئىككىمىز غېرىب بولۇپ قالدۇق. بۇرۇن نەۋرىلەر قىزىپ قالسىمۇ ئۆيدىن ئادەم ئۈزۈلمەيتتى. مەن تېخى مېنى ھۆرمەت قىلىپ شۇنداق قىلىدىغان ئوخشايدۇ دېسەم، ئەسلي ئىش ئۇنداق ئەمەسكەن ئەمەسمۇ! سەنمۇ كۆن ئارىلاپ ھەرخىل «ئىنئام» لارغا ئىگە بولۇپ تۇراتتىڭ. ماختاش، مەدھىيەلەرنى ئاڭلايتتىڭ، ھازىر سېنى ئەكىلىتىدىغان مەندىن باشقا ئادەم يوق، ھەي...ي، بۇ گەپلەرنى كىمگە دېگىلى بولسۇن؟ بەلكىم بۇ كۈن باشقىلارنىڭمۇ بېشىغا كەلگەن بولغىيتتى؟ يەنە باشقىلارنىڭ بېشىغا كەلمەيدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. ھامۇتجان بىلەن باھارگۈلنىڭ بولغىنى بىزنىڭ بەختىمىز. ھىممىتىنىڭ بالىسى يوق، بېشىغا بىزنىڭ كۈنىمىزدەك كۈن كەلسە قانداق قىلار - ھە؟ بىچارە بايقۇش!

سابىت كېرەم خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، كەچكى شەپەقنىڭ ئاخىرقى قىزىللىقىغا قارىدى. ئۇ خىيال بىلەن بىر كۈننىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قالغانىدى. «ھايات دېگەن شۇنداق مەنىسىزكەن» دېدى ئۇ ئىختىيارسىز ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ. بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان گۇگۇم قاراڭغۇلۇقى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئاللىقانداق تەشۋىش ۋە قورقۇنچ سېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ئاق بويناقنىڭ بېشىنى ئاستا سىلاپ، نېمىلەرنىدۇ پىچىرلىدى.

2008 - يىلى، كۇچا

# ھاكىمنىڭ جاۋابى

بۇ يىل ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى خىش بىلەن ئىككى قەۋەتلىك قىلىپ ئۈچ يۈرۈش ئائىلىلىكلەر ياتاق بىناسى سالدۇرغان بولۇپ، بۇ ئۆيلەرنى تەقسىم قىلىش خېلىلا ئوڭۇشلۇق ئاخىرلاشقانىدى، لېكىن يەرنىڭ ئېپى توپەيلىدىن چوڭراق سېلىنغان بىر ئائىلىلىك ئۆي كېيىنرەك پۈتكەچكە تېخى بىر تەرەپ قىلىنمىغانىدى. ئۆي پۈتۈپ بولغۇچە بۇ ئۆينىڭ كويىغا چۈشكەنلەر ئاز بولمىدى، بەزى كىشىلەر بۇ ئۆيگە ئېرىشىش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە خېلى جىق دەسمايە سالدى، لېكىن ئۇلار يېگى ئۆينىڭ ئاچقۇچىغا ئېرىشەلمىدى. ئەنە شۇلار ئىچىدىن كادىرلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سابىت بىلەن ئەمگەك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قەييۇمنىڭ كۆپ پايپېتەك بولدى، ھەتتا ئۇلار بىر - بىرىنى كۆرسە تەتۈر قارىشىپ يۈرىدىغان بولدى.

ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى مىجىت بۇ ئىككىيلەن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ تالاشتا قالغان بۇ ئۆي مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئۇلارنى ئىشخانىسىغا چاقىردى ۋە كۆڭلىدىكىنى ئېيتىپ مۇنداق دېدى:

— ئىككىڭلارغا مەلۇم، تەقسىم قىلىشقا تېگىشلىك ئۆي ئارانلا بىر ئائىلىلىك، لېكىن ئۆي ئېھتىياجى بارلار خېلىلا كۆپ. «گۈل بىر، قىزىدىغان ئادەم ئىككى» دېگەندەك ئۆي پەقەت بىرلا، شۇڭا ئىككىڭلاردىن بىرەيلەن ئۆز مەنپەئەتىدىن كەچكەندىلا مەسىلە ياخشى ھەل بولىدىغانلىقى ئېنىق، شۇنىڭ

ئۇچۇن ئىككىلىرى ئويلىشىپ بېقىشسىلا. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇلار بىردەم جىم ئولتۇرۇپ كېتىشتى. بىردەمدىن كېيىن تالاش - تارتىش يەنە باشلاندى.

— مىجىت مۇدىر، — دېدى سابىت ئالدى بىلەن ئېغىز ئېچىپ، — سىز بۇ يەرگە يۆتكىلىپ كەلگىلى ئۇزۇن بولمىدى. شۇڭا ئەھۋالىمىزنى سىزگە قىسقىچە دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. مەن بۇ ئىدارىدا ئىشلەۋاتقىلى ئۇزۇن يىل بولدى. ھازىرغىچە كىچىك ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتىمەن. شۇڭا بۇ ئۆي ماڭا بېرىلگەن بولسا...

سابىتنىڭ گېپى تولۇق تۈگەپ بولغۇچىلا قەييۇم گەپ باشلىدى:

— مېنىڭ جان سانىم كۆپ، ئۆيۈم كىچىكرەك، خىزمەت ئىستاژىممۇ خېلى ئۇزۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە... ئەھۋالىم تەشكىلگە چۈشىنىشلىك، شۇڭا، بۇ يېڭى ئۆي ماڭا بېرىلسە ياخشى بولاتتى...

ئۇلار بىر - بىرىگە يول قويۇشمىدى، تالاش - تارتىش خېلى ئۇزۇن داۋام قىلدى. ئىشخانا مۇدىرى مىجىت يېڭى بولغاچقا ئامالسىز قېلىپ ئۇلارنى خالىق ھاكىمنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى.

خالىق ھاكىم ئەھۋالنى چۈشەنگەندىن كېيىن بۇ ئىككى ئىدارە باشلىقىغا مەنىلىك بىر قاراپ قويۇپ، قولىدىكى تاماكىسىنى قاتتىق - قاتتىق شوراپ ئىسنى بۇرنىدىن چىقىرىۋەتتى، ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەنىدى. ئۇ بىردىنلا بۇ ئىككىيلەنگە قارىدى - دە، ئۇلاردىن سورىدى:

— بۇ يېڭى ئۆينى كىمگە بېرىشنى ئېيتسام پىكرىڭلار چىقامدۇ؟ — دېدى، ھەر ئىككىسى تەڭلا:

— پىكرىمىز يوق، — دېيىشتى. سابىت بىلەن قەييۇمنىڭ ياغ سالغان چايدەك پارقىراپ كەتكەن كۆزلىرى خالىق

ھاكىمنىڭ ئاغزىغا تىكىلدى. ھاكىم گېپىنى باشلىدى:

— ھازىر ئۆي قىيىنچىلىقى تارتىۋاتقانلار خېلى كۆپ، بىراق بۇ مەسىلىنى بىر يوللا ھەل قىلىش تەس، قەدەممۇ قەدەم ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىر ئىدارىمىزدا ئۆيى كىچىك ئىشچى — خىزمەتچىلەر ئاز ئەمەس... بەزىلەر كونا ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتىدۇ، ئالدى بىلەن ئۇلارنى ئۆيلىماي بولمايدۇ...، — بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەر ئىككىلىسى ھاكىمغا ئۈمىد بىلەن تىكىلدى، — مېنىڭچە، — دېدى خالىق ھاكىم تاماكىسىنى قايتا شورىغاندىن كېيىن، — ئۆي بىر ئائىلىلىك، ئەمما ئۇنى تالاشقانلار خېلى كۆپ، ھەممە ئادەمنىڭ قىيىنچىلىقىنى بۇ ئۆي بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، شۇڭا بۇ بىر ئۆينى ئىدارىمىز بويىچە ئۆيى كونا ھەم كىچىك. جان سانى كۆپ ئالىم ئاكىغا بېرەيلى!

— نېمە؟ ئالىم ئاكىغا! — ئۇلار ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي خالىق ھاكىمدىن قايتا سورىدى.

— شۇنداق، ئالىم ئاكا ئىدارىمىزنىڭ پېشقەدەم ئىشچىسى بولۇپ، پېنسىيەگە چىققىلى تۆت - بەش يىل بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى تېخىمۇ خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشىمىز لازىم، — دېدى خالىق ھاكىم كەسكىن تەلەپپۇز بىلەن.

سابىت بىلەن قەييۇم يەرگە قارىغىنىچە ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ قېلىشتى.

1995 - يىلى، كۇچا

# ھەسرەتلىك كۈلكە

زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل، باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس،
جاپانى چەكمىگەن ئاشىق، ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.
— «خەلق قوشىقى»

1

قۇياش — ھارغىن كارۋاندەك ئاستا - ئاستا تاغ كەينىگە پېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇ گۈزەل شەھەردىكى قەۋەت - قەۋەت ئېگىز بىنالار ئۈستىگە سېخىيلىق بىلەن چاچقان چوغدەك يېلىنجاپ تۇرغان، تارام - تارام نۇرلىرى زېمىنغا سىڭىپ، كۆزدىن غايىب بولماقتا ئىدى...

ھەلىمە 4 - قەۋەتتىكى ئۆيىنىڭ بالكونىدا تۇرۇپ، بىردەم گۈگۈم پەردىسى يېپىلىۋاتقان ئاسمانغا قارىسا، بىردەم كوچىدا ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقان كىشىلەر توپى ئىچىدىن ھاشىمجاننى سەۋرسىزلىك بىلەن ئىزدەيتتى. مانا ئۇچىسىغا ناۋات رەڭ چۇچۇنچە كۆينەك، بېشىغا شىلەپە كىيىۋالغان بىر ئادەمنىڭ سىماسى يىراقتىنلا ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىقتى. «ئۇ كەپتۇ، چۈنكى مېڭىش - تۇرۇشى، كىيگەن كىيىمىدىن شۇ بولماي كىم؟ چىرايىنى كۆرمىسەممۇ، ئويلىغانلىرىمدىن خاتالىق چىقمايدۇ. مەن ئەزەلدىن ئۇنى خاتا كۆرگىنىم يوق» — دېدى ھەلىمە ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ. لېكىن ھەلىمەنىڭ كۆز زەنجىرى ئاشۇ ئادەمگە باغلاقلىق ئىدى. ئۇ ئادەم بىنانىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا يېقىنلاشتى. دەرۋازا تەرەپكە مېڭىشىدا گەپ يوق ئىدى. چۈنكى ئۇ ئۆز ئۆيىگە

ماڭمامتى ئەمسە؟! ھەلىمە ئۆزىگە ئەنە شۇنداق تولىمۇ ئىشەنگەن ھالدا سوئال قويماقتا ئىدى. دەرۋازا ئۇدۇلىغا كەلگەندە، ئۇ ئادەمنىڭ دەرۋازا تەرەپكە بۇرالماي، چوڭ كوچىغا قاراپ پەرۋاسىز مېڭىشى، ھەلىمەنى ھەيران قالدۇردى. تېخى ئۇ دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدىنمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ھەلىمە «ھاشىمجان، ئۆي بۇ يەردە قالدى، ئېزىپ كەتمەي دەرۋازا ئىچىگە — ئۆيىگە مېڭىڭ» دېمەكچى بولدىيۇ، — ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالدى. بىراق، يۈرىكى بىردىنلا كۆكرىكىنى تېشىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك تېز — تېز سېلىشقا باشلىدى. لېكىن ئۇ ئادەم دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدىن 8 ~ 10 مېتىرچە ئۆتكەندىن كېيىن قولىدىكى تاماكا قالدۇقىنى يول بويىدىكى ئەخلەت تۇڭىغا تاشلىماقچى بولۇپ، يانغا بۇرۇلدى. ھەلىمەنىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى، ئۇ ئۆزىنىڭ «خاتالاشقان» لىقىنى ھېس قىلدى. چۈنكى، ئۇ ئادەم ھەلىمەنىڭ يولدىشى ھاشىمجان ئەمەس ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ھەلىمەنىڭ پېشانىسىدىن سوغۇق تەر قۇيۇلۇپ، سېزىملىرى قالايمىقانلاشتى، كۆزى قاراڭغۇلىشىپ قېقىپ قويغان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى...

شەھەر كوچىلىرىنى بارا — بارا گۇگۇم قاراڭغۇسى ئۆز ئىلكىگە ئېلىشقا باشلىدى. ئادەملەر شالاڭلاشتى. ھەلىمە يەنىلا ھاشىمجاننىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ، ئۇنىڭ كوچا چىراغلىرىنىڭ نۇرلىرى ئارىسىدىن پەيدا بولۇشىغا تەقەززا ئىدى.

— ئاپا، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، لەڭمەننى يەيلى، — دېدى سەككىز ياشلارغا كىرىپ قالغان قىزى دىلخۇمار ئانىسىنىڭ كۆڭلىكىنىڭ پېشىنى تارتىپ. چۆچۈپ كەتكەن ھەلىمە يېنىغا قاراپ دىلخۇمارنىڭ قورسىقىنىڭ ئاچلىقىنى ئەمدىلا ئېسىگە ئالدى — دە:

— ماقۇل بالام، دادىڭىز كەلگەن ھامان دادىڭىز بىلەن

سىزگە ئالدىدا سېلىپ بېرەي بولامدۇ؟ ــ دېدى قىزىغا قاراپ.
ــ تاماقنى دادىمىز كەلگەندە بىللە يەيمىز دەپ ئۇكام ئىككىمىزنىڭ قورسىقى بەك ئېچىپ كەتتى، ئۇكام قەيسەرجان ئاخىرى ئۇخلاپ قالدى. بىز يەۋېرەيلىچۇ! ــ دېدى دىلخۇمار ئاپىسىغا يېلىنىپ.
ــ دادىڭىزنى ساقلىمىساق بولمايدۇ، ئازراق چىداپ تۇرۇڭلار، ــ دېدى ھەلىمە قىزىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ.
ــ دادام تۈنۈگۈنمۇ بىز ئۇخلاپ قالغاندا كەپتۇ، بۈگۈنمۇ كەلمىدى، دادام كەلمىسە بىزگە ئاش بەرمەمسىز؟ ــ دېدى دىلخۇمار ھەيران بولغان ھالدا.
ــ دادىڭىز بىز بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېسە خۇش بولىدۇ، شۇڭا دادىڭىزنى ساقلاۋاتىمىز، ــ دېدى ھەلىمە نېمىنىدۇر خىيال قىلىپ.
ــ ئەمىسە نان يەپ ئۇخلايمەن، ــ دېدى دىلخۇمار بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە مىشىلداپ.
ــ بوپتۇ، ئىككىڭلارغا سېلىپ بېرەي، ــ دېدى ھەلىمە ئۆيگە ماڭغىنىچە سۆزلەپ.
ــ ئاپام بىزگە ئاش سېلىپ بېرىدىغان بولدى، ئاپام بەك ياخشى، ـ دېدى دىلخۇمار ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ چۇرۇڭلاپ سۆزلەپ. ھايت ـ ھۇيت دېگۇچە ئىككى تەخسە لەڭمەن دىلخۇمار بىلەن بەش ياشلىق ئوغلى قەيسەرجاننىڭ ئالدىغا قويۇلدى. دىلخۇمار لەڭمەننى ئىشتىھا بىلەن يېمەكتە ئىدى. لېكىن قەيسەرجان تاتلىق ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىلغاچقا، ھەلىمە ئۇنى ئالداپ، پەپىلەپ، تەستە ئېشىنى يېگۈزۈشكە باشلىدى. دىلخۇمار نېمىنىدۇر ئويلىغىنىچە ئاپىسىدىن:
ــ ئاپا، سىز نېمىشقا لەڭمەن يېمەيسىز؟ ــ دەپ سورىدى.
ــ مەن دادىڭىز بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ يەيمەن، ــ دېدى ھەلىمە ئۆزىنى خاتىرجەم كۆرسىتىشكە تىرىشىپ.

— ئاپا، سىزنىڭ قورسىقىڭىز ئاچمىدىما؟ — دېدى قىزى ياندۇرۇپ سوراپ.

— قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتمىدى، ئاچسىمۇ چىدايمەن!...

كەچ سائەت 10دىن ئاشقاندا، ئىشىك جالاق - جۇلۇق ئېچىلىپ، ھاشىمجان كىرىپ كەلدى - دە، ئۆزىنى كىرىسلوغا تاشلىدى. ھاشىمجان ئولتۇرۇپ بولغۇچە ھەلىمە بىر پىيالە قىزىق چاينى ئۇنىڭ ئالدىغا ھازىر قىلدى، ئاندىن ئاشخانىغا چىقىپ بىردەمدىلا بىر تەخسە لەڭمەننى ھاشىمجاننىڭ ئالدىغا قويۇۋىدى، ھاشىمجان:

— بۇ ئاشنى كۆزۈمدىن يوقات، سەنلەردىن ئېشىپ قالغان ئاشنى يەيدىغان مەن ئىت ئەمەس، — دېدى ئۇ. باللار ئاش يېگەن تەخسىلەرگە كۆز يۈگۈرتكىنىچە ھەلىمىگە ئاچچىق قىلىپ.

— ھاشىمجان، ئۇنداق دېمىسىلە، سىلە پات كېلەلمەي قاللا. باللار قورسىقىمىز بەك ئېچىپ كەتتى، دەپ يىغلاپ تۇرۇۋالدى. ئۇلارغا ئىچىم ئاغرىپ ئىككىسىگە ئاش سېلىپ بېرىپ ئۇخلىتىپ قويدۇم. مەن بىللە ئولتۇرۇپ يەيمەن، دەپ سىلىنى ساقلاپ ئولتۇرغانىدىم، — دېدى ھەلىمە چۈشەندۈرۈپ.

سەن باللىرىڭنى مېنىڭدىن چوڭ بىلىدىكەنسەن، شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق بولسا سەن بۈگۈندىن باشلاپ مۇشۇ ئىككى ئاسلىنىڭ بىلەن ئولتۇر، — دېدى ھاشىمجان تەرسالىق قىلىپ.

— ھاشىمجان، بۇ باللار ھەر ئىككىمىز ئۈچۈن ئۆز تۇرسا، بۇ نېمە دېگەنلىرى، باللار قورسىقىمىز ئېچىپ كەتتى دەپ نالە قىلىپ كەتتى. نارىسىدە باللارنى قىينىساق بولماس، دەپ ئاش سېلىپ بېرىپتىمەن، خاپا بولمىسىلا، بۇنىڭدىن كېيىن مەنمۇ بۇنداق قىلماي، سىلىمۇ ئۆيگە بالدۇرراق كەلسىلە،

تاماقنى بىرگە ئۇلتۇرۇپ يەيلى!...

— نېمە؟ سەن مېنى باشقۇرماقچىمۇ؟ مېنىڭ قاچان كېلىشىم بىلەن سېنىڭ نېمە كارىڭ. بىلىپ قوي، مەن ھاشىمجان سېنىڭ ئېرىڭ! ئەر كىشى دېگەنچۇ خوتۇننىڭ سىزىقىدا ماڭمايدۇ. خوتۇنى سىزىپ بەرگەن سىزىقتا ماڭغان ئەرلەرنى ئەر دېگىلى بولمايدۇ!...

— مەن سىلىنى مېنىڭ سىزىقىمدا ماڭسىلا دېگىنىم يوققۇ، قايسىمىزنىڭ دېگەنلىرى توغرا بولسا، شۇ بويىچە قىلساق بولمىدىمۇ؟ — دېدى ھەلىمە سەمىمىيلىك بىلەن.

— «بارچە گۇناھ ئۆزۈمدە تۇرۇپ، خالتا كۆتۈرۈپ نەگە باراي» دېگەندەك گۇناھ ئۆزۈڭدە بولغاندىكىن تولا كاپشىما، — دېدى ھاشىمجان ھەلىمەگە تېخىمۇ قاتتىق تېگىپ. ھەلىمەمۇ ھاشىمجاننىڭ يېقىنقى ئايلاردىن بۇيان ئۆزگىرىپ قېلىۋاتقان مىجەزىنى بىلگەچكە، قايتا گەپ - سۆز قىلماي ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى.

## 2

كېچە تۈن يېرىمىدىن ئېشىپ قالدى، لېكىن ھەلىمەنىڭ كۆزىدە ئۇيقۇدىن ئەسەر يوق ئىدى. ئۇ بېشىغا قويغان ياستۇق بارغانسېرى نەملەشتى. كۆزلىرى ئېچىشىپ، ياش قۇيۇلدى. ئۇ كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ يېتىپ باقتى، لېكىن ئۇخلىيالمىدى. ئۇيان ئۆرۈلدى، بۇيان ئۆرۈلدى، ئاستىغا سېلىپ ياتقان يۇمشاق تاۋار كۆرپە ئۇنىڭغا شېغىل ئۈستىدە ياتقاندەك يىرىك بىلىنىپ بەدىنىگە پاتتى... ئۇيقۇسىزلىق ھەلىمەنى بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەشكە سۆرەپ كىردى...

بۇنىڭدىن 10 يىل بۇرۇن، ھەلىمە ئالىي مەكتەپنى ياخشى نەتىجە بىلەن پۈتكۈزۈپ كەلگەندىن كېيىن، ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە ئورۇنلاشقانىدى. ئارىدىن بىرەر يىل ئۆتە -

ئۆتمەيلا ناھىيەلىك سۇ ئىدارىسىدا ئىشلەۋاتقان ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى ھاشىمجان ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىشقا باشلىدى. ھاشىمجان بىرەر ئىشنى باھانە قىلىپ پات - پاتلا ھەلىمەنىڭ ئىشخانىسىدا پەيدا بولاتتى، ياكى تېلېفون بېرەتتى. بەزى كۈنلىرى كىنو - تىياتىر بېلىتىنى كۆتۈرگىنىچە ھەلىمە ئىشتىن چۈشكەندە قايتىپ ماڭىدىغان يولدا ساقلاپ تۇراتتى، كۆرۈشەلمەي قالسا ھەلىمەنىڭ ئۆيىنىڭ قېشىدا پەيدا بولاتتى. بۇنداق ئىشلارنىڭ داۋاملىشىۋاتقىنىغا بىر يىلچە بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ھاشىمجان ھەلىمە بىلەن كىنوخانا، باغچىلاردا ئۇچراشقاندا نېمىنىدۇر ئويلاپ ئاغزىنى ئۆمەللەيتتى - يۇ، يەنە يەرگە قاراپ جىم بولۇپ قالاتتى. ھاشىمجاننىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ ھەلىمەنىڭ كۆڭلىدىمۇ بارا - بارا شېرىن بىر سېزىم پەيدا بولۇشقا باشلىدى. نەتىجىدە، ھەلىمە ھاشىمجاننى كۆرسىلا يۈرىكى تېز - تېز سېلىپ، يۈزى قىزىرىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. ھاشىمجانمۇ ھەر قېتىم ھەلىمە بىلەن كۆرۈشۈش ئالدىدا «بۇ قېتىم كۆڭلۈمدىكى گەپنى دېيەلمىسەم ئوغۇل بالا بولماي كېتەي» دەپ قەسەم قىلاتتىيۇ، ھەلىمە بىلەن كۆرۈشكەندە، بۇرۇنقى قەسەملىرىنى پاك - پاكىز ئۇنتۇيتتى ياكى ئۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالماي، تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن گەپلىرىمۇ چوڭ - چوڭ تىنىقىغا ئۆزگىرىپ ئۆز ئىپادىسىنى يوقىتاتتى. شۇنىڭ بىلەن، ھاشىمجان پۇلىنى ئۇتتۇرۇپ قويغان قىمارۋازدەك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ غەمكىن ھالدا قايتاتتى. بۇ ئىشلار ئېسىگە كەلسە «ھەي!... مەن نېمە بولۇپ قالغاندىمەن، ئەستەغپۇرۇللا» دېگىنىچە ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى. ئاخىرى ياخشىراق بىرەر چارە تېپىش خىيالىدا يەنە باش قاتۇراتتى. لېكىن تاپقان چارىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئۆزى ئىشەنچ قىلالمايتتى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك ھاشىمجان پات -

پاتلا ئەل ـ ئاغىنىلىرى بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغانلىرىدا ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئايلار ئۆتۈپ، يىللار كەلگەنسېرى ھاشىمجاننىڭ دوستلىرى ئۇنىڭ تۇرمۇشى ئۇچۇن باش قاتۇرىدىغان بولۇشتى. ھەتتا، ھاراق سورۇنىدىن پايدىلىنىپ ھاشىمجاننىڭ بويتاقلىقىنى شىپى كەلتۈرۈپ، ئاغزىغا كەلگەننى دەپ، ئۇنىڭ يىگىتلىك غۇرۇرىغا تېگىشتىنمۇ خالىي بولۇشمىدى... مانا بۇگۈنكى يەكشەنبىدىكى دوستلار ئولتۇرۇشىدىمۇ ھېلىقى ئېگىز ـ پەس چاقچاقلار يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى.

ــ ھاشىمجان، قاچانغىچە قېرى يىگىت بولۇپ يۈرۈۋېرىسەن. تويۇڭنى قاچان ئوينايمىز ياكى بولمىسا سېنى بىرەر چوڭ دوختۇرخانىدا داۋالىتىپ كېلىمىزمۇ ـ يا؟ ــ دېدى كېرەم چاقچاق قىلىپ.

ــ ھاشىمجاننىڭ قەپەزگە سولىغان تومۇچۇقىنىڭ تايىنى بولمىسا كىم بىلەن توي قىلىدۇ؟ ياخشىسى ھاشىمجانغا مومايدىن بىرنى تاپايلۇق ئاغىنىلەر... دولقۇنجاننىڭ ئاخىرقى چاقچىقى بىلەن سورۇندا قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى. كېرەم بىلەن دولقۇنجاننىڭ چاقچىقى ھاشىمجانغا زەرب بىلەن ئۇرغان چىۋىقتەك تەگدى ـ دە، ئۇ ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ كەتتى، چىرايىدىكى كۈلگە ئۆچتى. يۈزى ئوتتا كۆيگەندەك قىزىرىپ كەتتى، يۈرىكى كۆكرەك قەپىزىدىن تېشىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك قاتتىق سېلىشقا باشلىدى. مانا ئۇ، ئالدىغا قويۇلغان ھاراقنى بىرلا كۆتۈرۈپ «غورت» قىلىپ ئىچىۋەتتى ـ دە، قاپىقى تۈرۈلگەن ھالدا ئورنىدىن قوزغالدى. دوستلىرىنىڭ «ھاشىمجان يەنە بىردەم ئولتۇرمامسەن» دېگەن تەكلىپلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا زادىلا كىرمىدى. «پۇل تۆلەشتىن قورقۇپ تىكىۋەتمەكچى» دېگەن تاپا ـ تەنىلەرمۇ ئۇنىڭغا قىلچىلىك تەسىر قىلالمىدى. ھەر قېتىملىق دوستلار سورۇنىدىكى

ھاشىمجانغا قىلىنىدىغان مۇھەببەت تېمىسىدىكى تاپا ـ تەنە، چاقچاقلار كۆپەيگەنسېرى، ھاشىمجاننىڭ ھەلىمەگە بولغان مۇھەببىتى شۇنچە چوڭقۇرلىشىپ، ئۇ ئاخىر ئۆز كۆڭلىدىكى گەپنى ھەلىمەگە ئېيتىش پۇرسىتىنى تاپتى. ھەلىمەمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بىر يىگىتكە ئېرىشكىنىنى ھېس قىلىپ: «ياق!» دېيەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شۇ يىلنىڭ خاسىيەتلىك كۈز ئايلىرىنىڭ مەلۇم بىر كۈنىنى ئۆزلىرىنىڭ توي قىلىش ۋاقتى قىلىپ پۈتۈشۈپ، ئاتا ـ ئانىلىرىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشتى.

3

ھاشىمجان بىلەن ھەلىمە توي قىلغىنىغا بىر يىلدىن ئاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ شېرىن كۈنلىرى قەلەم بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز شادلىق ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇلار بىر ـ بىرىنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيتتى، ئۆز ـ ئارا كۆيۈنەتتى. ھەر قانداق ئىشنى ئورتاق مەسلىھەتلىشىپ قىلاتتى ۋە بىر ـ بىرىگە يول قويۇشاتتى. يۈكنىڭ ئېغىرىنى تەڭ كۆتۈرەتتى. ئىرىشچانلىق، ئىختىسادچانلىق ئۇلارنىڭ ئائىلە مىزانى ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ مۇھەببەت يالقۇنلىرى بارغانسېرى يېلىنجاپ، كۆڭۈل رىشتىلىرى تېخىمۇ چىڭ باغلانماقتا ئىدى. ھاشىمجان ھەلىمەنى، ھەلىمە ھاشىمجاننى ئۆز جېنىدەك ياخشى كۆرەتتى، ئۇلار بىر مىنۇت بولسىمۇ كۆپرەك بىرگە تۇرۇشنى ئارزۇ قىلىشاتتى. تاماق ئېتىشتە ئەر ـ ئايال دەپ ئايرىماي، قايسىسى ئىشتىن بالدۇر كەلسە، شۇ تاماق ئېتىپ تۇراتتى. بەزىدە ھەلىمە ئىشتىن بالدۇر كېلەلمەي قالسا، ھاشىمجان ئۇنى ئەكېلىشكە ئالدىغا باراتتى. ھاشىمجان ھەلىمەنىڭ مەسلىھەتىنى چوڭ بىلەتتى. قىسقىسى، ئۇلارنىڭ ئائىلە تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك ۋە خاتىرجەم ئۆتمەكتە ئىدى. شۇڭا

ۋە ھەلىمەنىڭ بارمىقى ئۆزۈلگەن قولىنى يۈزىگە سۈرتكىنىچە: «مەن سىزنى چىن دىلىمدىن مەڭگۈ سۆيىمەن، سىز مېنىڭ بەختىم» دېدى ئۈنىڭ سەمىمىيلىك چىقىپ تۇرغان بىر جۈپ شەھلا كۆزىگە قارىغىنىچە، ھاشىمجاننىڭ بۇ ۋەدىلىرى ھەلىمەنىڭ پاك قەلبىنى تېخىمۇ ئىلىتتى. شۇڭا بۇلارنىڭ مۇھەببىتى گۈل بەرگىلىرىدىكى شەبنەمدەك سۈزۈك، سەبدە گۈلىدەك خۇش پۇراق. باھاردەك ئىللىقلىق ئىچىدە داۋاملىشىۋەردى. ئۇلار بەخت شارابىدىن مەستخۇش بولۇشتى. بۇنىڭدىن چىن قەلبىدىن خوش بولغان ھەلىمە «تەڭرىنىڭ مۇشۇ شاپائىتىنى مەڭگۈ ئاتا قىلىپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ.

4

ھاشىمجان بىلەن ھەلىمە توي قىلغىنىغا ھايت - ھۇيت دېگۈچىلا ئون يىل بولۇپ، ئىككى بالىنىڭ ئاتىسى ۋە ئانىسى بولۇپ قالدى. ھەلىمە يەنە بۇرۇنقىدەكلا ھاشىمجاننىڭ خىزمەتنى ياخشى ئىشلىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ ئائىلىنىڭ «تۆگىمەس يۈك» ۋە ئىككى بالىنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىرىنى ئۈن - تىنسىز ئۈستىگە ئالدى. بىرەر قېتىممۇ ھاردىم - تالدىم دەپ غۇدۇراپ باقمىدى. «ئىشلىتىۋەرسە ئالماسمۇ ئۇپرايدۇ» دېگەندەك تىنىمسىز ئىشلەۋەرسە ھەر قانداق ساغلام ئادەملەرمۇ ھامان چارچىماي قالمايدىكەن، ھەلىمە ئىككى بالىنى تۇغۇپ چوڭ قىلغۇچە تالاي كېچىلەرنى كىرپىك قاقماي «ئەللەي» بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇيقۇسى كېلىپ زادى بەرداشلىق بېرەلمىسە، بۆشۈككە يۆلىنىپ كۆزىنى ئازراق گۆللىۋالدى. قىسقىسى، ئاش - تاماق ئېتىش، كىيىم - كېچەكلەرنى يۇيۇش، باللارنى يەسلىگە ئاپىرىپ ئەكىلىشتەك ھەلىمە ھۆددىگە ئالغان ئىش تەرتىپى ئۈزۈكسىز داۋاملىشىۋەردى. ئۇ،

ئىداردە ئۆزىگە تەقسىملەنگەن خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن تىرىشتى، خىزمەت ئىلغارىمۇ بولدى... بولۇپمۇ ئائىلىدىكى «تۈگىمەس» ئىشلار تۈپەيلىدىن ئۇ قاتتىق چارچىدى، لېكىن تۈزۈكرەك ئارام ئېلىشقا پۇرسەت بولمىدى. شۇڭا ئۇ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاجىزلاشقا باشلىدى. كۆزىنىڭ قۇيرۇقلىرىغا ۋاقىتسىز سىزىقچىلار پەيدا بولدى. يۈزلىرىدىكى تېشىغا تېپىپ تۇرىدىغان قىپقىزىللىقنىڭ ئورنىنى سۇس سىزىقلار ئىگىلىدى. گىرىپ كۆڭلىكىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان كۆكسى سولىشىپ ساڭگىلاشقا باشلىدى، ۋاقتى - ۋاقتىدا تاراشقىمۇ پۇرسەت بولمىغاچقا، پارقىراپ تۇرىدىغان تال - تال چاچلىرى پاخپىيىپ چىرايىنى سەتلەشتۈردى. بولۇپمۇ ئۇ پۈتۈن مېھىر - مۇھەببىتىنى هاشىمجانغا، بالىلىرىغا ئاتىۋەتكەچكە مائاشىنى ئۆيگە ئىشلىتىش، بالىلىرىغا كىيىم - كېچەك ئېلىپ بېرىش بىلەن بولۇپ، ئۆزى يىلدا بىرەر قېتىممۇ كىيىم سېتىۋالماي دېگۈدەك بارنى كىيىپ يۈردى. «ئىككى بالىمىزنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتمىساق بولمايدۇ» دېگەنلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئۆينى تۈجۈپىلەپ تۇتۇپ، ئېشىنغان پۇلنى بانكىغا ئامانەت قويدى. هېيت - ئايەم كۈنلىرىنىمۇ ئاددىي - ساددا ئۆتكۈزدى. ۋاقتىنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن بۇ خىل «بەك ئاددىي - ساددا» لىقنىڭ ئۆزىنى «مەتو خوتۇن» غا ئايلاندۇرۇپ قويۇشىنى هەلىمە زادىلا ئويلىمىغانىدى. «شاپتۇلنىڭ يوپۇرمىقى سارغايسا، مېۋىسى تەمسىز بولار» دېگەندەك، هەلىمەنىڭ ئۆزىنى «تاشلىۋېتىش» ى، هاشىمجاننىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئۇنتۇلدۇردى. مۇھەببىتىنىڭ سۇسلىشىپ بېرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنى هەلىمە خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى... مانا ئەمدى هاشىمجان پات - پاتلا هاراق ئىچىدىغان، ئازراق چالا مەست بولسىلا بىرەر ئىشنى باهانە قىلىپ هەلىمەنى

ۋە ھەلىمەنىڭ بارمىقى ئۆزۈلگەن قولىنى يۈزىگە سۈرتكىنىچە:
«مەن سىزنى چىن دىلىمدىن مەڭگۈ سۆيىمەن، سىز مېنىڭ
بەختىم» دېدى ئۇنىڭ سەممىيلىك چىقىپ تۇرغان بىر جۈپ
شەھلا كۆزىگە قارىغىنىچە. ھاشىمجاننىڭ بۇ ۋەدىلىرى
ھەلىمەنىڭ پاك قەلبىنى تېخىمۇ ئىللىتتى، شۇڭا بۇلارنىڭ
مۇھەببىتى گۈل بەرگىلىرىدىكى شەبنەمدەك سۈزۈك، سەبدە
گۈلىدەك خۇش پۇراق، باھاردەك ئىللىقلىق ئىچىدە
داۋاملىشىۋەردى. ئۇلار بەخت شارابىدىن مەستخۇش بولۇشتى.
بۇنىڭدىن چىن قەلبىدىن خوش بولغان ھەلىمە «تەڭرىنىڭ
مۇشۇ شاپائىتىنى مەڭگۈ ئاتا قىلىپ تۇرۇشىنى ئۈمىد
قىلىمەن» دېدى ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ.

4

ھاشىمجان بىلەن ھەلىمە توي قىلغىنىغا ھايت - ھۇيت
دېگۈچىلا ئون يىل بولۇپ، ئىككى بالىنىڭ ئاتىسى ۋە ئانىسى
بولۇپ قالدى. ھەلىمە يەنە بۇرۇنقىدەكلا ھاشىمجاننىڭ
خىزمەتنى ياخشى ئىشلىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ ئائىلىنىڭ
«تۈگىمەس يۈك» ۋە ئىككى بالىنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىرىنى
ئۇن - تىنسىز ئۈستىگە ئالدى. بىرەر قېتىممۇ ھاردىم -
تالدىم دەپ غۇدۇراپ باقمىدى. «ئىشلىتىۋەرسە ئالماسمۇ
ئۇپرايدۇ» دېگەندەك تىنىمسىز ئىشلەۋەرسە ھەر قانداق ساغلام
ئادەملەرمۇ ھامان چارچىماي قالمايدىكەن، ھەلىمە ئىككى
بالىنى تۇغۇپ چوڭ قىلغۇچە تالاي كېچىلەرنى كىرپىك قاقماي
«ئەللەي» بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇيقۇسى كېلىپ زادى بەرداشلىق
بېرەلمىسە، بۆشۈككە يۆلىنىپ كۆزىنى ئازراق گۆللىۋالدى.
قىسقىسى، ئاش - تاماق ئېتىش، كىيىم - كېچەكلەرنى
يۇيۇش، باللارنى يەسلىگە ئاپىرىپ ئەكېلىشتەك ھەلىمە
ھۆددىگە ئالغان ئىش تەرتىپى ئۈزۈكسىز داۋاملىشىۋەردى. ئۇ،

ئىدارىدە ئۆزىگە تەقسىملەنگەن خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن تىرىشتى، خىزمەت ئىلغارىمۇ بولدى... بولۇپمۇ ئائىلىدىكى «تۈگىمەس» ئىشلار تۈپەيلىدىن ئۇ قاتتىق چارچىدى، لېكىن تۈزۈكرەك ئارام ئېلىشقا پۇرسەت بولمىدى. شۇڭا ئۇ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاجىزلاشقا باشلىدى. كۆزىنىڭ قۇيرۇقلىرىغا ۋاقىتسىز سىزىقچىلار پەيدا بولدى. يۈزلىرىدىكى تېشىغا تېپىپ تۇرىدىغان قىپقىزىللىقنىڭ ئورنىنى سۇس سىزىقلار ئىگىلىدى. گىرىپ كۆڭلىكىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان كۆكسى سولىشىپ ساڭگىلاشقا باشلىدى، ۋاقتى - ۋاقتىدا تاراشقىمۇ پۇرسەت بولمىغاچقا، پارقىراپ تۇرىدىغان تال - تال چاچلىرى پاخپىيىپ چىرايىنى سەتلەشتۈردى. بولۇپمۇ ئۇ پۈتۈن مېھىر - مۇھەببىتىنى هاشىمجانغا، بالىلىرىغا ئاتىۋەتكەچكە مائاشىنى ئۆيگە ئىشلىتىش، بالىلىرىغا كىيىم - كېچەك ئېلىپ بېرىش بىلەن بولۇپ، ئۆزى يىلدا بىرەر قېتىممۇ كىيىم سېتىۋالماي دېگۈدەك بارنى كىيىپ يۈردى. «ئىككى بالىمىزنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتمىساق بولمايدۇ» دېگەنلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئۆينى تۈجۈپىلەپ تۇتۇپ، ئېشىنغان پۇلنى بانكىغا ئامانەت قويدى. هېيت - ئايەم كۈنلىرىنىمۇ ئاددىي - ساددا ئۆتكۈزدى. ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن بۇ خىل «بەك ئاددىي - ساددا» لىقنىڭ ئۆزىنى «مەتۇ خوتۇن» غا ئايلاندۇرۇپ قويۇشىنى هەلىمە زادىلا ئويلىمىغانىدى. «شاپتۇلنىڭ يوپۇرمىقى سارغايسا، مېۋىسى تەمسىز بولار» دېگەندەك، هەلىمەنىڭ ئۆزىنى «تاشلىۋېتىش» ى، هاشىمجاننىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئۇنتۇلدۇردى. مۇھەببىتىنىڭ سۇسلىشىپ بېرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنى هەلىمە خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى... مانا ئەمدى هاشىمجان پات - پاتلا هاراق ئىچىدىغان، ئازراق چالا مەست بولسىلا بىرەر ئىشنى باهانە قىلىپ هەلىمەنى

سىلكىشلەيدىغان، ھەتتا تىللايدىغان، ئىتىپ بەرگەن تامىقىغا «لەقەم» قويىدىغان بولۇپ قالدى. ھەلىمە دەسلەپتە، ھاشىمجاننىڭ خىزمىتى جاپالىق، شۇڭا چارچاش سەۋەبىدىن مۇشۇنداق «تەرسا» بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ، ھاشىمجاننىڭ «ئەيىبىنى تېپىش» نى خالىماي، ئۇنىڭ قوپاللىقلىرىنى كەچۈرۈۋەتتى. كېيىن ھاشىمجان ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىنمۇ ئۆيگە ۋاقتىدا كەلمەيدىغان، لېكىن رېستورانغا كۆپرەك بارىدىغان بولۇپ قالدى. ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا رېستوراننىڭ تامىقى بۇنداق ياخشى، ناخشا - مۇزىكىلىرى ئۇنداق ياخشى، تېخى تىرناقتا توختىغۇدەك «سەتەڭلەر» بىلەن تانسا ئويناپ، كۆڭۈل ئېچىشلارچۇ؟ دەيتتى ھاشىمجان ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ. شۇڭا ئۇنىڭ تەڭتۇش دوستلىرىدىن بىر قىسمى پات - پاتلا ئۇنى ئەيىبلەيدىغان بولۇپ قالدى. بىر كۈنى، ھاشىمجان يەنە رېستورانلارغا باھا بېرىپ، رېستورانلارنى ماختىغىلى تۇرىۋىدى، دولقۇنجان: «ئاداش، سەن ئەتىدىن كەچكىچە رېستوراننىڭلا گېپىنى قىلىدىكەنسەن، قارىغاندا سەن ‹رېستوران چولپىنى› غا ئايلىنىپ قاپسەن جۇمۇ» دەپ چاقچاق قىلدى. بۇ يۇمۇرلۇق چاقچاقنىڭ ئۆتكۈر مەسخىرە بىلەن سۇغىرىلغانلىقىنى سەزمىگەن ھاشىمجان: «بىزدەك خوتۇندىن قورقمايدىغان يىگىتلەر رېستوراننىڭ تەمىنى تېتىيالايدۇ» دېدى مەغرۇرلانغىنىچە.

— بۇرادەر «خوتۇندىن قورقمايمەن» دەپ ئايالىڭنى خارلاپ قېرىغاندا ئاخىر قېرىلار ساناتورىيەسىگە ئەزا بولۇپ قالمىغىن يەنە؟! — دېدى دولقۇنجان چاقچاققا يۆلىگەن ھالدا چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ.

— دولقۇنجان، شۇمۇ گېپىڭلىمۇ؟ «پۇلۇڭ بولسا جاڭگالدا شورپا» دەپتىكەن، يانچۇقىمىز توم بولۇپ جېنىمىز ئامان

بولسا، بىزگە خوتۇن كەممۇ - ھە؟! پۇل بىلەن جىنىمىزنى كۆكلىتىپ، رېستورانلارغا كىرىپ تۇرساق، نازىنىن ساھىبجامالىلار بىلەن تانسا - پانسىلارنى ئويناپ تۇرساق، ئايغا چىققاندەك بولمايمىزمۇ؟ — دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ھاشىمجان مەغرۇرانە قىياپەتتە.

— ھەي ھاشىمجان، قارىغاندا سەن تاپقان پۇلۇڭنى ئەيش - ئىشرەت ئۈچۈن خەجلەپ، رېستورانغا كىرگەن چاغلىرىڭنى «ئايغا چىقىش» دەپ يۈرۈپسەندە؟ سېنى تونۇيدىغان بەزى كىشىلەرنىڭ سېنى «ھاشىم رېستوران» دېيىشى بىكار ئەمەسكەندە؟ مەن ساڭا دەپ قوياي، مۇشۇ لەقەم بىر ئوبدان ئائىلەڭنى ۋەيران قىلىشىنىڭ «سەۋەبچىسى» بولۇپ قالمىسۇن يەنە، — دېدى ھاشىمجاننىڭ ئابدۇسەمەت ئىسىملىك يەنە بىر دوستى تەربىيە بېرىپ.

— بۇ ئائىلەم ۋەيران بولسا باشقىدىن يېڭى ئائىلە قۇرمايمەنمۇ؟ — دېدى ھاشىمجان ھېچبىر ئەيمەنمەستىن.

— ھاشىمجان دوستلۇق يۈزىسىدىن مەن ساڭا شۇنى ئېيتاي، سەن بایاتىن پاخىباش «مەتۇ» خوتۇنۇمنى قويۇۋېتىمەن دەيسەن، بۇ ئۈچىغا چىققان تەلۋىلىك. سېنىڭچە ئاشۇ تانسا سورۇنىدا ئۇچرىشىپ قالغان «سەتەڭلەر» ساڭا مېھىر - مۇھەببەت ئاتا قىلالامدۇ؟ بالىلىرىڭنى باقالامدۇ؟ ئۆيگە بېغىر باسامدۇ؟ بۇنىڭغا بىر نېمە دېيىش تەس بولسىمۇ، ئەمما سېنىڭ پۇلۇڭ تۈگىگەن كۈنى، ئۇ «سەتەڭ» لەر سېنى تاشلاپ ئادەم ھېسابىدىن چىقىرىپ تاشلىۋېتىپ كەتكەن كۈنۈڭ بولىدۇ. بىلدىڭمۇ؟ — دېدى دولقۇنجان ئۇنى خاتا «قارار» نى ئۆزگەرتىشكە ئۈندەپ.

— «يىگىت سۆزىدىن، يولۋاس ئىزىدىن قايتماس» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالما! مەن دېگىنىمنى قىلماي قالمايمەن، — دېدى ھاشىمجان تەرسالىق بىلەن سەل

ھۆرپىيىپ.

ــ مېنىڭ مەسلىھەتىمنى ئاڭلىمىساڭ مەيلى، لېكىن ھەلىمەدەك ئېسىل پەزىلەتلىك ئايالغا ئۇۋال قىلساڭ بەكمۇ ئادالەتسىزلىك بولىدۇ. بۇنداق قىلىشىڭنى ئاللامۇ راۋا كۆرمەيدۇ. سەن ھەلىمەنى قويۇۋەتسەڭ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا ئوخشاش ۋاپادار، ياخشى ئايالغا قايتا ئېرىشەلمەي بىر ئۆمۈر پۇشايمانغا قېلىشىڭ مۇمكىن، ــ دېدى دولقۇنجان ھاشىمجاننى يەنە بىر قېتىم ئاگاھلاندۇرۇپ.

5

«ئادەم ئادىمىيلىك چەكتىن چىقىپ كەتسە، قايتا ھايۋانغا ئۆزگىرىدۇ» دېسە بەزىلەر ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن. شۇنداق قىلىپ ھاشىمجان دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ نەسىھەتىگە قۇلاق سالماي، ئۆزى بىلگەن يولدا مېڭىۋەردى. ئۇ ئۆزى مېڭىۋاتقان يولنىڭ تىكەنلىك ئىكەنلىكىنى بىلەمدۇ ـ بىلمەمدۇ؟ بۇ باشقىلارغا نامەلۇم ئىدى. كۈنلەر ئۆتتۇۋەردى. ھاشىمجانمۇ ئۆزى بىلگەن يولدا ئۇزاپ كېتىۋەردى... ئۇ، ھەلىمەنى قاڭغىر قاقشاتتى. بىرەر ئىشنى باھانە قىلىپ ئۇنى «ئۇنداقچى چولاق، بۇنداقچى چولاق» دەپ ھاقارەتلەش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتسىمۇ، ھەتتا ھاشىمجاندىن تاياق يېسىمۇ، ئەمما ھەلىمە: «ئارىمىزدا گۈلدەك ئىككى بالا بار، ئۇنى يېتىم قىلىش گۇناھ! بۇنداق جىنايەتلىك يولغا مېڭىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ھاشىمجان ماڭا نىسبەتەن بەزى خاتا ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلىشىم كېرەك. ئۇنىڭ بەلكىم خىزمىتى جاپالىق بولغاچقا، چارچاپ شۇنداق قىلىۋاتقاندۇ؟ ئۇنىڭ تەرسالىقى بۇگۈن تۈزەلمىسە، ئەتە تۈزۈلۈپ قالار، بۇ يىل تۈزەلمىسە، كېلەر يىلى تۈزۈلۈپ قالار!...» دەپ ئويلاپ ئۆزىگە تەسەللى بەردى، بۇ خىيالىي تەسەللى ھەلىمەنىڭ كۆڭلىنى

ۋاقىتلىق بولسىمۇ تىنجىتىش رولىنى ئوينىيالىدى. لېكىن، بۇ تىنچلىقنىڭ ئۆزۈنغا بارمايدىغانلىقىنى ھەلىمەمۇ ئوبدان كۆرمىگەنىدى... شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھاشىمجان دەلدەڭشىپ، مەست ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى ـ دە، ئۆزىنى كىرىسلوغا تاشلىغىنىچە «ماڭا ھاراق قۇيۇپ بەر» دېدى ئېگىز ـ پەس سۆزلەپ.

ـــ ھاشىمجان سىز مەست بولۇپ قاپسىز، يەنە ئىچسىڭىز سالامەتلىكىڭىزگە زىيان يېتىدۇ، ـــ دېدى ھەلىمە ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ.

ـــ قۇرۇق گېپىڭنى قويۇپ ھاراق قۇيۇپ بەر دېگەنىدىكىن قۇيۇپ بەرمەمسەن؟ ـــ دېدى ھاشىمجان تېخىمۇ تەرسالىشىپ.

ـــ ئۇنداق بولسا بىر رومكا قۇيۇپ بېرەي، قايتا ئىچمەن دەپ تۇرۇۋالماڭ بولامدۇ؟ ـــ دېدى ھەلىمە ھاشىمجاننىڭ تېخىمۇ ئېغىر مەست بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە.

ـــ ھەي پەسەندى!... مېنىڭ نەچچە رومكا ئىچىشىمنى سەن بەلگىلەمسەن؟ ئەگەر يەنە كوت ـ كوت قىلىدىغان بولساڭ سېنى ھازىرلا ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىمەن! ـــ دېدى ھاشىمجان ھەلىمىگە تەھدىت سېلىپ.

ـــ ھاشىمجان ئۇنداق دېمەڭ، مەن سىزگە ياخشى نىيەت بىلەن ھاراقنى كۆپ ئىچمەڭ دەپ نەسىھەت قىلىۋاتىمەن، ـــ دېدى ھەلىمە ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن چىرايلىق چۈشەندۈرۈپ.

ـــ ھەي چاپلاندى!... سېنىڭ نىيىتىڭ ياخشى بولسا پەزىلەگۈلدەك ماڭا ھاراقنى كۆپرەك قويۇپ بەرگەن بولاتتىڭ! ـــ دەۋەتتى ھاشىمجان مەسلىكتە بىر يوشۇرۇن سىرنى ئاشكارىلاپ. بۇنى ئاڭلىغان ھەلىمەنىڭ يۈرىكى قارتلا قىلىپ قالدى. ئۇ بىر تۇرۇپ كېتىپىراق، يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ياندۇرۇپ سورىدى:

– قەيەردىكى پەزىلەگۈل؟
– قەيەردىكى بولاتتى؟ رېستوراندا ماڭا هاراق قۇيۇپ بەرگەن پەزىلەگۈل بولمامدۇ؟...
– سىزنىڭ رېستورانغا ئامراق بولۇپ قېلىشىڭىز، ئاشۇنداق پاسكىنا خوتۇنلارنىڭ سىزنى كولدۇرلىتىپ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈرۈۋالغانلىقىدىنىكەنده، شۇنداقمۇ؟! – دېدى ھەلىمە ئاچچىقى بىلەن.
چاڭ - چۇڭ قىلغان شاپىلاق بىلەن تەڭلا ھەلىمەنىڭ ئاغزى - بۇرنىدىن قان چاچراپ چىقتى. ھەلىمە ئاغزى - بۇرنىنى تۇتۇپ يىغلىغىنىچە يۈز - كۆزلىرىدىكى قانىنى يۇيۇۋېتىش ئۈچۈن تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى... ھەلىمە كېچىچە دېگۈدەك يىغلاپ كۆزلىرى قىزىرىپ، يۈزلىرى ئىششىپ كەتتى، تاڭ ئاتتى، ھەلىمە يەنە ئويلىدى. «مەسىلىك ساراڭلىق، دەيدىغان گەپ بار، ھاشىمجان مەسىلىكتە بەزى گەپنى خاتا قىلىسىمۇ قىلغاندۇ؟ بىراق مېنى نېمە ئۈچۈن ئۇرىدۇ؟ بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشى بۇ قېتىملا ئەمەس، ئىككى يىلدىن بۇيان تەكرار يۈز بەردى. يەنە، ئۇ...، – ئاخىرىنى ئويلاشنى خالىمىدى، – مەن چىدىمىدىم، بۇ قېتىم قانداق قىلسام بولار؟... خەير بۇ قېتىممۇ چىداي» دېدى ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىغىنىچە بىر قارارغا كېلىپ. بۇ ۋاقىتتا ھاشىمجان ئورنىدىن تۇرۇپ، نېمىنىدۇر خىيال قىلغاندىن كېيىن.
– ھەلىمە، ئاخشام نېمە دېگەنتىڭ؟ قايتا دەپ باقە! – دېدى ئاچچىق بىلەن.
– نېمە دەپتىمەن، – دېدى ھەلىمە.
– پەزىلەگۈلنى پاسكىنا خوتۇن دېگەندەك قىلغانتىڭ، راستىمۇ؟ – دېدى ھاشىمجان ھۆرپىيىپ.
– شۇنداق دېسەم نېمە بولۇپتۇ؟ – دېدى ھەلىمە سەل ئاچچىق بىلەن.

— مەن ساڭا دەپ قوياي، پەرىلەگۈل ياخشى ئايال. ئۇنى مېنىڭ ئالدىمدا ھاقارەت قىلىشىڭغا رۇخسەت يوق! — دېدى ئۆزىنى باسالمىغان ھاشىمجان ۋارقىراپ. ھاشىمجانىنىڭ بىرەر سىرنى يوشۇرغاندەك قىلىۋاتقانلىقىنى پەملىگەن ھەلىمە باشقا گەپ قىلمىدىيۇ، ئەمما نېمىنىدۇر ئويلىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئاردىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر كۈنى چۈشلۈك غىزا ۋاقتى ئىدى. ھەلىمە ئوخشىتىپ ئەتكەن، ھورى چىقىپ تۇرغان پېتىر مانتىنى ھاشىمجانىنىڭ ئالدىغا قوياي دېۋىدى، قىزى دىلخۇمار ئالدىراپ كېتىپ لېگەنگە قول سۇندى. نەتىجىدە، ئۇنىڭ قولى لېگەننىڭ قىرغىقىغا تېگىپ كېتىپ، لېگەن شىرە ئۈستىگە تىرىققىدە قويۇلۇپ قالدى.

— تاراق - تۇرۇق قىلىپ نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دېدى ھاشىمجان تەرسالىق بىلەن.

— مەن قەستەن ئۇنداق قىلمىدىم، لېگەنگە دىلخۇمارنىڭ قولى تېگىپ كەتكەنلىكتىن قولۇمدىن سىيرىلىپ كېتىپ، بۇ ئىش يۈز بېرىپ قالدى، — دېدى ھەلىمە چۈشەندۈرۈپ.

— سەن يوقىلاڭ ئىشنى باھانە قىلىپ مېنى يېمىگەن مانتىغا تويغۇزماقچىمۇ؟ بۇ بىرنېمىلىرىڭنى ھازىرلا كۆزۈمدىن يوقات! — دېگىنىچە لېگەننى مانتا بىلەن يەرگە ئاتتى. چىنە لېگەن چېقىلىپ، لېگەندىكى مانتا چۇۋۇلۇپ ئۆي ئىچىگە تېرىلىپ كەتتى.

— ھاشىمجان نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟

— سەن مېنى سوراق قىلماقچىمۇ؟ مەن دېگەن سېنىڭ ئېرىڭ، سېنىڭ ماڭا سوئال قويۇش سالاھىيىتىڭ يوق، ۋۇ دۆت ئېشەك!

— مەن ئېشەك ئەمەس، ئادەم! سەن، مېنى ئېشەك دەپ قارىغان بولساڭ، مېنى خوتۇنلۇققا ئالغان سېنىمۇ ئېشەك دېيىش كېرەك، — دېدى ھەلىمە ئاچچىقىنى باسالماي.

ھاشىمجان بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تۇتالماي ھەلىمىنى نەچچە شاپىلاق سالدى، ئاندىن تېپىپ يەرگە دومىلىتىۋەتتى.

— سەن ھازىر ئۆيدىن چىق! سەن، دۆت ئېشەكتىن بەكمۇ زېرىكتىم. بۇ ئۆيدىن قانچە تېز يوقالساڭ، شۇنچە ياخشى، سېنى قويۇپ بەرگىنىم قويۇپ بەرگەن. بۇ ئىككى ساقلاندىنىمۇ بىرگە ئېلىپ كەت! — دېدى ھاشىمجان كۆزىگە قان تولغان ھالدا.

تاراسلاپ يېغىۋاتقان يامغۇر ھەلىمە ۋە ئۇنىڭ ئىككى بالىسىنى چىلىق - چىلىق ھۆل قىلىۋەتتى. ئانا - بالا ئۇچەيلەن بۇنىڭغىمۇ بەرداشلىق بېرىپ، ئاستا - ئاستا كېتىۋاتاتتى.

— ئاپا! — دېدى ھەلىمەنىڭ قولىنى تۇتۇپ كېتىۋاتقان قەيسەرجان ئازابلىق سوئال قويۇپ، — دادام بىزنى نېمىشقا ئۆيدىن چىقىرىۋېتىدۇ؟ ئەمدى بىزنىڭ ئۆيىمىز يوق بولۇپ قالسا قانداق قىلىمىز؟

بۇ ۋاقىتتا دىلخۇمارمۇ غەمكىن ھالدا ھەلىمەنىڭ جاۋابىنى كۈتكەندەك ئۇنىڭغا قارىدى.

— ئوبدان بالىلىرىم، ئەنسىرىمەڭلار، مەن ھاياتلا بولسام، سىلەرنى ھەرگىز ئۆيسىز قويمايمەن، ھازىر بوۋاڭلار بىلەن موماڭلارنىڭ ئۆيىگە بارايلى قوزىلىرىم! — دېدى ھەلىمە بالىلارنىڭ بېشىنى سىلىغىنىچە.

بۇ ۋاقىتتا يېغىۋاتقان يامغۇر ھاردۇق يەتكەندەك ئاستىلىغانىدى. ھەلىمە ئىككى بالىسىنى يېتىلەپ كېتىۋېتىپ: «يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان، ھاشىمجان ئانا - بالا ئۈچىمىزنى نەچچە قېتىم ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى، بىزدە ‹زىقى توشۇپ قالدى› دەيدىغان گەپ بار. ئىككى يىلدىن بۇيان تۈزەلمىگەن ئادەمنىڭ ئەمدى تۈزۈلۈشى ناتايىن. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆيگە ئاياغ باسمايمەن. ھېچنەرسىنى تەلەپ

قىلمايمەن. ئىككى بالىنى ئۆزۈم باقىمەن» دېگەنلەرنى كۆڭلىگە پۈكتى. ھەلىمەنىڭ كۆز ياشلىرى يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ئۇنىڭ سولغۇن چىرايىنى سىيپاپ ئۆتۈپ، ئاسفالت يولدىكى يامغۇر سۇلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى.

6

چۈشتە يېگەن تاماقنىڭ قاچىسىنىمۇ يىغىپ ئېلىۋېتىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن پەزىلەگۈل ئېرىنىپ، كۆندۈزلۈك ئۇيقۇسىنى باشلىۋەتكەن پەزىلەگۈل كەچكە يېقىن ئۇيقۇدىن ئويغىنىپلا زارلىنىشقا باشلىدى:

— ۋاي خۇدايىمەي، بۇ ياستۇق بېشىمغا ئەجەب پېتىپ كەتتىيا! — دەپ غۇدۇرىغىنىچە بېشىغا قويغان ماموق ياستۇقنى ئىتتىرىۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى:

— ھاشىمجان مەن زېرىكىپ قالدىم. بۈگۈن مېنى رېستورانغا ئاپىرىڭە، — دېدى پەزىلەگۈل نازلانغىنىچە ھىجىيىپ.

— پەزىلەگۈل، بۇ ئايلىق مائاشىنىڭ تۈگەپ كەتكەنلىكىنى بىلىسىز. شۇڭا بۈگۈن رېستورانغا بارماي تۇرايلى، — دېدى ھاشىمجان پەزىلەگۈلگە يېلىنىپ.

— ۋاي - ۋۇي ھاشىمجان! سىز مېنى «ئىلمەك» ئىگىزگە ئىلغىچە رېستوراندا تولا مېھمان قىلىپ، رېستوراندىن زېرىكتۈرۈۋەتكەنتىڭىز. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە رېستورانغا بارايلى دېسەم، پۇل يوق دەپ سەۋەب كۆرسىتىۋاتامسىز. بىز توي قىلغىلى بىر يىل توشماي تۇرۇپلا مەن «ئەمەن» پۇراپ قالدىمۇ - يە؟ دېدى پەزىلەگۈل تەنە قىلىپ.

— ئىككىمىز توي قىلغاندىن بۇيان، سىزنى ئايدا ئىككى قېتىم دېگۈدەك رېستورانغا ئاپىرىپ ئوينىتىپ كېلىۋاتىمەن. ئىش ھەققىم يەتمىسە دوستلىرىمدىن قەرز ئالدىم. تېخى توي قىلغاندا ئالغان قەرزىمنى قايتۇرىمەن، دەپ ئاتا - ئانامدىن

نەچچە قېتىم پۇل ئالدىم. خەجلەۋەرسەك تاغمۇ توشمايدۇ.
ئەمدى نەدىن پۇل تاپىمەن؟ — دېدى ھاشىمجان ئامالسىز
راست گەپنى قىلىپ.

— مەن تېخى بەزى كىشىلەر سىزنى «ھاشىم رېستوران» دېسە پۇلى كۆپ بايۋەچچە ئوخشايدۇ، سىز بىلەن توي قىلسام ئىككىمىزنىڭ تۇرمۇشىمىز راھەت - پاراغەت ئىچىدە ئۆتىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن، قارىغاندا، سىز ئىچى كاۋاك، يانچۇقى قۇرۇق بەگزادە ئىكەنسىزدە؟ — دېدى پەزىلەگۈل ئاچچىقلىنىپ.

— پەزىلەگۈل، بۇ ئۇنچە چېچىلغۇدەك ئىش ئەمەسقۇ؟ يەنە بىرەر ھەپتە سەۋر قىلىپ تۇرۇڭ. مائاشنى بەرگەن كۈنىلا سىزنى رېستورانغا ئاپىراي، مەنمۇ رېستوراننى سېغىنىۋاتىمەن. — دېدى ھاشىمجان پەزىلەگۈلگە يالۋۇرۇپ. دېگەندەكلا بەش كۈندىن كېيىنكى بىر شەنبە كۈنى كەچتە، ھاشىمجان بىلەن پەزىلەگۈل «گۈلدۇرماما» رېستورانغا كىرىپ بىرەر يۇتۇمدىن چاينى ئوتلاپ تۇرۇشىغا، پەزىلەگۈل قۇراملىق ئوتتۇز ياشلارنىڭ ئالدى - كەينىدىكى بەش - ئالتە چوكان پەزىلەگۈلنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى. پەزىلەگۈل ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاچ سۆزلەپلا كەتتى:

— ئوبدان خېنىملار، مەن سىلەرنى ۋاقتىدا كەلمەي قالامدىكىن دەپ ئەنسىرىگەنىدىم. ھېلىمۇ دەل ۋاقتىدا كەلدىڭلار. بۇ بەك ياخشى بولدى. — دېگىنىچە ئۇلارنى ھاشىمجانغا تونۇشتۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈردى.

— تېلېفوندا قىلغان بۇيرۇقىڭىزنى قەتئىي ئىجرا قىلدۇق، — دېدى بۇ مېھمانلاردىن بىرى چاقچاق ئارىلاش جاۋاب بېرىپ.

— «يوق دېسە، يېتىپ يەڭ، دېگەندەك پۇل ئاز دېسەم پەزىلەگۈلنىڭ بۇ خوتۇنلارنى مېھماندارچىلىققا چاقىرغىنىنى كۆرمەمدىغان» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ھاشىمجان دىل

غەشلىكىنى ئاران بىسىپ. شۇ ئەسنادا قورۇملارنىڭ تىزىملىكى يىزىلغان دەپتەر پەزلەگۇلنىڭ قولىغا چىقىپ بولغانىدى. ئۇ ئۆزىنى راسا كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىسىل قورۇملارنى بۇيرۇتتى. ئارىدىن يىرىم سائەت ئۆتمەيلا قورۇملار كەلتۈرۈلۈشكە باشلىدى. هايت ـ هۇيت دىگۇچە يۇملاق شىرەنىڭ ئۈستى هەر خىل قورۇملار بىلەن لىق تولدى، يىيىش، ئىچىش خىلى ئۇزاق داۋاملاشتى. بۇ «خىنىم» لارنىڭ بەزىلىرى خىلىلا تەڭشىلىپ قالدى، تانسا مۇزىكىلىرىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. مىهمانلار ئارىلىشىپ تانسا ئوينىماقتا ئىدى. ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل دەسسەيدىغانلار، قەستەن بىر ـ بىرىگە يۆلىنىپ چاپلىشىپ تانسا ئويناۋاتقانلارمۇ بار ئىدى. لىكىن بىرلا ئادەم يالغۇز ئولتۇراتتى، ئۇ دەل هاشىمجان بولۇپ، دوستلىرىدىن ئالغان قەرز پۇللارنى قانداق قايتۇرۇشنى خىيال قىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىغا بوگۇنكى مىهماندارچىلىقتا ئىشلىتىلگەن قورۇملار ۋە ئىچىملىكلەرنىڭ تىزىملىكى بار دەپتەر قويۇلدى. تىزىملىكنىڭ ئاخىرىدا «690» دىگەن رەقەم ئىمىر ـ چىمىر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ هاشىمجاننىڭ نىرۋىسى سەل جىددىيلىشىپ، كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى. ئۇ سىنچىلاپ قارىدى، يەنىلا شۇ رەقەم «بۇ نىمىدىگەن جىق ساندۇ؟»

— قانچە پۇل؟ — دەپ سورىدى هاشىمجان.

— هەرخىل قورۇملار ۋە ئىچىملىكلەرنىڭ پۇلى بولۇپ جەمئىي 690 يۈەن، — دىدى كاسىر قىز جاۋاب بىرىپ.

— ئەجەب جىققۇ؟ — دەپ سورىدى هاشىمجان ئۈنىڭدىن.

— ئاكا بىر ـ بىرلەپ كۆرۈپ باقسىڭىز بولىدۇ، — دىدى كاسىر قىز سەمىمىي جاۋاب بىرىپ. هاشىمجان تەكرار هىسابلاپ كۆردى. هىسابتىن خاتالىق تاپالمىدى. ئەمما، هاشىمجاننىڭ پىشانىسىدىن سوغۇق تەر چىقىپ، خىيالغا

پاتتى. «مەن ئاران 500 يۈەن پۇل ئېلىپ كەلسەم، ئويلىمىغان يەردىن پەزىلەگۇل بۇ خوتۇنلارنى مېھمان قىلىپ، مېنى تەڭلىكتە قويدى. ئەمدى قانداق قىلسام بولار؟» ھاشىمجان ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ ئاخىر رېستوران دېرىكتورى قاسىمنى تېپىپ ئەھۋالنى ئېيتتى. «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك قاسىم بىر تىزىملىكنى ھاشىمجانغا سۇنۇپ:

— بۇنى كۆرۈپ باقسىلا، — دېدى. ھاشىمجان تىزىملىكنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئۇنىڭدا پەزىلەگۇل ئىمزا قويغان بىر قەرز تىزىملىكى بار ئىدى. ۋاقتىدىن قارىغاندا پەزىلەگۇل يېقىنقى ئايلاردىن بۇيان ھاشىمجانغا بىلىندۇرمەي دوستلىرىنى مېھمان قىلىپ، قەرزدار بولغانلىقىدا شەك يوق ئىدى. ئۇنىڭ جەمئىي سوممىسى 860 يۈەن بولۇپ، بۇنىڭغا ھاشىمجان مەسئۇل بولۇشى كېرەك ئىدى... ھاشىمجان يېنىدا بار پۇلنى تۆلەپ قالغىنىغا ھۆججەت يېزىپ بېرىپ، بۈگۈنكى تەڭ قىسىلىقتىن ۋاقتىنچە قۇتۇلدى. ئەمما رېستوراندىكى قەرزى 1000 يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. ھاشىمجان ئولتۇرغان جايىغا كېلىپ ئاچچىقىدا بىر بوتۇلكا ھاراقنى چوڭ ئىستاكانغا لىق تولدۇرۇپ قويۇپ كەينى - كەينىدىن ئىچىۋەتتى - دە، ئارىدىن بىرنەچچە مىنۇت ئۆتە - ئۆتمەيلا «گۈپ» قىلىپ يەرگە يىقىلدى... «خۇدا ئۇرغاننى قوشلاپ ئۇرۇپتۇ» دېگەندەك ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمىدى. پەزىلەگۇل رېستورانغا بارغانسېرى ئامراق بولۇپ كەتتى... «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» دېگەندەك ھاشىمجان پەزىلەگۇلنى ھەپتىدە بىر قېتىم رېستورانغا ئاپارماي قۇتۇلالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ھاشىمجانمۇ پات - پاتلا رېستورانغا بارمىسا تۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. قىسقىسى ھاشىمجان بىلەن پەزىلەگۇل رېستوراننىڭ «قوش چولپان» لىرىغا ئايلاندى. ئۇلارنى

رېستوراننىڭ «قوش چولپان» لىرىغا ئايلانىدى دېگەنىدىن كۆرە، رېستوراندىكى قوش هاراقكەشلەرگە ئايلانىدى دېيىشىمۇ مۇبالىغە بولمايتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن هاشىمجان هاراق ياكى پىۋىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسا ئاغزىغا سېرىق سۇ كېلىپ، جېنى سۆيۈنۈپ، تېنى يايراپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. راستىنى ئېيتقانىدا، هاشىمجان هاراق ئىچمىسە چىدىيالمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. هاشىمجاننىڭ دوستلىرى ئۇنىڭدىن هاراقنى كۆپ ئىچمەسلىكىنى ئۆتۈندى. ئىدارىنىڭ رەھبەرلىرى ئۇنىڭغا تەربىيە بەردى، تەنقىد قىلدى، لېكىن ئۇنىڭ ئۇنۇمى بىكار كەتتى. بارا - بارا هاشىمجان ئىقتىسادىي جەھەتتە قىينالدى، قەرزى كۆپەيدى، ئەمما ئۇلار رېستوراندىن، هاراقتىن ئۆزىنى تارتالمىدى. شۇڭا بەزى كىشىلەر بۇرۇن ئۇنى «هاشىم رېستوران» دەپ ئاتىغان بولسا، كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەنىدە «هاشىم پىيەنچۇك»، «هاشىم قويىمچى» دېگەنىگە ئوخشاش كىشىلەر يىرگىنىدىغان نامىلار بىلەن ئاتايدىغان بولۇپ قالدى. بىراق هاشىمجان بۇ گەپلەرنى ئاڭلىسىمۇ ئۇنىڭغا قىلچە پىسەنت قىلمىدى، يۈزى قىزارمىدى... مانا ھەلىمەنىڭ توي مېلى بولغان ئالتۇن - جابدۇقلىرى، ھەتتا ئۆيدىكى تېلېۋىزورنى سېتىپ، رېستوراننىڭ دەسمايىسى قىلدى، يېزىدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئالداپ، ئۇلارنىڭ قوي، كالىلىرىنى ساتقۇزۇپ، ئۇنىڭ پۇلىنىمۇ يەپ - ئىچىشكە سەرپ قىلدى. بۇ ھۇزۇر - ھالاۋەتلەر ئۇنى جىسمانىي جەھەتتىن قانىداق ھالاكەتكە كىرگۈزۈپ قويغانلىقىغا نەزەر سېلىپ باقايلى!...

هاشىمجان ھەلىمە بىلەن بىرگە ئۆتكەن كۈنلەردە تەن قويۇپ سەمرىگەن، بەدەن قۇرۇلۇشى كېلىشكەن، چىرايىدا قىلچە قورۇق يوق، كۆزىدىن نۇر چاقناپ تۇرىدىغان، قىز - چوكانلارنى جەلپ قىلغۇدەك سېھرىي كۈچكە ئىگە يىگىت ئىدى. لېكىن

ئۇ، پەزىلەگۈل بىلەن تويى قىلغاندىن كېيىنكى بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە رېستوران «چولپان» لىقىنى قولدىن بەرمىدى، ھاراق بىلەن پۇتۇنى «دوست» تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىشنى خالىمىدى، بەلكى ئۇ «دوست» لىرى بىلەن تېخىمۇ ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ كەتتى. نەتىجىدە ھاشىمجاننىڭ بۇ جان - جىگەر «دوستلىرى» ئۇنى ئاستا - ئاستا پىلە قۇرتىدەك غاجاپ قۇرۇتۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ھاشىمجان ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋەيران بولۇپ «كونا قەرزدار» غا ئايلاندى. روھىي جەھەتتە چۈشكۈنلەشتى، جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىزلاشتى. ئورۇقلاپ تىرىك «ئىسكىلىت» قا ئايلىنىپ قالدى، يۈزلىرى رەڭگى ئۆڭگەن چىپەرقۇتقا ئوخشاپ قالدى. چاچلىرى ۋاقىتسىز ئاقىرىشقا باشلاپ، كۆز نۇرى ئۆچەي دەپ قالغان شامدەك پىلىلداپ قالدى. كۆزنىڭ چاناقلىرىدا تۇگمەس چاپاقلار پەيدا بولدى... ئەمما پەزىلەگۈل تەن قويۇپ سەمرىپ، بەدىنى تولدى. يۈزلىرى چىرايلىقلىشىپ، كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان، كۆكسى لىغىرلاپ كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان بولۇپ كەتتى! مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ بارغانسېرى ياشىرىپ ياتلىق بولۇش ئالدىدىكى قىزلاردەك گۈزەللىشىپ كەتتى. روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى تەڭپۇڭسىزلىقتىن غالجىرلىشىۋاتقان بىر خىل ھايۋانىي ھېسسىيات ئاخىر پەزىلەگۈلنى خىيانەتكىرانە زىناخورلۇقنىڭ مۇدھىش قارا ئۆڭكۈرىگە سۆرەپ كىرىشكە باشلىدى. ئەمدى گېپىمىزنى يەنە بىر رېستورانغا يۆتكەيمىز.

تومۇز ئايلىرىدىكى بىر يەكشەنبە كۈنى كەچ، «گۈلدۈرماما» رېستورانىنىڭ ئېلېكتىر چىراغلىرى چاقناپ تۇراتتى، ئېسىل قورۇمىلار ۋە داڭلىق هاراق قاتارلىق ئىچىملىكلەر بىلەن لىق تولدۇرۇلغان بىر يۇمىلاق شىرە ئەتراپىدا ھاشىمجان، پەزىلەگۈل، پەتتارجان قاتارلىق بەش - ئالتە كىشى يەپ -

ئىچىشىۋاتاتتى.

— ھاشىمجان ئاكا، بۇ ھاراقنى ئىچىۋېتىڭ، — دېدى، بۇگۇنكى سورۇننىڭ ساقىلىق «ھوقۇق» نى ئىگىلىگەن پەتتارجان ئاق ھاراق لىق تولدۇرۇلغان ئىستاكاننى ھاشىمجانغا سۇنۇپ.

— مە... مەن... مەست بولۇپ قالدىم، ئەمدى ئىچەلمەيمەن! — دېدى ھاشىمجان بۇ ھاراقنى ئىچىشنى رەت قىلىپ.

— ھەي ھاشىمجان ئاكا، سىز شۇنچىۋالا نوچى تۇرۇپ، مۇنداق دېسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ بۇ بىر رومكا ھاراق ئەمەس، يەنە ئۈچ - تۆت رومكا بولسىمۇ ھېچنېمە بولمايسىز، سىزگە قاراپ قېلىپ بىز ئۇسساپ كەتتۇق دەيمەن، — دېدى پەتتارجان ھاشىمجاننى ھاراق ئىچىشكە زورلاپ.

— ئىچمەيمەن دېدىم ئىچمەيمەن، — دېدى ھاشىمجان ئېغىر مەستلىك ئىچىدە بېشىنى گىلدىڭلاتقىنىچە پەتتارجاننىڭ ھاراق تۇتقان قولىنى نېرىغا ئىتتىرىپ تۇرۇپ. لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر پەتتارجان ھاشىمجانغا ھاراقنى كۆپرەك ئىچۈرۈش نىيىتىدىن زادىلا يانماي، يەنە زوغۇيلۇق قىلىشقا باشلىدى:

— ھاشىمجان ئاكا، سىز مېنى كۆزگە ئىلمىغاچقا مەن تۇتقان ھاراقنى ئىچمەيۋاتىسىز، شۇنداقمۇ؟

— ئۇنداق ئەمەس، باياتىن بېرى شۇنچە كۆپ ھاراقنى ئىچكەنلىكىمنى بىلىپ تۇرۇپ بۇنداق دېسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ — دېدى ھاشىمجان ئالاق - جالاق بولغان كۆزىنى پەتتارجانغا تىكىپ.

— ھەي ھاشىمجان، پەتتارجان ئۇنداق - مۇنداق ئادەملەردىن ئەمەس، ئۇ سىزنى ھۆرمەتلەپ ھاراق تۇتقاندىكىن ئۇنى ئىچىۋېتىڭ، ئەگەر سىز يەنە ئىچمەيمەن دەپ تۇرىۋالسىڭىز

سىزگە تۇتقان بۇ هاراقنى سىز ئۇچۇن مەنلا ئىچمۇېتەي، ـ دېدى پەزىلەگۇل نازلانغىنىچە سۆزلەپ.

ـ پەزىلەگۇل ئايال تۇرۇپ مەن ئىچمۇېتەي، دەۋاتقان يەردە، سىز نېمىدىن قورقىۋاتىسىز، ـ دېدى ئەتراپتىكىلەر چۇرقىرىشىپ.

ـ بوپتۇ، بۇ هاراقنى ئۆزۈم ئىچمۇېتەي دېگىنىچە هاشىمجان يېرىم قۇيۇلغان بىر ئىستاكان هاراقنى بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىپ، شىرەگە بېشىنى قويغىنىچە ئۇيقۇغا كەتتى. بۇ ۋاقىتتا پەزىلەگۇلنىڭ كۆزى پەتتارجاننىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلگەنىدى... پەتتارجان مىيىقىدا كۇلۇپ قويدى!... كېچە سائەت 12دىن ئاشقاندا، رېستوراننىڭ بىر خىزمەتچىسى، شىرەگە بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالغان هاشىمجاننىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ ئاكا قوپسىلا، ئاشخانىنى تاقايمىز، ـ دېدى هاشىمجاننى يېنىك نوقۇپ. نوقۇشتىن ئويغىنىپ كەتكەن هاشىمجان بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قارىدى:

ـ ئايالىم پەزىلەگۇل يوق تۇرىدىغۇ، ـ دېدى ئۇ ئاران سۆزلەپ.

ـ ئايالىڭىز سىزنى قوپۇڭ دەپ ئويغاتسا، سىز بىردەم ئۇخلىۋالاي دەپ تۇرىۋالدىڭىز، ئايالىڭىز باشقا ئامال قىلالماي چىقىپ كەتتى. ـ دېدى رېستوران خىزمەتچىسى.

هاشىمجان ئاغىل ـ تاغىل سۆزلىگىنىچە ئاچچىقلاپ... ئۆيگە بېرىپ هەيران قالدى. ئۇ مەستخۇش هالدا ئويلىدى: «پەزىلەگۇل مېنىڭ ئالدىمدا كېتىپ نېمە ئۇچۇن هازىرغىچە ئۆيگە كېلىپ بولالمىغاندۇ؟ ئۇ مەست بولۇپ قېلىپ يولدا يىقىلىپ قالدىمىكىن دېسەم، ئۇ بۇگۇن هاراق ئىچمىگەن تۇرسا، بۇ قانداق ئىش!؟ هەي!... هېلىقى پەتتارجان دېگەن سولتەك ماڭا هاراقنى كۆپ ئىچىرىۋەتمىگەن بولسا پەزىلەگۇل

بىلەن بىرگە ئۆيگە كەلگەن بولاتتىم، تېخى پەزىلەنىڭمۇ مېنى هاراق ئىچىشكە قايتا ـ قايتا زورلىغىنىچۇ؟ ئۇلارنىڭ مەقسىتى نېمىدۇ؟ بۇ ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىدە قانداق سىر باردۇ؟»... هاشىمجان ئويلاپ بۇ يەرگە كەلگەندە قەي قىستاپ خىيالىنى داۋاملاشتۇرالمىدى.

7

سىرلىق ئىش يۈز بېرىپ، ئىككى ئايدىن كېيىنكى كۈز ئايلىرىنىڭ بىر يامغۇرلۇق كۈنى. هاشىمجان يىراق يېزىدىكى خىزمىتىنى تۈگىتىپ، ئۆيىگە قايتىپ ماڭدى. ئۆزى چۈشكەن ئاپتوبۇسنىڭ يولدا بۇزۇلۇپ قېلىشى سەۋەبىدىن، يامغۇر سوغۇقىدىن دىر ـ دىر تىترىگىنىچە، يېرىم كېچە بولاي دېگەندە ئاخىر ئۆيى بار بىناغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۆيىگە كىرگۈچە «ئۆز ئۆيۈمنىڭ بوشلۇقى. پۇت ـ قولۇمنىڭ خۇشلۇقى» دەيدىغان گەپ بار، ئۆيىگە كىرىپ هۆل بولۇپ كەتكەن كىيىم ـ كېچەكلىرىمنى سېلىۋېتىپ ئىسسىق يوتقاندا پەزىلەگۈلنىڭ يېنىدا يېتىۋالسام، تېنىم ئىسسىپ، جېنىم يايراپ كۆڭلۈم خۇش بولۇپ راهەتلىنىمەن ـ دە!... هە!... راست، هاردۇقۇم چىقىپ قالسا ئەتە كەچتە ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىز رېستورانغا بېرىپ قانغۇچە يەپ ـ ئىچىپ، تانسا ئوينىۋالمىساق بولمايدۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ كۈلۈپ قويدى.

هاشىمجان شېرىن خىياللارنىڭ ئەللەيلىشى بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرىپ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى... بېشى ئايلىنىپ كۆزى قاراڭغۇلاشتى. پۇتىنىڭ جېنى يوقتەك بىر چامدام مېڭىشمۇ تەسكە چۈشتى. ئېغىزى گەپكە كەلمەي قالدى... هاشىمجان بىردىنلا ئەس ـ هوشىنى يىغدى ـ دە، پەزىلەگۈلنىڭ يېنىدىن قىپيالىڭاچ هالەتتە قوپۇۋاتقان پەتتارجاننىڭ پاتتىڭدىن كاپ قىلىپ تۇتۇپ يەرگە

باستى. «سەن تۆزكورنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن!» دېگىنىچە ئۇنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇردى ۋە تەپتى. مۇشت - تېپىك، تىل - ئاھانەت ئاۋازى شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان قولۇم - قوشنىلارنى قاتتىق چۆچۈتتى. ھەر ئىككىلىسى ھاردى، لېكىن يەنىلا پومداقلىشىپ ئېلىشماقتا ئىدى. ئاخىر پەتتارجان ئامال قىلىپ ئۆيدىن - ھاشىمجاننىڭ قولىدىن قېچىپ چىقىپ كەتتى.

- ئەمدى ھېساب بېرىش نۆۋىتى ساڭا كەلدى، - دېدى ھاشىمجان ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا يوتقانغا يۆگىنىپ تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان پەزىلەگۈلنىڭ قېشىغا يېقىنلاپ كېلىپ، - ھەي ھايۋان! دەپ باقە، بۇ نېمىدېگەن رەسۋاچىلىق؟ خوتۇن كىشىمۇ سېنىڭدەك يۈزى قېلىن بولامدۇ؟ پەسەندى جالاپ!...
ھاشىمجان پەزىلەگۈلنى بىر تەرەپتىن تىللاپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرماقتا، تەپمەكتە ئىدى.
- مەن ئېزىپتىمەن، گۇناھىمنى كەچۈرۈڭ، ئەمدى ئادەم بولاي، - دېدى پەزىلەگۈل يىغلىنىپ.
- بۇ گېپىڭگە كىم ئىشىنىدۇ؟ بىر ئادەم سېنى پوق يە دېسە سەن يەمسەن؟ - دېدى ھاشىمجان.
- ياق، - دېدى پەزىلەگۈل قورققىنىدىن تىترەپ تۇرۇپ.
- ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن بۇ پەسكەشلىكنى قىلدىڭ؟ - دېدى ھاشىمجان پەزىلەگۈلنى بارغانچە قىستاپ.
پەزىلەگۈل ھاشىمجاننى ئۆز جاۋابى ئارقىلىق قايىل قىلالمىغاندىن كېيىن جىم تۇرۇۋالدى. لېكىن ھاشىمجان پەزىلەگۈلنى يەنىلا ئۇرماقتا ئىدى. پەزىلەگۈلنىڭ ئاغزى - بۇرنىدىن چىققان قان ئۇنى تونۇغۇسىز قىلىۋەتتى. ھاشىمجان پەزىلەگۈلنى يەنىلا قىستىماقتا ئىدى.
- راستىنى ئېيتمىساڭ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، - دېدى تېخىمۇ تەھدىت سېلىپ.

— راستىنى ئېيتسام، سېنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىڭ هاراق بىلەن پىۋىگە باغلاندى. ئۇنى ئىچمىسەڭ چىدىمايسەن، ئىچسەڭ ئاسان مەست بولىسەن، مەست بولغاندىن كېيىن پۇشۇلداپ ئۇخلايسەن. مۇشۇ سەۋەبتىن ھەتتا ھەپتە - ھەپتىلەپ، ئاي - ئايلاپ مەندىن ئەھۋال سوراشقىمۇ يارىمايدىغان لاتا بولۇپ قېلىۋاتىساڭ، ئەمدى مەن شۇنداق قىلماي قانداق قىلىمەن؟ — دېدى پەزىلەگۈل ئاچچىق بىلەن.

— ھەي يۈزى قېلىن جالاپ! مۇشۇ گەپ سېنىڭ ئاغزىڭدىن چىقتىما؟ سەن بۇزۇقنىڭ ئاغزىنى يىرتىپ، تىلىڭنى كېسىپ جېنىڭنى ئالىمەن! — دېدى ھاشىمجان ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ھالدا ئاشخانا ئۆيدىن ۋاللىداپ تۇرغان چەيدونى كۆتۈرۈپ چىقىپ، جان ئاچچىقىدا پەزىلەگۈلنى چېپىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ ماڭدى. شۇئان، ئۇنىڭ چەيدو تۇتقان قولى، ئارقا تەرەپتىن كەلگەن كۈچلۈك بىر قول تەرىپىدىن كاپ قىلىپ تۇتۇۋېلىنىپ، ھاۋادا مىدىر - سىدىر قىلماي تۇرۇپ قالدى.

— مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇۋالغان كىم؟! — دەپ دەھشەتلىك ۋارقىرىدى ھاشىمجان. ئۇ شۇئان ئارقىغا قاراپ قولىنى قوشنىسى سابىر ئاخۇننىڭ تۇتۇۋالغانلىقىنى كۆردى.

— سابىر ئاكا قولۇمنى قويۇۋېتىڭ، بۇ پاسكىنا خوتۇننى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، — دېدى ھاشىمجان يۇلقۇنۇپ.

— ئۇكام ھاشىمجان ئۇنداق دېمەڭ، بىزدە «ئېغىرلىق - رەھىمانلىق» دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆز بار. پەزىلەگۈلنى ئۆلتۈرۈۋەتسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىستىقبالىمۇ تۈگەيدۇ. ئۇ چاغدا ھېلىقى ئىككى بالىڭىزغا كىم ئاتىدارچىلىق قىلىدۇ؟ ئەڭ ياخشىسى ئۆزىڭىزگە ھاي بېرىپ، بۇ ئىشنى قانۇننىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇڭ، — دېدى سابىر ئاخۇن سەممىمي نەسىھەت قىلىپ.

ــ ئۆكام ھاشىمجان، كۈنلاردا: «يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر...» دەيدىغان گەپ بار، شۇنىڭ ئۈچۈن سىز سابىر ئاكىڭىزنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىڭ، ــ دېدى سابىر ئاخۇننىڭ ئايالى سىلىمىخانمۇ ئۇنى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ئۈندەپ.

## 8

كوچىلاردا ئۇيـاقتىن ـ بۇياققا ئانـدا ـ ساندا ئۆتۈشۈپ تۇرغان چوڭ ـ كىچىك ماشىنىلارنىڭ گۇرۇلدىگەن ئاۋازى كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پۈتۈن شەھەر سۈكۈتكە چۆمگەندەك تېپتىنچ ئىدى. ئەمما ھاشىمجاننىڭ مەستلىكتە ئېيتقان ئاغىل ـ تاغىل ناخشىسى بۇ كوچىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزدى. ھاشىمجان ئۆزىنىڭ ئۆيى بار كوچىنى ئاران ئىلغا قىلغاندىن كېيىن، دەلدەڭشىگىنىچە ماڭدى. نېرۋىسىدىن ئاداشقان ئادەمدەك، ئېگىز ـ پەس كۆلگىنىچە يانچۇقىدىكى يېرىم بوتۇلكا ھاراقنى قولىغا ئېلىپ سېمونت تۈۋرۈككە يۆلەندى. كۆكتە چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قاراپ سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ ئاش ـ نان يەڭ دەيدىغان ئاتاڭ بارمۇ؟ ئاناڭ بارمۇ؟ ھاراق ئىچمىدىغاندا قورۇما قورۇپ بېرىدىغان، ئۇسساپ چاڭقىغاندا، چاي دەملەپ بېرىدىغان ھەلىمەدەك ئايالىڭ بارمۇ؟ يوق! سەن ھاشىمجان، ھەممىنى يوق قىلدىڭ! شۇڭا ئوماق بالىلىرىڭ ۋە ئۇلارنىڭ سۆيۈملۈك ئانىسى سېنى تاشلاپ كەتتى. مانا ئەمدى سەن ھاراق بىلەن مەن ھاشىمجانلا قالدۇق. قېنى، سەن دوستۇمنى قەلبىمنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ساقلاش ئۈچۈن سېنى يۇتۇۋېتەي، شۇنداق قىلمىسام مەن ھاشىمجان پۇشايمان، ئازابتا ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن. ھاشىمجاننىڭ شۇ تاپتىكى مەستخۇش خىيالىدا نېمىلەرنىڭ

ئايان بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەنگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھەلىمەنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ ئۆكۈنۈۋاتقان پىغانلىق نالىسىدىن، ئۇنىڭ مۇشۇ كۈنلەردە سۆيۈملۈك بالىلىرىنى ھەم ۋاپادار ئايالى ھەلىمەنى چىن دىلىدىن سېغىنىۋاتقانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. ئۇ بوتۇلكىدا يەنە ئازراق ھاراق بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن:

— ھاراق دېگەن سەنمىدىڭ! ھۇ لەنىتى ئىپلاس! مېنى ۋەيران قىلغان سەنغۇ؟! — دېگىنىچە بوتۇلكىنى ئۆزى يۆلىنىپ تۇرغان سېمونت تۈۋرۈككە ئۇردى. جاراڭ - جۇرۇڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن بوتۇلكا پارچە - پارچە بولۇپ يەرگە چۈشتى. بوتۇلكىنىڭ سۇنۇقلىرى ھاشىمجاننىڭ قولىنى جىجاپ قانغا بويۇۋەتتى. ئۇ ئاچچىقىدا: «ھۇ! دوستلۇققا يارىمايدىغان سارالڭ، سېنى دەسسىۋېتىمەن!» دەپ بىر تېپىۋىدى، سېمونت تۈۋرۈك پۇتىنى قاتتىق ئاغرىتىۋەتتى - دە، «ۋاي پۇتۇم» دەپ جايىدا ئولتۇرۇپلا قالدى. ھاشىمجان بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان قوش چىراغنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ماشىنا ئىكەنلىكىنى پەم قىلدى بولغاي:

— ھەي شوپۇر ئۇستام مېنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويۇڭ، گەپ ئاڭلاڭ، توختاڭ دېدىم - توختاڭ. . . ، — دەپ تۇۋلىغىنىچە ماشىنىنىڭ ئالدىغا قاراپ دەلدەڭشىپ يۈگۈردى. . . ماشىنا غارت! . . قىلىپ توختىدى، ھاشىمجان يولغا يىقىلدى. ئۇنى ماشىنا سوقۇۋەتكەنىدى. شوپۇر ماشىنىدىن چۈشۈپ، سۇنايلىنىپ ياتقان ھاشىمجاننىڭ بېشىنى كۆتۈرۈۋېدى، ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىخسىغان ئاچچىق ھاراقنىڭ بەدبۇي پۇرىقى شوپۇرنىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلدى.

شوپۇر ئۇنى ئۆز جايىغا ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئەتراپقا قاراپ ئادەم يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن، ماشىنىسىنى ھەيدەپ تىكىۋەتتى. ئەتىسى ئەتىگىنى ھاشىمجان بالنىستقا

ئىلىندى. ئۇنىڭ بىر پۇتى ئىككى جايىدىن سۇنۇپ كەتكەن بولۇپ، سۇنغان جاي گىپىس بىلەن قاتۇرۇلدى. بىر مەزگىل داۋالانغاندىن كېيىن، سۇنغان جايمۇ خېلى ياخشىلىنىپ، قوش بالداق بىلەن تەستەرەك ماڭالايدىغان بولدى. ئۇ، دوختۇرخانىدا يەنە مەلۇم ۋاقىت داۋالىنىشى كېرەك ئىدى، ئەمما شوپۇرنىڭ تېپىلمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاشىمجان ھاراق ئىچىپ يولنى خاتا مېڭىپ زەخىملەنگەنلىكى ئۈچۈن، داۋالىنىش راسخوتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆزى ئۈستىگە ئېلىشقا توغرا كەلدى. لېكىن ھاشىمجاننىڭ ئىقتىساد قىلغان پۇلى يوق ئىدى. شۇڭا ئىدارىسى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۇنىڭ داۋالىنىشىغا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ياردەم قىلدى. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ دۇنيادا داۋالىنىش ئۈچۈن «يانچۇق تۇم» بولۇشى كېرەك، ئۇنداق بولمىسا، خاتىرجەم داۋالىنىمەن دېگەننى خىيال ئەيلىمىسەڭمۇ بولىدۇ. ھاشىمجان شۇ سەۋەبتىن تولۇق ساقىيالماي تۇرۇپلا دوختۇرخانىدىن چىقىشقا مەجبۇر بولدى. ھاشىمجان ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، ئۇنى ئۆيىنىڭ تۆت تېمىلا قارشى ئالدى، ئىككى قولتۇقىدىكى بالداق ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن يۆلەنچۈكى ۋە ياردەمچىسى بولۇپ قالدى. ھاشىمجان دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن، ياخشىراق كۈتۈنۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىدى. ئۇ كۆپ ۋاقىتلاردا نان بىلەن چاي ئىچتى. ھاشىمجاننىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ھاشىمجاننى باقتى، لېكىن يېزىنىڭ تۈگىمەس ئىشلىرى كۈتۈپ تۇرغاچقا ئۇلار ئامالسىز كېتىپ قېلىشتى. ئۇنىڭ دوست - بۇرادەرلىرى، خىزمەتداشلىرىمۇ يوقلاپ تۇردى، لېكىن ئۇلارمۇ ئۆز ئىشلىرىنىڭ ئالدىراشلىقىدا كەلمەس بولدى. «قوشنا بولساڭ يۆلەك بول، بولمىسا بۆلەك بول» دېگەنىدەك، ئۆز ۋاقتىدا ھەلىمەنىڭ ياخشىلىقىنى كۆپ كۆرگەن سابىراخۇن ئەر - خوتۇن مۇشۇ كۈنلەردە ھاشىمجانغا ئاتا - ئانىسىدىن چارە

كۆيۈندى. ئۇنىڭ ئىككى پەرزەنتى دىلخۇمار بىلەن قەيسەرجانمۇ دادىسىنىڭ بىچارە ھالىتىنى ئاڭلاپ بىرنەچچە قېتىم كەلدىيۇ، لېكىن سەبىيلەرنىڭ قەلبى، دادىسىنىڭ ۋاپاسىزلىقى، رەھىمسىزلىكى ۋە ئالا كۆڭۈللۈكى بىلەن جاراھەتلەنگەنلىكى سەۋەبىدىنمىكىن، كېيىن ئۇلارمۇ كەلمەس بولدى. ھاشىمجان يەنىلا يالغۇز قالدى. ئۇ، شۇ تەرىقىدە ئۈچ ئاي قىشنى ئۆتكۈزدى، بۇ ئۈچ ئاي ئۇنىڭغا ئۈچ يىلدەك بىلىنىپ كەتتى. نېمە ئامال بار؟ ئۇ، يەنىلا ئۆيىدە يالغۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتماقتا ئىدى. گەرچە ئۇ، ئۆيىدە تۇرغاندا داۋالىنىشنى توختىتىپ قويمىغان بولسىمۇ، ئەمما يوتا قىسمىدىكى سۇنۇقنىڭ ساقىيىشى ناھايىتى ئاستا بولماقتا ئىدى. شۇڭا ئازراق مىدىرلىسىلا سۇنغان جايىنىڭ زىڭىلداپ ئاغرىشى ئۇنى قاتتىق ئازابلايتتى، ئۇ مۇشۇ ئازابتىن قورقۇپ ئارتۇقچە مىدىرلىمايتتى، ماڭمايتتى. شۇ سەۋەبتىن ھاشىمجان تاماق قىلىپ يېيەلمەي بەكمۇ قىينالدى. بولۇپمۇ ھاۋۇللاپ تۇرغان ئۆيدىكى غېرىبلىق ئۇنى نۇرغۇن ئىشلارنى ئەسلەشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇ، ھەلىمەنى ئويلىغاندا يۈزلىرى قىزىرىپ، پۇشايمان ئىچىدە ياش تۆكتى. پەزىلەگۈلنى ئويلىغاندا غەزەپتىن چىشلىرى غۇچۇرلاپ كېتەتتى... ئۆي ئىچى يەنىلا جىمجىت، ئۆينىڭ تۆت تېمىدىن سادا يوق.

— ئاھ!... تەگرى مېنىڭ گۇناھىمنى كەچۈرگىن!...

ھاشىمجان ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۆكسۈپ يىغلاپ تاشلىدى. ئۇ، بېشىنى تۇتۇپ خىيالغا پاتتى: «مېنىڭ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىمدىكى ئاساسىي سەۋەب زادى نەدە؟ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولدى؟» ھاشىمجان ئويان ئويلاپ، بويان ئويلاپ ئاخىر بۇنىڭغا قىسمەن جاۋاب تاپتى:

«مېنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىمدىكى ئاساسىي سەۋەب رىستوران ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن ۋاپاسىزلىق ۋە

شەھۋەتپەرەسلىك بولدى!» ئۇ ئۆز - ئۆزىگە چىن يۈرەكتىن خىتاب قىلدى: «ھەي ھاشىمجان، سېنى كەيپ - ساپا، ئەيش - ئىشرەت، ئىسراپخورلۇق ھاڭغىغا ئىتتىرىگەن رېستورانغا توي!... گۈلدەك ئائىلەڭنى ۋەيران قىلىشقا سەۋەبچى بولغان ئىشقىۋازلىقىڭغا توي!... نارەسىدە باللىرىڭنى يېتىم قىلىشقا سەۋەبچى بولغان ۋاپاسىزلىقىڭغا توي! ئاھ، خۇدا مېنى كەچۈر! مەن سېنىڭدىن، رېستوراننىڭ نامىنى ئاڭلىسا جېنى سۆيۈنۈپ كېتىدىغان ماڭا ئوخشاش نادان كىشىلەرنىڭ مەن ماڭغان يولدىن ھەزەر ئەيلىشىنى، مەن ئۇچرىغان ئاچچىق كۆلپەتلەرنى ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە سېلىشىڭنى ھەر ۋاقىت ئىلتىجا قىلىمەن!»

ھاشىمجان يەنىلا سەللىمازا ساقىيىپ بولالمىدى، ئىككى قولتۇقىدىكى بالداق ئۇنىڭ بىردىنبىر يۆلەنچۈكى بولۇپ تۇرۇۋەردى. كېسەللىك ۋە يالغۇزلۇق ھاشىمجانغا ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئازابلارنى ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇ يالغۇزچىلىقتا كۆپ ئىشلارنى ئويلىدى. خاتا قىلغان ئىشلىرىغا ئېچىندى. بولۇپمۇ ھەلىمە ۋە ئىككى پەرزەنتىنى خارلىغان، تىللىغان ۋە ئۇرغان نەچچە قېتىم ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغان ئىشلىرى ئېسىگە كېلىپ قالسىلا ئۆزىگە غەزەپلىنەتتى، ئۆزىنى ئۆزى ئۇرۇۋەتكۈسى كېلەتتى. مانا بۈگۈن ئۆيدە يەيدىغان بىرەر پارچە قاتتىق نان ياكى مېۋە - چېۋىدەك ھېچ نەرسە قالمىغانىدى (قوشنىسى سابىراخۇن ئەر - خوتۇن ئەتىگەندىلا بىر ئىش ئۈچۈن چىقىپ كەتكەنىدى). ئۇ ئەتىگەندە بىر پىيالە قايناق سۇ بىلەن ناشتا قىلغاندىن باشقا بىر بۇردا نان ياكى بىر قوشۇق غىزا يېمىگىلى بىر كۈن بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ كورۇلداپ كەتتى. قايناق سۇ ئىچىپ، بەلبېغىنى چىڭىتىپ باقتى. بۇ چارىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئاچلىق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرالمىدى. قوشنىلىرىغا بىر نېمە

دېيىشتىن خىجىل بولدى، ھاشىمجان كېسەل بولۇپ قالغاندىن بۇيان، مۇشۇنداق ئىشقا بىرنەچچە قېتىم دۇچ كېلىپ، ئۇ «ئۆتكەل» لەردىنمۇ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. لېكىن بۈگۈنكى ئاچلىق ۋە روھىي ئازاب ئۇنى بەكمۇ قىينىدى. ئۇ ئاخىر چىدىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، بۇ ئازابلاردىن بىر يوللا قۇتۇلماقچى بولۇپ بالداق بىلەن بالكونغا چىقتى - دە، پەسكە قاراپ جىمجىت تۇرۇپ قالدى. ئۇنى قارا تەر باستى، كىيىملىرى ھۆل بولۇپ، بەدەنلىرى تىترەپ كەتتى. ئۇ نېمىنىدۇر ئويلىغىنىچە خىيالغا پاتتى... شۇ دەقىقە ئىچىدە ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە، ھەلىمەنىڭ «ھايات ھەممىدىن ئۇلۇغ، ئۇنى قەدىرلەش كېرەك» دېگەن بىر جۈملە سۆزى ئەكس سادا ياڭراتقاندەك بولدى - دە، چۆچۈپ ئىسىگە كەلدى ۋە كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا، بالداقنىڭ ياردىمى بىلەن يەنە ئۆيگە قايتىپ كىرىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزىدىن چىقىۋاتقان ياش مەڭزىنى بويلاپ ئۆسۈپ كەتكەن ساقاللىرىنى سىيپاپ ئۆتۈپ، كىرلىشىپ كەتكەن چاپىنىنىڭ مەيدىسىگە چۈشمەكتە ئىدى. ئۆينىڭ تۆت تېمىمۇ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ سۈكۈتتە تۇرغاندەك بىلىنەتتى.

«ۋاي دەردىما!... ئاللاھ گۇناھىمنى كەچۈرسە بولامدۇ؟ ئاھ، مېھرىبان ھەلىمە، سىز نەدە؟ سىزگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلىپتىمەن. مېنى كەچۈرەرسىزمۇ؟ ئەگەر كەچۈرسىڭىز ئۆلسەممۇ كۆزۈم يۇمۇلاتتى!... جان جىگەر بالىلىرىم، سىلەر قېنى؟ سىلەرنى بەكمۇ سېغىندىم».

ھاشىمجان ئەنە شۇنداق پىچىرلاۋېتىپ، ئۆزى، ھەلىمە، دىلخۇمار ۋە قەيسەرجان تۆت كىشى بىرلىكتە چۈشكەن سۈرەتنى تاشلاپ قويغان يېرىدىن ئاۋايلاپ قولىغا ئالدى - دە، يۈزىگە چىڭ باستى. ھاشىمجاننىڭ كۆز ياشلىرى رەسىم ئۈستىگە قونغان توپا - چاڭلارنى پاكىز يۇيۇشقا باشلىدى!...

شۇ ئەسنادا ئىشىك يېنىك ئېچىلىپ قىزى دىلخۇمار بىلەن ئوغلى قەيسەرجان كىرىپ كەلدى. ئۇلار تەڭلا: «دادا ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ، بىز سىزنى سېغىنىپ كەلدۇق» دېگىنىچە ئۆزىنى ھاشىمجاننىڭ قۇچىقىغا ئاتتى. ھاشىمجاننىڭ كۆز ياشلىرى ئۇماق باللىرىنىڭ يۇمران يۈز - كۆزلىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى.

— جېنىم باللىرىم، ئاپاڭلار قېنى؟ — دەپ سورىدى ھاشىمجان كۆز ياشلىرىنى ئاران توختاتقىنىچە سوراپ.

— ئاپام ئەنە، — دىلخۇمار، قەيسەرجان تەڭلا چۇرقىرىشىپ ئىشىك تەرەپنى كۆرسىتىشكە سابىراخۇن ۋە ئايالى سەلىمىخان ھەلىمەنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ھاۋاخاننىڭ ھەمراھلىقىدا، ھەلىمە قولىدا داستىخانغا ئوراقلىق بىر تۇگۇنچەكنى كۆتۈرۈپ، ئايرىلغىلى بىر يىلدىن ئارتۇق بولغان ئۆزىنىڭ ئۆيىگە قايتا كىرىپ كەلدى. بۇلارنى كۆرۈپ ھاشىمجاننىڭ خۇشاللىقىدىن يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك قاتتىق ھاياجانلانغان بولسىمۇ، ئەمما يېڭى توي قىلىدىغاندەك گۈزەل بولۇپ كەتكەن ھەلىمەنىڭ چىرايىغا لاپپىدە بىر قاراپلا قاتتىق ئۇيالغىنىدىن پېشانىسىنى تۇتقانچە يەرگە قاراۋالدى. راستىنى ئېيتقاندا، ھاشىمجان ئۇنىڭغا شۇنچە ئەسكىلىكلەرنى قىلغان بولسىمۇ، ئۇن يىل بىرگە ئۆتۈپ ئىككى بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ قالغان ھەلىمەنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. ئۇ ھاۋاخاننىڭ ئىما - ئىشارىتى بىلەن كۆپچىلىكنىڭ ھاشىمجاندىن تىنچ - ئامانلىق سوراشقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ:

— ھاشىمجان، مەن سىزنى يوقلاپ كەلدىم، ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ — دېگىنىچە قولىدىكى تۇگۇنچەكنى يېشىپ، ھورى چىقىپ تۇرغان بىر تەخسە پېتىر مانتا بېسىلغان پولۇنى ھاشىمجاننىڭ ئالدىغا قويدى. ۋاپادار، مېھرىبان ئايالى

ھەلىمەنىڭ ئۆزىنى چىن دىلىدىن ئەپۇ قىلىپ، يوقلاپ كەلگەنلىكىگە ھەقىقىي ئىشەنگەن ھاشىمجان ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئىككى ئالىقىنى بىلەن يۈزىنى قاماللىغىنىچە ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى. ھاشىمجاننىڭ يىغىسى دولقۇنجان ۋە ئۇنىڭ ئايالى مەريەم «نىكاھقا تىزىملىتىش جەدۋىلى» نى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىرگەندە ئاندىن توختىدى. ئارقىدىنلا بۇ بىنانىڭ قارشى تەرىپىدىكى مەھەللىنىڭ مەسچىت ئىمامى ئابدۇقېييۇم ھاجىم بىر قولىدا «قۇرئان كەرىم» نى كۆتۈرۈۋالغان يەنە بىر مويسىپىتنى باشلاپ: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مۇبارەك بولسۇن ئۇكىلىرىم!» دېگىنىچە بۇ ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

*　　　　　*　　　　　*

بۇ يىلقى باھار يىللاردىكىدىن بۇرۇنراق كەلدى. شۇڭا بۇ گۈزەل دىيارنىڭ باغلىرىدىكى ئاق كىشمىش، سېرىق كىشمىش قاتارلىق داڭلىق ئۆرۈكلىرىمۇ بالدۇر چېچەكلەپ، بۇ گۆھەر زېمىنغا ئۆزگىچە گۈزەللىك ئاتا قىلغانىدى. باش باھاردىكى ئۆرۈك چېچەكلىرىنىڭ ھىدى دىماققا ئۇرۇلۇپ كىشىلەرنىڭ قەلبىدە بىر خىل شېرىن سېزىم پەيدا قىلاتتى. ھەلىمەنىڭ ھەر جەھەتتىن كۆڭۈل قويۇپ كۈتۈشى بىلەن ھاشىمجاننىڭ سالامەتلىكى خېلىلا ياخشىلىنىپ، ھاسا بىلەن ماڭالايدىغان بولغانىدى. بۈگۈن ئۇ ھەلىمەنىڭ ھەمراھلىقىدا ئىككى بالىسىنى ئېلىپ گۈل - چېچەككە ئورالغان «خەلق باغچىسى» نى ئارىلاپ سەيلە قىلماقتا ئىدى. ھاشىمجان ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ بىر تۈپ ئۆرۈكنىڭ يېنىدا توختىدى - دە، بىر تال چېچەكنى ئۈزۈۋېلىپ، ئۆزىنى قولتۇقلىۋالغان ھەلىمەنىڭ تۇرمەكلىۋالغان چېچىغا ئاۋايلاپ قىستۇرۇپ قويۇپ، ھەلىمەگە بىر نېمە دېمەكچى بولدىيۇ، ئەمما دېيەلمىدى.

ھەلىمە ھاشىمجاننىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەك:
— رەھمەت، دېگىنىچە پىسسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى. بۇ ئىشنى كۆرۈپ قالغان دىلخۇمار بىلەن قەيسەرجان: «ياخشى بولدى، دادام ئاپامنىڭ چېچىغا گۈل قىسىپ قويدى» دەپ چاۋاك چېلىشىپ چۇرقىرىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كۈلكىسى باغچىنى بىر ئېلىپ، بۇلبۇللارنىڭ سايرىشى بىلەن بىرلىشىپ لىرىكىلىق بىر مۇزىكىغا ئايلانغاندەك بولدى. بۇلۇتسىز ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن قۇياش بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ شادلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇغاندەك ئىللىق نۇرلىرىنى ئۇلارغا سېخىيلىق بىلەن سەپمەكتە ئىدى.

2001 - يىلى، كۇچا

# چۈشىنىش

– ھېلىماخۇن مەن دېگەن ھېلىقى ئىشنى ئويلاپ كۆردىڭمۇ؟– دېدى رابىيەم ئېرى ھېلىماخۇنغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ.

– قايسى ئىشنى دەيسىلە ئانىسى؟ – دېدى ھېلىماخۇن ھەيران بولغاندەك.

– پارنىك ياساش ئىشىنى - چۇ؟

– ئەجەب چاپلاشتى سىلىگە شۇ پارنىكنىڭ جىنى، – دېدى ھېلىماخۇن رەللى بولغاندەك رابىيەمگە قاراپ...

– مەن ئازراق بولسىمۇ ئالدىمىزغا مېڭىپ قالارمىزمىكىن دەپ شۇنىڭ غېمىدە. پارنىك قىلىپ باقساق نېمە بولىدۇ دەيمەن؟ ياپسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ دەپ ئولتۇرمىزمۇ ئەمدى. سىلىگە پارنىك تېخنىكىسى، پەمىدۇر ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى دېگەندەك كىتابلارنى ئەكېلىپ ئوقۇپمۇ بەردىم، ئەلۋەتتە بىر ئەر كىشى بولغاندىكىن چىڭراق دەسسىسىلە...

– بۇ گەپنى بەكمۇ تولا دەپ كەتتىڭلا خوتۇن! ئەمما زە، كونىلارنىڭ «يەتتە ئۆلچەپ، بىر كەس» دېگەن سۆزىنى ئۇنتۇمايلى. قىسقىسى، بۇنداق ئىشەنچىسىز ئىشنى قىلىمەن دەپ بېشىمنى تولا ئاغرىتماڭلا.

– ماقۇل، مېنىڭ گېپىمغۇ ئىشەنچىسىز بولسۇن، ئاۋۇ كۆكتاتچى نۇرساخان توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگىنىمگىمۇ ئىشەنمەمدىلا، ئۇنداقتا بۇ كىتابقىچۇ؟ كىتابتا يېزىلغان ماۋۇ گەپلەرگىغۇ ئىشىنەلا؟

– كىتابتىكى گەپنى راستمۇ دەيلى، بىراق، سىلىنىڭ بۇ

ئىشنى جايىدا قىلالىشىڭلىغا زادىلا ئىشەنچ قىلالمايمەن، ــ دېدى ھېلىماخۇن گەپنى چورتلا ئۈزۈپ...

ــ بۇ ئۇنچىۋالا قورقۇپ كەتكۈدەك ئىش ئەمەس، ئوغۇل بالىدەك بەلنى چىڭ باغلىساقلا قىلىپ كېتەلەيمىز، ــ دېدى رابىيەم قەتئىيلىك بىلەن.

ــ ئاتا ـ بوۋىمىز قىلىپ باقمىغان ئىشنى قىلىپ، زىيان تارتىپ قالارمىزمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىۋاتىمەن، خوتۇن، ــ دېدى ھېلىماخۇن تېرىكىپ...

خېلىدىن بېرى يا ئۇيان، يا بۇيان بولماي كەلگەن، ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان پارنىك قۇرۇش جېدىلى ھېلى دوق بىلەن، ھېلى زەردىلىك گەپلەر بىلەن دېيىلىپ ئاخىر ھېلىماخۇننىڭ چاپان چۆرۈپ سىرتقا چىقىپ كېتىشى بىلەن توختاپ قالدى.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتتى. لېكىن، بۇ ئائىلىدىكى پارنىك قۇرۇش مەسلىھەتىنىڭ ئايىغى چىقمىغانىدى.

رابىيەمنىڭ پارنىك ياساپ، كۆكتات تېرىش ئارزۇسىنى بىلىۋالغاندەك، «يار» يېزىسىدىن «بوستان» كەنتىگە بىر سالا تېرىلغۇ يەرنى ئاجرىتىپ، پارنىك ياساپ دېھقانلارغا كۆتۈرە بېرىش ھەققىدە جىددىي ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىنىپ تەييارلىق خىزمەتلىرى باشلىنىپ كەتتى. رابىيەم جېنى تىرىلگەندەك بەكلا خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئوي ـ خىيالى ئاشۇ سېلىنىۋاتقان پارنىكلاردىلا ئىدى. پارنىكلار تېزراق پۈتسە چوڭراق پارنىكتىن بىرنى باشقۇرسا، ئۇنىڭ ئىچىگە مۇچ، پەمىدۇر، پالەك... دېگەندەك كۆكتاتلارنى تېرىسا، پەمىدۇرلىرىنى نورساخاندەك يەتتە كويدىن ساتمىسىمۇ، تۆت ـ بەش كويدىن ساتسا، دېھقانلارمۇ شەھەرلىكلەردەك يېڭى كۆكتات يېيەلىسە... ئۇ، شۇ ئارمان بىلەن كۈنلەرنى ساناپ ئۆتكۈزمەكتە ئىدى.

ــ مەھەللىدە بولۇۋاتقان پاراڭلارنى ئاڭلىمىدىڭلىمۇ؟

كەنتىمىزگە سالغان پارنىكلارنى ھەقسىز كۆتۈرەگە بېرىدىكەن. پەقەت پارنىكنىڭ قىشتا سوغۇقتىن ساقلاش يېپىنچىسىنىڭ پۇلىنى ئەڭ تۆۋەن باھا بويىچە، ئىككى يىل ئىچىدە قايتۇرساقلا بولىدىكەن. يەنە تېخى، تېخنىك خادىملار تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكلەپ يېقىندىن ياردەمدە بولىدىكەن. ھۆكۈمەت مۇشۇنداق قوللاۋاتسا، بىز يەنە نېمىشقا كەينىمىزگە داجىپ سوگىمىزغا دەسسەپ، دولىمىزنى چىقىرىپ ئولتۇرىمىز؟!...

— بىزدىچۇ، ھەممە ئىشنىڭ بېشى مۇشۇنداق چىرايلىق ياغلىما گەپ بىلەن باشلىنىدۇ. بىراق، ۋاقتى كەلگەندە نۇرغۇن ئىشلار دېيىلگەندەك بولماي قالىدۇ. شۇ چاغدا چىرايلىق گەپ تۇرماق، ئىشنىڭ ئىگىسىنىمۇ تاپالمايسەن. قىزىل يۈزلۈك ئادەملەر بىز، يەنە كەنت مۇدىرىغا ئېسىلىۋالغىلى بولاتتىمۇ؟ — دېدى ھېلىماخۇن خوتۇنىنىڭ گېپىگە ئېتىراز بىلدۈرۈپ.

— ھوي، دادىسى، گەپ كادىرنىڭ ئۈستىدە ئەمەس، پارنىك ھەققىدە بولۇۋاتىدۇ. سىلى زادى پارنىك كۆتۈرە ئېلىشىمغا قوشۇلامدىلا - يوق؟...

— ھەجەپ تۇگىمىدى شۇ پارنىكنىڭ گېپى، سەن ھاماقەت خوتۇننىڭ بېشى چۆرگىلەپ قالغان ئوخشايدۇ، جۇمۇ!

— مەن پارنىكقا سېزىك بولۇپ قالمىدىم. بىزدە: «تەدبىرىڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولىدۇ» دەيدىغان گەپ بار، بىز قاچانغىچە ئاشۇ ئازغىنە يەرگە قاراپ، سېرىقتال تۇرمۇش كەچۈرۈپ ئۆتىمىز؟...

— ھەي خوتۇن، سەن نېمانچە ئەخمەق، سېنىڭچە پارنىك ئېلىپ كۆكتات تېرىپ، جىگلاپ - سەرلەپ كۆكتات سېتىپ باي بولغىلى بولىدىكەن - دە؟ سورۇشتۇرۇپ باقە، نەچچە يىلدىن بۇيان پارنىكتا كۆكتاتچىلىق قىلىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ قايسىبىرىنىڭ بوسۇغىسى ئالتۇن بولۇپ كېتىپتۇ دەپ

ئاڭلىدىڭ؟! ئۇلارمۇ دەردىنى ئۆزى بىلىدۇ. گەپ قىلمىسام، تېخى نەدىكى بىر كىتابلارنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، خەت تونۇيدىغانلىقىڭنى پەش قىلىپ، مېنىڭ ئالدىمدا پەن - تېخنىكىدىن گەپ ئاچىسەن. مەنچۇ خوتۇن، ساۋاتسىز بولغىنىم بىلەن نى - نى داش قازانلاردا قايناپ چىققان ساۋاتلىقمەن، مېنىڭ ئەمدى بۇ ھەقتىكى تۇگىمەس گەپلىرىڭنى ئاڭلىغۇم يوق...

— مەنمۇ سىلىگە دەپ قويااي، قارارىمدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيمەن، پارنىك كۆتۈرە ئالغىنىم ئالغان.

— ئۆز مەيلىڭچە ئىش قىلىشىڭغا يول قويمايمەن.

— مەنمۇ سىلى سىزىپ بەرگەن سىزىقتا ئەمدى ماڭمايمەن.

— گېپىمنى ئاڭلىمىساڭ يول ئەنە، ساڭا بېرىدىغان پۇلۇممۇ يوق...

— ھۇ ئالجىغان ساراڭ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بۇ ئۆينىڭ دەردىنى ئاز تارتتىمما؟ مانا ئەمدى مۇشۇ ئۆي ئۈچۈن بىر ئىش قىلىپ باقايلى دەپ قويغىنىمغا ئەنە يولما؟

رابىيەم گېپىنى دەپ بولغۇچە، ھېلىماخۇن دەرۋازىدىن چىقىپ بولغانىدى.

«پۇل بەرمىسەڭ بەرمە، مەنمۇ بۇ ئىشنى قىلغىنىم قىلغان. سەن تەرساغا يالۋۇرغىچە، — دېدى رابىيەم ئۆپكىدەك قىزىرىپ يىغلىغىنىچە ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ، — ئىسىت سەن بىلەن ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرۈم» ئۇ كۆزلىرىدىن سىرغىپ چىققان ئىككى تامچە ياشنى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، قارا بۇلۇت ئارىسىدىن سۇزۇلۇپ چىقىۋاتقان قۇياشقا قاراپ ئېغىر ئۇھسىنىدى.

رابىيەم شۇ ئولتۇرغىنىچە، قولى ئىشقا بارماي كۈننى كەچ قىلدى. كەچلىك تاماق ۋاقتىدا، قىزى رەيھاننىڭ ئوخشىتىپ ئەتكەن ئۇگرىسىمۇ ئاغزىغا تېتىمىدى. ئۇ بىر كېچە كۆز يۇمماي

چىقتى. ئەتىسى سوبھى بىلەن تەڭ ھېچكىمگە گەپ قىلماي چىقىپ كەتتى. باغباراڭنى يوقلاپ كىرگەن ھېلىماخون بالىلاردىن «ئاپاڭلا قېنى؟» دەپ سوراشنى بىئەپ كۆردىمۇ، چىش يېرىپ بىر نېمە دېمىدى. بەلكىم، بالىلارنىڭ بىر - بىرىدىن ئاپىسىنى سوراشقىنىنى كۆرۈپ، سورىغانىنىڭمۇ پايدىسى يوقلۇقىنى بىلگەن بولسا كېرەك. يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان بالىلارمۇ ئەزەلدىن تىنچ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بۇ ئائىلىدىكى جېدەلدىن بۇرۇقتۇرما بولغانىدى. رابىيەم شۇ ماڭغىنىچە يېزىنىڭ «بوستان» كەنتىنى نۇقتا قىلىپ ئىشلەۋاتقان كادىر روشەنگۈلنىڭ ياتىقىغىلا ئىزدەپ باردى. ئۇ روشەنگۈلنىڭ ئىللىق مۇئامىلىسى ۋە رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن كېلىش مەقسىتىنى ئېيتتى. ئاخىرىدا ھېلىماخۇننىڭ ئون نەچچە يىل ئۆي تۇتقان قەدىناسى تۇرۇپ ياخشى كۆڭلىنى چۈشەنمىگەنلىكى، ھەتتا پۇل قەرز بېرىپ تۇرۇشقىمۇ يارىماي، «مەندىن مىراس تەلەپ قىلدىڭ» دەپ دىلىغا قاتتىق ئازار بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

— ھېلىمكام ئاغزىدا دەپ قويغان بىلەن ئۇنچىلىك قىلىپ كەتمەس، سىلىنى جاپا تارتىپ قالمىسۇن دېگەندۇ شۇ.

— روشەنگۈل سىڭلىم، سىز ماڭا بىر ئامال قىلىپ پۇل ھەل قىلىپ بەرسىڭىز، كۆكتاتلارنى ساتقاندىن كېيىن ئۆسۈمى بىلەن قايتۇراي، — دېدى رابىيەم كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، — مېنىڭ بىر مو يەرنىڭ پارنىكىنى باشقۇرغۇم بار ئىدى. بەش مىڭ كوي ئەتراپىدا پۇلنىڭ ئامالىنى قىلىپ توختامىلىشىپ تۇرسام، قالغىنىنى مۇددەتكە بۆلۈپ تۆلىسەم. ئىككى - ئۈچ يىلدا قەرزنى ئۈزۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن نەق كىرىمگە ئىشلەشكە كۆزۈم يېتەتتى. سىز ماڭا دەسلەپتە تۆلەيدىغان بەش مىڭ كوينىڭ ئامالىنى قىلىشىپ بەرسىڭىز.

روشەنگۈل رابىيەمنىڭ مۆلدۈردەك تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى. «كىيىم - كېچەك زىبۇ - زىننەتنىڭ غەلۋىسى بىلەن بىر ئۇبدان ئائىلىسىنى خازاندەك تۇزۇتىۋەتكەن ئاياللارغۇ كۆپ ئۇچرايدىكەن، لېكىن بۇنداق ئۆز ئالدىغا ئىش قىلىپ پۇل تاپىمەن دەپ ھالى قالمايدىغان ئاياللار كۆپ ئەمەس. يەنە كېلىپ يېشى بىر يەرگە بارغان رابىيەم ئاچامغا نىسبەتەن بۇنداق بىر ئىرادىگە كەلمەك ئاسان ئەمەس» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن روشەنگۈل رابىيەمگە تەسەللى بەرگەچ:

— يىغلىمىسىلا رابىيەم ئاچا، مەن دەرھال تەشكىل بىلەن ئالاقىلىشىپ پۇلنىڭ ئامالىنى قىلىپ كۆرەي، سىلى ئۆيلىرىگە قايتىپ، ھېلىمكام ۋە باللار بىلەن يەنە بىر قېتىم مەسلىھەت قىلىپ كۆرسىلە، بۇ يالغۇز پۇلنىڭلا ئىشى ئەمەس. پارنىكنىڭ بىر - بىرىگە چېتىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلىرى بار. ئائىلىدىكىلەر ھەمكارلاشساڭلار تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.

* * *

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتتى. كەچلىك تاماق ۋاقتىدا، رابىيەم بەش مىڭ يۈەن پۇلنىڭ چېكىنى داستىخان ئۈستىگە قويدى.

— روشەنگۈل بىز دېھقانلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان ياخشى كادىر ئىكەن. ئۇ ماڭا بەش مىڭ يۈەن قەرز پۇل ھەل قىلىپ بەردى. كەنتتىن بىر تۇتاش ياسالغان پارنىكلارنى ئەتە تەقسىملەيدىكەن. مەن ئەتە كەنتكە بېرىپ پارنىك كۆتۈرە ئېلىش توختامنامىسىنى ئىمزالايمەن. پايدا - زىيانغا ئۆزۈم ئىگە، بۇ ئائىلىگە ھېچقانداق ئېغىرچىلىقى سالمايمەن، — ئۇ شۇنداق دېدى - دە، خۇددى مەكتەپتە ساۋاقداشلىرى تەرىپىدىن يەكلىنىپ، يېتىم قالدۇرۇلغان كىچىك بالىدەك ئۈمچىيىپ، ئاستاغىنا يان ئۆيگە چىقىپ كەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭغا

بالىلىرىنىڭ كۆزىچىلا ھېلىماخۇنىنىڭ سوغۇق نەزىرىدە قارىشى بەكلا ئەلەم قىلغانىدى.

رابىيەم ئىش باشلىدى. خۇددى تەڭرى ئۇنىڭغا يۆلەك بولۇۋاتقاندەك ھەممە ئىشلىرى بىر ئوبدانلا يۈرۈشۈپ كېتىۋاتاتتى، رابىيەمنى ئەڭ خۇشال قىلغىنى، يېزا ۋە كەنت رەھبەرلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن يەن - تېخنىكا خادىملىرى بىر تۈركۈم پەمىدۇر، مۇچ مايسىسىنى كۆچۈرۈشكە ئەكېلىپ بەردى. رابىيەم تەلەپ قىلىپ يۈرۈپ مايسىنى كۆپرەك ئېلىپ، پارنىكنىڭ ئالىقانچىلىك يېرىنىمۇ بوش قالدۇرماي پەمىدۇر، مۇچ كۆچۈردى. مايسا كۆچۈرۈلگەن يەردىن ئۇنۇملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈن چۆنەكلىرىنىڭ قېشىغا ئاق تۇرۇپ تېرىدى.

شۇ كۈنلەردە، پارنىك رابىيەمنىڭ بارلىقى بولۇپ قالدى. تامىقىنىمۇ پارنىك ئىچىدە يەپ، ئۇ يەردىن پەقەتلا ئايرىلمىدى. رابىيەمنىڭ ئەجىر - مېھنىتى، ئارزۇ - ئارمىنى سىڭگەن مايسىلار تېزلا كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ھېلىمۇ بالىلىرى ئۇنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا - پۇت بولۇپ، ھېلىماخۇنىنىڭ تېخىچە بۇ يەرگە دەسسەپ قويمىغانلىقىنى بىلىندۇرمىدى، رابىيەمۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك چاندۇرماي يۈرۈۋەردى.

كۈنلەر شۇنداق ئۆتۈپ 60 ~ 70 كۈن بولغاندا، پەمىدۇر بىلەن مۇچنىڭ ئالدى بازارغا كىرگۈدەك بولدى. رابىيەمنىڭ چېھرىگە خۇشاللىق ئارىلاش تەشۋىش تېپىپ چىقتى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆز ئەجرىنىڭ مېۋە بەرگەنلىكىدىن سۆيۈنسە، يەنە بىر تەرەپتىن كۈندىن -كۈنگە قىزىرىپ رەڭ تۇزەپ كېتىۋاتقان پەمىدۇرلار، شاخ - شېخىنى كۆتۈرەلمەي ساڭگىلىشىپ كەتكەن مۇچلار، تۇخۇمدەك باش ئالغان ئاپپاق تۇرۇپلارنى قانداق قىلىپ زىيان تارتماي جايىدا بىر تەرەپ قىلىشنى ئويلاپ، بېشىنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قېتىپ كېتىۋاتاتتى.

«ئالەم قۇلاقلىق» دېگەندەك، رابىيەم پەمىدۇر، مۇچ،

تـۇرۇپلارنى سـېۋەتلەرگە قـاچىلاپ بازارغـا ئـاپىرىش ئۈچـۈن تەييارلىنىۋاتقاندا، كۆكتات سودىگەرلىرىدىن زاھىر تـۆگە بىلـەن سادىق سـۇپۇرگە يەردىـن ئۈنگەنـدەكلا كۆكتـات قاچىلانغـان سېۋەتلەرنىڭ يېنىـدا پەيـدا بولـدى. ئـۇلار سـېۋەتلەردىكى پەمىدۇرلارنىڭ ھەم قىزىل، ھەم دانىسىنىڭ خىللىقىغا قـاراپ، بۇلارنى ئۇياقتىن - بۇياققا مىدىرلىتىپ قويسىلا خېلى ئوبدان نەپ بېرىدىغانلىقىغا كۆزى يەتتىمۇ قانداق، كىرىشىپلا قالدى.

— سىڭلىم، بـۇ پەمىـدۇر ۋە تـۇرۇپلارنى مۇۋاپىـق باھـادا بەرسىڭىز ھەممىسىنى مەن ئـالاي، — دېـدى زاھىـر تـۆگە گەپ باشلاپ.

— مەنمـۇ ئـالىمەن، — دېـدى سـادىق سـۇپۇرگە سـەل قىزارغىنىچە جىددىيلىشىپ.

تـالاش - تـارتىش ئـۇزاق داۋاملاشـتى، رابىـيەم بـۇ تـۈنجى سـودىنى دەماللىقتـا قانـداق قىلىـشنى بىلەلـمەي سـەل ئىككىلىنىـپ تۇرغىنىـدا، نۇرسـاخاننىڭ «بـۇ پەمىـدۇرلارنى مۇشـۇنچىلىك قىلغـۇچە تارتىمغـان جاپايىم ئـاز قالـدى. بـۇنى ئويلىسام ھەر كىلوسىنى ئون كويدىن ساتساممۇ بـۇ پـۇل ماڭـا بېلىقتەك ھالال...» دېگەن سۆزى قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلىغاندەك بولـدى - دە، بىـر تەۋەككـۇل قىلىـپ بېقىـشنى كـۆڭلىگە پۈكتى...

— بۇ كۆكتـاتلارنى ھـازىرقى بـازار باھاسىـدىن ئـۈچ كويـدىن ئەرزىنىغـا بېـرەي، سـىلەرگىمۇ ئارىـدىن چـاي پـۇلى چىقمىـسا بولماس، — دېدى ئۇ كەسكىنلىك بىلەن.

— سىڭلىم پەمىـدۇرنىڭ ھەر كىلوسـىنى ئـالتە كويـدىن، تۇرۇپنىـڭ ھەر كىلوسـىنى تـۆت كويـدىن بېرىـڭ، مەن ھەممىسىنى ئـالاي، — دېـدى زاھىـر تـۆگە ئـالدى بىلەن باھا قويۇپ. سادىق سۇپۇرگىمۇ بـوش كەلـمەي زاھىـر تـۆگە قويغـان باھاغا ئازراق قوشقان بولـدى.

تاالاش ـ تارتىش يەنە ئۇزاق داۋاملاشتى. لېكىن، ھەر ئىككىسى بىر ـ بىرگە قىلچە يول قويمىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن رابىيەم بەكمۇ ئوڭايسىزلاندى ۋە پەمىدۇرنى ئالتە كويدىن، تۇرۇپنى تۆت كويدىن بېرىدىغانغا كېلىشىپ سېۋەتلەرنى تەڭ ئىككىگە بۆلۈپ ئۇلارنى ئوخشاش رازى قىلىپ يولغا سالدى.

ئۇلار مېڭىش ئالدىدا:

ـــ رەھمەت سىلىگە رابىيە سىڭلىم، پارنىكتىكى كۆكتاتلارنى بىزلا يۆتكەيلى، باشقا بىرىگە بەرمىسىلە، بىز ئەتە كەلگەندە ئالدىن زاكالەت پۇلى تاپشۇرۇپ قويايلى، ـــدېيىشتى.

رابىيەمنىڭ بۇ غېمىمۇ ئۆزلۈكىدىن ھەل بولغانىدى. ئۇ تۇنجى قېتىملىق سودىسىدىن خۇرسەن بولۇپ، ھېلىلا تېخى ھېسابى بىلەن بەرگەن پۇلنى ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىگەندەك قايتا ـ قايتا ساناپ چىقتى.

ـــ ئاپا، نەچچە پۇل بوپتۇ، ـــ دېدى 12 ياشلىق ئوغلى دىلمۇرات.

ـــ 1080 كوي بالام.

ـــ ئاپا، نېمانچە جىق؟ ئاشۇ نەچچە سېۋەت كۆكتاتلار مۇشۇنداق جىق پۇلغا يارىدىما؟ ئەگەر پارنىكتىكى ھەممىسىنى ساتساق، بىز راستتىنلا باي بولۇپ كېتىدىكەنمىز ـ دە، دېدى ھەيران قالغان دىلمۇرات.

ـــ پارنىكتىكى پەمىدۇر ۋە تۇرۇپلار تېخىمۇ كۆپ پۇل بولىدۇ، ـــ دېدى رابىيەم دىلمۇراتقا ئەللىك يۈەن پۇلنى سۇنۇپ.

ـــ ئاپا، ماڭا نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا جىق پۇل بېرىسىز؟ ـــ دېدى دىلمۇرات سەل ھەيران بولۇپ.

ـــ ئوغلۇم قىشتىن بۇيان پارنىكنىڭ جاپاسىنى سەنمۇ مەن بىلەن تەڭ تارتتىڭ. شۇڭا بۇ سېنى مۇكاپاتلىغىنىم بولسۇن، ـــ دېدى رابىيەم ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە مېھرى بىلەن سۆيۈپ.

— ئاپا سىز بەك جاپا تارتىپ كەتتىڭىز، ئورۇقلاپ قوللىرىڭىزمۇ قاداقلىشىپ كەتتى، بۇ پۇلغا مەن سىزگە قولىڭىزغا سۇرىدىغان ماي ئېلىپ بېرىمەن، يەنە پۇتىڭىزغا ئاياغ ئالىمەن، — دېدى دىلمۇرات ئاپىسىنىڭ يېرىلىپ كەتكەن قوللىرىغا سۆيۈپ تۇرۇپ.

رابىيەم كىچىككىنە ئوغلىنىڭ چوڭ ئادەمدەك قىلغان گەپلىرىدىن سۆيۈنۈپ، جىمى ھاردۇقلىرى چىقىپ كەتكەندەك ئۆزىنى يەڭگىل ھېس قىلدى. «ئەگەر ھېلىماخۇن جاپا تارتتىڭلار دېمىسىمۇ، بىرەر قېتىم كېلىپ قويغان بولسا قانچىلىك خۇشال بولۇپ كېتەر ئىدىم - ھە» دەپ ئويلىدى ئىچىدە رابىيەم.

پارنىكتىكى پەمىدۇر ۋە تۇرۇپلار مۆلچەردىكىدىن ياخشى پۇل بولدى. رابىيەم پارنىك كۆتۈرە ئالغان تۇنجى يىلىلا روشەنگۈل ھەل قىلىپ بەرگەن بەش مىڭ يۈەن قەرزنى قايتۇرۇپ، كېلەر يىلى قايتۇرىدىغان پۇلنىمۇ يېرىمىنى تۆلەپ، يەنە قولىغا 2000 يۈەندەك نەق پۇل، ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە يېڭىلاپ كۆچۈرۈلگەن مايسىلار قالغان بولدى. مۇشۇنداقلا ئىشلىسە كېلەر يىلى بارلىق قەرزلەر پاك - پاكىز ئۈزۈلۈپ، پارنىك بىكارغىلا قالاتتى. بۇنىڭدىن رابىيەملا ئەمەس، پۈتۈن بىر ئائىلە كىشىلىرى خۇشال بولدى. رابىيەمنىڭ بىر قىش تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرىمۇ ئاستا - ئاستا كۆڭۈل خاتىرىسىدىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ھېلىماخۇنمۇ ئەمدى بۇرۇنقى تەرسالىقىدىن قالغانىدى.

بۈگۈنكى ئەتىگەنلىك تاماق، بۇ ئائىلىدىكىلەرگە يەنە بىر خۇشاللىق بەخش ئەتتى. تاماق تەييار بولغان بولسىمۇ، ھېلىماخۇن تېخى سىرتتىن كىرمىگەنىدى.

— جېنىم بالام، باغقا چىقىپ قاراپ باقە، داداڭ بولسا تېزراق كىرىڭلار، تاماق سوۋۇپ قالمىسۇن، — دېدى رابىيەم

دىلمۇراتنى ھېلىماخۇننى چاقىرىپ كىرىشكە بۇيرۇپ.

— مانا مەن كىردىم، — دېدى ھېلىماخۇن سىرتتىن كىرىۋېتىپ، — كېچىدىكى بوراندا پارنىكنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى بەش مېتىردەك يەرنىڭ يوپۇقى يىرتىلىپ كېتىپتىكەن ئۆيدىكى زاپاس يوپۇقتىن ئاچىقىپ يېپىپ، ئۈستىنى پۇختا باستۇرۇپ قويدۇم. مايسىلار تېخى يېڭى كۆچۈرۈلگەن ئەمەسمۇ، — ھېلىماخۇن شۇ گەپنى دەپلا، خۇددى خاتا گەپ قىلىپ قويغاندەك ئۆزىگە ھەيرانلىق ھەم مىننەتدارلىق بىلەن قاراپ تۇرۇشقان بالىلىرىغا قارىمايلا چۆگۈننى كۆتۈرۈپ ئىتتىك سىرتقا چىقىپ كەتتى. بالىلار «بۈگۈن كۈن قاياقتىن چىققاندۇ...» دېيىشىپ قاقاقلاپ كۈلۈشتى. ئۇزاقتىن بۇيان سىقىلىش، تەڭقىسلىق، دېلىغۇللۇق ئىچىدە سىقىلغان كۆڭۈللەر بىردىنلا ئازادىلىككە ئېرىشكەندەك بولۇپ قالدى. رابىيەم مەڭزىنى بويلاپ سىرغىۋاتقان ياشلىرىنى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈپ، قازان بېشىغا ماڭدى. «نېمىلا دېگەن بىلەن قەدىناس ئەمەسمۇ بىز» دەپ ئويلىدى ئۇ كۆڭلىدە.

— ھوي ئانىسى، مېھمان كەلدى، — دېدى ھېلىماخۇن بىرىنى ئۆيگە باشلاۋېتىپ.

— مانا، مانا، — رابىيەم مېھماننىڭ ئالدىغا چىقتى، — ۋوي روشەنگۈلكەنغۇ. قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەندۇ سىلىنى.

— سىلىنىڭ شامىللىرى، رابىيەم ئاچا، بۈگۈن باشقىچە خۇشاللىغۇ سىلەر، — دېدى روشەنگۈل ئولتۇرۇۋېتىپ، — كۈلكەڭلار چوڭ كوچىغا ئاڭلىنىۋاتىدۇ. كىم خۇشاللىق بەردى سىلىگە بۇنچە كۈلگۈدەك!

— ئاپامنىڭ شامىلى ئۆيىمىزنىڭ ئۈستىدىكى بۇلۇتلارنى ھەيدىۋەتكەندى، شۇنىڭغا خۇشال بولۇپ كەتتۇق، — دېدى

رەيھان روشەنگۈلگە كۆزىنى قىسىپ.

— بۆلۈتلار تارقالغان بولسا بەك ياخشى بوپتۇ، ئۇنداق بولسا مەن سىلەرگە يەنە بىر خۇش خەۋەرنى ئېيتاي. يېزىمىز بويىچە رابىيەم ئاچامنى پارنىكتا كۆكتات تېرىپ پەرۋىش قىلىشتا تەجرىبە تونۇشتۇرۇشقا كۆرسەتتۇق، يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن سىلەرنىڭ پارنىك ئىچىدە نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلىدۇ. سىلەر ياخشى تەييارلىق قىلىڭلار. ھە راست، سىلىمۇ بار ھېلىمكا، سىلى ئاياللارنىڭ پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىشنى قوللىغان نەمۇنىلىك ئەر بولۇپ سايلاندىلا. شۇڭا سىلىمۇ ئىككى ئېغىز سۆزلەپ بېرىشكە ئىدىيەدە تەييارلىق كۆرۈپ قويالا!

— مەن... مەن، سىڭلىم روشەنگۈل سىزدىن خۇش بولاي، مەن بىر قارا تۇرك ئادەم. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمىدىم، سۆزلەيدىغاننىڭ ھەممىسىنى باللارنىڭ ئانىسى رابىيەملا سۆزلىسۇن. ئوقۇغان ئادەم باشقىچە بولىدىكەن، ئۇ قاملاشتۇرىدۇ، ئۆز ۋاقتىدا كادىرلىقنى قىلماي ئائىلىمىزنىڭ ئىشىغا ئارىلاشتى، دەپ سىلىدىنىمۇ رەنجىپتىكەنمەن، — دېدى ھېلىماخۇن قىزىرىپ.

— ئۇنداق دېمىسىلە دادىسى، بىر يىلدىن بۇيان ئېتىز - ئېرىقنىڭ بارچە ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىنى ئۆزلىرى قىلىپ، باللارنىمۇ سەل بىكار بولسىلا ماڭا ياردەملىشىشكە ئەۋەتتىلە. مانا بۇ قوللاش بولماي نېمە!؟ مەن سىلىگە رەھمەت ئېيتقۇدەك بولمىدىم تېخى، — دېدى رابىيەم قەدىناسىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ.

ھەممەيلەن يەنە بىر قېتىم كۈلۈشتى. ئەسلىدىنلا قولى تەملىك رابىيەمنىڭ ئەتكەن تامىقى بۈگۈن بۇ ئۆيدىكىلەرگە باشقىچە تەملىك بىلىندى.

— بولدى ئۇزاتماڭلار، ئەمدى پارنىكنىڭ قالغان پۇلىنى

سىلىدىن ئالىمەن جۇمۇ! ــ دېدى روشەنگۇل رابىيەم بىلەن بىللە ئۆزىتىپ چىققان ھېلىماخۇنغا قاراپ.

ــ ئۇنىڭدا چاتاق يوق، بۇ يىل پارنىكنى تېخىمۇ ياخشى باشقۇرۇپ پۇلىنى ئۆسۈمى بىلەن ئالدىڭىزغا ئاپىرىمەن!

مانا، نەق مەيدان يىغىنىمۇ ئاخىرلاشتى، رابىيەم ئۆيدىكىلەر بىلەن بىللە پۇللا ئەمەس، يۈزمۇ تېپىۋاتاتتى. «ئوقۇغىنىم ئەجەب ياخشى بولۇپتىكەن، ئوقۇمىغان بولسام شۇنچىلىك بىر گەپلەرنىمۇ دېيەلمەستىم ھېلى» دەپ ئويلىدى ئۇ، يىغىندىن كېيىن تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ تولۇقسىزنى پۈتكۈزگىچە ئوقۇيالىغىنىدىن سۆيۈنۈپ.

ــ ئاپا! ئاپا! سەن نەدە؟ روشەنگۇل ئاچام ئاپىڭىزغا بېرىپ قويۇڭ دەپ بىر پارچە خەتنى بەردى، قېنى سەن؟ ــ دىلمۇرات تۇۋۇلىغىنىچە چىقىپ باغدا ئۇششاقلىقىا ئورۇق سېلىۋاتقان رابىيەمگە بىر پارچە خەتنى بەردى.

ــ روشەنگۇل ماڭا خەت يازغۇدەك بىرەر جىددىي ئىش بار بولغىيمىدى بالام؟ ــ رابىيەم شۇنداق دېگىنىچە ئالدىراپ خەتنى ئاچتى.

«رابىيەم ئاچا، مەن خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن يۆتكىلىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدىم. ئەمدى كەتسەم قاچان كۆرۈشەلەيمىز، بىلىپ بولمايدۇ. بۈگۈن مەن ئائىلەڭلەرگە مۇناسىۋەتلىك بىر سىرنى سىلىگە دېمىسەم كۆڭلۈم ئارام تاپمىغۇدەك. ھېلىمكام ھەقىقەتەن ئالتۇنغا تېگىشكۈسىز ئېسىل ئادەم ئىكەن. ئەينى ۋاقىتتا سىلى ماڭا پارنىك ئېلىش ئۈچۈن پۇل تېپىپ بېرىشىمنى ئۆتۈنۈپ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى سەھەردە ھېلىمكام بىر قول ياغلىقىقا ئورالغان بەش مىڭ كوينى كۆتۈرۈپ كېلىپ: ‹ئوبدان سىڭلىم، بىزگە بىر ياردەم قىلىڭ، ئايالىم رابىيەم ھەقىچان پارنىك ئېلىش ئۈچۈن سىزدىن پۇل سوراپ كەلدى. مەن ئۇنى توسۇپ قالالمىدىم. دەسلىپىدە بۇ

نىيىتىدىن يېنىپ قالارمىكىن دېگەن مەقسەتتە پۇل يوق دەپ قاتتىق تېگىپتىمەن. بىراق، بۇ خوتۇن ئاخىر دېگىنىنى قىلمىغۇچە ئارام تاپمايدىغاندەك قىلىدۇ. ئۆزۈم بېرەي دېسەم دەپ قويغان گېپىم بار، مەن تۇرۇپ ئۇ پۇل ئۈچۈن سارغىيىپ يۈرسە قاملاشماس، شۇڭا، سىز بۇ پۇلنى ئۆزىڭىزنىڭ نامىدا بېرىپ قويسىڭىز، مېنىڭ بەرگىنىمنى ھەرگىز دېمىسىڭىز» دېدى. مەن بۇ ئىشتىن بەك تەسىرلەندىم. شۇنىڭ بىلەن مەن يېزىدىن ياردەم قىلدى، دەپ ئاشۇ پۇلنى سىلىگە بېرىپ تۇرغان بولدۇم. مانا بۈگۈن سىلى ئەجىرلىرىنىڭ مېۋىسىنى كۆردىلە، مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئائىلىدىكى ھەر قانداق بىر تۈگۈن سىلەرنىڭ خۇشاللىقىڭلارغا سايە تاشلاپ قالمىسۇن، دەپ ئويلىدىم. خوش، ئامان بولۇڭلار! سىلەرگە ئامەت تىلەيمەن!»

رابىيەم خەتنى تۇتقىنىچە تۇرۇپ قالدى. كۆزلىرىدىن ھاياجانلىق ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلدى. ئەتىيازنىڭ ئىزغىرىن شامىلى رابىيەمدىن ئاستا ئەگىپ ئۆتۈپ، ھېلىلا يۇمشىتىپ قويغان نەم تۇپىلارنىڭ ئىللىق ھىدىنى يىراقلارغا ئېلىپ ماڭدى.

# قىزىل گالستۇكلۇق بالا

ئۇيۇقتىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن قۇياش نۇرىدا، يول بويىدىكى قارلار خۇددى كۇمۇچتەك يالتىرايتتى. مامۇت بوۋا «ئىنسابىڭغا رەھمەت بالام، خۇدا ئۆمرىڭنى ئۇزۇن قىلغاي» دەپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىغىنىچە خۇشال ھالدا نېفىتلىكتە ئىشلەۋاتقان ئوغلى مەھەممەت ئەۋەتكەن پۇلنى ئامانەت قويۇش ئۇچۇن بانكىغا كېتىۋاتاتتى. 70 ياشلارغا بېرىپ قالغان مامۇت بوۋا ئەينەكتەك سىلىقلىشىپ كەتكەن ئاسفالت يولدا توساتتىن غىرت قىلىپ تېيىلدى - دە، ئۆزىنى تۇتالماي گۇپ قىلىپ يىقىلدى... ئۇ تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئاران دېگەندە ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۆز - ئۆزىگە: «ئەتىگەندە ماۋۇ پېشكەللىكنى...» دېگىنىچە ھېچ ئىشنى سەزمەي يولىغا راۋان بولدى.

بويىنىغا چوغدەك قىپقىزىل گالستۇك تاقىغان 12 ياشلىق ئادىلجان سېخى نۇرلىرىنى چېچىپ شەرقتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياشقا پات - پات قارىغىنىچە سومكىسىنى ئېسىپ، چوڭ - چوڭ قەدەم تاشلاپ مەكتەپكە كېتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كۆزىگە يولدا تۇرغان بىر پۇل قاپچۇقى چېلىقىپ قالدى. ئۇ قاپچۇقنى قولىغا ئېلىپ ئىچىدە خېلى كۆپ پۇل بارلىقىنى كۆرۈپ ئەتراپقا قارىدى. ئادەم كۆرۈنمىدى. ئاخىر ئۇ پۇلنى ساناپ كۆردى، پۇل 10 يۈەنلىكتىن 30 ۋاراق، جەمئىي 300 يۈەن ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا، قاپچۇقتا يەنە بىر پارچە رەسىممۇ بار ئىدى. بۇ پۇل كىمنىڭدۇ؟ مۇشۇ رەسىمدىكى بوۋاينىڭمىدۇ ياكى باشقىلارنىڭمىدۇ؟ ئۆتكەندە دادام بەرگەن بەش موچەننى يىتتۈرۈپ قويغىنىمغا ھازىرغىچە ئىچىم سىيرىلىدۇ.

قاپچۇقتىكى پۇللار خېلى كۆپ تۇرسا، ئىگىسى چوقۇم ىىغلىغاندۇ ـ ھە؟! ئادىلجان شۇلارنى خىيال قىلغاچ ئەتراپقا يەنە بىر قۇر قارىدى، ئەمما ئۇنىڭغا ئۇچرىغان كىشىلەردە ئەنسىزلىك ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ قولىغا ھېلىقى سۇرەتنى ئېلىپ يولدىن ئۆتكەن كىشىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپمۇ كۆردى، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن ئوخشىشىدىغان ئادەم كۆرۈنمىدى. ئاردىن يېرىم سائەتچە ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، ئادىلجان بارغانچە ئېگىز ئۆرلەۋاتقان قۇياشقا قاراپ مەكتەپكە كېچىكىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، پۇل قاپچۇقنى ئوقۇتقۇچىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىش قارارىغا كەلدى ـ دە، مەكتەپكە يول ئالدى.

*　　　*　　　*

مامۇت بوۋا بانكىنىڭ تىجارەت بۆلۈمىگە كىرىپ پۇلنى ئېلىش ئۈچۈن قولىنى يانچۇقىغا سالدى ـ دە، چۆچۈپ كەتتى، چۈنكى ئۇنىڭ يانچۇقىدا پۇل قاپچۇقى يوق ئىدى. ئۇ، ھەممە يانچۇقلىرىنى، ھەتتا قويۇنلىرىنىمۇ ئاختۇرۇپ كۆردى، ئاختۇرغانچە جىددىيلىشىپ ساقاللىرى تىترەشكە باشلىدى، قاپچۇق يەنىلا تېپىلمىدى. بوۋاينىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن بانكا خادىملىرىنىڭ بەزىلىرى ئىچ ئاغرىتىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشتى، يەنە بەزىلىرى كەلگەن يولى بىلەن بېرىپ ئىزدەپ بېقىشنى ئېيتتى.

— ھە... ي، مەن چوڭ يول بىلەن كەلگەنىتىم، يولدا چۈشۈپ قالغان پۇل قانداق تېپىلاركىن تاڭ! ـ بوۋاي شۇنداق دېدى ـ دە، يۈرىكى ئېچىشقان ھالدا ئېغىرلىشىپ كەتكەن قەدىمىنى ئاران ـ ئاران يۆتكىگىنىچە سىرتقا چىقتى.

*　　　*　　　*

ۋاقىت ئۇچقاندەك ئۆتمەكتە. ئادىلجان تېپىۋالغان پۇل

قاپچۇقنى مەكتەپكە تاپشۇرۇپ بىرىش ئۈچۈن تېز كېتىپ باراتتى. ئۇ توساتتىن ھاسىغا تايىنىپ غەمكىن كېتىۋاتقان بىر بوۋاينى كۆردى ـ دە، قەدىمىنى تېزلىتىپ ئۇنىڭغا يېتىشتى ۋە بىر قاراپلا ئۇنىڭ ھېلىقى سۈرەتتىكى بوۋاي ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدى:

ــ چوڭ دادا، نەگە ماڭدىلا؟ بوۋاي چۆچۈپ يېنىغا قاراپ، ئوماققىنە بىر بالىنى كۆردى:

ــ ساقچىغا مېڭىشىم بالام.

ــ ساقچىغا نېمىشقا بارىلا؟ چىرايىدىن سەمىمىيەتلىكى چىقىپ تۇرغان بۇ بالىنىڭ سوئالىنى ئاڭلىغان بوۋاي، ئالدىنقى يىلى ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ئاغرىپ يېتىپ قالغاندا ئۆيىنى سۈپۈرۈپ، ئوتۇن يېرىپ، سۇ ئەكىرىپ بەرگەن قىزىل گالىستۇكلۇق باللارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى ـ دە، بايا يۈز بەرگەن ئىشنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى.

ــ ئۇ قانچە پۇل ئىدى، ــ دېدى ئادىلجان قايتىلاپ سوراپ.

ــ ئۈچ يۈز يۈەن ئىدى، ئامانەت قويۇۋېتەي، دەپ بانكىغا بېرىپ قارىسام پۇل قاپچۇقى يوق تۇرىدۇ. بايا يىقىلىپ چۈشكەن يەردە چۈشۈپ قالدىمۇ بىلمىدىم، ـ دېدى بوۋاي پەرىشان ھالدا. ئادىلجان ھېلىقى پۇلنىڭ مۇشۇ بوۋاينىڭ ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى ـ دە:

ــ ساقچىغا بارمىسىلا، ئۇنى مەن ھېلى تېپىۋالغان، ــ دېگىنىچە پۇل قاپچۇقنى بوۋايغا سۇندى. بوۋاي قوللىرى تىترىگەن ھالدا پۇلنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ھاياجان بىلەن ئادىلجاننى قۇچاقلاپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى. شۇ تاپتا، ئادىلجاننىڭ بوينىدىكى ئوتقاشتەك قىزىل گالىستۇك مەشئەل كەبى نۇرلىنىپ، ئۇنىڭ قەلبىنى ئىللىتقانىدى.

ــ چوڭ دادا، ئەمىسە مەن كەتتىم، ئاۋايلاپ ماڭالا...

ئادىلجان شۇنداق دېدى ـ دە، يۈگۈرگىنىچە كېتىپ قالدى.

— دادىسى، نېمە بولدىلا؟

بوۋاي بۇ ئاۋاز بىلەن ئېسىگە كېلىپ، يېنىدا تۇرغان ئايالىنى كۆردى. ئەسلىدە، مامۇت بوۋاي ۋاقتىدا قايتىپ كەلمىگەنلىكتىن ئايالى ئەنسىرەپ ئۇنى ئىزدەپ كەلگەنىدى.

مامۇت بوۋاي بايىقى ئىشلارنى ئايالىغا سۆزلەپ بەردى.

— ئۇ بالىنىڭ ئىسمى نېمىكەن، قايسى مەكتەپتە ئوقۇيدىكەن؟ — موماي ئالدىراپ سورىدى.

— ھەي، ئېسىم قۇرۇسۇن، خۇشاللىقىمدا بۇلارنى سوراشنى ئۇنتۇپتىمەن، لېكىن ئۇ بالىمۇ قىزىل گالستۇكلۇق بالا ئىكەن، — بوۋاي شۇنداق دېگىنىچە ئادىلجان كەتكەن تەرەپكە قارىدى...

1992 - يىلى، كۇچا

# مەن كېسەل ئەمەس

بىرنەچچە ئاغىنەم بىلەن ئويناپ يۈرگەن قاتار چايىنىڭ نۆۋىتى ئاللىقاچان ماڭا كېلىپ قالغان بولسىمۇ، خىزمىتىمنىڭ قاتىلاڭچىلىقىدىن بۇ ئىشقا پەقەتلا پۇرسەت چىقىرالمىدىم. شۇنداق... ھاكىمنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەپ يۈرگەن مەندەك ئادەمنىڭ ۋاقىتتىن قاچانمۇ ئۆز ئېھتىياجىغا قاراپ پايدىلىنىش ھوقۇقى بولسۇن؟ راستىنى ئېيتقاندا، ماڭا باشقىلارغا ئوخشاش كۈندۈزى ئىشلەپ، كەچتە دەم ئېلىش، شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى ئارام ئېلىش دېگەنلەر ئاللىقاچان يات بولۇپ كەتكەن. ھاكىم بىر ناھىيەنىڭ ئىشلىرىنىڭ غېمى بىلەن كېچىنى كېچە دېمەي، شەنبە، يەكشەنبە، ھەتتا ھېيت - بايرامنىمۇ ئۆتۈپ، بىردەم زاۋۇت - كارخانىلارغا، بىردەم يېزا - سەھرالارغا بارىمەن دېسە، ھېرىپ - چارچاپ ھالىمدىن كەتكىنىمگە، ئۆيدە تالاي ئىشلىرىمنىڭ تاشلىنىپ قالغىنىغا قارىماي يەنە ماشىنىنى ھەيدەپ ماڭماي ئامالىم يوق.

ئاخشام تاغدىن قايتىپ كېلىپ، ماشىنىنى ھاكىمنىڭ ئۆيى ئالدىغا توختىتىپ تۇرۇشۇمغا، ھاكىم ماشىنىدىن چاپىنى بىلەن ماتېرىيال سومكىسىنى ئېلىۋېتىپ نېمىنىدۇر ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— ئەتە كەلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدى.

— ئەتە بىر يەرگە بارمايمىزمۇ؟ — مەن قۇلاقلىرىمغا ھېچ ئىشەنمەيتتىم.

— ئىككى ئايدىن بېرى بىرەر كۈنمۇ ئارام ئالماپسىز، — ھاكىم ماڭا چاقچاق قىلغۇسى باردەك مەنىلىك كۈلۈپ قويدى،

— ئەتە بىرەر كۈن ئۆزىڭىزنى «باۋياك» قىلدۇرماسىز.

«باۋياك؟ شۇنداق... ئىككى ئايدىن بېرى، رولىنىڭ ئالدىدا قېقىلىپ - سوقۇلۇپ بەدىنىمنىڭ ئۇگە - ئۇگىلىرى شالاقشىپ كەتكەن، ئۇنى ئەلۋەتتە باۋياك - رېمونت قىلدۇرغۇلۇق! ھېممىتىڭىزگە رەھمەت ھاكىم.» شۇ تاپتىكى خۇشاللىقىمغا ھېچنېمە توغرا كەلمەيتتى. ماشىنىنى ھەيدەپ ئاپىرىپ ئۆيگە تىقىپ سولىۋەتتىم - دە، ئەتىكى بىر كۈننى قانداق ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا ئويلىنىشقا كىرىشتىم. ئۆيدىكى مېنىڭ قىلىشىمنى كۈتۈپ تۇرغان بىرەر ئىشمۇ يوق. ھەممىسىنى ئايالىم ۋاقتى - قەرەلىدە بېجىرىپ تۈگىتىشكە ئادەتلەنگەن. ئۇنداقتا ئەتە نېمە ئىش قىلسامكىن؟ بىر كۈن يوتقاندىن قوپماي قانغۇچە ئۇخلاپ هاردۇقۇمنى چىقىرىۋالسام - ھە؟ ئەتە كۈنگە نېمە بولغىيدى؟ يەكشەنبە... ياق، ياق، ياق... ئەتە ئۇنداق قىلسام بولمىغۇدەك، بىر ئىش ئېسىمگە كەچتى. توغرا، ئاغىنىلەر قاتار چېيى!

ئىككى ئايدىن بېرى ئاغىنىلەرنىڭ بىرەرىنى ئۇچرىتىپ قالسام، ماشىنا ئىچىدە تۇرۇپلا چالا - بۇلا سالام قىلىپ يۈرگەنىدىم. ئەمدى ئۇلار بىلەن ئەتە قانغۇچە بىر مۇڭدىشىۋالىدىغان بولدۇم! مانا مۇشۇلا مەن ئۈچۈن ئەڭ ياخشى دەم ئېلىش، ئەڭ ئۈنۈملۈك «باۋياك!»

ئۆيگە كېلىپلا ئەل ياتقۇ ۋاقتى بولۇپ قالغىنىغا قارىماي ئاغىنىلەرگە بىر ياقتىن تېلېفون بەرگىلى تۇردۇم:

— ئاغىنە... تولا چارچاپ كاردىن چىقىپ كەتتىم، ئەتە چۈشكە قالماي ئۆيۈمگە كېلىپ مېنى ئوبدانراق رېمونت قىلمىساڭ بولمايدۇ!

مېھمان دېسە جېنىنى بېرىدىغان ئايالىم ئەتىگەندىلا ھويلا - ئاران، مېھمانخانىنى سۈپۈرۈپ تازىلاپ ئاش - تاماق تەييارلىقىغا كىرىشتى. ئەتىگەندىلا تېلېفون بېرىپ چاقىرتىپ

كەلگەن قاسساپ سېمىز ئېرىكنى قوتاندىن سۆرەپ چىقىپ ئۆلتۈرۈپ، گۆشلىرىنى پارچىلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى. باغدا ئىككى ئوغلۇمنىڭ بىرى توخۇنى، بىرى كەپتەرنى يۇڭداۋاتاتتى.

ئاغىنىلىرىم مېنى سېغىنىشىپ ئارانلا تۇرۇشقانىكەن، چۇشكە قالمايلا ئارقا - ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئاداش، بۈگۈن قاياقتىن كۈن چىقتى، ھوي؟

— ھاكىمنىڭ ئىلتىپاتىدىن، كەل، كەل، قېنى تۆرگە مەرھەمەت؟

ئاغىنىلىرىم خېلى يىللاردىن بېرى بېرىش - كېلىش قىلىشىپ كۆڭۈل ئېلىشىپ قالغان ياخشى ئادەملەر: ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ھۇسەيىن، پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ تەرجىمانى ئابلىكىم، سەنئەت ئۆمىكىنىڭ سازەندىسى مۆمىن تەمبۇر، تۈنىكىچى موسا، ئادۋوكات روزى... بىز تال بارىڭى ئاستىدىكى گىلەم سېلىنغان سۇپىدا شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتۇق، ئاغىنىلەرنىڭ ھەممىسى خۇشال كۆرۈنەتتى. قارىغاندا ئۇلارنىڭمۇ بىر - بىرى بىلەن ئارام خۇدا ئولتۇرۇشۇپ پاراڭلاشمىغىنىغا خېلى ۋاقىتلار بولۇپ قالغان بولسا كېرەك. شۇڭا بىر - بىرىدىن قىزىقىپ ئەھۋال سورىشاتتى.

— ھەي، ھەي، ئاغىنىلەر، چاي سوۋۇپ قالدى... — دېدىم مەن ئۇلارنىڭ دىققىتىنى داستىخانغا بۇرىماقچى بولۇپ، داستىخان مول ئىدى.

— ماقۇل، ماقۇل، ئۆيىڭىزگە كەلدۇقمۇ، يېمىگەننى يەيمىز، ئىچمىگەننى ئىچىمىز تېخى. لېكىن، بىزنى ئازراق ئەھۋاللاشقىلى قويۇڭ، — بۇ ھۇسەيىننىڭ ھاياجانلىق ئاۋازى ئىدى. دۇرۇس، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ سۆزمەنى مۇشۇ ھۇسەيىن. ئوقۇتقۇچى دېگەن كۈنبويى

سۆزلەۋېرىپ گەپكە مۇشۇنداق ئۇستا بولۇپ كېتەمدىكىن - تاڭ. ئۇنىڭ ناھايىتى ئۇششاق ئىشلارنىمۇ تاغدەك ۋەزىنلىك قىلىپ سۆزلەيدىغىنىغا، ئادەتتىكى گەپلەردىنمۇ يۇمۇر چىقىرىپ ھەممىمىزنى ئۇچەيلىرىمىز ئۈزۈلگىچە كۈلدۈرۈۋېتەلەيدىغىنىغا مەن تولىمۇ ھەيران.

بىر چاغدا، دەرۋازا ھالقىسىنىڭ شاراقشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئوغلۇم بېرىپ دەرۋازىنى قىيا ئاچتى - دە، مېنى شەرەت قىلدى. مەن بېرىپ چاقىرىلمىغان مېھماننى كۆرۈپلا، دەماللىققا بىر خىل تاسادىپىيلىق ھېس قىلىپ قالدىم. ئۇ ناھىيەلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئۆمەر ئىدى... ئۇ ئۆيۈمگە ئەزەلدىن بىرەر قېتىممۇ كېلىپ باقمىغان...

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئۆمەر جۇجاڭ، — مەن خۇشاللىق بىلەن قولۇمنى ئۇزاتتىم، — قېنى ئۆيگە كىرەيلى، ماڭسىلا، ماڭسىلا.

— ئەستا... — ئۇ نېرىراقتا توختىتىپ قويغان ۋېلسىپىتىگە قارىدى.

— سىلى كىرىۋەرسىلە، ۋېلسىپىتلىرىنى مەن ئېلىۋالاي. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ۋېلسىپىتىنى يېتىلەپ ھويلىغا كىردىم.

— ۋوي، مېھمان بار ئوخشىمامدۇ ئۆيلىرىدە، — ئۇ تال باراڭ ئاستىدىكىلەرنى كۆرۈپ دەرۋازا يېنىدا بىردىنلا توختاپ قالدى.

— ئاغىنىلەر كەپتىكەن، پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان، جۇرسىلە، سىلىمۇ ئوبدانلا كەپلا مانا.

— ياق، ياق پارىڭلارنى بۇزماي...، — ئۇ، تىرەجەپ تۇرۇۋالدى، — مەن باشقا بىر كۈنى كېلەي بولمىسا.

— ۋاي، ۋاي، ھەممىسى ئۆز ئادەملەر، — ئۇنى سۆپىغا باشلىدىم، — مەن قىلىدىغان بىرەر ئىش بارمىدى؟

— ئەستا، مۇنداق ئىش ئىدى... ئالدىنقىزغا كىچىككىنە ھاجىتىم چۈشۈپ كېلىۋىدىم.

«ھاجەت، مەندەك ئاددىي بىر ئادەمگە - ھە؟»

— خوش؟ دەۋەرسىلە.

— مۇنداق ئىش ئىدى قاراڭ، ئۇ ئەتراپقا ئېھتىيات بىلەن قارىۋېتىپ پىچىرلىغاندەك داۋام قىلدى، — ھاكىمغا بىر پارچە ئىلتىماس يېزىۋىدىم، بېرىدىغانغا پۇرسەت تاپالماي نەچچە ئاي بولدى يېنىمدا ساقلاپ يۈرىمەن، شۇڭا سىزنى بىر ياردەم قىلارمىكىن دەپ...

— ئىلتىماسلىرىنى ھاكىمغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ئىشمىدى؟

— پەقەت ئۆز قولىغىلا.

— چۈشەندىم، ئەتە ئەتىگەندە تاپشۇرۇپ بەرسەم بولامدۇ؟

— ۋاي بولمامدىغان...

— خەتنى ئەكەلگەنمىدىلە؟

— ئەكەلگەن، مانا، - ئۇ يانچۇقىدىن كونىۋېرتقا سېلىپ، ئاغزى چاپلانغان بىر پارچە خەتنى ئېلىپ، ماڭا خۇددى ئەڭ قىممەتلىك بىر نەرسىنى ئۆزىتىۋاتقاندەك ئېھتىيات بىلەن سۇندى، — ئاغزى ئېچىلىپ كەتمىسۇن ئۇكام.

— خاتىرجەم بولسىلا، قېنى ئەمدى سۈپىغا مەرھەمەت قىلسىلا.

— ياق، رەھمەت... ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ۋېلسىپىتىنىڭ رولىغا ئېسىلدى، — چاقىرىلمىغان مېھمان... بېرىپ قىستۇرۇۋالسام قانداق بولىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بەك مۇھىم ئىشىم بار ئىدى.

— توختىسىلا، ھويلامغا كىرىپ داستىخانغا داخىل بولماي كەتسىلە، كۆڭلۈمگە كېلىدۇ جۇمۇ!

ئۆمەر جوجاڭ خۇددى مېنىڭ جىددىي تەرىزدىكى مۇشۇنداق

چىقىش تۇتۇشىمىدىن رازى بولغانىدەك، ئەمىدى ھېچبىر قارشىلىقسىزلا سورۇنغا كەلدى. ئاغىنىلەر ئۇنىڭ بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ھۆرمەت ـ تەۋەززۇ بىلەن تۆرگە چىقىرىپ قويۇشتى. لېكىن، باياتىن قايناۋاتقان قازاندەك قىزغىن داۋام قىلىۋاتقان چاقچاق ـ پاراڭنىڭ ئۇنىڭ كېلىشى بىلەنلا بىردىنلا ئۈزۈلۈپ قېلىشىنى مەن نەدىن بىلەي؟ ئولتۇرۇش باشلىنىش بىلەنلا قىزىق يۇمۇر ـ لەتىپە ئېيتىپ ھەممەيلەننى ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگۈچە كۈلدۈرۈپ ئولتۇرغان ھوسەيىن ئەمدى تېخى گۆش يېمەي تۇرۇپلا چىشىنى چىش كوچىلىغۇچ بىلەن كوچىلاپ ئولتۇرماقتا. موسا خۇددى بىر يەرگە ئالدىراۋاتقاندەك پات ـ پات سائىتىگە قارىماقتا، روزى يۇرقىرىتىپ تاماكا چەكمەكتە، پەقەت مۆمىن تەمبۇرلا ئۆزىنىڭ باشلىقى ئۇچۇن تەرلەپ ـ پىشىپ «ئالسىلا، باقسىلا، جۇجاڭ» دەپ، ئۇنى داستىخانغا زورلاپ ئولتۇراتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ چاتاق قىلغىنىمنى دەرھال سەزدىم. دەرۋازا تۈۋىدە كېتىمەن، دېگەنىدە تۇتۇۋېلىپ نېمىمۇ قىلاتتىم ـ ھە؟ مېھمان... سەت تۇرامدىكىن دەپتىمەن.

شىرەدىكى نان ـ توقاچ، تاتلىق ـ تۈرۈملار يىغىشتۇرۇلۇپ، لېگەندە قوي، كەپتەر گۆشلىرى، ئۇنىڭدىن كېيىن مېتىرلىق كاۋاپلار كەلتۈرۈلدى.

ــ قېنى مەرھەمەت ئاغىنىلەر، ــ دېدىم مەن ئۇلارنى تائامغا تەكلىپ قىلىپ، ــ ئىتتىكرەك ئالمىساڭلار سوۋۇپ قالىدۇ.

ــ بىزدىن خاتىرجەم بولۇپ ئاتىغىنىڭىزنى داستىخانغا ئەكىلىۋېرىڭ، ئاغىنىلەر ھېلىمۇ ياخشى ھوسەيىن ئاران ئېغىز ئاچتى، ــ بۇگۈن ھەممىنى لەھەڭدەك يۇتۇپ، ئۇستىخىنىنى پۇركۇۋەتمىسەك ھېساب ئەمەس!

ــ گېپىڭىز راستمۇ؟ ــ خۇشاللىقىمدىن تووۋلىۋەتتىم مەن،

— مۇشۇ گېپىڭىز ئۈچۈن بىر رومكا كۆتۈرۈۋېتەيمۇ شۇ تاپتا!

— ھەي ئاغىنىلەر، — بىر پارچە گۆشنى ھۇزۇرلىنىپ يەۋاتقان روزى شۇئان گۆشنى شىرەگە قويدى، — بىز ئەڭ ياخشىسى ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى، ئاغىنىمىزنىڭ ئوغۇللىرى ئېغىلىغا تاقاشقىلى تۇرۇپتۇ. ئالدىدا ئىچىشىپ ئولتۇرساق سەت تۇرار.

— ۋاي بولدى، ئۆي ئىسسىق تۇرسا، — قارشى چىقتى ھۇسەيىن.

— ئىسسىق بولسا شامالدۇرغۇچ قويىمىز.

شۇنداق قىلىپ قول - قول تۇتۇشۇپ داستىخاننى مېھمانخانىغا يۆتكىدۇق. بارا - بارا بايىقى ئوڭايسىز كەيپىيات ئوڭشىلىپ، كۈلكە - پاراڭ ئاستا - ئاستا ئۇلغىيىۋاتاتتى. لېكىن ئۆمەر جۇجاڭ خۇددى ئەتراپىدىكىلەر ئۆزى بىلەن ئولتۇرۇشقا مۇناسىپ ئەمەستەك جىمجىت، سوغۇق كەيپىياتتا ئولتۇراتتى. بىر ئازدىن كېيىن، قازناق ئۆيدىن بىر يەشىك «كۇسەن ئالىي ھارىقى» نى كۆتىرىپ چىقتىم - دە، كىرىسلونىڭ يېنىغا قويۇپ، ئىككى بوتۇلكىنى ھۇسەيىننىڭ ئالدىغا قويدۇم.

— باشلايمىزمۇ؟ — ئۇ بىر بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئىككى رومكىغا لىقلاپ قۇيدى - دە، بىرنى ماڭا ئۇزاتتى، - قېنى، نۇتقىڭىزنى باشلاڭ ئاغىنە!

— ماڭا ۋاكالىتەن سىزلا سۆزلىۋېتىڭە، — ئۆتۈندۇم مەن، — بىلىسىزغۇ تىلىمنىڭ گاچىلىقىنى. ھۇسەيىن رومكىنى قولىغا ئېلىپ ھاياجان بىلەن سۆزلىدى. ئاخىردا ئۆمەر جۇجاڭنىمۇ تىلغا ئېلىپ «سورۇنىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ ئولتۇرۇشىمىزغا ھۆسن قوشتى» دېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى. دوست - ئاغىنىلەر بىلەن دىدارلىشىپ خۇشاللىق ھەم سۆھبەتتە بىللە بولۇش شۇ قەدەر لەززەتلىك بولامدىكىن،

زەھەردەك ئاچچىق ھاراق ئىچكەنسېرى تولىمۇ ھۇزۇرلۇق تۇيۇلۇۋاتاتتى. لەززەت تاپقان كۆڭۈل شادلىقى ئۈچۈن سوقۇشتۇرۇلۇپ، چاقچاق بىلەن بوشىتىلىۋاتقان رومكىلار قاتارى بىلەن ئۆمەر جۇجاڭغا ئۇزۇتۇلغاندا، كۇتۇلمىگەندە ئۇ بېشىنى چايقاپ زادىلا ئىچمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ۋاي، ۋوي، ئۆمەر جۇجاڭ...، — دېدى ھوسەيىن دەماللىققا نېمە قىلارىنى بىلمەي، — تۇنجى رومكىنى رەت قىلسىلا سەت تۇرىدۇ، ھېچ بولمىسا قوللىرىغا ئېلىپ قويسىلا.

— قولۇمغا ئالسام ئىچسەم بولىدۇ، ئەڭ ياخشىسى مۇشۇنى ماڭا سۇنماڭ ئۇكام، — ئۇنىڭ جىددىي ئاھاڭدا ئېيتىۋاتقان گېپىدىن راستتىنلا ئىچىشكە مەيلى يوقلۇقى بىلىنىپ تۇراتتى. بۇنىڭ بىلەن بىردىنلا جەھلى تۇتقان ھوسەيىن ئەمدى ئۇنىڭغا سالجىدەك يېپىشتى:

— بىلدىم، سورۇندا كۆڭۈللىرىدىكىدەك ئادەم يوق، شۇنداقمۇ؟

— ياق، ياق، نەدىكى يوق گەپنى قىلىۋاتىسىزغۇ ئۇكام، ئۇنداق ئەمەس.

— ئەمىسە نېمە ئۈچۈن، ياكى سىلى بۇرۇندىن تارتىپ ئىچمىگەن ئادەم بولمىسىلا؟

— كېسەل... يېقىندا مەندىن كېسەل چىقىپ دوختۇرمۇ مۇشۇنىڭدىن پەرىز تۇتۇشنى تاپشۇرغان، بولمىسا قولىڭىزنى قايتۇراتتىممۇ مەن؟

«كېسەل» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار سالا قىلىشتۇق، لېكىن ساقى نېمە ئۈچۈندۇر بىزنىڭ بۇ سالا - سۆلھىمىزدىن خاپا ئىدى. ئارىدا خېلىدىن بېرى جىمجىت ئولتۇرغان ئابلىكىم ئارقا - ئارقىدىن كەلگەن تۆت رومكا ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن بىردىنلا تىلغا كىرىپ، ئەڭ بەدەۋى لەتىپىدىن بىرنى ئېيتىشقا باشلىدى. شۇ ئارىلىقتا مەن

مېھمانلارنىڭ پىيالىسىگە چاي لىقلىغاچ، ئۆمەر جوجاڭنىڭ يېنىغا كېلىپ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلىدىم:
— ھەي جوجاڭ، ھېلىقى گەپنى بۇ سورۇندا زادىلا دېمەيدىغان ئىشتى.
— قايسى گەپنى؟
— كېسەل دېگەن گەپنىچۇ.
— كېسەل؟ مېنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىم راست تۇرسا.
— ئاستا... ئاستىراق...، — ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىگە تېخىمۇ يېقىنىراق شىپقاپ كەلدىم، — ئابلىكىمنى تونۇمىلا؟ ماۋۇ لەتىپە سۆزلەۋاتقان...
— تونۇيمەن، نېمىشقا تونۇمايدىكەنمەن ئابلىكىم پەيىينى؟
— نەدە ئىشلەيدۇ، بىلەملا؟
— پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىدە.
— مانا چاتاق! ئاڭلىشىمچە، يېقىندا تەشكىلات بۆلۈمىدە ھەر قايسى ئىدارىلەرنىڭ مەسئۇللىرىنى قايتا تەكشۈرۈش توغرۇلۇق مۇزاكىرە بولارمىش، بىلەملا؟ سىلەرنىڭ باش جوجاڭنىڭ ۋىلايەتكە يۆتكىلىدىغان ئىشى مۇقىملىشىپ بولدى، ئۇنىڭ ئورنىغا دەل سىلىنى ئۆستۈرىدىغان ئىش مۇزاكىرە قىلىنىدىغان چاغدا...
— ۋاي ئۇكام، — ئۆمەر جوجاڭ ئارقىسىغا تېخىمۇ قايرىلىپ، قۇلىقىمغا بىر خىل ئىمزىراپلىق ئاھاڭدا پىچىرلاپ كەتتى، — ھاكىمغا بېرىپ قويۇشنى سىزگە ھاۋالە قىلغان ھېلىقى خەت دەل مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق يېزىلغانىدى.
— بىراق ھېلىقى گەپنى مۇشۇ ئابلىكىمنىڭ ئالدىدا ھەرگىز دېمەيدىغان ئىش ئىدى.
— قانداق دەيسىز؟
— ئۇ دېگەن ۋاڭ بوجاڭنىڭ تەرجىمانى، مۇبادا ئوتتۇرىغا سىلىنى باش جوجاڭلىققا ئۆستۈرۈش توغرۇلۇق تەكلىپ

چۈشۈپ قالسا، ئابلىكىمنى سىلىنىڭ كېسەل ئىكەنلىكلىرى توغرۇلۇق ۋاڭ بۇجاڭغا بىر نەرسە دېمەيدۇ دېگىلى بولامدۇ؟ ئۆزلىرى بىلىلا، كادىرلارنى ئۆستۈرۈشتە سالامەتلىك مەسىلىسى مۇھىم شەرت.

بىر ئېغىز چاقچاق گېپىم بىلەن ئۆمەر جۇجاڭنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، مەن «ۋاي بۇ چاقچاق گەپ» دەي دەپ تۇراتتىم ساقىنىڭ:

— ھەي، ھەي، بۇ ئىش قاملاشمىدى. شۇنداق ئوبدان گەپ بولۇۋاتسا، بىر چەتتە كالتە مەجلىس ئېچىۋاتقىنىڭلار نېمىسى؟ — دېگەن ئەيىبلەش ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مانا، مانا، — مەن ئالدىراپ بېشىمنى كۆتۈردۈم، — نېمە لازىم؟

— ھارىقىڭىز تۈگىدى!

مەن ھاراقنى يەشىكى بىلەنلا كۆتۈرۈپ ھوسەيىننىڭ پۇتىنىڭ يېنىغا ئەكېلىپ قويدۇم - دە، يېڭىدىن پىشقان كاۋاپلارنى ئەكىرىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ كەتتىم. لېكىن مېنىڭ ئويلانماي مۇنداقلا دەپ قويغان گېپىمنىڭ كېيىن بىر مۇنچە كۆڭۈلسىزلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى مەن نەدىن بىلەي؟ يېڭىدىن پىشۇرۇلغان ئون نەچچە زىق كاۋاپنى پەتنۇستا كۆتۈرۈپ كىرسەم ئۆمەر جۇجاڭ ھوسەيىننىڭ قولىدىكى رومكىنى تالىشىۋاتقانىكەن.

— بايا ھۆرمەتلىرىنى قىلىپ زورلىسام ئىچمەيلا، ئەمدى نېمىشقا تالىشىلا؟ باشتا ئىچمىگەندىن كېيىن، ئەمدى ئاخىرغىچە ئىچمەي ئولتۇرسىلا، — دەيتتى ساقى خاپا بولۇپ.

— سورۇننىڭ مۇنداق قىزىپ كېتىشىنى مەن نەدىن بىلەي، — باھانە كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى ئۆمەر جۇجاڭ، — مۇشۇ ئابلىكىمجاننىڭ قىزىق لەتىپىسىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، بولدى ئەكېلىڭ، ئىچتىم!

— ئىچىدىغان بولسىلا ئۆتكۈزۈۋەتكەنىنىمۇ قوشۇپ ئىچىلا،
— زەردە بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك قادالدى ھۇسەيىن.
ئۆمەر جۇجاڭ گەۋدىسىنى مەغرۇرلۇق بىلەن كۆتۈرۈپ مەيدىسىگە مۇشتلىدى:

— بولدى ئىچتىم!

— تۆت رومكا جۇمۇ!

— قۇيۇڭ!

— ھەي، ھەي، ئاغىنىلەر، — قارشى چىقتى ئابلىكىم، — ئۆمەر جۇجاڭ خۇشاللىقىدىن شۇنداق دەۋاتقىنى بىلەن كېسەل تۇرسا، ھاراققا چاقچاق قىلغىلى بولمايدۇ جۇمۇ.

— ياق، ياق... مەن كېسەل دەپ قويسام گېپىمگە ئىشەندىڭىزمۇ ئۇكام؟ — ئۇ دەسلەپتە ئابلىكىمغا، ئاندىن ئەتراپىدىكىلەرگە مەغرۇرلۇق بىلەن قاراپ قويدى، — قاراپ بېقىڭلار، مانا قاراپ بېقىڭلار، مەن كېسەلدەك كۆرۈنىمەنمۇ؟ راستىنى ئېيتسام، دەسلەپتە ھاراققا زادىلا كۆڭلۈم تارتمىغانىدى، ئۇنداق بولغاندىن كېيىن باھانە دېگەن تېپىلىدۇ - دە، ھا، ھا، ھا... ئەمدىغۇ ھارىقىڭىزنى بېرەرسىز ئۇكام!

ئۆمەر جۇجاڭنىڭ ھاراق لىق توشقۇزۇلغان رومكىنى ئارقا - ئارقىدىن گۇپۇلدىتىپ كۆتۈرۈۋېتىشىدىن تېنىم شۈركىنىپ، ئەندىكىپ كەتتىم. ھەر قانچە بولغاندىمۇ ھاراققا نوچىلىق قىلغىلى بولمايدۇ - دە، لېكىن مەن دېگەن ساھىبخان... نېمە دېيەلەيتتىم؟ ھېلىمۇ ياخشى شۇ چاغدا مۆمىن تەمبۇر ئۆمەر جۇجاڭنى بىرىنچى بولۇپ ھىمايە قىلىپ چىقتى:

— قۇيمىسىلا ئەمدى مۇئەللىم، ھېلىمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ رومكا ئىچتى، بولدىغۇ!

— سەن ئىشىڭنى قىل! — ئۇنى قوپاللىق بىلەن سىلكىدى ئۆمەر جۇجاڭ، — سېنىڭ سورۇندىكى ۋەزىپەڭ نېمە؟

— تەمبۇر چېلىش، جۇجاڭ...

— ھەببەللى، ئەمسە تەمبۇرۇڭنى قولۇڭغا ئال، مەن «توختات» دېگۈچە چال!

مۆمىن تەمبۇر ئۆمەر جۇجاڭنىڭ يەنە ئاچچىقلىنىشىدىن قورقۇپ تەمبۇرنى ئالدىراپ قولىغا ئالدى. لېكىن، كۆڭلى ئازار يەپ كەيپى ئۇچۇپ كەتكەن سازەندە تەمبۇرنى قايسى پەدىگە چەكمىسۇن، قوللىرى ھېچبىر قولاشمايتتى. ئۇ خېلىدىن كېيىن كۆڭلىنى يىغىپ «چىمبۇلاق» نى ئەمدىلا باشلاپ تۇرۇۋىدى، كۇتۇلمىگەن كۆڭۈلسىزلىك ئاخىر يۈز بەردى، تالىشىپ تۇرۇپ ئىچكەن تۆتىنچى رومكا ھاراقتىن كېيىن خىيال سۈرگەندەك بولۇپ بىردىنلا جىمىپ قالغان ئۆمەر جۇجاڭ تۇيۇقسىز مەيدىسىنى قاماللاپ «ۋاي» دەپ كۈچسىز ئىڭرىدى - دە، يېنىغا «گۆلۈپ» قىلىپ يىقىلدى. ھەممىمىز ئۆرە - تۆپە بولۇشقىنىمىزچە ئالدىراپ ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدۇق - تە، چۆچۈپ كېتىشتۇق. ئۇنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، نەپسىمۇ توختاپ قالغاندەك ئىدى.

— مەن دېمىدىممۇ كېسەل دەپ، — ھۇسەيىنگە بىردىنلا كايىغىلى تۇردى ئابلىكىم، — نېمىمۇ قىلاتتىڭىز ھاراقنى زورلاپ؟

— نېمە بىلەي...؟ كۆرۈپ تۇردۇڭلار، ئۆزى قولۇمغا ئېسىلىپ تۇرۇۋالسا...، — غۇدۇڭشىدى ھۇسەيىن. شۇ چاغدا قالتىس مۆجىزە يۈز بەرگەندەك ئۆمەر جۇجاڭ بىردىنلا زۇۋانغا كەلدى:

— مە... ن كېسەل...ئە... مەس، كېسەل...ئە...مەس، — شىۋىرلىدى ئۇ كۈچسىز ئاۋازدا.

— ۋېيىەي، نېمە قاراپ تۇرىسىز؟ ماشىنا ئەكېلىڭ، ماشىنا! سىرتتىن يۈگۈرۈپ كىرگەن ئايالىم ماڭا توۋلاپ كەتتى.

ئېسىمنى يىغىپ كوچىغا يۈگۈرۈپ چىقتىم - دە،

تاكسىدىن بىرنى توستۇم. ئۇنىڭغىچە ئاغىنىلىرىم ئۆمەر جۇجاڭنى قول - قوللاپ كۆتۈرگىنىچە ئۆيدىن ئېلىپ چىقىشتى. خېلىلا ئىچىشىپ تەڭشىلىپ قالغان ئاغىنىلىرىم پۇت - قوللىرى قولاشماي ئۇياق - بۇياققا تەۋرەنگىنىچە ئۆمەر جۇجاڭنى تەسلىكتە دەرۋازا تەرەپكە كۆتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. لېكىن ئۆمەر جۇجاڭ خۇددى ئاغرىق ئازابى ئىچىدە جۆيلۈۋاتقاندەك:

— مە...ن كېسەل...ئە...مەس!...ئەز... بىرا... يى... مە...ن...كېسەل...ئە...مەس!... ئابلىكىمجان...، — دەپ ئىڭرايتتى. ئۇنى ماشىنىنىڭ كەينى ئورۇندۇقىغا تەسلىكتە ياتقۇزۇپ بېشىنى مەن تۇتۇپ ئولتۇردۇم. ئابلىكىم شوپۇرنىڭ يېنىغا چىقىپ ئولتۇردى. ماشىنا غۇيۇلداپ دوختۇرخانىغا ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى. قۇلىقىمغا بىردىنلا يەنە ئۆمەر جۇجاڭنىڭ:

— مە... ن كېسەل...ئە... مەس، كېسەل...ئە...مەس،

— دېگەن كۇچسىز ئىڭرىشى ئاڭلىنىپ قالدى، بۇ ئىڭراش گويا ئۇنىڭ ئاخىرقى تىنىقى بىلەن قوشۇلۇپ چىقىۋاتقاندەك شۇ قەدەر ئاجىز ھەم ئېچىنارلىق ئىدى...

2000 - يىلى، كۇچا

# كېسەل يوقلاش

ناھىيەلىك ×× ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ماموت ۋىلايەتتە ئېچىلغان يىغىندىن قايتىپ كېلىپ، يۈز - كۆزىنى يۇيۇپلا تاماقمۇ يېمەستىن موئاۋىن ھاكىم ئابدۇرېھىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ يىغىن روھىنى دوكلات قىلماقچى بولدى. ماموتنىڭ ئايالى دەرھال ئۇنى توستى:

— تاماقلىرىنى يېسىلە، ھازىر بارغانلىرى بىلەنمۇ ئا شەنجاڭ ئۆيدە يوق.

— نېمە دەيدىغانسىز؟ — دېدى ماموت تەئەججۇپ بىلەن، — نەگە كەتتى؟

— ئا شەنجاڭ يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ قېلىپ دوختۇرخانىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدە يېتىۋاتقىلى بىر ھەپتە بولدى، — دېدى گۈلنار ماموتنىڭ بارغانسېرى جىددىيلىشىۋاتقان چىرايىغا قاراپ.

— ۋوي، يوقلاپ باردىڭىزمۇ؟ — دېدى ماموت گۈلنارغا تەقەززالىق بىلەن تىكىلىپ.

— قولۇم - قوشنىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يوقلاپ بولدى. مەن سىلىگە قاراپ... دېدى گۈلنار سەل - پەل دۇدۇقلاپ.

— يامان قىپسىز، باشقىلارنىڭ كەينىدە قالمايدىغان ئىش ئىدى، — دېدى ماموت ئايالىنى ئەيىبلەپ، گۈلنار نېمە دېيىشىنى بىلمەي تەمتىرەپ قالدى.

— تېز بولۇڭ، تەييارلىق قىلىڭ، ئا شەنجاڭنى يوقلاپ

كېلەيلى، ــ دېدى ماموت ئارقىسىغا يېنىپ كېلىپ كىرىپ‍سىلودا ئولتۇرغىنىچە.
گۈلنار كىيىمىنى يەڭگۈشلەپ، سومكىسىنى ئېلىپ تەييار بولدى. ئاندىن ئەر - خوتۇن ئىككىسى ماگىزىنغا كىرىپ، كېسەل يوقلاش سوۋغاتلىرىنى سېتىۋالغاندىن كېيىن دوختۇرخانىغا قاراپ ماڭدى. ئۇلار دوختۇرخانىنىڭ دەرۋازىسىغا كەلگەندە قاسىم ھاكىمنىڭ ئوغلى سىدىقجان بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.
ــ بۇ يەردىن چىقىۋاتامسىزغۇ؟ ــ دېدى ماموت سىدىقجان بىلەن تىنچ - ئامانلىق سوراشقاچ.
ــ ئاتام بالنىستا داۋالىنىۋاتىدۇ، ــ دېدى سىدىقجان جاۋابەن.
ــ قانچە ئۇزۇن بولدى؟
ــ ئالدىنقى كۈنى كىرگەن.
ــ نېمە كېسەلكەن؟
ــ دىزىنتېرىيە.
ــ ھە مۇنداق دەڭ، ئۇقماپتۇق، ــ دېدى ماموت سىدىقجانغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىۋاتقاندەك. سىدىقجان ماموت بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قالدى.
ــ يۈرۈڭ قايتايلى، ــ دېدى ماموت گۈلنارنىڭ يېڭنىنى تارتىپ.
ــ ئا شەنجاڭنى يوقلىمايمىزمۇ؟ ــ دېدى گۈلنار ھەيرانلىق بىلەن.
ــ ھاكىمنى يوقلىماي تۇرۇپ، مۇئاۋىننى يوقلىغىلى بولامدىكەن، ــ دېدى ماموت ھەييارلىق بىلەن ئايالىغا قاراپ.
ــ ئۇنداق بولسا ماۋۇ نەرسىلەر بىلەن... دېدى گۈلنار سومكىسىنى ئىشارەت قىلىپ.

— ئەخمەق خوتۇن، — دېدى مامۇت تېرىكىپ مۇئاۋىن ھاكىمنى يوقلايدىغان نەرسە بىلەن ھاكىمنى يوقلىغىلى يۈرىمىز كۆيمەمدۇ؟ ھەر ئىش ئۆز يولى بويىچە بولۇشى كېرەكتە.

گۈلنار كۆڭلىدە مامۇتنىڭ ئەقلىگە بارىكاللا ئېيتىپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى.

1994 - يىلى، كۇچا

# پاكىلىق

بۇ يىل كۆز كىرگەندىن بۇيان، شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىغا كېلىدىغان ئادەملەر بىردىنلا كۆپىيىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپ سانلىقلارنىڭ بۇ ئىدارىغا كېلىشتىكى مەقسىتى، ئۆزلىرىنىڭ يېزا نوپۇسىنى شەھەر نوپۇسىغا ئۆزگەرتىش ئىدى. بۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئىشچى - خىزمەتچىلەر، بۇرۇن شەھەردىن قىسقارتىلىپ يېزىغا چۈشۈرۈلۈپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شەھەرگە قايتا كىرىۋالغانلار ۋە شەخسىي تىجارەت قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن شەھەرگە كىرىپ ۋاقىتلىق ئولتۇراقلىشىپ قالغان دېھقانلارمۇ بار ئىدى. بۈگۈنمۇ بىر قىسىم كىشىلەر ج خ ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئۈچ - تۆتتىن غۇجمەك بولۇپ، ئۇ يەر، بۇ يەردىن ئاڭلىنىۋالغان ئەپقاچتى گەپلەرنى قىلىپ ئولتۇرۇشاتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھېلىم ئىسىملىك قىرىق ياشلاردىكى قارا چوقۇر، سېمىز ئادەم بىردىنلا باشقىلارنىڭ ئاغزى بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىگە يانداش ئولتۇرغانلارنىڭ كېلىشتىكى مەقسىتى ۋە ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى سوراپ بىلىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈردى - دە، گەپ باشلىدى:

— ھەي، تۇغقانلار، بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ئىش ھەل قىلىش بەك تەس بولۇپ كەتتى. قاراڭلار مانا مەن، شەھەر بازىرىدا نامىم بار سودىگەرمەن، لېكىنزە يەنىلا نوپۇسسىز يۈرۈۋاتىمەن، نوپۇسنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ج خ ئىدارىسىغا باپكىنىڭ موكىسىدەك قاتراۋاتقىنىمغا ئۈچ - تۆت يىل بولۇپ قالدى. بىراق، بۇ ئىشىم ھەل بولمىدى، قۇرۇق گېپىم ئۇلارغا

خۇشياقمايۋاتسا كېرەك.

— ھوي ھېلىم بايۋەچچە، — دېدى ئۇنىڭ يېنىدىكى يېشى ئاتمىشلاردىن ھالقىغان نۇردۇن ئاكا دەرھال سودىگەرنىڭ سۆزىگە ئىنكاس قايتۇرۇپ، — سىز ھەممىلا ئىش بېجىرگۈچىلەرنى بىر تاياقتا ھەيدەپ، بىراقلا نەپسانىيەتچىگە چىقىرىۋەتسىڭىز ناھەق بولىدۇ. مېنىڭچە، ئۇلارنىڭ كۆپ ساندىكىسى ياخشى، سىياسەت، پىرىنسىپ بويىچە ئىش قىلىدۇ. ئۇلارغا ئىشىنىشىمىز كېرەك.

— ھەي نۇردۇن ئاكا، نادانلىق قىلماڭ، — دېدى ھېلىم غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋاز بىلەن ئۆز گېپىنى يورغىلىتىپ، — مەن بۈگۈنكى كۈندىكى ئەمەلدارلارغا ئانچە ئىشەنمەيمەن، ئۇلارنىڭ پارا يېمەيدىغانلىرىنى تېپىش تەستەك تۇرىدۇ، ئەگەر ئۇلار خەلق ئۈچۈن ئىشلىسە مانا سىزگە ئوخشاش پېشقەدەم ئىشچىنىڭ خوتۇن - بالىلىرىنىڭ نوپۇسىنى ئۆزۈندىن بېرى نېمىشقا شەھەرگە ئالدۇرۇپ بەرمەيدۇ؟ ھى... ھى... ھى... گەپ پۇلدا.

— ھېلىم بايۋەچچە، ئەھۋالدىن قارىغاندا سىزنىڭ دىلىڭىز پۇلنىڭ كىرى بىلەن قازاندەك قارىداپ كەتكەندەك قىلىدۇ، شۇڭا سىز ھەممە كادىرنى ئۆزىڭىزگە ئوخشاش دۇنيادا پۇل ئۈچۈن ياشايدۇ، دەپ قارايدىكەنسىز، بۇ بەكمۇ خاتا قاراش، مېنىڭ ئىشىمغا كەلسەك، تەشكىل بۇرۇنلا مېنىڭ خوتۇن - بالىلىرىمنىڭ نوپۇسىنى ھەل قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. بىراق، بىزنىڭ ئىدارىمىزدا مېنىڭدىنمۇ قىيىنچىلىقى كۆپ كىشىلەر بولغىنى ئۈچۈن، ماڭا بېرىلگەن ساننى ئۇلارغا ئۆتۈنگەنىدىم. بۇ يىل تەشكىل مېنىڭ پېنسىيەگە چىققان ئىشچى ئىكەنلىكىمنى نەزەردە تۇتۇپ، خوتۇن - بالىلىرىمنىڭ نوپۇسىنى شەھەر نوپۇسىغا ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدى ھەم بۇ ھەقتە تولدۇرۇلغان جەدۋەلنى ج خ

ئىدارىسىغا يوللاپ بەردى، شۇنى بىلىپ باقاي دەپ كەلدىم، مېنىڭ بۇ ئىشىم بىر نېمە سوڭگۇتمىسەممۇ سىياسەت روھى بويىچە ھامان ھەل بولىدۇ دەڭا، مەن پارتىيە كادىرلىرىغا ئىشىنىمەن.

– ھى... ھى... ھى....– ھېلىم بايۋەچچە مەسخىرىلىك ھىجايدى، – بوپتۇ، قېنى سىز ئۇلارغا ئىشىنىۋېرىڭ، مەن پۇلۇمغا ئىشىنىمەن، پۇل ھەممىگە قادىر، پۇلنىڭ كۈچىنى كېيىن كۆرۈپ قالىسىز، – ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ، ج خ ئىدارىسى ئىچىگە كىرىپ كەتتى، قالغان نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغانلارمۇ ئورنىدىن قوزغىلىشتى.

* * *

يېزا نوپۇسىنى شەھەر نوپۇسىغا ئۆزگەرتىش ئىشلىرىغا ج خ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى زەيدۇن مەسئۇل بولغانىدى. ئۇ بىر قىسىم كادىرلارنى باشلاپ يېزا، ئىدارە، مەكتەپ، كان – كارخانىلارغا بېرىپ، يېزا نوپۇسىنى شەھەر نوپۇسىغا ئۆزگەرتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى بىر – بىرلەپ تەپسىلىي تەكشۈردى، ئۇلار تۇرۇشلۇق ئورۇنلارنىڭ مەسئۇلى بىلەن سۆزلۇشۇپلا قالماي، ئىلتىماس قىلغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى كونكرېت ئىگىلەپ بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئىگە بولدى. ئۇ، قىيىنچىلىقى ئەڭ ئېغىر بولغان پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلار، زىيالىيلار، ئىشچى ۋە كادىرلارنىڭ ئائىلە تەۋەسىنىڭ نوپۇسىنى ئالدى بىلەن ھەل قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى ۋە ئىشنى پىرىنسىپ بويىچە بېجىرىشكە كىرىشتى. لېكىن، بۇ كۈنلەردە ئۇنى ئىزدەپ ئىشخانىسىغا ۋە كەچتە سومكا كۆتۈرۈپ ئۆيىگە كىرىدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى. بىراق، كەچتە سوۋغا – سالام ئېلىپ كىرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ چالمىسى سوۋغا چىلىشىپ قاپاقلىرى تۈرۈلگەن ھالدا يېنىپ

چىقىشتى، چۈنكى ئۇلار زەيدۇندىن تېگىشلىك دەككىسىنى يېگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا «تۆمۈرنى يۇمشاتقىلى بولىسىمۇ، زەيدۇن جۇجاڭنى يۇمشاتقىلى بولمايدىكەن، ئۇ تولىمۇ ئادىل، پاك - دىيانەتلىك ئىكەن» دېگەن گەپلەر تارقالدى.

— نەدىمۇ گۆش يېمەيدىغان مۈشۈك بولسۇن، — دېدى شەھەردە «كاسكى» دەپ نامى چىققان زەينەپ ئىسىملىك ئايال بىر ئۆيدىكى ئولتۇرۇشتا ئەتراپتىكىلەرگە ئۆسەك سۆز تارقىتىپ، — زەي جۇجاڭ ئاز نەرسە ئېلىپ كىرگەنلەرنىڭ گېپىنى تىڭشىمايدۇ، ئاز دېگەندىمۇ ئۈچ، توت مىڭ كوي سوغىغۇتمىسە، ئىشنى ھەل قىلماي سىياسەت سۆزلەپ، ئېلىپ بارغان بىرنېمىگىزنى قايتۇرۇۋېتىدۇ، ئۇنىڭ نەپسى بەكمۇ يوغان دەڭلا.

— ئۆزلىرىنىڭ سىڭىللىرىنى شەھەر نوپۇسىغا ئالمىغانلىقى ئۈچۈن زەيدۇن جۇجاڭغا تولا تۆھمەت چاپلىمىسىلا، — دېدى ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ، — شۇنىڭدەك گېلى پاك، پۈت - قولى پاكىزە ئادەمگە قارا چاپلىسىلا ئاخىرىدا ھۆددىسىدىن چىقالمايلا. ئۇنىڭ نەپسىنىڭ يوغىناپ كەتكىنىگە قانداق پاكىتلىرى بار؟

— پاكىت دېگەن بېشىمدىكى چېچىمدىنمۇ تولا، — زەينەپ كاسكى شۇنداق دېگىنىگىچە ئاغزىغا كەلگىنىچە يەنە جۆيلۈشكە باشلىۋېدى، ساھىبخان ئۇنى توختىتىپ قويدى:

— بۇ دېگەن كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى، غەيۋەت - شىكايەت قىلىشقا بولمايدۇ، شۇڭا سورۇن تەرتىپىنى ساقلاپ خۇشال ئولتۇرايلى!

چىرايلىرى ئالىتاغىل بولغان زەينەپ كاسكى سورۇندىن چىقىپ كەتتى. ئادەتتە ياخشى مېۋىگە قۇرت چاپلاشقاندەك، بۆھتانمۇ ياخشى ئادەملەرگە ئاسان چاپلىشىدۇ، شۇڭا زەيدۇنغىمۇ بۆھتان چاپلىغۇچىلار چىقماي قالمىدى. بۇ سورۇندا ھېلىم

بايۋەچچىمۇ بار ئىدى، ئۇ كۆڭلىدە زەينەپنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ ئولتۇراتتى: «مانا مەن زەيدۇن بىلەن بىر يېزىدىن كىچىكىمىزدە بىللە ئۆسكەن، كېيىن تەقدىر قىسمىتى بىلەن ئۇ ئوقۇپ كادىر، ھەتتا باشلىق بولدى، مەن بولسام سودىگەر. دۇنيادا ئوتنى كۆرسە يۇمشىمايدىغان تۆمۈر يوق، مەن ئۇنى چوقۇم يۇمشىتىمەن.» ئۇ كۆڭلىگە شۇ خىياللارنى پۈكتى - دە، ئەتىسى كەچتە ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىش نىيىتىگە كەلدى.

* * *

كەچتە خوتۇن - بالىلىرى بىلەن تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغان زەيدۇن ئىشىكنىڭ چېكىلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۆيگە ھېلىم بايۋەچچە ھىجايغىنىچە كىرىپ كەلدى، زەيدۇن ئۇنى قىزغىن قارشى ئالغىنىچە، ئايرىم مېھمانخانىغا باشلىدى، ئايالى بولسا قورۇما قورۇشقا كىرىشتى.

— ھە، ھېلىقى نوپۇس ئىشى بىلەن كەلگەنسەن ھەقىچان؟

— سورىدى زەيدۇن ئۇنىڭ ئالدىغا مەزەلەر قويغاندىن كېيىن ئۆزىمۇ ئۇنىڭغا ياندىشىپ كىرېسلودا ئولتۇرۇپ.

— شۇنداق، مەنمۇ شەھەردە يىلتىزلىق بولۇپ قالسام ياخشى بولاتتى، شۇڭا دوستلۇق، يۇرتداشلىق يۈز خاتىرىسىنى قىلىپ، مېنى شەھەر نوپۇسىغا ئالدۇرۇپ قويۇ، مەنمۇ ياخشىلىقىڭغا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرىمەن، — دېدى ھېلىم بايۋەچچە.

— مەن ئۆتكەندە ساڭا كۆپ قېتىم دېدىمغۇ، سەن ئەسلىدە شەھەر ئاھالىسى ئەمەس، شەھەردە ۋاقىتلىق ئولتۇرۇۋاتقان دېھقان، ساڭا ئوخشاشلارنىڭ يېزا نوپۇسىنى شەھەردىكى تاۋار ئاشلىق نوپۇسىغا ئۆزگەرتىسەك، يۇقىرىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. دوستۇم، يۇرتدىشىم دەپ سىياسەتكە خىلاپ ئىش قىلسام پارتىيە، خەلق ئالدىدا قانداق جاۋاب بېرىمەن؟ — دېدى باشلىق كەسكىن ھالدا.

— ھى... ھى... ھى... ئۇنداق دېمە بۇرادەر، — ھېلىم بايۋەچچە يېلىنىشقا باشلىدى، — ھوقۇق ساڭا ئۆمۈرلۈك باقىۋەندە ئەمەس، ھوقۇقۇڭ بار چاغدا كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىپ ياغ چاينىساڭ ياخشى ئەمەسمۇ؟ ئۇنچىۋالا ئالىيجاناب بولۇپ ئەرىشكە چىقاي دەمسەن؟ مېنى ئەسلىدە يېزىغا قىسقارتىۋېتىلگەن شەھەر ئاھالىسى قاتارىغا كىرگۈزۈپ ئىشىمنى ھەل قىلىۋەتسەڭ ھەرگىز چانمايدۇ دېگىنە.

— خەلقنى ئالداشقا، پىرىنسىپ ئالدىدا سودىلىشىشقا زادىلا بولمايدۇ، ھېلىم، قېنى ھاراق ئىچ! سەي كەلتۈرگەندىن كېيىن باشلىق ئۇنىڭغا «ئىلى داچۇ» دىن رومكىغا بېلىق كۆزى قىلىپ قويۇپ سۇندى، ھېلىم ھاراقنى گۇپپىدە كۆتۈرۈۋەتتى. ئۇ ئارقا - ئارقىدىن بىرنەچچە رومكا ئىچكەندىن كېيىن خېلى قىزىپ قالدى. ھېلىم قايتماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئىشكتىن چىقىۋېتىپ يانچۇقىدىن بىر قېلىن كونۋېرتنى ئېلىپ ئۇنىڭغا سۇندى. زەيدۇن ئۇنى قولىغا ئالدى.

— بۇ خەتنى مەن كەتكەندىن كېيىن كۆرۈپ باقارسەن، — ھېلىم شۇنداق دەپ زەيدۇنغا رەھمەت ئېيتىپ كېتىپ قالدى. زەيدۇن ئۆيگە كىرىپ كونۋېرتنى ئېچىپ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى، كونۋېرتنىڭ ئىچىدىن يۈز يۈەنلىك پۇلدىن قىرىق ۋاراق چىقتى، زەيدۇن بۇنى كۆرۈپ ھېلىمنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى - دە، غۇژژىدە ئاچچىقى كېلىپ ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ ھېلىمنىڭ كەينىدىن چىقىپ پۇلنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەرمەكچىمۇ بولدى، بىراق بىر ئىش ئۇنىڭ ئېسىگە كېلىپ يەنە تۇرۇپ قالدى...

*                    *                    *

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن. خىزمەت تەرتىپى

بويىچە نوپۇسى ھەل بولغانلارغا ج خ ئىدارىسىغا يىغىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلىندى. شۇ قاتاردا ھېلىمنىڭمۇ ج خ ئىدارىسىغا كېلىشى ئۇقتۇرۇلغانىدى. بۇ چاغدا ھېلىم خۇشاللىقتىن بېشى ئاسمانغا يەتكەندەك بولۇپ كۆلۈپ كەتتى ۋە ئىچىدە «مانا بۇ. تۆت مىڭ يۇەننىڭ كۈچى بىلەن تۆمۈرنى ئېرىتىۋەتتىم دېگەن گەپ. ئەمدى نۇردۇن بوۋايدەك ئىشنىڭ ئېپىنى بىلمەي. كاتتىباشلارغا خۇداغا ئىشەنگەندەك ئىشىنىدىغانلار ئالدىدا ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قويىدىغان بولدۇم ـ دە» دېگەنلەرنى ئويلاپ تۆت چىشلىق كېۋەزدەك ھىجايغىنىچە. ج خ ئىدارىسىغا ھەممىدىن بۇرۇن يېتىپ كەلدى ھەم باشقىلار قاتارىدا يىغىن زالىغا كىرىپ گىدىيىپ ئولتۇردى.

يىغىن رەئىس سەھنىسىدە ئولتۇرغان زەيدۇن چوڭ كۆزلىرىنى كۆپچىلىككە تەكشى يۈگۈرتۈپ ئالدىرىماي سۆز باشلىدى:

ــ يولداشلار، بۇ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك نوپۇسى سىياسەت روھى بويىچە ھەل بولدى. بىراق. ناھايىتى ئاز ساندىكىلەرنىڭ نوپۇسى ھەل بولمىدى. ئۇلارنىمۇ تەكلىپ قىلدۇق. بۇ چاغدا ھېلىم بايۋەچچە يېنىدا ئولتۇرغان نۇردۇن ئاكىغا مەنسىتمەسلىك بىلەن قاراپ مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى. زەيدۇن جۇجاڭ سۆزىنى داۋام قىلىپ، نوپۇسى ھەل بولغانلارنىڭ ئىسمىلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا باشلىدى. ــ نۇردۇن ئاببas. كېرەم سەلەي، ھۆرىخان توختى... بىرىنچى رەتتىلا نۇردۇن ئاكا ئائىلىسىدىكى تۆت جاننىڭ نوپۇسى شەھەر نوپۇسىغا ئۆزگەرتىلگەنلىكى ۋە بۇنىڭ سەۋەبى ئېلان قىلىنغانىدا، نۇردۇن ئاكىنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى ۋە ئىچىدە تەشكىلنىڭ ئادىللىقىغا ئاپىرىن ئوقۇدى. ئىسمىلىك ئېلان قىلىنىپ بولدى. بىراق گىدىيىپ ئولتۇرغان ھېلىمنىڭ

ئىسمى چىقمىدى. ھېلىم تاقەتسىزلەنگەن ھالدا باشلىقتىن سورىدى:

— زەيدۇن جۇجاڭ، مېنىڭ ئىسمىم چىقماي قالدى، ئۇنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟

— ئالدىرىماڭ. سوئالىڭىزنىڭ جاۋابىنى ھازىرلا بېرىمەن، — قاپاقلىرى تۈرۈلگەن زەيدۇن ئەينەن ئەھۋالنى يورۇتۇشقا باشلىدى، — يولداشلار، پارا بېرىش، پارا ئېلىش ئوخشاشلا جىنايەت ھېسابلىنىدۇ. گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتسام، بەزىلەرگە مەن نوپۇس ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى پىرىنسىپ، سىياسەتنى شۇنچە ئېنىق چۈشەندۈرسەممۇ، ئۇلار گېپىمگە قۇلاق سالماي، مېنى توت مىڭ يۈەن پۇلغا سېتىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ناتوغرا تەلىپىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولدى. بۇنداق قىلىش كادىرلارنى چىرىتىشكە ئۇرۇنغانلىق ھەم بۇنداق ئىشلار ماڭا ئاقمايدۇ. بۇ ناتوغرا ئىشنى قىلغۇچىلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى ھېلىم بايۋەچچە بولۇپ، ئۇ ماڭا كېچىدە توت مىڭ يۈەن پۇلنى خەت دەپ بېرىپ مېنى قىلتاققا چۈشۈرمەكچى بولدى، مەن بۇ پۇلنى ناھىيەلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەردىم. مەن ئۇنىڭ كادىرلارنى چىرىتىشكە ئۇرۇنۇشتەك خاتا ئىشلارنى قىلماسلىقىنى، كۆپچىلىكنىڭ ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇنى ئەسكەرتىپ قويايكى، پاك - دىيانەتلىك ئىنسان ئۇلۇغ ئىنسان ھېسابلىنىدۇ، مەن ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرغىچە پاكلىق بىلەن ياشايمەن، بەزىلەرنىڭ تۆھمەت قىلىشىغا پەسەنت قىلمايمەن...

ئۇنىڭ سۆزى تۈگەش بىلەن گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. ھېلىمنىڭ چىرايلىرى تامدەك تاتىرىپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. نۇردۇن ئاكا قاتارلىق كىشىلەر

ھېلىمغا سوغۇق نەزەر بىلەن قاراشتى، يىغىن تارقالدى، شۇ ۋەقە بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي زەيدۇن جۇجاڭنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرى سۈرىتى بىلەن گېزىتتە تونۇشتۇرۇلدى، شەھەردە ئۇنىڭ ئىناۋىتى تېخىمۇ ئۆسۈپ كەتتى.

1991 - يىلى، كۇچا

# كۆيدۈرۈلگەن ھېكايىلەر

مەن ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرغاندىن كېيىن قىلغان تۇنجى ئىشىم ئايالىم بەرگەن خەتنى ئوقۇش، ئاندىن يىللاردىن بۇيان يازغان ئەدەبىي ئەسەرلىرىمنىڭ قول يازمىلىرىنى كۆيدۈرۈش بولدى. چۈنكى بۇ قول يازمىلىرىمنى كۆيدۈرۈشكە ئايالىم بەرگەن خەت سەۋەبچى بولدى. خەتتە: «يولداش كېرىمجان، سىز ئەۋەتكەن ئەسەرنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق. سىزنىڭ تىرىشچانلىقىڭىزنى قەدىرلەپ تۈزىتىپ ئېلان قىلىپ ئىلھام بېرەيلى دەپمۇ ئويلىدۇق. بىراق، ئۇ ئەسىرىڭىزنى تۈزىتىپ بولغۇچە يەنە بىر ئەسەرنى پۈتكۈزۈپ بولغىلى بولغۇدەك. شۇ سەۋەبتىن ئۇنى قالدۇرۇپ قويدۇق. تۈزۈمىمىزگە خىلاپ ھالدا بۇنىڭ جاۋابىنى يازدۇق. ۋاقىپ بولغايسىز. ھۆرمەت بىلەن ×× تەھرىر بۆلۈمى» دېيىلگەنىدى. بۇ خەتنى كۆرۈپ ئاچچىقىم مېڭەمگە تەپتى. ئوت ئىچىدە كۆيۈۋاتقىنى مېنىڭ جاپالىق ئەجرىمنى «كۆزگە ئىلمىغان» ھېلىقى ئاز ساندىكى «مەنمەنچى» تەھرىرلەر ئىدى. بۇ ئارقىلىق مەن ئۇلاردىن ئۆچ ئالماقتا ئىدىم. چۈنكى بۇ ئەسەر مېنىڭ بىر نېمە يېزىشقا كىرىشكەندىن بۇيانقى ئىجادىيىتىمنىڭ كۆزى ئىدى. شۇڭا بۇنىڭ ئىشلىتىلمىگەنلىكى مەن ئۈچۈن قاتتىق زەربە بولدى. بۇرۇنقى ئىشلارنىمۇ ئەسلىدىم، نەتىجىدە بىرقانچە يىلدىن بۇيان قىلغان ئەجىرلىرىم، تارتقان جاپالىرىمغا ئېچىنىدىم ـ دە، ئاچچىقىمدا يىللاردىن بۇيان يازغان ئەسەرلىرىمنى كۆيدۈرۈۋېتىش قارارىغا كەلدىم... ئوت ۋالىلداپ كۆيمەكتە، ھېكايىلەرنى يىرتىپ بىر ـ بىرلەپ ئوتقا تاشلىماقتا ئىدىم.

ئاھ، نەچچە يىلدىن بۇيان بۇ ئىشقا ئاز ئەجىر سىڭدۇردۇممۇ؟ قانچىلىغان يەكشەنبىلىك دەم ئېلىش ۋە كېچىلىك شېرىن ئۇيقۇلارنى قۇربان قىلغان ئىدىمغۇ؟ بالىلىرىمنىڭ «سەن يەكشەنبە كۈنلىرىمۇ قەغەز تىتىملاپ ئولتۇرۇپ باغچىلارغا ئاپارمايسەن، باشقا بالىلارنىڭ ئاتىسى يەكشەنبە كۈنى بالىلىرىنى باغچىلارغا ئاپىرىپ ئوينىتىدىكەن، سەن نېمە ئۈچۈن بىزگە ئاتا بولۇپ قالغانسەن؟» دېگەن تاپا - تەنىلىرى ئاز بولدىمۇ؟ مەن بالىلىرىمغا راستىنلا كۆيمەمدىمەن؟ مەن بۇلارنى ئويلىغىنىمدا، ئوت ئىچىدە كۆيۈۋاتقىنى ژۇرناللارغا يارىمىغان قول يازمىلار ئەمەس، بەلكى مېنىڭ يۈرىكىم كۆيۈپ پۇچىلانماقتا ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ بۇ ئازابقا كۆزۈمنى يۇمغان، چىشىمنى - چىشىمغا چىڭ باسقان ھالدا بەرداشلىق بېرىۋاتاتتىم. ئەنە شۇ ئازاب ۋە ئۆرتىنىش ئىچىدە «يازغۇچى بولغۇچە بالدۇرراق پېنسىيەگە چىقىپ بىر ئاشخانا ئېچىپ پۇل تاپاي ياكى بىرلىيارت ئۇستىلىدىن ئىككىنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى ئىجارىگە بەرسەم كۈنىگە 20 يۈەندىن جاپاسىز پۇلغا ئېرىشىدىكەنمەن، شۇ تەييار ناننى يەي، بۇنىڭدىن كېيىن ھېكايە، نەسىر، شېئىر دېگەن نەرسىلەرنى كۆزۈممۇ كۆرمىسۇن، بۇنى يازغان پولات قەلەمنى كۆزدىن يوقىتاي» دېگەنلەرنى خىيالدىن ئۆتكۈزۈپ، يىگىرمە نەچچە يۈەنگە ئالغان ئالتۇن ھەل بېرىلگەن قەلەمنى سۇندۇرۇپ، ئۇنىمۇ ئوتقا تاشلىۋەتتىم.

— كېرىمجان نېمە قىلىۋاتىسىز؟

خىيالدىن ئۆزۈمگە كېلىپ، ئايالىم نۇرنىسانىڭ يېنىمدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ جاۋاب بەردىم:

— بۇ يارامسىز ئەسەرلەرنى كۆيدۈرۈۋاتىمەن.

— نېمە ئۈچۈن كۆيدۈردىڭىز؟

— ژۇرنال ياكى گېزىتلەر مېنىڭ بىرەر پارچە بولسىمۇ ئەسىرىمگە ئورۇن بەرمىدى، شۇڭا ئاچچىقىمدا كۆيدۈردۈم.

— نېمە ئۈچۈن ئورۇن بېرىدۇ؟
— نېمە ئۈچۈن ئورۇن بەرمەيتتى؟
— يازغان نەرسىڭىز، ئەدەبىي ئەسەرگە ئوخشىمىسا، ئۇنى سىزنىڭ ئەجرىڭىز دەپ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنسا، ئەدەبىي ژۇرنال ئۆز ماھىيىتىنى يوقىتىپ كىشىلەر نەزىرىدىن چۈشۈپلا قالماي، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئەيىبلەش «نىشانى» غا ئايلىنىپ قالامدۇ؟
— مەن ئەدەبىي ئەسەر يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقاندىن بۇيان يازغانلىرىمنىڭ بىرەرسىمۇ تەلەپكە لايىق ئەمەسمۇ؟
— يىللاردىن بۇيان يازغان ئەسەرلىرىڭىزدىن مەن بىلمەيدىغىنى يوقتۇ؟
— ئۇنى مەن نەدىن بىلەي...
— ئېسىڭىزدە باردۇ، 1980 - يىلى تۇنجى قېتىم يېزىپ پۇتكۈزگەن «باشلىنىش» ناملىق ئەسىرىڭىزنى ماڭا كۆرسەتكەنىدىڭىز. مەن ئۇنىڭ تەسۋىرىي خەۋەرگە ئوخشاپ قالغانلىقىنى، شۇڭا ئۇنى قايتا ئىشلەش لازىملىقىنى ئېيتسام، سىز مېنى «مەن دېگەن ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى، ئەدەبىياتنى مەن سەندىن ياخشى بىلىمەن، سەن مېنىڭ ئەجرىمنى يوققا چىقارماقچىمۇ؟ دەپ ئەيىبلەپ كەتكەنىدىڭىز. مەن ئەسلىي بۇ بىر ئەدبىي ئەسەر تۇسىنى ئالماپتۇ، شۇڭا تۇنجى يولنى ئوڭۇشلۇق بېسىشىڭىز ئۈچۈن پايدىسى بولار دەپ بەزى تەكلىپلەرنى بەرسەم، سىز ئۇنى قوبۇل قىلمايلا قالماستىن قاتتىق خاپا بولدىڭىز. ئەمما شۇنداق ئەھۋالدىمۇ مەن زۆرۈر تېپىلغاندا ياردەم بېرەي دېدىم. سىز مېنىڭ بۇ تەكلىپىمنى رەت قىلىپلا قالماي «ئون خوتۇننىڭ بىر توخۇچىلىك ئەقلى يوق دېگەن سۆزنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق» دەپ ماڭا تاپا - تەنە قىلدىڭىز. نەتىجىدە ئىككىمىز خېلى ئۇزاق تەتۈر قارىشىپ يۈردۇق. شۇنىڭدىن

باشلاپ يازغان ئەسەرلىرىڭىزنى ماڭا كۆرسەتمىدىڭىز، بىراق ئەسەرلىرىڭىزنى مەخپىي كۆرۈپ تۇردۇم. بولماپتۇ دەي دېسەم، يەنە خاپا بولۇشىڭىزدىن ئەنسىرىدىم. ئارىدىن نەچچە يىل ئۆتتى، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە يەنىلا يول تاپالمىدىڭىز. بۇنىڭغا قاراپ سىزگە تەكلىپلەرنى بەرگەن بولسامۇ، ئەمما بۇ تەكلىپلىرىممۇ نۆل بىلەن نەتىجىلەندى.

— ئېچىشقان يەرگە لازا قۇيغاندەك ئىشنى قىلماي، ئاغزىڭنى يۇم.

— ئاغزىم ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ بولغاندا ئۆزلۈكىدىن يۇمۇلىدۇ، — نۇرنىسا بوش كەلمىدى، ئۆڭمەي، تاتارماي تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئۆتكەن يىلى يازغان «ئىزدىنىش» ناملىق ھېكايىڭىزنى ياخشى يېزىلدى، دەپ ئويلىغان بولسىڭىز كېرەك، «بۇنى كۆرۈپ بېقىڭ» دەپ بەردىڭىز، ئوقۇپ كۆرسەم ئۆزىڭىزنىڭ ئىزدىنىش جەريانى سىڭدۈرۈلگەن ھېكايە ئىكەن. بۇمۇ «تۇزى كام تاماق» تەك بولۇپ قاپتۇ، تۈزىتىپ ئاندىن ئەۋەتىڭ دېدىم. كېيىن، تۈزىتىپ ژۇرنالغا بەردىم دېگەندەك قىلدىڭىز، ئەمما كېيىن بۇ ھېكايىڭىزنىڭ ھېچقانداق ئۇچۇرى بولمىدى. بۇ ئىشنى ئويلاپ سىزگە ئېچىنىپ مەكتىپىمىزنىڭ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى قادىر مۇئەللىمنىڭ ئون نەچچە پارچە ھېكايە، نەسىر ۋە شېئىرلىرىنىڭ گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق يول تېپىش ھەققىدە مەسلىھەت بەردىم. سىز بۇ گەپنى ئاڭلاپ: «سەن ئۇنى داۋاملىق ماختايسەن، تېخى ئۇنىڭدىن ئۆگەن دەيسىنا! سېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن چاتىقىڭ بولمىسا مېنى سۇندۇرۇپ ئۇنى كۆككە كۆتۈرەمتىڭ؟» دەپ ماڭا قاتتىق ئاھانەت قىلدىڭىز.

— گېپىمنى خاتا چۈشىنىپ قاپسىز... مېنىڭ كۆزدە

تۇتقۇنۇم سىزنىڭ تىنىمسىز ئەمگەكلىرىڭىزنىڭ تەملىك رەك مېۋە بېرەلمىگىنىگە ئېچىنىشتىن ئىبارەت. ئۇيلاپ بېقىڭ، بۇنىڭدىكى تۇپ سەۋەب زادى كىمدە؟ سىزدىمۇ ياكى گېزىت ـ ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىدىكى «چۈمۈچ تۇتقان»لاردىمۇ؟ بۇنى ئۇيلاپ كۆرمىدىڭىزمۇ؟

ــ بولدى بۇ گەپلىرىڭنى يىغىشتۇرۇۋال. ئەسەر يازسام ئۆزۈم يازدىم، ئۆزۈم كۆيدۈردۈم ھېچكىمگە داۋايىم يوق.

ئاغزىمدا ئۇنداق دېگەن بىلەن يۈرىكۈم مېنىڭدىن خاپا، شۇڭا ئۇ، ئوتتا پۇچىلانغاندەك نالە قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ نالىسى كۆزۈمنىمۇ ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغانىدى. نەتىجىدە كۆزۈممۇ يۈرىكۈمگە ئەگىشىپ يىغلىماقتا ئىدى. قانچىلىك يىغلىغانلىقىمنى بىلمەيمەن. لېكىن ئايالىمنىڭ: «كېرىمجان چاي ئىچىڭ» دېيىشى مېنىڭ دىققىتىمنى يىغىشىمغا سەۋەب بولدى. ناۋات سېلىنغان تاتلىق چايمۇ مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلالمىدى، چاي گالدىن ئۆتمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. مەن ئاشۇنداق ئولتۇرغۇنۇمدا خىيال كەپتىرىم بىردىنلا ئۇچۇپ، ئۆتۈپ كەتكەن يىللاردا قىلغان ئىشلىرىم ئۈستىگە قوندى.

ئالاھەزەل بۇنىڭدىن توققۇز يىل بۇرۇنقى بىر كۈنى بىر ھېكايىلەر توپلىمىنى كۆرۈپ ئولتۇرۇپ، ئۆزۈم بىلەر بىلمەي دىلىمغا بىردىنلا بىرەر نەرسە يېزىپ بېقىش ئىستىكى سىڭىپ كىردى. ئەمما بۇ ئازغىنا بىلىم بىلەن ئەسەر يازىمەن دېسەم قاملاشتۇرالارمەنمۇ؟ قاملاشتۇرۇپ يازسامغۇ مەيلى. يازالمىسام ياكى ياخشىراق يازالمىسام كىشىلەرنىڭ مازاق قىلىشىغا قالارمەنمۇ؟ دېگەن ئەندىشىلەردە بولۇپ بىر مەزگىل تەمتىرەپ يۈردۇم. لېكىن بىر نېمە يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىستىكى تەمتىرەش ئۈستىدىن غالىب كەلدى، قولۇمغا قەلەم ئالدىم، ئىشقا كىرىشتىم. خېلى كۆپ «ئەسەر» يازدىم. بۇ جەريان‌دا بەزى دوستلىرىم ماڭا «سەن بۇ ئىشنى قىلالماي قالارمەنمىكىن دەپ

قورقما» دەپ ئىلھام بېرىپ تۇردى، بەزىلەر بولسا «ھەي ئەخمەق، ئۆردەك توخۇنى دورايمەن دەپ دوڭغاق بولۇپ قاپتۇ، دېگەندەك سەنمۇ يازغۇچىلارنى دورايمەن دەپ كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىگە قالما» دېيىشتى.

— «يولۋاس ئىزىدىن، يىگىت سۆزىدىن قايتماس» دېگەن گەپ بار. بۇ يولدا ماڭغىنىم ماڭغان، دەپ ئېتىراز بىلدۈردۈم ئۇلارغا.

— ئەمەلىيەتتە بۇ يولدا خېلى ئۇزۇن يىل ماڭدىم، ماڭغىنىم تۈز يول ئەمەس ئەگرى يول بولدى، قىلغان ئىشىم غەلىبىلىك ئەمەس مەغلۇبىيەت بىلەن نەتىجىلىنىپ تۇردى. مەن ئۇنىڭغا بويۇن بەرمىدىم، لېكىن سەۋەبىنى ئۆزۈمدىن ئىزدىمەي بەلكى ئەسەرلىرىمنىڭ ئىشلىتىلمەسلىكىنى تەھرىر بۆلۈمىدىكى تەھرىرلەردىن كۆردۈم. نەتىجىدە ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ «چۈمۈش» نىڭ ئىگىسى شۇلار ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇلار بىلەن تونۇشقاندىلا ئاندىن مەقسەتكە يەتكىلى بولار دەپ قارىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىي ژۇرنال تەھرىر بۆلۈملىرى ۋە گېزىت ئاساسىي ئەھۋالىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئىش باشلىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئەۋەتكەن ئەسەرلىرىمگە ئۇلارغا ئۆتۈنۈش بىلەن تولغان سالام خەتلىرىمنى قوشۇپ ماڭدۇردۇم، ئەمما بۇ ئۇسۇلمۇ ئۈنۈم بەرمىدى.

«ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟» نەچچە يىللاردىن بۇيان قىلغان ـ ئەتكەن ئىشلىرىمنىڭ ئۆزىمۇ بىر ھېكايە بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇ مەن ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى مەندىن كېيىنكىلەرمۇ مېنى دوراپ، ئەگرى يولدا كۆپ مېڭىپ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىكى ئۈچۈن بېشىمدىن ئۆتكەن تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئاشكارىلاش قارارىغا كەلدىم. ئۇلارغا بۇنىڭ قانچىلىك مەنپەئەت بېرىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن... مەن تۇنجى قېتىم يازغان «باشلىنىش» ناملىق ھېكايەمنى XX

ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە ئەۋەتتىم، ژۇرنالغا بېرىلمىدى، بىر مەزگىلدىن كېيىن گېزىت ـ ژۇرنالغا يەنە كەينى ـ كەينىدىن ئىككى پارچە ھېكايە ماقالىدىن تەھرىر بۆلۈمىدىن ئاغرىنىپ بۇ ھېكايىلەرنىڭ كوپىيەسىنى قايتا كۆچۈرۈپ xx ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە ئەۋەتتىم. بۇ ژۇرنالغا يەنە بىر پارچە نەسىرنىمۇ ئەۋەتتىم، بۇ ئەسەرلەرمۇ ئىشلىتىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنى قايتا كۆچۈرۈپ xx ژۇرنىلىغا ئەۋەتىپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرەرى بولسىمۇ ژۇرنال يۈزىدە كۆز ئاچار دەپ ئويلىغانىدىم، ئەمما، ئۇ ئەسەرلىرىم تۆرەلمە ھالەتتە دۇنيا بىلەن خوشلاشتى.

كېيىن ئەسەرلىرىمنى يەنە قايتا كۆچۈرۈپ ئاپتونوم رايون ھەم ۋىلايەت دەرىجىلىك ئەدەبىي ژۇرنال تەھرىر بۆلۈملىرىنىڭ كۆپ قىسمىغا ماڭدۇردۇم. بۇ ئەسەرلەرمۇ قۇمغا سىڭگەن يامغۇر دانچىلىرىدەك كۆزدىن غايىب بولدى. بۇ ئىشلار مېنى ئويلاندۇرماي قالمىدى: «باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرى ئېلان قىلىندى، مېنىڭ ئەسەرلىرىم نېمە ئۈچۈن ئېلان قىلىنمايدۇ؟ بەلكىم ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغانلار تەھرىرلەر بىلەن تونۇش بولغانلىقىدىن بولغاندۇ! ئەمما، مېنىڭ بىرەر ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىدىمۇ تونۇشۇم يوق، شۇڭا مېنىڭ ئەسەرلىرىم ئىشلىتىلمىگەن بولۇشى مۇمكىن.» ئاخىرى بەزى ژۇرناللارنىڭ تەھرىرلىرى بىلەن تونۇشتۇم، دوستلۇق ئورناتتىم.

ئەمدى ئىشىم ئوڭدىن كېلىپ قالار دەپ بۇ ژۇرناللاردىكى تەھرىرلەرگە بىرنەچچە پارچە ئەسەر ئەۋەتتىم. بۇ ئەسەرلەرمۇ جاھان بىلەن ئۇن ـ تىنسىز خوشلىشىپ «ئەخلەت ساندۇقى»دىن ئورۇن ئالغان بولسا كېرەك، ئۇلارمۇ ژۇرنال يۈزىدە كۆرۈنمىدى، بۇ ئىش «قۇرۇق گەپ قۇلاققا خۇش ياقماپتۇ» دېگەن گەپلەرنى ئەسلەتتى، نەتىجىدە ئالدى بىلەن سوۋغا ـ

سالام ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ئەسەر يوللاش چارىسىنى قوللاندىم.

xx يىلى xx ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى مەسئۇل تەھرىر ھاشىمجانغا يىگىرمە كىلوگىرام ياڭاق ماڭدۇردۇم. بىر ھەپتىدىن كېيىن جاۋاب كەپتۇ، جاۋاب خەتتە «ھۆرمەتلىك كېرىمجان، سىز ئەۋەتكەن خەت ۋە سوۋغا - سالامنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ خۇشال بولدۇم. سىزگە كۆپ رەھمەت، xx ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى ھاشىمجاندىن. xx يىلى xx ئاي xx كۈن دەپ يېزىلغانىدى». شۇنىڭ بىلەن دەرھاللا ھېكايىدىن ئىككىنى - كەينىدىن ھاشىمجاننىڭ نامىغا ماڭدۇردۇم. خېلى ئۇزاق كۈتتۇم، بۇ ئەسەرلىرىممۇ كۆلگە چۈشكەن تاشتەك جىمجىت بولۇپ كەتتى. مەن، ھاشىمجان «بۇنچىلىك نېمىلىرىڭگە گول بولۇپ ھېكايەڭنى ئىشلىتەمدىم» دەپ ھېكايەمنى ئىشلەتمىگەن ئوخشايدۇ دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا يەنە يۈز يۈەنلىك سوۋغا - سالام ئەۋەتتىم. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ھاشىمجاندىن بىر پارچە خەت كەپتۇ. خەتتە: «سىز ئەۋەتكەن سوۋغا - سالاملارنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. كۆپ رەھمەت، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئاۋارە بولماڭ...

ھۆرمەت بىلەن ھاشىمجاندىن» دەپ يېزىلغانىدى، بۇ خەتنىڭ ئاخىرىغا: «ئىككى قېتىم ئەۋەتكەن سوۋغا - سالاملىرىڭىز ئۈچۈن ئاز بولسىمۇ 120 يۈەن ئەۋەتتىم، تاپشۇرۇپ ئالغايسىز» دېگەن ئەسكەرتىشمۇ قوشۇپ قويۇلۇپتۇ. مەن خەتنى كۆرۈپ بىر تەرەپتىن ھاشىمجاننىڭ پاك - سەممىيلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇسام، يەنە بىر تەرەپتىن ھاشىمجان ئەۋەتكەن پۇلنىڭ مېنىڭ ھېكايەمنىڭ يورۇق دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىپ قالارمۇ دەپ ئەنسىرىدىم. ئاخىر ئەنسىرىشىم ئورۇنلۇق بولۇپ چىقتى. كېيىن يەنە ئىككى جايدىكى تەھرىرلەرگە سوۋغا - سالام ئەۋەتتىم، ئارقىدىن

ھېكايىلىرىمنىمۇ ئەۋەتتىم، ئۇلارمۇ ھاشىمجان بىلەن بىر يولدا ماڭدى. لېكىن xx ژۇرنىلىدىكى قاسىمغا بىر قېتىمدىلا 100 يۈەنلىكتىن كۆپرەك سوۋغا - سالام ئەۋەتكەن ئىدىم، ئۇ ئەۋەتكەن خېتىدە ئالاھىدە خۇشال بولغانلىقىنى يېزىپتۇ، مەن بۇ خەتنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىنمۇ بەك خۇشال بولۇپ «پۇلۇم ئۆز كۈچىنى نامايان قىلىدىغان بولدى» دەپ ئويلىدىم. كۈنلەر، ئايلار ئۆتتى، ئەۋەتكەن ھېكايەم ژۇرنالدا كۆرۈنمەيلا قالماي 100 يۈەنلىك سوۋغا - سالىمىممۇ «چالا ساۋاتلىق» نىڭ قۇربانى بولدى. بۇ ئىشلار مېنى ئويلاندۇردى، لېكىن ئويلاپ بۇ ئىشنىڭ تېگىگە تولۇق يېتەلمىدىم، خىيال كەپتىرىم قونغان يېرىدە مىدىر - سىدىر قىلماي ئولتۇراتتى.

«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگەن تونۇش ئاۋاز خىيال كەپتىرىمنى ئۈچۈرۈۋەتتى. سالام بېرىپ كىرىپ كەلگۈچى باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم، ھازىر كەسپىي يازغۇچى بولۇپ ئۆز ئەجرى ئارقىلىق خۇش پۇراقلىق گۈللەرنى يېتىشتۈرۈۋاتقان سادىق ئىدى. ئۇنى كۆرۈپ خۇشال بولدۇم، سالام - سائەتتىن كېيىن قىزغىن پاراڭلاشتۇق، ئۇ بىردىنلا ئېغىز ئېچىپ:

— كېرىمجان ئاغرىپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟

— ياق ئاغرىپ قالمىدىم.

— ئۇنداقتا چىرايىڭىز سەل تاتارغاندەك تۇرىدۇ، باشقا كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىپ قالدىمۇ يا؟

— باشقا ئىش يۈز بەرمىدى.

— يېقىن ئەل - ئاغىنىلىرىڭىزمۇ يالغان گەپ قىلغىلىقمۇ؟ راست گەپنى دېسىلە، دېدى ئايالىم داستىخاننى يىغىۋېتىپ.

مەن بولغان ئىشنىڭ ئۇجۇر - بۇجىرى بىلەن تولۇق ئېيتتىم. ئاخىردا ئەتىگەندە بولغان ئىشنىمۇ دەۋەتتىم.

— ھە مۇنداق دەڭ، بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئەسەر

يېزىۋاتقانلىقىڭىزنى ماڭا دېمىگەنىدىڭىزغۇ؟
— خىجىل بولدۇم ھەم سىزنى ئاۋارە قىلماي دەپ يازغان نەرسىلىرىمنى كۆرسەتمىگەنىدىم.
— دوستلار ئارا بىر - بىرىنى ئاۋارە قىلىش دېگەن ئىش مەۋجۇت ئەمەس، يازغان ئەسەرلىرىڭىزنى ماڭا كۆرسەتكەن بولسىڭىز كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ياردەم بەرگەن بولسام پايدىسى بولۇپ قالاتتى. ھېلىمۇ يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇڭ، ياردەم بېرەي.
— دېدى مېنى رىغبەتلەندۇرۇپ. «ئەسەرلىرىمدىن بىرەرى بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا كۆرسىتەركەنمەن» دەپ خىيال قىلىپ ئولتۇرغۇنۇمدا بىر ئىش ئېسىمگە كەچتى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يازغان ھېكايە، نەسىر ۋە شېئىرلىرىمدىن ئەڭ ياخشى دەپ ئايرىپ قويۇلغان تۆت پارچىسى «ئۆلۈم» دىن ئېشىپ قالغانىدى. ئۇنى ئاچقىپ سادىققا بەردىم، سادىق بۇ ئەسەرلەرنى خېلى ئۇزاق ۋاقىتتا كۆرۈپ بولدى، ھەتتا بەزىلىرىنى تەكرار كۆردى، كۆردى - يۇ، جىمجىت بولۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىرەر تاتلىق سۆزنىڭ چىقىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتۈم. ئۇ تاماكىسىنى قاتتىق - قاتتىق شورىغىنىچە خىيال سۈرمەكتە ئىدى، خېلى ئۇزاق كۈتۈپ ئولتۇردۇم، ئۇ گەپ قىلمىدى. ئاخىر مېنىڭ تاقىتىم تاق بولدى - دە، ئالدى بىلەن ئېغىز ئېچىپ قالدىم:
— سادىق بۇ ئەسەرلىرىم قانداقراقكەن؟
— نېمە دېسەم بولار؟ — دېدى سادىق كۈلۈمسىرەپ.
— نېمىگە كۈلىسىز؟ — دېدىم سەل ھەيران بولۇپ.
— مەن گەپىنىڭ راستىنى قىلاي، ئاغرىنىپ قالماڭ...
— «دوست ئاغرىتىپ ئېيتىدۇ، دۈشمەن كۈلدۇرۇپ» دەيدىغان گەپنى مەن بىلمەن، ئويلىغانلىرىڭىزنى دەۋېرىڭ، — دېدىم مەردلىكىمگە ئېلىپ.
— كېرىمجان، سىزنىڭ بۇ ئەسەرلىرىڭىز ئەدەبىي ئەسەرگە

ئانچە ئوخشىماي قاپتۇ، بۇنى بىرەر ئورۇنغا ئەۋەتىشكىمۇ ئىشلەتمەيدۇ، شۇڭا... جايلىرىنى تۈزىتىپ ئەۋەتىڭ.

مەن سادىق بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپتە يېقىن دوستلاردىن بولۇپ ئۆتۈشكەن ئىدۇق، شۇڭا ئۇنىڭ ئەزەلدىن راست گەپ قىلىدىغان مىجەزى ماڭا بەش قولدەك ئايان ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئاپتونوم رايوندىكى نامى بار يازغۇچىلارنىڭ بىرى تۇرسا ئۇنىڭ گېپىنىڭ جېنى باردە، مەن ساۋاقدىشىم سادىق بىلەن ئايالىمنىڭ گېپى بىر يەردىن چىققانلىقىنى ئويلاپ، يازغان ئەسەرلىرىمنىڭ ھەقىقەتەن ياخشى يېزىلمىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم - دە، تەھرىرلەردىن ئاغرىنىشىمنىڭ تامامەن خاتا ئىكەنلىكىنى، سەۋەنلىك ئۇلاردا ئەمەس، بەلكى سىڭدۈرگەن ئەجرىمنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىنى ھېس قىلدىم، شۇنىڭ بىلەن بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلسام بولار؟ دېگەن سوئالمۇ كاللامنى چۇلغىۋالدى. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ تۇرغۇنۇمدا مۇنداق بىر ئىش ئېسىمگە كەلدى. بۇرۇن مەن دوستلىرىم ئالدىدا: «يولۋاس ئىزىدىن قايتماس، يىگىت سۆزىدىن» دېگەندەك، مەنمۇ سۆزۈمدىن قايتمايمەن، «يازغۇچى بولۇش يولىغا ماڭغىنىم ماڭغان» دېگەن ۋەدىلىرىمنى ئويلاپ يۈزۈم ئوت ئالغاندەك بولۇپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن يازغۇچى بولۇپ ۋەتەن ۋە خەلق ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپرەك تۆھپە قوشۇشقا قايتا ئىرادە باغلىدىم.

1990 - يىلى، كۇچا

# ساۋاب

نۇرخان بۈگۈن ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىن سەھەر ئورنىدىن تۇردى ـ دە، تاھارەتكە سۇ ئىسسىتىش ئۈچۈن مەش ئالدىغا باردى. ئۇزۇن ئۆتمەي مەشتىكى «قارا ئالتۇن» ئارىسىدىن قىزىل نۇر كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. بۇنى كۆرۈپ ئولتۇرغان نۇرخان خىيالغا پاتتى:

«خۇدا ‹يارىتىشنى مەن ياراتتىم، يارىلىش ئۆزۈڭدىن› دېگەنمىش. بۇ بەرھەق راست ئىكەن، مۇشۇ يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان كۆمۈرنى يەر ئاستىدىن ئادەم كولاپ يەر ئۈستىگە ئاچىقمىسا، ئۆسۈملۈكتەك ئۆزى كۆكلەپ چىقامتى؟ كۆمۈرنى تاغدىن ئادەم ئەكەلمىسە، بۇ يەرگە ئۆزلۈكىدىن كېلىپ قالامتى؟... نۇرخان خىيال سۈرۈۋېتىپ ئۆزىگە يەنە سوئال قويدى: ئۆيىمىزدىكى تېلېۋىزور، كىيىم تىكىش ماشىنىسى، گېلەم، تەڭلىمات، ياغ تارتىش، پاختا چىقىرىش ماشىنىلىرى، تۆت چاقلىق كىچىك تىراكتور، پىكاپلارچۇ؟... قوتاندىكى چوڭ ـ كىچىك چارۋىلارچۇ؟ ھە راست، بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلچۇ؟... بۇرۇن زاغرىنىمۇ تويغۇدەك يېيەلمەيتتۇق، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، زاغرىنى قويغا بېرىدىغان بولۇپ كەتتۇق. قىسقىسى، كەنت بويىچە ئالدىن بېيىغانلار قاتارىغا قوشۇلدۇق. بۇ بىزنىڭ تەلەي پېشانىمىزنىڭ ئوڭلىقى، قىسقىسى ‹يارىلىش› دا ئىزدەنگەنلىكىمىزدىن بولدى...»

نۇرخان ئويلاۋېتىپ، بۇرۇنقى بىلەن ھازىرقىنى سېلىشتۇرغاندىن كېيىن دىلى ۋاللىدە يورۇغاندەك بولدى ـ دە:

«بىز دېھقانلارنىڭ مۇشۇنداق تېز بېيىشىمىز

ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ھازىرقى سىياسىتىنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن بولدى» دېدى ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ. نۇرخان مەشكە كۆمۈر سېلىۋېتىپ يەنە خىيال دېڭىزىغا غەرق بولدى:

«ھازىر بالىلىرىمىز چوڭ بولۇپ، ئۆي - ئوچاقلىق بولدى. خۇدا بەرگەن ئىككى ئوغۇل، بىر قىزىم بىر - بىرىدىن ئەقىللىك ھەم ئىشچان. چوڭ ئوغلۇم ماموت دېھقانچىلىق بىلەن، كىچىك ئوغلۇم ھاشىم ياغ تارتىش ۋە پاختا چىقىرىش ئىشلىرىنى قىلىۋاتىدۇ، قىزىم ماھىنۇر بېيجىڭدا ئوقۇۋاتىدۇ. بۇ ئائىلىمىزنىڭ شەرىپى ئەمەسمۇ؟»

نۇرخاننىڭ ئۆي - خىيالى بۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇنىڭ خىيال كەپتىرى بىردىنلا ئېرى قاسىم ئاخۇننىڭ ئۇستىگە قوندى:

«ئاتىسى رەھمەتلىك مۇشۇ بەختلىك كۈنلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بولسا قانداق خۇش بولۇپ كېتەتتى - ھە؟ ئۇ رەھمەتلىك موللا كىشى بولغاچقا، ھەج قىلىشنى بىر ئۆمۈر ئارزۇ قىلغانىدى. ئاللاتائالا بۇنى ئۇنىڭغا نېسىپ قىلمىدى، لېكىن ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا: ‹مەن ھەج قىلالمايدىغان ئوخشايمەن، خۇدا نېسىپ قىلىپ قالسا سىلى بولسىلىمۇ بارسىلا، خۇدايىم بىزدىن سادىر بولغان گۇناھى كەبىردىن ئۆتەر، مەنمۇ سىلىدىن ئۇ ئالەم، بۇ ئالەم خۇش بولاتتىم› دېگەنلىرىنى ئويلاۋېتىپ، - ئاھ خۇدا، ماڭا ھەج قىلىشنى نېسىپ قىلغايسەن، دېگىنىنىمۇ ئۆزى سەزمەي قالدى.» ئاللاھۇ ئەكبەر... ئاللاھۇ ئەكبەر... مەزىن ئاخۇن تووۇلىغان ئەزان بىلەن نۇرخاننىڭ خىيالى يىپى ئۈزۈلدى. ئۇ، قازاندىكى سۇنىڭ ئىسسىپ تەييار بولۇپ قالغانلىقىنى كۆردى - دە، قازاندىن سۇ ئېلىپ بامدات نامىزىغا تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ھويلىغا ماڭدى...

شۇ كۈندىن باشلاپ، نۇرخان ئولتۇرسا - قوپسا ھەج قىلىش ئىشىنى خىيال قىلىدىغان بولۇپ قالدى. شۇ سەۋەبتىن بولسا

كىرەك، بەزىدە ھەج قىلىپ چۈشەيدىغان بولۇپ قالدى. مانا، ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى.
بىراق، ھەج قىلىش ئىستىكى نۇرخاننىڭ قەلبىدە كۈنسېرى كۈچىيىپ باردى. ئۇ بۈگۈن ئەتىگەندىمۇ بامدات نامىزىنى ئۆتەپ بولدى ـ يۇ، جەينىمازدىن ئۇستىدىن چۈشمەي، ھەج قىلىش ئىشىنى خىيال قىلغىنىچە ئىستىقامەت قىلىپ ئولتۇرماقتا ئىدى. نۇرخان ئاتمىش ياشلارغا كىرىپ قالغان بولۇپ، چاچلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئاقارغان، ئوتتۇرا بويى، قاڭشارلىق، يېشىنىڭ چوڭايغانلىقىغا قارىماي كۆزلىرىدىن جەسۇرلۇق، چىرايىدىن تەبەسسۇم تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ ئەقىل ـ ئىدراك، پەم ـ پاراسەت جەھەتتە مەھەللە بويىچە تەڭ ياشلىق ئاياللار ئىچىدە ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ جەمەتى كۆپ بىر ئائىلىنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىنى پۇختىلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلغاچقا، بۇ ئائىلە كەنت بويىچە بالدۇر بېيىپ، پۇلىمۇ، مال ـ مۈلكىمۇ ئۆزىدىن ئېشىپ تۇرىدىغان دەرىجىگە يەتكەنىدى. نۇرخان ھەج قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە يەنە ئويلىنىپ قالدى.
«مەن بىر ئاجىز ئايال، ھەج قىلىشقا بېرىش ـ كېلىش جەريانىدا بىرەر دىشۋارچىلىققا يولۇقماي تىنچ ـ ئامان بېرىپ كەلگىلى بولارمۇ؟ قانداق قىلغۇلۇق؟ بارماي، رەھمىتى ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى بەجا كەلتۈرمىسەم گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ قىلغانلىق بولىدۇ. باراي دېسەم كۆزۈم قورقىدۇ، ئاھ، خۇدا ماڭا ئاسانلىق ئاتا قىلغىن!...» نۇرخاننىڭ كۆزى بىردىنلا ئاستىدىكى جەينىمازغا چۈشۈرۈلگەن بىر كاتتا مەسچىتنىڭ سۈرىتىگە چۈشتى... مەسچىت دەرۋازىسى ئالدىدا بېشىدا سەللىسى بار ئاپپاق ساقاللىق بىر مويسىپىت كىشى پەيدا بولدى ـ دە، نۇرخاننى قول ئىشارىتى قىلىپ چاقىردى.
نۇرخان «ئەسسالام ھۆرمەتلىك ئۇستاز» دېگىنىچە قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ ئېگىلىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تۇردى، بۇ

مويسىپىت كىشى نۇرخانغا:
— ھەي قىزىم، مۇسۇلمانلار رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بەش پەرىزنىڭ بىرى بولغان ھەج قىلىشنى ئۇنتۇماڭ، — دېدى — دە، كۆزدىن غايىب بولدى.
نۇرخان چۆچۈپ ئېسىگە كەلدى — دە، باياتىن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى خىيال قىلىۋېتىپ قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى. ئۇ دۇئا ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئىچىدە مۇنداق دېدى: «مەن ھەج قىلىش قارارىغا كەلدىم. ئۇلۇغ خۇدايىم نېسىپ قىلغايسەن، ئامىن، ئاللاھۇ ئەكبەر...» ئۇ دۇئاسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن تېنىنىڭ يېنىكلەپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولدى — دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ جەينىمازنى چىرايلىق قاتلاپ يىغىدىن سېتىۋالغان مىخلىما ساندۇقنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ قويۇپ تالاغا ماڭدى. بۇ ۋاقىتتا كۈن قىزىل بولغانىدى. ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى يولدا جىرىڭلىغان تۇش قوڭغۇراق ئاۋازى نۇرخاننى ئۆزىگە تارتتى. ئۇ بىر بېسىپ — ئىككى بېسىپ سىرتقا چىقىپ، ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى يولدا كېلىۋاتقان بىر ئېشەك ھارۋىسىدا، ساۋۇر بوۋاي ۋە ئۇنىڭ تۆت ياشلاردىكى نەۋرىسى مېھرىگۈلنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ھارۋا نۇرخاننىڭ ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىن ئۆتۈپ، نۇرخاننىڭ ئۆيىگە 20 مېتىرچە كېلىدىغان ئۆستەڭنىڭ كۆۋرۈكىگە كەلدى. ئۆستەڭ ناھايىتى چوڭقۇر ئىدى. لېكىن ئۆستەڭدىكى كۆۋرۈكنىڭ شاخ — شۇمبىلىرى چۈۋۈلغان نەچچە يېرى تۆشۈك تۇراتتى. بۇنى كۆرگەن ساۋۇر بوۋاي كۆۋرۈككە بىر قۇر سەپ سالغاندىن كېيىن ئەتراپقا قاراپ نۇرخاننى كۆردى — دە، ئۇنىڭدىن سورىدى:
— يەڭگە يېقىنىراق يەردە باشقا كۆۋرۈك بارمىدۇ؟
— بۇ كۆۋرۈكتىن باشقا يېقىنىراق يەردە كۆۋرۈك يوق، — دېدى نۇرخان جاۋاب بېرىپ. ساۋۇر بوۋاي بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەل

ئىككىلىنىپراق «خەير، خۇدا بالا - قازادىن ساقلىغايسەن» دېدى - دە، تىرىت، دېگىنىچە ئېشەك هارۋىسىنى كۆۋرۈككە سالدى. كۆۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا چۇۋۇلغان جاي كۆپ بولغاچقا، ساۋۇر بوۋاي هارۋىسىنى كۆۋرۈكنىڭ بىر تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈپ كەتمەكچى بولۇپ، هارۋىسىنى پەم بىلەن هەيدەپ ماڭدى. هارۋا كۆۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە كۆۋرۈك تېشىلىپ كېتىپ ئېشەكنىڭ بىر پۇتى كىرىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئېشەك ئۈركۈپ كەتتى - دە، ئۆزىنى ئۆستەڭنىڭ قېشىغا ئاتتى. بەختكە قارشى هارۋا ئۆرۈلۈپ، ئېشەك هارۋا بىلەن ئۆستەڭگە چۈشۈپ كەتتى. هارۋىدا ئولتۇرغان مېهرىگۈل ئۆستەڭدىكى مۇزغا ئالدىدا چۈشۈپ، ئارقىدىن ئېشەك بىلەن هارۋا مېهرىگۈلنىڭ ئۈستىگە چۈشكەنلىكتىن، بالىنىڭ كاللىسى قاتتىق زەخىملىنىپ، بىردىنلا هوشىدىن كەتتى. ساۋۇر بوۋاي ۋە ئەتراپتىكى كىشىلەر قانداق قىلارىنى بىلمەي تەمتىرەپ قېلىشتى. بالىنىڭ ئەهۋالى بارغانچە خەتەرلىك تەرەپكە قاراپ يۈزلەندى. ئارىدىن بىرنەچچە مىنۇت ئۆتە - ئۆتمەيلا مېهرىگۈلنىڭ ئاجىز سوقۇۋاتقان يۈرىكى سوقۇشتىن مەڭگۈگە توختىدى... بۇنى كۆرگەن ساۋۇر بوۋاينىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ئېچىنىشلىق ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ ئاپپاق ساقاللىرىنى هۆل قىلىۋەتتى. توپلاشقان كىشىلەر ساۋۇر بوۋايغا تەسەللى بەردى. ساۋۇر بوۋاي مېهرىگۈلنى قۇچىقىغا ئالغىنىچە ئېسەدەپ يىغلاپ تۇرۇپ ئاچچىق بىلەن:

— بۇ جايدا مۇسۇلمان يوق ئوخشايدۇ، ئەگەر مۇسۇلمان بولغان بولسا، ساۋابلىق ئۈچۈن بولسىمۇ بۇ كۆۋرۈكنى تۈزەپ قوياتتى، — دەۋەتتى. بۇ ئىشنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغان نۇرخاننىڭ يۈرىكىمۇ ئېچىشتى. چۈنكى ئۇمۇ ئانا بولغان، بالىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ناهايىتى ئېنىق بىلىدۇ. نۇرخان كىچىك ئوغلى هاشىمنى ساۋۇر بوۋاينى ۋە

مېھرىگۈلنىڭ جەسىتىنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇشقا بۇيرۇدى. ئۆزى بولسا ئۆيگە كىرىپ كەتمەكچى بولۇپ ماڭدى. لېكىن، نۇرخاننىڭ ھەر بىر قەدەم بېسىشى ئۇچۇن قانچىلىك كۈچ سەرپ قىلغانلىقىنى ئۆزى بىلمىسە، باشقا كىشى بىلمەيتتى. ھەر بىر پۇتىغا نەچچە ئون جىڭلىق بىر نەرسە ئېسىپ قويۇلغاندەك ئېغىر تۇيۇلاتتى. ئۇ ئەلەملىك خىياللار ئىلكىدە، ئېغىر قەدەملىرىنى ئاستا - ئاستا يۆتكىگىنىچە ئۆيگە كىردى. كېلىنى ئەكېلىپ بەرگەن ناشتىلىق قايماق چايمۇ ئۇنىڭ گېلىدىن ئۆتمىدى. ئۇ شۇ كۇنىلا ئەمەس، بىرنەچچە كۈن كۆڭۈللۈكرەك تاماقمۇ يېمىدى. باللىرى، كېلىنلىرى ئۇنىڭغا يالۋۇرۇشتى. نۇرخان بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا كېسەل تەگكەن ئادەمدەك جۇدەپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ھەر قېتىملىق نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن جەينىمازدا ئۆزۈندىن - ئۆزۈنغا ئولتۇرۇپ خىيال سۈرىدىغان بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ، ساۋۇر بوۋاينىڭ «بۇ جايدا مۇسۇلمان يوق ئوخشايدۇ، ئەگەر مۇسۇلمان بولغان بولسا ساۋابلىق ئۇچۇن بولسىمۇ بۇ كۆۋرۈكنى ياساپ قوياتتى» دېگەن غەزەپلىك ئىداسى نۇرخاننىڭ قۇلاق تۈۋىدىن كەتمىدى. بۇ ئىش ھەر بىر قېتىم ئېسىگە، كەلگەندە ئۇنىڭ يۈزى قىزىرىپ، يۈرىكى ئېچىشىدىغان بولۇپ قالدى. نۇرخان ئۆزىگە سوئال قويماقتا ئىدى: «ساۋۇر بوۋاي ئېيتقاندەك بۇ جايدا مۇسۇلمان يوقمۇ؟ بۇ مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇسۇلمان، بىراق ئۇلار نېمە ئۈچۈن بۇ كۆۋرۈكنى ياساپ قويمايدۇ؟ بەلكىم، بۇنىڭدا تۈرلۈك سەۋەبتىن باشقا ئىقتىسادىي سەۋەبمۇ باردۇ؟ لېكىن، بۇ كۆۋرۈك مېنىڭ ئۆيۈمگە ئەڭ يېقىن تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ ئائىلەمدە قاۋۇل ئەمگەك كۈچى، يېتەرلىك ئىقتىسادىم بار تۇرۇپ، مەن نېمە ئۈچۈن كۆۋرۈكنى تۈزىتىپ قويمۇدۇم؟ بۇنىڭدىن قارىغاندا ساۋۇر بوۋاينىڭ بىزگە لەنەت ئوقۇشى ھەقلىق ئەمەسمۇ؟» نۇرخان

بۇلارنى ئويلىغىنىدا، ۋىجدانىنىڭ ئۆزىنى ئازابلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «ئەگەر ھەجگە بارمىسام گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ قىلغان بولمايمەنمۇ؟» دېگەنلەرمۇ خىيالىدىن كەچتى. ئۇ جەينىماز ئۈستىدە ئولتۇرغان ئاشۇ پەيتتە، ھېلىقى كۆۋرۈكنىڭ قېشىدا بىردىنلا نۇرغۇن كىشىلەر پەيدا بولدى. ئۇلار بۇزۇلغان بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتەلمەي ئەتراپقا قاراپ، تىت - تىت بولاتتى. ئەنە، ساۋۇر بوۋايمۇ نەۋرىسى مېھرىگۇلنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرگىنىچە كۆزى ياشقا تولغان ھالدا كىشىلەر ئالدىدا پەيدا بولدى - دە نەۋرىسى مېھرىگۇلگە ئىلتىجا قىلدى:

— جان - جىگەر قىزىم قاراڭ، بۇ جايدىكى كىشىلەر بۇزۇلغان كۆۋرۈكنى تېخىچە تۈزەپ قويماپتۇ. بۇ كىشىلەردە ئىنسانپەرۋەرلىك روھى يوق ئوخشايدۇ. قىزىم ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ! مەن قېرى، — سىز كىچىك بولسىڭىزمۇ، ئىككىمىز قەتئىي ئىرادىگە كەلسەك بۇ كۆۋرۈكنى يېڭىدىن ياساپ خەلققە ئاز بولسىمۇ بەخت يارىتالايمىز دېيۋىدى. ساۋۇر بوۋاينىڭ قولىدىكى مېھرىگۇلگە جان كىرىپ ئورنىدىن دەس تۇردى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى - يۇ، قىز ئەمەس بىر ئوغۇل ئورنىدىن تۇردى. كىچىك بالا ئەمەس قاۋۇل، بەستلىك بىر يىگىت ئورنىدىن تۇردى. ساۋۇر بوۋايمۇ بىردىنلا قىرىق نەچچە ياشلىق كىشىگە ئۆزگەردى. مانا ئۇلار كونا كۆۋرۈكنىڭ ئەسكى - تۈسكى شاخ - شۇمبىلىرىنى چۇۋۇپ تاشلاپ، يېڭىدىن كۆۋرۈك سېلىشقا تۇتۇندى...

* * *

— ئانا غىزالىرىنى يەۋالسىلا، — نۇرخان كېلىنى نۇرنىساخانىنىڭ گېپى بىلەن چۆچۈگىنىچە ئېسىگە كەلدى. بىراق باياتىنقى خىيالى ۋەقەلەر ئۇنى يەنە ئويغا سالدى. «بۇ

كۆۋرۈك مېھرىگۈلنىڭ غۇنچە جىنىغا زامىن بولدى، كۆۋرۈك مۇشۇ پېتى تاشلاپ قويۇلسا، يەنە مۇشۇنداق ۋەقەلەر يۈز بەرمەي قالارمۇ؟» ئۇ ئاخىر بىر قارارغا – بۇزۇلغان كۆۋرۈك ئورنىغا يېڭىدىن كۆۋرۈك سېلىش قارارىغا كەلدى. ئەمما بۇ ئىش نۇرخاننى يەنە ئويغا سالدى. چۈنكى كۆۋرۈكنى قانداق سېلىش مەسىلىسىمۇ مۇھىم ئىدى. ئۇ: «كۆۋرۈكنى ياغاچ بىلەن سالسا پۇل ئازراق كېتىدۇ. ھەجىگە بىرىشقا پۇلدىن تەڭلىك تارتمايمەن. بىراق، ياغاچتا كۆۋرۈك سالسا، بىر مەزگىلدىن كېيىن چىرىپ بۇزۇلۇپ توگەيدۇ. ئەگەر كۆۋرۈكنى زامانىۋى قىلىپ بېتون بىلەن سالغاندا ئۇزۇن يىللارغىچە بۇزۇلمايدۇ، خەلق خۇشال بولىدۇ، ئەمما پۇل جىق كېتىدۇ – دە، ھەج قىلىشقا پۇل يەتمەيدۇ. ئۆيدە بار پۇلنىڭ ھەممىسىنى توگىتىپ قويسام، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى روناق تاپقۇزۇشقا تەسىر يېتىدۇ، قانداق قىلىش كېرەك؟

نۇرخان ئۇيان ئويلاپ – بۇيان ئويلاپ ئاخىر قەتئىي قارارغا كېلىپ: «بۇ كۆۋرۈكنى بېتوندىن سالدۇرۇشۇم كېرەك» دېدى ئۆز – ئۆزىگە پىچىرلاپ.

*         *         *

ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى. 1988 – يىلىغا كەلگەندە ھېلىقى كونا كۆۋرۈك ئورنىدا يېپيېڭى زامانىۋى بېتون كۆۋرۈك قەد كۆتۈردى. يېزىلىق پارتكوم بۇ كۆۋرۈككە «نۇرخان كۆۋرۈكى» دەپ نام بەردى، بۇ خەت كۆۋرۈكنىڭ يېنىدىكى بېتون تاختايغا ئويۇلغانىدى. كىشىلەر ھەر قېتىم بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندە نۇرخاننىڭ گەۋدىلىك سىماسى، گۈزەل بىر باغ ئىچىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەندەك ھېسسىياتقا كېلەتتى.

1989 – يىلى، ئۈرۈمچى

# كاككۇك ئاۋازى

1

مۈنبىرە بۈگۈنكى يەكشەنبىنى تاتلىقنا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تىكتۈرۈپ تېخى ئۈچىسىغا بىرەر قېتىممۇ كىيمىگەن سۈس هاۋارەڭ ئۈزۈن كۆڭلىكى، ئېگىز پاشنىلىق ئاق ئايىغىنى كىيىپ، ياراشتۇرۇپ گىرىم قىلدى ـ دە، شەھەر مەركىزىگە قاراپ يول ئالدى. شەھەر كوچىلىرىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا رەت ـ رەت تىزىۋېتىلگەن تاشتەكلەردىكى هەر خىل گۈللەر ئوتقاشتەك چاقناپ كۆزنىڭ يېغىنى يەيتتى.

مۈنبىرە يېنىك قەدەم بىلەن ماڭغاچ، ئەتراپقا تويماي قارايتتى. مانا، مۈنبىرەنىڭ دىققىتىنى بەسلەشكەندەك پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەن هەر خىل ئەتىرگۈللەر ئۆزىگە تارتتى. ئۇ جۈلالىنىپ تۇرغان، چوڭ ئېچىلغان بىر تال قىزىل ئەتىرگۈلنى پۈراش ئۈچۈن ئاۋايلىغىنىچە ئۆزىگە تارتتى.

مۈنبىرەنىڭ دىلى يايراپ، خۇش پۈراقتىن ئاجايىپ هۈزۈر هېس قىلدى. ئۇ، بۇ گۈلنى يېنىش ـ يېنىشلاپ پۈراپ ئەمدىلا ئارقىسىغا يېنىۋىدى، پۈتىنىڭ ئاستىدا كىملەردۇر ئۈزۈپ تاشلىۋەتكەن، چەيلەنگەن بىر تال ئەتىرگۈلنى كۆردى ـ دە، يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى. ئۈنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۈمنىڭ ئورنىنى مەيۈسلۈك ئىگىلىدى.

ئۇ، پۈتىنى ئىتتىك تارتىۋېلىپ هېلىقى ئەتىرگۈلنى قولىغا ئالدى ۋە ئۈنىڭغا قاراپ:

«ئېھ... بىچارە گۈل سېنى قايسى تاش يۈرەك ئۈزۈپ بۇ هالغا چۈشۈرۈپ قويغاندۇ» دېگەنلەرنى ئويلىدى ـ دە، گۈللەرنى

تاماشا قىلىشتىن يالتىيىپ، كىشىلەر تۈپى ئارىسىغا كىرىپ كەتتى.

مۇنىرە خېلى كۆپ سودا دۇكانلىرىغا كىرىپ چىقتى. سودا بازارلىرىنىمۇ ئارىلىدى. لېكىن، كۆڭۈل ئېكرانىدا ھېلىقى چەيلەنگەن گۈل پەيدا بولۇش بىلەن ئۈزىنى ئاشۇ تاشلىۋېتىلگەن گۈلگە ئوخشىتىپ، كۆڭلى ئېيتقۇسىز غەشلىككە تولدى ۋە يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى.

كۈن چىڭقى چۈشتىن ئاشتى. ئەتىگەندە ئوچۇق تۇرغان ھاۋا مۇنىرە بىلەن قىرىشقاندەك بىردىنلا بۇلۇتلىنىپ، گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىپ يامغۇر شارقىراپ يېغىشقا باشلىدى. بازاردا ئۇيان - بۇيان مېڭىشىپ يۈرگەن كىشىلەر، بىردىنلا پاتىپاراق بولۇشۇپ ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشتى.

مۇنىرەمۇ دەرھال يول بويىدىكى ئۇدۇل كەلگەن بىر ئاشخانىغا كىردى - دە، بىر ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇردى. مۇلازىمەتچى قىز ئۇنىڭ ئالدىغا بىر پىيالە ئىسسىق چاي كەلتۈردى. مۇنىرە چاينى قولىغا ئېلىپ ئەمدىلا ئۇتلاي دەپ تۇرۇشىغا ئۇنىڭ قۇلىقىغا تونۇشلا بىر ئەركىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. مۇنىرە: «ئەجەب تونۇش ئاۋازغۇ - بۇ» دەپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە بۇرۇلۇۋىدى، روستەمگە يېقىن ئولتۇرۇپ، جامالىدىن تەبەسسۇم جىلۋىلەندۇرۇۋاتقان زوبىيە كۆزىگە چېلىقتى. مۇنىرەنىڭ قولىدىكى پىيالە «جاڭ» قىلىپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى توك تەككەندەك جىغىلداپ كەتتى. يۈرىكى يىڭنە سانجىلغاندەك چىمىلداپ كەتتى. تومۇرلىرى كۆپۈشۈپ بېشى زىڭىلداپ ئاغرىشقا باشلىدى. ئاغزى قۇرۇپ، گېلى سىقىلىپ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى. كۆزلىرىدىن چىقىۋاتقان ياشلار، مەڭزىنى بويلاپ يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك گىرىپ كۆڭلىكىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان تولغان كۆكسى ئۈستىگە چۈشۈشكە باشلىدى. ئەتراپتىكى

كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنىڭغا تىكىلدى. شۇ ئەسنادا، مۇنبىرەنىڭ قۇلىقىغا بىرىنىڭ «بۇ چوكاننىڭ تۇتقاقلىق كېسىلى بارمۇ نېمە؟» دېگەن ئاۋازى كىرىپ قالدى. مۇنبىرە ئەس ـ ھوشىنى ئاران يىغدى ـ دە، ئورنىدىن تەستە تۇرۇپ ماغدۇرسىزلانغان پۇتلىرىنى ئاستا ـ ئاستا يۆتكىگىنىچە ئاشخانىدىن چىقىپ تاراسلاپ چۈشۈۋاتقان يامغۇر ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماقلار چېقىلىپ، يامغۇر ئەۋجىگە چىققانىدى. دەرەخ يوپۇرماقلىرى، گۈللەر بەرگىسىدىن ساقىغان يامغۇر تامچىلىرى مۇنبىرەنىڭ كۆزلىرىدىن، ياق، يۈرىكىدىن ئاققان ھەسرەتلىك ياشلاردەك تامچىلىماقتا. ئاندا ـ ساندا ئۆتۈشۈپ تۇرغان كىچىك ماشىنىلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كوچا جىمجىتلىقىنى پەقەت يامغۇرنىڭ تاراسلىغان ئاۋازى، گۈلدۈرمامىنىڭ ئارىلاپ گۈلدۈر ـ قاراس قىلغان ئاۋازىلا بۇزۇپ تۇراتتى. مۇنبىرە پۇتلىرىنى ئاستا يۆتكىگىنىچە ئالغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئىپادىسىز چىرايى، چۇۋۇلۇپ باش ـ كۆزلىرىگە چاپلىشىپ كەتكەن چاچلىرى، گۇنسىز كۆزلىرى ئۇنى خۇددى بىر سەۋدايىغا ئوخشىتىپ قويغانىدى. يامغۇرنىڭ توختىمىشىنى كۈتۈپ كوچا لەمپىلىرى ئاستىدا، دۇكان ۋە ساراي ئىشىكلىرىدە تۇرغان كىشىلەر مۇنبىرەنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرقىغا ھېسداشلىق قىلغىنىچە: «بۇ بىچارە چوكانغا نېمە بولغاندۇ، ئېلىشىپ قالغانمىدۇ ـ يا؟» دېيىشىپ پىچىرلىشاتتى. يەنە بەزى ياشانغان كىشىلەر: «خۇدايىم بالا ـ ۋاقىمىزنى بۇنداق كۈنگە قېلىشتىن ساقلىغايسەن» دېيىشىپ بالىلىرىغا ئامان ـ ئېسەنلىك تىلەيتتى.

مانا، يېشى 30 لارغا يېقىنلىشىپ قالغان، ئۆسۈپ كەتكەن چېچى مۈرىسىگە چۈشۈپ تۇرغان، يۈزلىرىنى توپا بېسىپ كەتكەن، ئۇچىسىغا كىيىۋالغان كۆڭلىكى ئاشپەزنىڭ

دەسمىلىدەك كىر بولۇپ كەتكەن ئاسمىم: «بۇ چوكاننى ئېرى ياراتماي قوغلىۋەتتىمۇ تېخى» دەپ مەسخىرە ئارىلاش كۈلدى.

— يىگىت، چوڭ گەپنى ئازراق قىلىڭ، خوتۇننى ياراتماي قوغلىۋەتكەن ئەرلەرنىڭ كەيگىنى قاسماق كىيىم، يەيدىغىنى تەمسىز تاماق، قېرىغاندا تۇرىدىغان جايى قېرىلار ساناتورىيەسى بولۇپ قالىدۇ، — دېدى يېشى 50 لەرگە بېرىپ قالغان رابىيەمخان ئىسىملىك ئايال ئاسمىغا رەددىيە بېرىپ.

مۇنبىرەنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى كىشىنى ئېچىندۇراتتى. شىددەتلىك يامغۇر مۇنبىرەنىڭ ئوتلۇق ھارارەت تېشىغا تېپىپ تۇرىدىغان، مامۇقتەك يۇمشاق بەدىنىگە زەھەردەك ئاچچىق نەشتەرلىرىنى ئۈزۈكسىز سانجىماقتا. بەدىنىدىكى ئوتلۇق ھارارەتنى ئەجدىھادەك شوراپ قىينىماقتا ئىدى. ئۇ لاغىلداپ تىترەيتتى. ئېگىز پاشىنىلىق ئايىغى ئۆز رەڭگىنى يوقاتقان، بىر پاي ئايىغىنىڭ پاشىنىسى ئاجراپ كەتكەن، مېڭىشىمۇ بۇزۇلۇپ، خۇددى ئاقساق ئادەمدەك ماڭماقتا ئىدى. قىسقىسى، بورانلىق يامغۇر ۋە ھەسەت ئۇنى قاتتىق ئازابلىغانلىقتىن چىرايى تاتىرىپ، لەۋلىرى كۆكىرىپ ئۆز تۈسىنى يوقاتقانىدى. بىر - بىرىگە قاتتىق كىرىشىپ كەتكەن مەرۋايىتتەك چىرايلىق چىشلىرى ئارىسىدىن قان سىرغىماقتا ئىدى. مۇنبىرە بۇلارغا قىلچە پەرۋا قىلماي، بورانلىق يامغۇردا ئېغىر قەدەملىرىنى كۈچەپ يۆتكىگىنىچە كېتىۋاتاتتى. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇ ئەتراپىغا قاراشنىمۇ لايىق كۆرمىدى. چۈنكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىلا ئۇنىڭغا رەھىمسىزدەك تۇيۇلاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئادەملەرنى كۆرسە كۆزىنى يۇمۇۋالاتتى ياكى يانغا قارىۋالاتتى.

ھەيران قالارلىقى شۇكى، كوچا بويلىرىدىكى بىنالار، دۇكانلار ياكى لەمپىلەرنىڭ ئاستىدا يامغۇردىن دالدىلىنىپ تۇرغان بىرەر ياشراق ئايال كۆزگە چېلىقىپ قالسا ئۇنى چايناپ تۈكۈرۈۋەتكۈسى، دەسسەپ مىجىۋەتكۈسى، چىرايلىق رۇخسارىغا

ئوت قويۇۋەتكۈسى، ھەتتا قۇلاق - بۇرۇنلىرىنى كېسىپ ئادەم سىياقىدىن چىقىرىۋەتكۈسى كېلەتتى - دە، «تۇفى» دەپ تۈكۈرگىنىچە يولىنى داۋاملاشتۇراتتى. ھاۋا گۇلدۇرلىمەكتە، چاقماق چېقىلماقتا. ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركۈنۈپ، يۈرىكى جىغىلدىغۇدەك دەرىجىدە ئەۋجىگە چىققان بۇ تەبىئەت ھادىسىسى ئۇزۇكسىز داۋام قىلماقتا ئىدى. گۇلدۇر - قاراس قىلغان بىر شاۋقۇن بىلەن سۇزۇك تامچىلار مۇزغا ئايلىنىپ تاراسلاپ مۆلدۈر يېغىشقا باشلىدى... مۆلدۈرنىڭ چوڭلۇقى ئۆرۈك ئۇرۇقچىسى چوڭلۇقىدا بولۇپ، يۇمشاقراق يەرگە چۈشكەنلىرى پاتقاقتا بىر ئىككى سانتىمېتىر پېتىپ كەتسە، قاتتىق نەرسىلەر ئۈستىگە چۈشكەنلىرى تېرىقتەك پارچىلىنىپ كېتەتتى. مۆلدۈر مۇنبىرەنى ئازابلىماقتا، ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى ھەرىدەك چاقماقتا، تىكەندەك سانجىلماقتا، لازىدەك ئېچىشتۇرماقتا. لېكىن، ئۇ يەنىلا داۋاملىق ماڭماقتا ئىدى. ئۇنىڭ چوڭراق چامداپ ماڭغۇچىلىك ماغدۇرى قالمىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئوتلۇق ھارارەت تۈگەي دەپ قالدى. توشقاندەك يېنىك دەسسەپ، لەڭمەنتاقتاقتەك تاقلاپ يۈرىدىغان ئاپپاق پاقالچەكلىرىدىكى كۈچ - قۇۋۋەت قاياقلارغىدۇر غايىب بولۇپ، ئۆز ئىگىسىنىمۇ كۆتۈرەلمەيدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. لەۋەن بويلىرى سولاشقان نوتىدەك ئىگىلدى، شەھلا كۆزلىرى قىزىرىپ ئىششىدى. ئاق قۇشقاچتەك چۇرۇقلاپ تۇرىدىغان شوخلۇقى ئاللىقاياقلارغىدۇر يوقالغانىدى. ئۇ بارغانسېرى ھالسىزلاندى، ئۆزىنىڭ نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى دەرھال ئېسىگە ئالالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالدى. بىرەر قەدەم يول بېسىشمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن قىيىنغا توختايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ مۇنبىرە بېشى ساڭگىلىغان ھالدا ئالغا قاراپ سىلجىماقتا. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇ بەكمۇ

ھالسىزلىنىپ كەتتى. ئاخىر ئۇنىڭ قەدەملىرىنى يۆتكىگىدەكمۇ ھالى قالماي، ئۆز ئورنىدا توختىماقچى بولدى. لېكىن، پۇت دەسسەپ تۇرالمىدى. ئۇ زادىلا بولالمىدى... مۇنىرە «گۇپ» قىلىپ يامغۇر سۇلىرى ئېقىۋاتقان يولغا يىقىلدى.

2

«جېنىم قىزىم، خان بالام، كۆزىڭىزنى بىر ئېچىڭا، مەن خۇش بوپ كېتەي...» يەر تېگىدىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك بىلىنگەن ئاۋازنى مۇنىرە ئاخىرى ئاڭقىردى. ئۇ ھوشىغا كەلدى. ئۇ، كۆزىنى ئېچىپ كۆرگىنى ئۆزىنىڭ ھەر بىر تىنىشلىرىغىچە سەپسېلىپ تۇرغان ئانىسى مىلىكىخان بولدى. بالىنىست دېرىزىسىدىن كىرگەن ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرى. ئۆزىنىڭ تال - تال نۇرلىرىنى بالىنىست ئىچىگە سېخىيلىق بىلەن چېچىپ، مۇنىرەنىڭ ھالسىز تېنىنى ئىسسىتماقتا ئىدى. ئۇ ئاستا - ئاستا ئېسىگە كەلدى. بىر كېچە - كۈندۈز نىمجان سوققان يۈرىكى ئەسلىگە كەلدى. مىلىكىخان ئانا ئاززۇلۇق قىزىنىڭ كۆزىنى ئاچقانلىقىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن يىغلىۋەتتى - دە:

— جېنىم بالام، بىزنى ئەجەب قورقۇتتىڭىز، خۇداغا شۈكرى، — دېگىنىچە مۇنىرەنىڭ مەڭزىگە، پېشانىسىگە يېنىش - يېنىشلاپ سۆيۈپ كەتتى. مۇنىرە ھەيران بولغىنىچە ئانىسىدىن سورىدى:

— مەن قانداق بولۇپ دوختۇرخانىغا كىرىپ قالدىم؟

قىزىنىڭ چاچلىرىنى تۈزەۋاتقان مىلىكىخان ئانا مۇنىرەگە ئېچىنىش نەزىرىدە قاراپ قويدى - دە، مۇنىرەنىڭ يامغۇردا قېلىپ يىقىلىپ قالغانلىقىنى، دوختۇرخانىغا ئەكىرىپ جىددىي قۇتقۇزۇش نەتىجىسىدە ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى مۇنىرە قىسقىلا قىلىپ.

شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ قۇلىقىغا... «كاككۇك!... كاككۇك!...» دېگەن مۇڭلۇق ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ ئۆرۈلۈپ كۆزىنى بالىنىستىنىڭ دېرىزىسى تەرەپكە يۆتكىۋىدى، كۆزى بالىنىست ھويلىسىدىكى ئۆرۈك شېخىغا قونۇۋېلىپ، مۇڭلۇق سايراۋاتقان كاككۇكقا چۈشتى - دە، چىرايىدا جىلۋە ئەكس ئەتتى. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ كۆزلىرى يىراقلارغا تىكىلدى... بۇنىڭدىن بىر قانچە يىل بۇرۇن ياز ئايلىرىنىڭ بىر يەكشەنبە كۈنى ئىدى. ئۇ كۈنى مۇنىرەنىڭ ئىدارىسىدىكى بىر قىسىم قىز - يىگىتلەر شەھەرگە يېقىن چوڭ ئۆرۈكلۈك باغقا سەيلە - ساياھەت قىلىش ئۈچۈن چىققانىدى. ئوغۇللار قوينى سويۇپ كاۋاپ پىشۇرۇشقا تۇتۇندى. قىزلار قەيەردە پىشقان چىلگە ئۆرۈك بولسا شۇنىڭدىن بىر - ئىككى تال يېگەچ باغ ئارىلاپ تاماشا قىلىپ، توشقاندەك سەكرىشىپ، قوشقاچتەك چۇرۇقلىشىپ ئوينىماقتا ئىدى. قاياقتىندۇر كەلگەن «كاككۇك!... كاككۇك!...» دېگەن ئاۋاز ئالدى بىلەن مۇنىرەنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. شەھەردە چوڭ بولغان مۇنىرەدە، كاككۇكنىڭ سايراۋاتقان چاغدىكى ھالىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئىستىكى تۇغۇلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنىرە مۇشۇ قىزلار ئىچىدە يېشى چوڭراق، بوي - تۇرقى كېلىشكەن، گەپدان شوخ قىز ئىدى. شۇڭا باشقا قىزلار ئۇنىڭ دېگەن گەپلىرىنى رەت قىلمايتتى.

— ھەي قىزلار، — دېدى مۇنىرە دوستلىرىغا قاراپ، — بېرىپ سايراۋاتقان كاككۇكنى كۆرۈپ كېلەيلى، جۇرۇڭلار!

بۇنىڭغا باشقا قىزلار قارشىلىق بىلدۈرمىدى. ئۇلار كاككۇك سايراۋاتقان تەرەپكە باردى. لېكىن كاككۇكنى كۆرەلمىدى. مۇنىرە دوستلىرىغا:

— ھەي، قىزلار، مەن كاككۇكنى كۆرەلمىدىم، سىلەر

كۆرەلىدىڭلارمۇ؟
— بىزنىڭ ئاۋازىمىزدىن ئۈركۈپ، ئۇچۇپ كەتكەن ياكى سايراشتىن توختىۋالغاندەك قىلىدۇ. شۇڭا تاپالمايۋاتقان ئوخشايمىز؟ — دېدى دىلبەر ئالدى بىلەن سۆز ئېلىپ.
ئۇلار ئۆرۈكلۈك باغنىڭ ئىچىدە ئايلىنىپ خېلى ئۇزۇن ئىزدىگەن بولسىمۇ، ئەمما كاككۇكنى كۆرەلمىدى. ئۇلار كاككۇكنى ئىزدەش نىيىتىدىن يېنىپ كەتمەكچى بولۇپ مېڭىۋىدى، مۇنىرەنىڭ كۆڭلىكىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان كۆكسىگە قانداقتۇر بىر نەرسە دۈككىدە تېگىۋىدى، مۇنىرە «ۋىيەي» دېگىنىچە چۆچۈپ كەتتى - دە، ئۆزىگە تەگكەن نەرسىنىڭ دەل سارغىيىپ پىشقان چىلگە ئۆرۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. باشقا قىزلار قاقاقلاپ كۈلۈشتى. مانا دىلبەرنىڭ ئاغزى ئېچىلدى:
— ئاداش بوگۇن سېنىڭ ئامىتىڭ كەلگەن ئوخشايدۇ، سارغىيىپ پىشقان ئۆرۈك باشقىلارغا ئەمەس دەل سەن ئۇچۇنلا چۈشۈپتۇ. تېخى بەلەن يېرىڭگە تېگىپتۇ... قارىغاندا كاككۇكنىڭ ساڭا كۆزى چۈشۈپ، ئۆرۈك تاشلاپ بېرىۋاتامدۇ. بۇنى بىلىپ بولمايدۇ؟
— ھەي قېلىن نېمە دەۋاتىسەن؟ جاھاندا نەدە بۇنداق ئىش بار ئىكەن؟ بۇ يەردە كاككۇك بولمىسا. ئەگەر كاككۇك بار دېگەندىمۇ ئۇ كىچىككىنە بىر قۇش تۇرسا ماڭا ئۆرۈك تاشلاپ بېرەلمەيدۇ - دە. بۇ ئۆرۈك بىرەر سەۋەب بىلەن چۈشۈپ قالسا قالغاندۇ - دېدى مۇنىرە تۇپ - تۇزلا جاۋاب بېرىپ.
— ئۇنداقتا ساڭا تەگكەن ئۆرۈكنىڭ كۆزى بار ئىكەندە، شۇڭا نەق جايىغا تېگىپتۇ، شۇنداقمۇ؟— دېدى دىلبەر يەنە چاقچاق قىلىپ.
— بولدى سەتلەشمىسەڭچۇ، — دېدى مۇنىرە ئۇنىڭ تەكرار چاقچاق قىلىشىنى توسۇش مەقسىتىدە.

بىراق، مۆنبىرەنىڭ دىلى نېمىنىمدۇر سەزگەندەك بولدى ـ يۇ، ئۇنى ئۆزىمۇ تولۇق ئاڭقىرالمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۆرۈك تەگكەن كۆكسىنى ياندۇرۇشلاپ سىلىغىنىچە، بۇ سىرنى يەشكۈسى كېلىپ دوستلىرىغا مۇراجىئەت قىلدى:

قىزلار ئۆرۈكلەرنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر قېتىم سەپسېلىپ باقايلى!

قىزلارنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرى ئۆرۈكلەرنىڭ ئۈستىدە چېپىپ يۈرمەكتە. مۆنبىرەمۇ ئىزدىدى، ئەمما نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. ئۇ، ئۈسۈلىنى ئۆزگەرتىپ ئۆزلىرىنى ئۈمىدسىز قالدۇرغان ئۆرۈككە يېقىنىراق ئۆسكەن، شاخلىرى باراقسانلاپ كەتكەن يوغان ئۆرۈككە سىنچىلاپ قارىدى. ئۆرۈكنىڭ ئەڭ ئېگىز ئۇچ ئاچماق شېخىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەتراپى ئۆرۈك شاخلىرى بىلەن دالدا قىلىنغان يەردە بىر ئادەمنىڭ پەسكە قاراپ تۇرغانلىقىنى چالا ـ بۇلا كۆردى. ئۇ سىنچىلاپ قاراپ ئاخىر ئۇنى تونۇدى. ئۇ، قوشنا ئىدارىدا ئىشلەيدىغان رۇستەم ئىدى.

ــ هەي، رۇستەم، بايا كاككۇكنى دوراپ سايرىغان سىز ئىكەنسىز ـ دە، شۇنداقمۇ؟

ــ هەئە. كاككۇكنىڭ ئاۋازى بەك مۇڭلۇق ئىكەن، ئۇنى مەستلىكىم كېلىپ دوراپ قويدۇم شۇ.

ــ ئۇنداقتا سىزنى رۇستەم كاككۇك دېسەم بولغۇدەك؟ ــ دېدى مۆنبىرە چاقچاق قىلىپ.

ــ سىزنىڭ خالىغىنىڭىزچە بولسۇن، ــ دېدى رۇستەم كۈلۈپ تۇرۇپ.

ــ هە. راست. كاككۇك يىگىت، ئۆرۈك ئۈستىدە نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

ــ زەينەپنى كۈتۈپ تۇراتتىم، ــ دېدى رۇستەممۇ بوش كەلمەي.

ــ بايىتىن زەينەپ ئۇچۇنلا ئىشلەۋاتقان كاككۇك سىز

ئىكەنسىزدە، شۇنداقمۇ؟ ــ دېدى مۇنبىرەنىڭ دوستى سائادەت رۇستەمگە چاقچاق قىلىپ.

ــ دېگىنىڭىز راست، كاككۇك زەينەپنى دېمىسە، بۇ باغقا كەلمەيدۇ. بولمىسا جاھاندا ياشاپ نېمە قىلىدۇ؟

رۇستەم پەيتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي چاقچاققا چاقچاق بىلەن جاۋاب قايتۇردى.

ــ قانداق مۇنبىرە زەينەپ؟ بۈگۈن ساڭا كاككۇك بىلەن ئۇچرىشىش نېسىپ بولىدىغاندەك قىلامدۇ ـ نېمە؟ ــ دىلبەر كۈلمەي تۇرۇپ چاقچاق قىلدى.

ــ بولدى سەتلەشمىسەڭچۇ دىلبەر! ــ دېدى مۇنبىرە كۆزىنى ئۆرۈك ئۈستىدىن ئارانلا يۆتكەپ.

ــ مانا، بىزنىڭ زەينەپ كاككۇكنىڭ يېنىغا چىقمىشقا ئالدىراۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. ئەگەر قانىتى بولغان بولسا پۇر قىلىپ ئۇچۇپلا كاككۇك بىلەن بىر شاختا ئولتۇرغان بولاتتى. شۇنداقمۇ؟ ــ دېدى دىلبەر تېخىمۇ قاتتىق چاقچاق قىلىپ.

ــ زەينەپكە جاپا سالسام بولماس، ئۆزۈملا چۈشەي، ــ دېدى رۇستەم ئۆرۈكتىن پەسكە چۈشۈۋاتقىنىچە چاقچاق قىلىپ. شۇنىڭ بىلەن ئۆرۈكلۈك باغدا كۈلكە ساداسى ياڭرىدى.

3

بۈگۈن بۇلۇتسىز ئاسماندا كۆتۈرۈلگەن قۇياشنىڭ سېخى نۇرلىرى، باراقسان ئۆسۈپ مېۋىسىنى كۆتۈرەلمەي قالغان ئۆرۈك شاخلىرى ئارىسىدىن غىل ـ پال چاقناپ، باغنىڭ مەنزىرىسىنى يېڭىچە تۈسكە كىرگۈزگەنىدى. ئۆرۈكلەرنىڭ ياش نوتىلىرى، ياپيېشىل ياپراقلىرى، ئالا ـ سېرىق بولغان مېۋىلىرى كۆزنىڭ يېغىنى يەيتتى. باغدىكى ئېرىق بويلىرىدا ئېچىلغان چىغىرتماق گۈللىرى ۋە ئەمەننىڭ ھىدى دىماققا ئۇرۇلۇپ، كىشىنى مەستخۇش قىلاتتى. بۇ ئۆرۈكلۈك باغنىڭ

گۈزەل مەنزىرىسى كىشىگە تولىمۇ ھۇزۇر بېغىشلايتتى. شۇڭا بوگۇنكى باغ سەيلىسىگە چىققانلارنىڭ ۋۇجۇدىنى ئىللىق بىر خىل سېزىم قاپلىغانلىقتىن چىرايلىرىدا تەبەسسۇم جىلۋە قىلاتتى. ئۇلار خالىغانچە ھەرىكەت قىلماقتا. باغنىڭ ئۆزگىچە مەنزىرىسىدىن ھۇزۇر ئالماقتا. ساپ ھاۋانى قېنىپ ـ قېنىپ سۈمۈرمەكتە.

مانا، بەزىلەر ياپيېشىل ئوت ـ چۆپلەر ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ بىخارامان يېتىپ شېرىن ئۇيقۇسىنى باشلىۋەتتى. يەنە بەزىلەر بولسا، ئۇرۇكلۇك باغنىڭ ئەتراپىنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان قېرى جىگدە، ئازغانلار ئارىسىدىكى ئۇۋىلاردا ئۇچۇرما بولۇپ پات ـ پاتلا بويۇنلىرىنى ئۇيان ـ بۇيان سوزۇپ، تۇرۇپلا تۇگۇلۇپ يېتىۋالىدىغان تورۇلغا باللىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى تاماشا قىلاتتى. يېڭى چىقىپ ئەمدىلا تەكشىلىنىۋاتقان چىرايلىق قانات ـ قۇيرۇقلىرىغا ھەۋەس بىلەن قارايتتى. سوپسوپياڭ، تورغايدەك كەم ئۇچرايدىغان ئەتىۋارلىق قۇشلارنىڭ لەرزان سايراشلىرىدىن ھۇزۇر ئالماقتا ئىدى.

مانا ئۈچ ـ تۆت چوكان ئېرىق بويىغا كەلدى ـ دە، پايپاقلىرىنى سېلىپ ئاپپاق پۇتلىرىنى ئېرىقتا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۈپسۈزۈك سۇغا چىلاپ، تەن ھارارىتىنى تەڭشەپ ھۇزۇر ئالماقتا ئىدى.

ــ ھەي خانىملار، ئەپەندىلەر داستىخانغا قەدەم تەشرىپ قىلىڭلار! ۋاقتىدا كەلمىسەڭلار كاۋاپلار سوۋۇپ تەمىدىن كېتىپ قالىدۇ، ــ دېدى بۇگۇنكى باغ سەيلىسىنىڭ تەشكىللىگۈچىلىرىدىن بىرى بولغان رۇستەم كۆپچىلىكنى داستىخانغا تەكلىپ قىلىپ.

داستىخان يېشىۈرۈلغان ئۇستىخانلىق گۆش، ھورى چىقىپ تۇرغان مېتىرلىق كاۋاپ ۋە ھەرخىل ئىچىملىكلەر بىلەن لىق تولۇپ كەتكەنىدى. كاۋاپدانغا قويۇلغان پاخلان گۆشى كاۋاپلىرى

ئۆرۈك ئۇتۇنىنىڭ ۋىلىلداپ تۇرغان ھارارەتلىك قىپقىزىل چوغى ئۈستىدە پىژىلداپ پىشماقتا. دورا - دەرمەكلەر بىلەن ئوخشىتىپ قىيىما قىلىنغان بۇ كاۋاپلارنىڭ پۇرىقى ئادەمنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلتۈرەتتى. كىشى ئۇنى يېسە - يېسە تويمايدىغاندەك ھېسسىياتقا كېلەتتى... گۆش شورپىسىدا ئېتىلگەن ئۈگرە ئاشمۇ تەييار بولغانىدى. ئۈگرىگە سېلىنغان پىنىنىنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. قىز - يىگىتلەرنىڭ بەزىلىرى كاۋاپنى زوق بىلەن يېسە، يەنە بەزىلىرى ئۈگرىنى ئىشتىھا بىلەن ئىچەتتى، ئارىلاپ - ئارىلاپ ئوغۇللار «كۆسەن قەدىمىي ھارىقى» دىن، قىز - چوكانلار سوغۇق ئىچىملىكلەردىن ئىچىشەتتى. يەنە بەزىلىرى:

– «گۆشنىڭ تەمى ئۈستىخاندا، ھاراقنىڭ تەمى (قۇسقاندا)...» دەپ چاقچاق قىلغىنىچە ئۈستىخانلىق گۆشلەرنى يېمەكتە. جېنى تېنىگە پاتماي قالغان بۇ ياش ئەر - ئاياللارنىڭ كۈلكە - چاقچاقلىرى، پات - پاتلا ئاڭلىنىپ تۇرغان كاككۇك، تورۇلغا، تورغايلارنىڭ سايراشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ لىرىكىلىق سېزىم پەيدا قىلاتتى. ئۇلار يېمەكتە، ئىچمەكتە، پات - پاتلا چاقچاق قىلىشماقتا. ئەنە مۇنبىرە مەززىلىك ئېتىلگەن بىر ئاپقۇر ئۈگرىنى ئىشتىھا بىلەن ئىچىۋىدى، ئۇنىڭ چىرايلىق يۈزلىرىدە مونچاق - مونچاق تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى.

ئۇ، ئەتىر پۇرىقى گۇپۇلدەپ دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇرغان، كاككۇك سۈرىتى كەشتىلەنگەن چۇچۇنچە قولياغلىقىنى ئېلىپ يۈزلىرىدىكى تەرنى سۈرتتى. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ كۆزى قول ياغلىقتىكى يېشىل ياپراقلارغا پۈركەلگەن ئۆرۈك شېخىدا ئولتۇرۇپ مۇڭلۇق سايراۋاتقان كاككۇكنىڭ سۈرىتىگە چۈشۈشى بىلەن ئۇنىڭ بىر جۈپ شەھلا كۆزى، بايا كاككۇك سايرىغان ھېلىقى چوڭ ئۆرۈك تەرەپكە يول ئالدى. شۇ ئەسنادا:

«كـاككۇك!... كـاككۇك!... كـاككۇك!...» دەپ ئـۇلارنى ئـۆز كۆلەڭگىسىگە ئالغـان ئۆرۈكنىـڭ ئۈستىدە مەستخۇش ھالـدا ئۈزۈلدۈرمەي سايرىغىنىچە بىر كاككۇك پەيدا بولدى.

بـۇ ئـاۋاز مـۇنىرەگە ئاجايىـپ مۇڭلـۇق بىلىنـدى، دىلـى سۆيۈنۈپ كۆڭلى يايرىدى. پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىللىق بىـر سېزىم قاپلىدى. ئۇ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ مۇشۇنداق ئېسىل قۇشلارنى ئۆز باغرىدا بېقىپ ئۆستۈرگەنلىكىدىن بەك سۆيۈندى.

مۇنىرەنىـڭ خىيـالى بـۇ يەرگە كەلگەنـدە، شـەھلا كـۆزلىرى رۇسـتەمنىڭ ئۈسـتىگە بېرىـپ توختىـدى. بۇگـۈن رۇسـتەم مۇنىرەنىڭ كۆزىگە تېخىمۇ ئىسسىق كۆرۈندى، باغمۇ ئىسسىق كۆرۈندى، دۇنيامۇ ئىسسىق كۆرۈندى. تەقدىرنىڭ ئۆزىنى رۇستەم بىلەن بىر يىپقا باغلاپ بىـر تەكـىيگە باش قويۇشقا نېسىپ قىلغانلىقىـدىن چەكسىز سـۆيۈندى. ئـۆزىنى دۇنيـادا ئەڭ بەختلىك ھېس قىلدى. شۇڭا مۇنىرە شۇ مەيداندىلا ئۇنى قايتـا - قايتىلاپ سۆيگۈسى، قۇچاقلىغۇسى، ياپيېشىل ئـوت - چۆپلەر ئۈستىدە بىر - بىرىنى غىدىقلاپ ئويناشقۇسى، بىرى كـاككۇك، بىـرى زەيـنەپ بولـۇپ بـاغ ئـارىلاپ قوغلاشقۇسى كـەلدى... ئـۇ ئورنىدىن دەس تۇردى. ئەمما بىردىنلا ئەتراپىغا قاراپ بىر دەقىقە جىم تۇرۇپ قالدى. ئـاخىر ئېسىنى يىغدى - دە، مـۇز سـۇيى بىلەن تەييارلانغان بىر چىنە دوغاپنى رۇستەمگە سۇندى. دوغـاپ سائەتلەپ كاۋاپدانىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ كاۋاپ پىشۇرۇش بىلەن ھەپىلىشىپ تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەن رۇستەمنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ، ھاردۇقىنى چىقاردى.

رۇسـتەم مۇنىرەنىـڭ ئوتلـۇق نەزەر تاشلاشلىرىدىن ئۇنىـڭ ئۆزىنى چىن قەلبىدىن سۆيىدىغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدى - دە، مۇنىرەنىڭ جىنەستىدەك چىرايلىق لەۋلىرىگە يېپىشلاپ سۆيگۈسى، باغرىغا چىڭ باسقۇسى، ئىككى يۈرەكنىـڭ بىر تەن ئىچىدە ھايات پەيزىنى سۈرگۈسى كەلدى.

— ھەي رۇستەم! ئەر - خوتۇن ئىككىڭلار ئۆيۈڭلاردا كۆز يېقىشىپ تويمىغاندەك بۇ يەردە ئىش قىلىۋېتىپمۇ كۆز يېقىشىپ ئولتۇرۇپ بىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ نېمە؟

خىزمەتدىشى تالىپنىڭ چاقچىقى بىلەن رۇستەم چۆچۈپ ئېسىگە كەلدى - دە:

— ھەي بۇرادەر يۈرىكىمدە ئوت يالقۇنجاپ تۇرىدىغان ئادەملا شۇنداق قىلالايدۇ. ساڭا ئوخشاش سولىشىپ ئولتۇرمايدۇ، — دېدى رۇستەم چاقچاق بىلەنلا جاۋاب بېرىپ. سورۇندا يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

4

بۈگۈن قۇياشمۇ ھارغىنىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ، غەربىي تاغ كەينىدىكى ئارامگاھىغا ئاستا - ئاستا كىرىپ كەتتى. ئەتراپنى تۈن قاراڭغۇسى ئۆز ئىلكىگە ئالدى. زېمىن قارا لىباس كىيدى... شەھەر كوچىلىرىدا ئاندا - ساندا ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرغان پىكاپ ۋە ماشىنىلارنىڭ كوچا جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇرغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، شەھەرنىڭ مەركىزىي كوچىلىرى جىمجىتلىققا چۆمۈلگەنىدى. كىشىلەر ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇپ خالىغان ئىشلىرى بىلەن بەند بولماقتا ئىدى. مانا بەزى كىشىلەر تېلېۋىزور كۆرسە، يەنە بەزىلىرى ئۆتكەن - كەچكەن ئىشلار ئۈستىدە پاراڭلاشماقتا. بىر قىسىم ياش ئەر - خوتۇنلار پەرزەنتلىرىنىڭ شوخلۇقىدىن خۇش بولسا، بوۋايلار نەۋرىلىرىنىڭ ۋىلىقلاپ كۈلۈشلىرى، پىلتىڭلاپ ئويناشلىرى، ئاپپاق ساقاللىرىغا ئېسىلىشلىرىدىن ھوزۇر ئالاتتى. مومايلارنىڭ بېشىدىكى روماللىرىنى كىچىكرەك نەۋرىلىرىنىڭ تارتىپ چۇشۇرۇۋېتىشلىرى، چاچلىرىغا ئېسىلىپ ئۇنى ئىلەڭگۈچ قىلىپ ئويناشلىرى، سولاشقان مەڭزىلىرىگە چوكۇلدىتىپ سۆيۈشلىرى، ئاندا - ساندا قالغان سارغايغان چىشلىرىنى تاتىلاپ ئويناشلىرىدىن ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈشەتتى.

بەزى ئاتا - ئانىلار مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بالىلىرى ۋە نەۋرىلىرىنىڭ تاپشۇرۇقلارنى كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەۋاتقانلىقىدىن سۆيۈنسە، بەزى ئائىلىلەردىكى ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ بەتخەجلىكى ۋە ئۆگىنىشكە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ئىللەتلىرى ۋە ئاجىزلىقلىرىنى تۈگىتىش توغرىسىدا بالىلىرىغا نەسىھەت قىلماقتا ئىدى. بىراق، مۇنىرە تىت - تىت بولغانلىقىدىن ھېچ قانداق ئىشقا رايى تارتمىدى. تېلېۋىزورنىمۇ ئۆچۈرۈۋەتتى. ئۇ بىرلا ئىشنى، يەنى ئىشىكنىڭ بالدۇرراق چېكىلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. ئەپسۇس، ئۇنىڭ كۈتۈشلىرى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئاياغلاشتى. ئۇ يەنە ھويلىغا چىقتى، ئەتراپتا بىرەر شەپىنىڭ بار - يوقلۇقىنى تىڭ - تىڭلاپ كۆردى. چېكەتكىلەرنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلاردا ئاندا - ساندا چىرىلدىغان ئاۋازىدىن باشقا بىرەر شەپىنى ئاڭلىيالمىدى. ئۇ تېخىمۇ تىت - تىت بولدى. شۇڭا چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارنى تاماشا قىلىشمۇ خۇش ياقمىدى. ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى ئاچچىق بىلەن يېپىۋىدى ئۈچ ياشلىق ئوغلى ئەسقەرجان ئۇيان - بۇيان مىدىرلاپ قويۇپ يەنە ئۇيقۇغا كەتتى. لېكىن، مۇنىرە ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالى رۇستەمدىلا ئىدى.

«رۇستەم نېمە ئۈچۈن شۇ كەمگىچە كەلمەيدىغاندۇ؟» مۇنىرە بۇنى ئويلاۋېتىپ سائەتكە قارىدى. سائەتنىڭ ئىسترېلكىسى توققۇز دېگەن رەقەم ئۈستىگە يېقىنلاشقانىدى. ئۇنىڭ تاقىتى تاق بولدى، كۆڭلى پەرىشان بولۇپ، چىدىغۇچىلىك رەغد قالمىدى. ئۇنى چىگىش خىياللار چىرمىۋالدى، ئاخىر تېگى يوق خىياللار دېڭىزىغا غەرق بولدى. ئۇ بىردەم: «رۇستەم ئىشخانىدىكى ئىشلار بىلەن بەند بولۇپ قېلىپ ئىشىدىن ۋاقتىدا چۈشەلمىگەندۇ؟» دەپ ئويلىسا، بىردەم: «ئۇنداق بولۇشى ناتايىن، بەلكىم ئەل - ئاغىنىلىرىنىڭ ئۆيىگە

كەتكەن بولۇشى مۇمكىن» دەپ دەسلەپكى ئويلىغانلىرىنى ئىنكار قىلاتتى. ئارقىدىنلا يەنە: «ئۇ ئەل ـ ئاغىنىلىرىنىڭ ئۆيىگە بارسا مېنى بىللە ئاپىراتتى، بوگونكى كونلەرگە كەلگەندە مېنىڭ بىلەن كارى بولماي يالغۇز بارارمۇ؟ هەي!...هازىر ئادەملەر بارغانسېرى هىيلىگەرلىشىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئادەم دېگەن خام سوت ئەمگەن، شۇڭا ئۇنى ئازمايدۇ دېگىلى بولامدۇ؟»

مۇنىرەنىڭ خىيالى بۇ يەرگە كەلگەندە پېشانىسىدىن سوغۇق تەر چىقىپ بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى، ئۇ يەنە خىيالغا پاتتى: «بۇنىڭدىن بۇرۇن رۇستەم مېنىلا ياخشى كۆرەتتى، ئۆيدىن ئايرىلىشنى زادىلا خالىمايتتى. بوگونكى كونگە كەلگەندە، ئۆيدە تۇرغۇسى كەلمەيدىغان، ئۆيدىن چىقىپ كەتسە ئۆينى سېغىنمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ ‹شامال چىقمىسا، دەرەخ لىڭشىمايدۇ› دېگەندەك ئۇنى بىرەر بۇزۇق خوتۇن ئېزىقتۇرۇۋاتامدۇ تېخى؟ هە... راست ئۇنىڭ ئىدارىسىدىكى بەزى خوتۇنلارنى جىم يورمەيدۇ دەۋاتاتتى، شۇلاردىن بىرەرى ئۇنى قولىغا كىرگۈزۈۋالدىمۇ تېخى، بۇنىمۇ بىلىپ بولمايدۇ!...خەپ!...خەپ!...

«تاك!...تاك!...تاك!» ئىشىكنىڭ يېنىك چېكىلىشى بىلەن ئۇنىڭ خىيال يىپى ئۈزۈلدى.

رۇستەم ئۆيگە كىرىپ كىرىسلودا ئولتۇرۇپ بولغۇچە مۇنىرەنىڭ ئاغزى ئېچىلدى:

— رۇستەم، سائەت نەچچە بولدى؟

— سائەت توققۇزدىن سەل ئېشىپتۇ، — دېدى رۇستەم سائىتىگە قارىۋېتىپ.

— شۇنچە كەچ بولۇپ كەتكۈچە نەگە باردىڭىز؟

— نەگە باراتتىم، ئىشخانىدا ئىشلىدىم.

— يېقىندىن بۇيان، كۈندە دېگۈدەكلا كەچ كېلىۋاتىسىز.

سورىساملا ئىشلىدىم دەيسىز. بۈگۈن تېخىمۇ كەچ قالدىڭىز. تۈگىمەيدىغان قانداق ئىش ئىكەن ئۇ، ئىدارىنىڭ ئىشلىرىنى سىزلا قىلىۋاتامسىز - يا؟
— نېمە؟ بۈنى زىر - زەۋەرگىچە سوراپ كەتتىڭىزغۇ. بىرەر ئىش بولدىما؟
— بىرەر ئىش بولغان - بولمىغانلىقىنى ئۆزىڭىز بىلمىسىڭىز مەن نەدىن بىلەي، — دېدى مۇنىرە ئاچچىق بىلەن.
— مۇنىرە زىغىردەك ئۇششاق گەپ قىلماي ماڭا يېگۈدەك بىر نەرسە بەرسىڭىزچۇ؟ قوسۇقۇم ئېچىپ يىقىلىپ قالاي دېدىم، — دېدى رۇستەم.
— گەپىڭنىڭ راستىنى دېمىسىڭىز سىزگە بېرىدىغان ئاش يوق!...
— ھەي، مۇنىرە، بۇنداق قالايمىقان چاقچاق قىلماي قوسۇقۇمغا يەيدىغان نېمە بېرىڭ دەۋاتىمەن.
— مېنىڭ چاقچاق قىلغىنىم يوق، ئۆيگە كەچ قايتىشىڭىزنىڭ سەۋەبىنى ئېنىق دېمىسىڭىز دېگىنىمنى قىلىمەن، — دېدى مۇنىرە.
— مەن باياتىن گەپىڭنىڭ راستىنى دېدىم، يەنە نېمە دەيمەن؟ ئەگەر سىز ماڭا يېگۈدەك نەرسە بەرمىسىڭىز ئۆزۈم تېپىپ يەي!... رۇستەم مۇنىرە بىلەن گەپ تالىشىپ ئولتۇرۇشنى خالىمىدى - دە، ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ ئىسسىق ساقلاش قاچىسىدىكى ئۇگرە ئاشنى ئاچىقىپ ئەمدىلا ئىچەي دېۋىدى، مۇنىرە ئاشنى كاپلا قىلىپ تارتىۋالدى.
— مۇنىرە نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ — دېدى رۇستەم ئۇنىڭ قوپال قىلىقىدىن ھەيران بولۇپ.
— سىز راست گەپنى دېمىگۈچە بۇ ئاشنى بەرمەيمەن، — دېدى مۇنىرە تېخىمۇ قاتتىقلىشىپ.

— سىزدىن يوشۇرغۇدەك ھېچ قانداق ئىش يوق، — دېدى رۇستەم سەل ئاچچىق بىلەن.

ئەر - خوتۇن ئىككىسى خېلى ئۇزۇن ۋاقىت تاكاللاشتى، پاكىت سۆزلەشتى. ئەمما، ھېچ قايسىسى قايىل بولمىدى. رۇستەم كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، بىر توغرام قاتتىق ناننى سوغۇق سۇغا چىلاپ يېدى - دە، يېرىم ئاچ يېرىم توق دېگەندەك يېتىپ قالدى. مۇنىرە: «رۇستەمگە خېلىلا قوپال ئۇسۇللارنى قوللانساممۇ ھېچقانداق قارشىلىق قىلمىدى. يەنە ماڭا يېلىنىۋاتىدۇ. قورسىقىدا «جىن» بولمىسا مۇشۇنداق قىلامتى؟ بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ «سۇدىكى» بۇزۇلغانلىقى چوقۇم راستەك قىلىدۇ. مەن ئۇنى مەيلىگە قويۇۋەتسەم مەڭگۈ پۇشايماندا قالغۇدەكمەن. شۇڭا قاتتىق باشقۇرۇشۇم كېرەك» دېگەنلەرنى كۆڭلىگە پۈكتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ مۇنىرە پۈتۈن دىققىتى بىلەن رۇستەمنىڭ مېڭىش - تۇرۇشى ۋە باشقا ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىشكە باشلىدى. مۇنىرە بارا - بارا رۇستەمنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى يۇيۇپ بەرمەيدىغان، يۇيۇپ بەرسىمۇ دەزماللاپ بەرمەيدىغان بولۇۋالدى.

رۇستەم: «مۇنىرە ئىشلەۋاتقاندىن كېيىن ۋاقتى يەتمىگەندۇ، — دەپ ئويلاپ، بەزىدە كىيىملىرىنى ئۆزى يۇيۇپ دەزماللاپ كىيىدىغان بولدى. بىر كۈنى ئۇ، دەزماللنى تاپالمىدى، ئامال بولماي مۇنىرەدىن سورىدى:

— مۇنىرە، دەزمال يوق تۇرىدۇ، كۆردىڭىزمۇ؟

— كۆرمىدىم، — دېدى مۇنىرە قاپىقىنى ئاچماي.

بۇ گەپ بولۇپ بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر كۈنى رۇستەم ئىشتىن بالدۇرراق چۈشۈپ ئۆيگە كەلگەنىدى. مۇنىرەنىڭ دەزمالنى ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سورىدى:

— مۇنىرە دەزمال پەيدا بولۇپ قاپتىغۇ، نەدىكەن؟

- ئۆيدە بار ئىكەن، - دېدى مۇنبىرە سەل ئوڭايسىزلانغىنىچە جاۋاب بېرىپ. رۇستەم بۇ يەردە قانداقتۇر بىر سىرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولدى - يۇ، لېكىن بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى. يەنە بىر كۈنى رۇستەم دەزمالنى ئىشلىتەي دېۋىدى تاپالمىدى، مۇنبىرەدىن سورىۋىدى، ئۇ «كۆرمىدىم» دەپ جاۋاب بەردى. رۇستەم ئۆينىڭ ھەممە يېرىنى ئاختۇرۇۋېدى، دەزمال مۇنبىرەنىڭ ساندۇقىدىن تېپىلدى. رۇستەم مۇنبىرەدىن سورىدى:

- دەزمالنى نېمە ئۈچۈن ساندۇققا سېلىپ قويدىڭىز؟ مەن ئىشلەتمەيمەنمۇ؟

- كىيىملىرىڭىزگە كۈندە دېگۈدەك دەزمال سېلىپ قېتىۋالمىسىڭىز «سەتەڭ» لەر ياراتمامدىكەن. - دەۋەتتى مۇنبىرە ئۆزىنى تۇتالماي.

رۇستەم دەزمالنىڭ يوق بولۇپ قېلىشىدىكى سىرنى ئەمدىلا بىلدى - دە، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىناق مۇناسىۋەتكە ئىشەنمەسلىك گۇمانلىرى سايە تاشلاشقا باشلىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، مۇنبىرەگە تەربىيە ئىشلەش زۆرۈر دەپ قارىدى:

- مۇنبىرە بىز توي قىلغىلى بەش يىل بولدى، شۇنىڭدىن بۇيان مەن سىزگە، سىز ماڭا ئىشەنگەنلىكتىن مۇھەببىتىمىز چوڭقۇرلىشىپ، تۇرمۇشىمىز كۆڭۈللۈك ئۆتۈپ كەلدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، مەن سىزگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش قىلسام مېنى ئادەم دېگىلى بولامدۇ؟ سىز ماڭا چوقۇم ئىشىنىشىڭىز كېرەك، - دېدى رۇستەم سەممىيلىك بىلەن.

- سىز ئېغىزىڭىزدا ئۇنداق چىرايلىق گەپلەرنى قىلغان بىلەن نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى كىم بىلىدۇ؟ ھازىر ئۆينى ئۇنتۇپ قالاي دېدىڭىز، - دېدى مۇنبىرە تەنە بىلەن.

- مۇنبىرە، ئۇنداق دېمەڭ، ئەر - خوتۇن ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە ئىشەنمىسەك، ئۆي بۇزۇلۇپ كېتىدىغان ئىش بولۇپ

قالىدۇ.

— سىز مېنى شۇنداق دەپ قورقۇتۇپ، ئۆزىڭىز بىلگەن يولغا ماڭماقچىمۇ؟

— مېنىڭدە ئۇنداق نىيەت يوق، ماڭا ئىشىنىش دېگەندىكىن ئىشەنسىڭىز بولىدۇ.

— مەن بۇ گېپىڭىزنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمەيمەن.

— بولدى، بۇنداق يوقىلاڭ گەپلەرنى تالىشىپ غىزىلداشماي چىرايلىق ئۆي تۇتايلى.

— يوقىلاڭ گەپمىش تېخى، — دېدى مۇنىرە ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرغىنىچە تۇمشۇقىنى ئۇشلاپ.

رۇستەم قايتا گەپ - سۆز قىلمىدى. مۇنىرەمۇ ۋاقتىنچە بېسىقتى. ئەمما، ئۇنىڭ گۇمانلىق كۆزى رۇستەمگە تىكىلگەندى. مۇنىرە ئۇنى ھەر ۋاقىت «نازارەت» قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. شۇڭا ئۇ، پۇرسەت بولسىلا رۇستەمنىڭ مېڭىش - تۇرۇشىغا سەپسالىدىغان، سۆز - ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىدىغان بولدى. ھەتتا، بەزى كۈنلىرى رۇستەم ئۆيدە بىر ۋاق تاماقنى ئاز يەپ قالسا ياكى يېمىسە مۇنىرە ئۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپ قانائەت ھاسىل قىلغاندىلا بولىدى قىلىدىغان بولۇۋالدى. رۇستەم مۇنىرەنىڭ تاپا - تەنە، ئۇششاق گەپلىرىدىن قېچىپ دوست - يارەنلىرى بىلەن سىرتتا تاماق يېيىشتىنمۇ ئېھتىيات قىلىدىغان بولۇپ قالدى. بەزى دوستلىرى ئۇنىڭغا:

— بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە سەن سايىم ئاخۇن (خوتۇنىدىن قورقىدىغان ئادەم) بولۇپ كېتىۋاتىسەن، — دېسە، ئۇ:

— مېنىڭ بۇنداق قىلىشىم ئائىلىمىزنىڭ ئېھتىياجى، - دېگىنىچە كۈلۈپ ئۆتكۈزۈۋېتەتتى. رۇستەم مۇنىرەنىڭ كۆڭلىگە گۇمان پەيدا قىلىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىققا ھەر ۋاقىت دىققەت قىلاتتى. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ئائىلە تۇرمۇشى بىر قەدەر

خاتىرجەم ئۆتمەكتە ئىدى. ئەنە شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇنبىرە رۇستەم بىلەن جىددىي كۆرۈشۈش توغرا كېلىپ ئىدارىسىگە باردى. ئۇ رۇستەمنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرۇشىغا، زوبىيە ئىسىملىك قىز بىر قىسىم ھۆججەتلەرنى ئەكىرىپ رۇستەمگە بەردى ـ دە، ئىشخانىدىن چىقىپ كېتىدىغان ۋاقىتتا:

ـ رۇستەم مۇدىر، بۇ ھۆججەتلەرنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن قايتۇرۇپ بېرىڭ، ئۇ ئارخىپتا ساقلىنىدۇ، ـ دېدى خۇشخۇيلۇق بىلەن. زوبىيە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مۇشۇ ئىدارىدە ئىشلەيدىغان، يېشى چوڭراق ئىبراھىم مۇنبىرەگە گەپ ئاتتى:

ـ مۇنبىرە بۇ يەرگە كەپقاپسىزغۇ؟

ـ ئازراق ئىش بىلەن رۇستەمنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم.

ـ مۇنداق دەڭ، مەن تېخى سىزنى رۇستەمنى باشقا قىز ـ چوكانلار مېنىڭدىن تارتىۋالمىسۇن دەپ باققىلى كەلدىمۇ نېمە دەپ ئويلاپتىمەن.

ـ باقمىسامۇ ھازىرغىچە بىرەر قىز ـ چوكان رۇستەمنى تارتىپ ئالالمىدىغۇ، ـ دېدى مۇنبىرە چاندۇرماي جاۋاب بېرىپ.

ـ ھەي، مۇنبىرە سىز بەك نادانكەنسىز، ئادەم دېگەن ھامان ياخشىغا ئىنتىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ رۇستەم سىزنى تاشلىۋېتىپ چىرايلىق قىزلاردىن بىرنى تېپىۋالمىسۇن يەنە!

ـ مېنىڭمۇ چىرايلىق قىزلاردىن قالغۇچىلىكىم يوققۇ؟

ـ ئۇ گېپىڭىزغۇ راست، شۇنداقتىمۇ رۇستەم سىزنى قېرىپ كەتتى دەپ تاشلىۋېتىپ، قىزلاردىن بىرەرنى تېپىۋالمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ جۇمۇ، ـ دېدى ئىبراھىم كۈلمەي تۇرۇپ چاقچاق قىلىپ.

ـ مەنمۇ ئۇنچىۋالا ياۋاشلاردىن ئەمەس، ـ دېدى مۇنبىرە سەل ئۆڭۈپ.

ئۇلار ئارىسىدا چاقچاقلار رۇستەمنىڭ ئارىغا كىرىشى بىلەن

توختىدى. مۇنىرە رۇستەم بىلەن كۆرۈشىدىغان ئىشلارنى تۈگىتىپ ئۆزىنىڭ ئىدارىسىغا كەتمەكچى بولۇپ كوچىغا ئاپتوبۇسقا چىقتى. لېكىن مۇنىرەنىڭ كۆڭلىنى قانداقتۇر بىر خىل ۋەھىمە ئىسكەنجىگە ئېلىۋالدى. دىل ئارامى بۇزۇلۇشقا باشلىدى. بۇرۇنقى كۈندەشلىككىلىرىنىڭ ئاساسى بارلىقىدەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىردىنلا پەيدا بولۇپ، ئىشخانىدا دېگەن گەپلىرىنى تەكرارلاشقا باشلىدى: «رۇستەم سىزنى قېرىپ كەتتى دەپ تاشلىۋېتىپ چىرايلىق قىزدىن بىرنى تېپىۋالمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ جۇمۇ!» دېگەن گەپلەر مۇنىرەنىڭ قۇلاق تۈۋىدە تەكرار جاراڭلىدى. ئارقىدىنلا زوبىيەنىڭ رۇستەمگە جىلۋىلىك قاراشلىرى، خۇشخۇي قىلىقلىرى ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدا قايتا ئايان بولۇپ مۇنىرەنىڭ يۈرىكىگە نەشتەر بولۇپ سانجىلىشقا باشلىدى، ھەرە بولۇپ پۈتۈن بەدەنلىرىنى چاقتى، لازا بولۇپ قەلبىنى ئېچىشتۇردى.

مۇنىرە ھېلىقى «شۇم ئېغىز» ئىبراھىمنىڭ ئاۋازىنى قايتا ئاڭلىمايچۇ، دەپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى. ئۇ يەنە، زوبىيەنى قايتا كۆرۈم كۆرمىسۇن، دەپ كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. مۇنىرە قۇلىقى ئېتىلگەن، كۆزى يۇمۇلغان ھالدا مىدىر - سىدىر قىلماي ئولتۇراتتى.

— سىڭلىم، ئاپتوبۇستىن چۈشۈۋالامسىز؟

مۇنىرە ياشانغان شوپۇرنىڭ نوقۇشى بىلەن ئېسىگە كېلىپ كۆزىنى ئېچىپ ھەيران قالدى. چۈنكى ئۇ، شەھەر سىرتىدىكى ئاخىرقى بېكەتكە كېلىپ قالغانلىقىنى، ئىدارىسىنىڭ يېرىم يولدا قالغانلىقىنى ئەمدىلا بىلدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە، مۇنىرە باش - ئايىغى يوق خىياللار ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇ بەزىدە: رۇستەمنىڭ ئىشخانىسىدىكى ئىشلارنى باھانە قىلىپ كەچ قايتىپ، يولدا زوبىيە بىلەن

غىدىقلاشسا، بەزىدە پۈرسەت تاپسىلا چىڭ قۇچاقلىشىپ چوكۇلداپ سۆيۈشۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئەلەم ئىچىدە ھەسرەت چەكسە، بەزىدە ئىبراھىمنىڭ: «ئادەم دېگەن ھامان ياخشىغا ئىنتىلىدۇ، رۇستەم سىزنى قېرىپ كەتتى دەپ تاشلىۋېتىپ چىرايلىق قىزدىن بىرنى تېپىۋالمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ جۇمۇ» دېگەن گەپلىرى قۇلاق تۈۋىدە قايتا تەكرارلىنىپ، ئۇنى چىدىغۇسىز ئازابلىماقتا ئىدى.

نەتىجىدە، مۇنىرەنىڭ كۆز ئالدىدا بويلىرى لېۋەن، ئۇزۇن چاچلىق، كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرىدىغان، قاڭشارلىق، چېھرىدىن تەبەسسۇم تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، لەۋلىرى جىنەستىدەك چىرايلىق، شىپىڭ دۇخاۋا كۆڭلىكىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان تولۇۋاتقان كۆكسى... قىسقىسى، ئېچىلىپ ۋايىغا يەتكەن مودەن گۈلدەك چىرايلىق قىز زوبىيە پەيدا بولاتتى. بۇ ئىش پات- پاتلا تەكرارلىناتتى. شۇڭا مۇنىرەنىڭ كۈندەشلىكى بارغانسېرى كۈچىيىپ باردى. شۇ سەۋەبتىن مۇنىرە رۇستەمنى بىرەر مىنۇتمۇ كۆزىدىن نېرى قىلىشنى خالىمايدىغان، بەلكى ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدىغان بولۇپ قالدى. رۇستەم يېنىدا بولسا مۇنىرەنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولاتتى، يېگەن تامىقى ئاغزىغا تېتاتتى. ئۇ يەنە شەنبە - يەكشەنبە كۈنلىرىنىڭ بالدۇرراق كېلىشىنى، دۈشەنبە كۈنىنىڭ كېچىكىپ كېلىشىنى، ھەر كۈنلۈك ئىشقا بېرىش ۋاقتىنىڭ كېيىنرەك، ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتىنىڭ بالدۇرراق بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى، تەبىئەت قانۇنىيىتى، خىزمەت تۈزۈملىرىنىڭ ئۆز رايىغا باقمايدىغانلىقىنى ئويلاشنىمۇ خالىمايتتى.

قىسقىسى، مۇنىرە رۇستەمنى بىرەر «قارا قول»» نىڭ تارتىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. بولۇپمۇ زوبىيەنىڭ رۇستەم بىلەن بىر ئىدارىدە ئىشلەيدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە

زوبىيەنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىمۇ رۇستەم ئۆيگە ماڭىدىغان كوچىدا بولغانلىقى مۇنبىرەنى تېخىمۇ بىئارام قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنبىرە بىرنەچچە قېتىم ئۇلار ماڭىدىغان كوچا بويىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مېڭىش - تۇرۇشىنىمۇ كۆزەتتى. بىرەر يىپ ئۇچىغا ئىگە بولۇشنى ئۈمىد قىلدى. رېئاللىق ئۇنىڭ ئەكسىچە بولدى. بىراق، مۇنبىرە يەنىلا خاتىرجەم بولالمىدى.

ئۇ بۈگۈن كونا ھۈنىرىنى يەنە ئىشقا سېلىپ، ئۇلار ئىشتىن چۈشۈشتىن يېرىم سائەت بۇرۇن «كۆزىتىش نۇقتىسى» غا بېرىپ بولدى. ئارىدىن بىرەر سائەتچە ۋاقىت ئۆتتى، مۇنبىرە پاكىتقا ئىگە بولدى. رۇستەم زوبىيەنى ۋېلىسىپىتقا مىندۈرگىنىچە ئۆتۈپ كەتتى. مۇنبىرەنىڭ خىيالىدا رۇستەمنىڭ «ئىشخانىسىدىكى ئىشلار ئالدىراش بولۇپ كېتىپ كەچ قايتىپ كەلدىم» دېيىشىدىكى «سىر» ئاخىر يېشىلدى...

بۇلۇتسىز ئاسماندا چاقماق چېقىلغاندەك، مۇنبىرەنىڭ نېرۋا سىستېمىلىرى قالايمىقانلاشتى. كۆزىگە قىزىللىق تىقىلدى. بېشى زىڭىلداپ ئاغرىشقا باشلىدى. ئۇ ئەلەمدىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتتى. لېۋىنى چىشلىگەن ھالدا كوچا تېمىغا يۆلىنىپ بىرنەچچە مىنۇت تۇرغاندىن كېيىن، ئاستا - ئاستا ئېسىنى يىغدى، ئۇ زوبىيەنى كوچىدا جامائەت ئالدىدىلا قاتتىق ئەدەپلەپ چاۋىسىنى چىتقا يايمىغانلىقىغا ئۆكۈندى...

ئۇ، ئۆزىنىڭ قانداق مېڭىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەي - بىلمەي دېگۈدەك چىرايلىرى تاتارغان ھالدا ئۆيگە كەلدى - دە، ۋارقىراشقا باشلىدى:

— رۇستەم بۈگۈن نېمە ئىش قىلغانلىقىڭنى بىلەمسەن؟

— مەن ئىشخانىدا ئىشلىدىم.

— يولدا نېمە ئىش قىلدىڭ دەۋاتىمەن؟

— يولدا نېمە ئىش قىلاتتىم، ۋېلىسىپىتىمنى مىنىپ

ئۆيگە قايتىپ كەلدىم.

— راست گەپ قىل دەۋاتىمەن!

— هەي مۇنبىرە بوگۇن سىزگە نېمە بولدى؟ ئاغزىڭىزغا كەلگەنچە ۋارقىراپ - جارقىرىماي تۈزۈكرەك گەپ قىلمامسىز؟ مەن گەپلىرىڭىزنى ئاڭلىغانچە گاڭگىراپ قېلىۋاتىمەن.

— قىلغان - ئەتكەنلىرىڭنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ خۇپسەنلىك قىلىپ هېچنېمىنى بىلمەيدىغان بولۇۋاپسەندە، ئۇنداق بولسا مەن چۈشەندۈرۈپ قوياي، هېلىقى قېرى قىز بىلەن نېمە ئىش قىلدىڭ؟

— قايسى قىز بىلەن؟

— هېلىقى سەن ۋېلىسىپىتىڭغا مىندۈرۈۋالغان قېرى قىزنى دەۋاتىمەن.

— هە... زوبىيەنى دەۋاتامسىز؟ ئۇنىڭ ۋېلىسىپىتى بۇزۇلۇپ قاپتىكەن، بىز بىر ئىدارىدە ئىشلىگەندىكىن ئەكېلىپ قويدۇم. بۇنىڭغا قاراپ ئۇنى هاقارەت قىلسىڭىز توغرا بولمايدۇ - دە!

— مانا، ئۇ بۇزۇقنى ئەيىبلىسەم ساڭا دەز كەتتىمۇ؟ ئۇنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟

— مۇنبىرە ئۇنداق قالايمىقان گەپ قىلماڭ، زوبىيە ئەخلاقلىق قىز.

— هىم!... ئەخلاقلىق قىزمىش، ئەخلاقلىق بولسا خەقنىڭ ۋېلىسىپىتىغا قوڭىنى سۈۋمىماي، پىيادە ماڭسا بولمامدۇ؟

— ئۆيىدە جىددىي ئىشى چىقىپ قالغاچقا، ۋېلىسىپىتىمگە مىنگىشىۋالدى، شۇ.

— يەنە شۇنىڭغا يان بېسىۋاتىسەنغۇ، ئۇ قېرى قىزغا كۆيۈپ قالدىڭمۇ - يا؟

— مۇنبىرە ئۇنداق قالايمىقان گەپ قىلماڭ. سىز

توغرۇلۇق مەن باشقا خىياللاردا بولىدىغان نائەھلىلەردىن ئەمەسمەن.

— ئەر كىشىنىڭ «سۆدىكى بۇزۇق» بولسا، ئۆزىنىڭ ئايالى ھۆر پەرىدەك بولسىمۇ كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنمەيدۇ.

— مېنىڭ ئۇنداق ئادەملەردىن ئەمەسلىكىمنى بىلىسىزغۇ. ماڭا ئىشىنىڭ!...

— مەن ساڭا ئىشەنمەيمەن! قانداق، گېپىڭ بارمۇ؟

— مۇنبىرە ئۇنداق دېمەڭ. كونىلاردا «ئەر كۈنلىسە ئۆي تۈزۈلەر، خوتۇن كۈنلىسە ئۆي بۇزۇلار» دەيدىغان گەپ بار. يەنە «كۈنچىلىك كۆڭۈلگە داغ چۈشۈرىدۇ» دەيدىغان گەپمۇ بار. سىز بۇنداق ئورۇنسىز ئىشلارنى دەستەك قىلىپ ئۆزىڭىزنىمۇ، مېنىمۇ قىينىماڭ. بىر چىرايلىق ئۆيىمىزنىڭ ئۇلىغا دەز كەتمىسۇن. يەنە ئۆز يولىمىزغا ئۆزىمىز تىكەن تېرىيدىغان ئىشنى قىلمايلى. مەن سىزدىن ئۆتۈنەي، خوش بولاي!...

— مېنى مۇشۇنداق دەپ گوللاپ بوكۇمگە جىگدە سالماقچىمۇ؟ بىلىپ قوي! مەن ئۇنچىۋالا ئەخمەقلەردىن ئەمەسمەن. سەن زوبىيە دېگەن قېرى قىز بىلەن قىلغان ـ ئەتكەن يامان ئىشلىرىڭنى ئېيتمىساڭ، بۈگۈن يا سەن ئۆلىسەن، يا مەن ئۆلىمەن، ياكى ئۇ قېرى قىزنى ئۆلتۈرىمەن!

ئىككىسىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرگەن قولۇم ـ قوشنىلىرى ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ، بۇ ماجىرانى ۋاقتىنچە بېسىقتۇردى. لېكىن خاتىرجەملىك ئۇزاققا بارمىدى. چۈنكى ئاشۇ ئىش، بۇ ئائىلىدىكى تۈگىمەس غەلۋە ـ غەۋغانىڭ ئۆچمەس پىلتىسى بولۇپ قالدى. جېدەل ـ ماجىرا كۈنسېرى كۆپەيدى. رۇستەم ئائىلىسىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە، باشقا ئىدارىغا يۆتكىلىشكە مەجبۇر بولدى. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن رۇستەمنىڭ كۆڭلى تىنجىمىدى، مۇنبىرەنىڭ تاپا ـ تەنىلىرى ئازايمىدى، ئائىلىسىدە تىنچلىق بولمىدى.

بۇ ئىشلارغا قاراپ، رۇستەم ئېغىر خىياللار ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالدى: «مەن ئۆيىمىز بۇزۇلۇپ كەتمىسۇن دەپ ئىشخانا مۇدىرلىقىدىنمۇ ئىستېپا بېرىپ، باشقا ئىدارىگە يۆتكىلىپ كەتتىم. بىراق، مۇنىرە ماڭا يەنىلا ئىشەنمىدى. بۇ ئىشنى دەپ باشقا يۇرتقا ئالمىشىپ كېتىشىمنىڭ ئورنى يوق. ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا، ئائىلىمىزدە ئۇرۇش – تالاش بولۇۋاتىدۇ. مۇنىرە كىيىم – كېچەكلىرىمنى يۇيۇپ بەرمىگىلىمۇ بىر يىلدىن ئاشتى. كىيىملىرىمنى ئۆزۈم يۇيۇپ كىيىۋاتىمەن. كۆپ ۋاقىتلاردا تاماقنى ئۆزۈم ئېتىۋاتىمەن. بىراق، مۇنىرە ماڭا يەنىلا تاپا – تەنە قىلىشتىن توختىغىنى يوق. ئارامىلىقىم مەڭگۈ بۇزۇلغاندەك تۇرىدۇ. مەن شۇنچە ئېغىرلىق قىلسامىمۇ ئۇنىڭ يۈزى بولمايۋاتىدۇ. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟!... ماڭا مۇنىرەدىن باشقا ئايال زاتى تېپىلماسمۇ؟!»

ئائىلىدىكى كۈندە دېگۈدەك يۈز بېرىۋاتقان كۆڭۈلسىزلىك، ئۇرۇش – تالاشلار رۇستەمنىڭ مۇنىرەگە بولغان ئوتلۇق قەلبىنى سوۋۇتتى. ئۇنىڭ مۇنىرەگە بولغان ئەقىدىسى سۇسلاشتى، كۆڭۈل ئېكرانىدا داغ پەيدا بولدى. نەتىجىدە، بارا – بارا مۇنىرە رۇستەمنىڭ كۆزىگە ناتونۇش ئادەملەردىنمۇ يات كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، زوبىيەنىڭ بىللە ئىشلىگەن چاغلاردا ئۆزىدە ياخشى تەسىر قالدۇرغان خۇشخۇي مىجەزى، ئۇنىڭ قېنىق چاي دەملەپ ئەكىرىپ بېرىپ، ئورۇنلۇق گەپ قىلغىنى نۇرغۇن ئېسىگە بىر ئۆزىگە ئاجايىپ سېغىنىشلىق تۇيغۇ ئاتا قىلدى...

«بۇ نېمە ئىشتۇ؟ مەن زادى نېمە بولدۇم؟ ياكى مېنى بىرەر «شەيتان» ئازدۇرۇپ مۇشۇنداق قىلىۋاتقانمىدۇ؟!» ئۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ بۇنىڭ سەۋەبىنى تاپالمىدى، تېگىگە

يېتەلمىدى. ئىشخانىدا ئولتۇرۇپمۇ بۇ ئىشنى ئويلايدىغان بولۇپ قالدى. ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن زوبىيە رۇستەمنىڭ قەلبىگە بۆسۇپ كىرىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، كېچىلىرىمۇ زوبىيەنىڭ ئۆزىنىڭ چۈش ئېكرانىدا بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغان بولدى. كۈندۈزى ئۇنى ئويلىماي دېسىمۇ، زوبىيە ئۇنىڭ كۆڭۈل كۆزىدىن ساقىت بولمىدى. رۇستەم ئاخىرى، زوبىيەنىڭ گۈزەل چېھرىنى كۆرۈشكە ئىنتىلىدىغان، قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان، خۇشخۇي مۇلايىملىقىنى پات - پات كۆرۈپ تۇرۇشنى چىن قەلبىدىن ئۈمىد قىلىدىغان بولۇپ قالدى... رۇستەم يەنە خىيالغا پاتتى: «مەن مۇنبىرەنىڭ دەردىنى ئۇزاق تارتتىم. تەربىيە ئىشلىدىم، تۈزەلمىدى. قەسەم قىلىپ بەردىم، ئىشەنمىدى. ئەمدى مېنىڭ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، ئۇنىڭ قىلغان خاتا ئىشلىرى چەكتىن ئېشىپ كەتتى. لېكىن مۇنبىرەنىڭ ئىستىلى شەبنەمدەك سۈزۈك ئىدى. بۇ تەرىپى ئېسىل!... مەن ئۇنىڭ مۇشۇ تەرىپىنى دەپ، ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ ئىشىنىشنى ئۆتۈندۈم، ئۇ ئىشەنمىدى، ئەمدى ئامال بولمىدى. ئۇ تەلىيىدىن كۆرسۇن، مەنمۇ ئۆز بەختىمنى قايتا ئىزدىشىم كېرەك.» ئۇ، ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ كۆزىنى يىراقلارغا تىكتى.

5

قۇياش كۆك ئاسماندا كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تارام - تارام نۇرلىرى شەھەر كوچىلىرىنىڭ ئورمان بەلباغلىرىدىكى يېڭى چېچەكلىگەن ئۆرۈك گۈللىرىنى تېخىمۇ جۇلالاندۇرۇپ، شەھەر مەنزىرىسىگە يېڭى تۈس بەرگەنىدى. باھار قۇشلىرى بىر - بىرىنى قوغلىشىپ شاختىن - شاخقا قوناتتى، چىرايلىق سايراشلىرى كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى. مانا تويلۇق

كىيىمى كىيگەن بىر جۈپ قىز - يىگىت ئۆرۈك چېچەكلىرى ئارىسىدا توي خاتىرىسى ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشمەكتە، ئۇلار رۇستەم بىلەن زوبىيە ئىدى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئۆرۈكلۈك باغلار يېشىل كىمخاب كىيدى. باغدىكى مامكاپ گۈللىرى بىر - بىرىدىن چىرايلىق ئېچىلىپ باغنىڭ مەنزىرىسىگە يېڭىچە ھۆسن قوشتى. باغ سەيلىسى يەنە باشلاندى...

بۈگۈنكى يەكشەنبىنى تاتلىقنا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، مۇنىرە قىز دوستلىرى بىلەن بۇرۇن چىققان باغقا باردى. چوڭ - كىچىك ئۆرۈكلەرگە سەپسالدى، باغنى ئارىلاپ ماڭدى. قۇشلارنىڭ سايراشلىرىغا يېنىش - يېنىشلاپ دىققەت قىلدى. لېكىن، كاككۇك ئاۋازىنى زادىلا ئاڭلىيالمىدى. كۆزىگە ھەرخىل چىرايلىق قۇشلار چېلىققان بولسىمۇ، ئەمما كاككۇكنى كۆرەلمىدى. ئۇنىڭ ئارزۇسى يوققا چىقتى. نەتىجىدە مۇنىرەنىڭ كۆڭلىنى پەرىشانلىق ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالدى. ئۇنىڭ پۇتلىرى ئېغىرلاشتى، قەدەملىرى ئاستىلاشتى. ئۇ بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ مېڭىپ، بۇرۇن رۇستەم چىقىۋالغان ئۆرۈك تۈۋىگە كېلىپ قالغانلىقىنى ئەمدىلا سەزدى - دە، ئۆرۈك ئۇستىگە قارىغۇسى كەلدى. قارىدى. ئۆرۈك ئۇستىدە سۇنئىي كاككۇكمۇ، تەبىئىي كاككۇكمۇ كۆرۈنمىدى. قىسقىسى، بۈگۈن بىرەر قېتىم بولسىمۇ كاككۇكنى كۆرۈش ياكى ئاۋازىنى ئاڭلاش ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىدى.

مۇنىرە چوڭ ئۆرۈككە يۆلەنگىنىچە ئۆتكۈنگەن ھالدا خىيالغا پاتتى.

— كاككۇكلارنىڭ ھەممىسى رەھىمسىزلىك قىلىپ ماڭا سايراپ بەرمەيۋاتامدۇ قاندىق؟ ياكى مېنىڭ قۇلىقىم

ئېغىرلىشىپ قېلىپ كاككۇك ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايۋاتىمەنمۇ - يا؟؟!...

مۇنبىرە قۇلىقىنى تۇتۇپ بېقىش ئۈچۈن ئوڭ قولىنى ئىشقا سېلىشقا تەرەددۇتلاندى ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى!...

2002 - يىلى، كۇچا

# كۆلمەيدىغان ئادەم

*شۈكۈر بىلەن يۈرۈۋەرمەيمەن،*
*كونا كىتاب كۆرۈۋەرمەيمەن.*
*ئەمدى پەستە تۇرۇۋەرمەيمەن،*
*مەنمۇ يىڭى ئەسىر ئادىمى.*

*ئەپسۇس ئۆزۈم كونا پۈرايمەن،*
*شۇڭا ئەلدىن ئەتىمر سورايمەن.*
*نۇقسانىم شۇ خەقنى دورايمەن،*
*مەنمۇ يىڭى ئەسىر ئادىمى.*

*بۇ ئالەمدە ياخشىلار تولا،*
*ياخشىلارغا ناخشىلار تولا.*
*شۇلارغا قوش ئەي خۇدا مىنى،*
*يامانلارغا قىلما مۇپتىلا.*

— مۇھەممەتجان راشىدىن

1

بۈگۈن ئاسمان پاك - پاكىز بولۇپ، ئالىقانچىلىكمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. شۇڭا كۆك ئاسمان ئادەمنىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك چىرايلىق كۆرۈنەتتى. قۇياش يىلىنجاپ تۇرغان تارام - تارام نۇرلىرىنى تۆكمە قىلىپ سىپىپ، زىمىننى بەكلا ئىللىتقانىدى. ئەھەت ئاخۇن تەبىئەتنىڭ ئىنسانلارغا ئاتا

قىلغان بۇ تۇگىمەس ئىلتىپاتىدىن ھۇزۇرلىنىۋېتىپ، كۆزىنى يىراقلارغا تىككىنىچە خىيال دەرياسىغا غەرق بولدى:

«مەن بۇ يىل ئاتمىش ياشقا كىردىم. بۇ، بىر ئادەمنىڭ ئۆمۈر مۇساپىسىنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمىنىڭ تۈگىگەنلىكىنىڭ تەھدىتلىك ئاگاھلاندۇرۇشى!... بۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك، دېگەن قوش (؟؟) سوئال بەلگىسى قورقۇنچلۇق ئېگىز داۋاندەك ماڭا تەھدىت سالماقتا، مېنى سىنىماقتا. راست، يېشىم چوڭىيىپ تېنىم ئاجىزلىدى، قەدىمىم ئاستىلاشتى، چاچلىرىم ئاقاردى، چىشلىرىم سارغايدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنكار قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان پاكىت.

ئۇ خىيال قىلىۋېتىپ، ئۆمۈر مۇساپىسىدىكى ئاتمىش يىللىق جەرياننى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى:

«مېنىڭ بالىلىق چاغلىرىم بولغان، بۇزغۇنلاپ تۇرغان قىرانلىق ۋاقتىم بولغان، بېشىمدىن ناھايىتى كۆپ ئىسسىق - سوغۇقلار ئۆتكەن. قېقىل - سوقۇلمۇ بولغان، دەھشەتلىك بوران - چاپقۇنلارغىمۇ يولۇققان، لېكىن، بۇلار مېنى قورقىتالمىغان. قىسقىسى، بەخت شارابى ئىچكەندە ئېسەنكىرەپ قالمىغان، ئىنسان چىدىغۇسىز دىشۋارچىلىقلارغا يولۇققاندا قىلچە پەرۋا قىلمىغان ھەمدە قورقمىغانىدىم. قىزىق ئىش، ئاتمىش ياشقا كىرگەنلىكىم خىيالىمغا كەلسىلا، بەدىنىم تىكەنلىشىپ نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قېلىۋاتىمىنا! بۇ زادى نېمە گەپ؟ ئادەم قېرىغاندا قورقۇنچاق بولۇپ قالامدۇ - نېمە؟ ياكى قېرىلىق - نەسلىك دېگەن شۇمىدۇ؟ ئەھەت ئاخۇن ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، بىردىنلا كېچە كۆرگەن چۈشى ئېسىگە كېلىپ قالدى. بۇ، تۈن تەڭدىن ئاشقان، پۈتۈن شەھەرنى جىمجىتلىق قاپلىغان، يەر - زېمىن ۋە ئىنسانلار شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن چاغ ئىدى:

«ئەھەت ئاخۇن ئۆرۈكلۈك باغقا كىردى، باغدا مەي بولۇپ پىشىپ كەتكەن ئۆرۈكلەرنىڭ شىرىن - شەربەت ھىدى دىماققا ئۇرۇلۇپ، ئادەمنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلتۈرەتتى. ئەھەت ئاخۇن سىپتا توقۇلغان سېۋەتكە مەي بولۇپ پىشىپ، ناۋات رەڭ تۇسكە كىرگەن ئاق كىشمىش ئۆرۈكلەرنى ئاۋايلاپ قاچىلىماقتا ئىدى. شۇ ئەسنادا، قاياقتىن كەلگەنلىكى نامەلۇم، يىرىم غۇلاچ ئۇزۇنلۇقتىكى بىر يىلان ئۇنىڭ ئالدىدا توساتتىن پەيدا بولدى - دە، زەھەرلىك تىلىنى چىقارغىنىچە ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا باشلىدى. ئەھەت ئاخۇن دەسلەپتە سەل قورقتى، يۈرىكى سىيلىپ تېنى شۈركىنىپ كەتتى. شۇ دەقىقە ئىچىدە، قورقۇشنىڭ ئۆزىگە خاس خىسلەت ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىۋىدى، قولىدا ئادەم مۇشتىمىدەك بىر تاش پەيدا بولدى. بۇ تاش يىلاننىڭ بېشىغا تېگىشى بىلەن يىلان بىر - ئىككى تولغىنىپ مىدىراشتىن توختىدى...»

ئەھەت ئاخۇن ئويغىنىپ كەتتى، ئۇ قارا تەرگە چۈمۈلگەنىدى. ئەھەت ئاخۇننىڭ خىيال ئەسلىمىسى يەنە داۋاملاشتى.

«كونىلاردا ‹يىلان دۈشمەننىڭ سۆزى، دەيدىغان گەپ بار. چۈشۈمگە ئايان بولغان دۈشمەن - باشقا بىرى ئەمەس، بەلكى مەندىكى ياش چوڭايغاندا ھېچ ئىشنى قىلغىلى بولمايدۇ، تەقدىرگە تەن بېرىش كېرەك، دەپ ئۈمىدسىزلىنىش ئىكەنلىكىنى بىلدىم. خەلق ئارىسىدا ‹پىچاقنى ئىشلەتمىسەڭ دات باسىدۇ› دەيدىغان تەمسىل بار، ئادەممۇ پىچاققا ئوخشايدۇ. ئۆزۈمنى تاشلىۋەتسەم، جەمئىيەتمۇ مېنى تاشلىۋېتىدۇ ۋە تەقدىرمۇ مېنى تاشلىۋېتىدۇ. نەتىجىدە مەن، بۇ تۇتىيا ئانا زېمىننىڭ سەكسىنىشلىك يۈكىگە ئايلىنىپ قېلىشتىن ساقلىنالمايمەن. قىسقىسى، مەن ھايات تۇرۇپ كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلغانلار قاتارىغا كىرىپ قېلىشنى ھەرگىز

خالىمايمەن! شۇڭا جەمئىيەتكە پايدىلىق بىرەر ئىشنى قىلىشىم كېرەك، ئۇنداقتا مەن زادى نېمە ئىش قىلىشىم كېرەك؟»

ئەھەت ئاخۇن تەكرار ئويلىدى، ئويلىغانسېرى خىياللىرى چىگىشلىشىپ، دەماللىققا بىر قارارغا كېلەلمىدى.

«مەن خەلق ئۈچۈن قىرىق نەچچە يىل ئىشلىدىم، ئەمدى تەشكىل مېنى ئارام ئېلىشقا رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن، ئارام ئالسام ھېچكىمنىڭ پىكرى چىقمايدىغانلىقى ئېنىق. شۇنداق قىلايمۇ - يا؟ ياق! ياق!... چۈنكى ھېچكىمنىڭ پىكرى چىقمىغان بىلەن ۋىجدانىم بۇنىڭغا يول قويمايدۇ. ۋىجدانىمنىڭ پىكرى چىقىدۇ. ھازىر سالامەتلىكىممۇ ھەر ھالدا يامان ئەمەس، بۇ مەن ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت. مەن بۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىشىم كېرەك. پېنسىيەگە چىقىشىم، تەشكىل ۋە جەمئىيەتنىڭ ماڭا قىلغان غەمخورلۇقىدىن ئىبارەتتۇر. بۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىمەن. ئەمما رەھمەتنى ئېغىزدا ئەمەس، بەلكى خەلق ئۈچۈن ئىش قىلىپ بېرىش ئارقىلىق بىلدۈرۈشىم لازىم.» ئەھەت ئاخۇن ئويلاپ بۇ يەرگە كەلگەندە روھى خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى.

ئۇنداقتا ئۇ قىلماقچى بولغان ئىش زادى قايسى؟ يېزىلارغا بېرىپ، دېھقانلارغا تېخنىكا جەھەتتىن ياردەم بېرەي دېسە، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتە ساۋاتى يوق. چۈنكى ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتىلا ئوقۇغان بولۇپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ياكى بىرەر تېخنىكوم مەكتىپىگە بېرىپ ئوقۇش پۇرسىتىگىمۇ ئېرىشەلمىگەنىدى. شۇڭا، ئۇ بۇنىڭدىن بەكمۇ ئەپسۇسلىناتتى. ئەھەت ئاخۇن ئۆكۈنۈش ئىچىدە خىيال سۈرۈۋېتىپ، كەينى - كەينىدىن بىرنەچچە تال تاماكىنى ئارتۇق چېكىۋەتتى. ئاچچىق تاماكا ئۇنى سەگەكلەشتۈردىمۇ ياكى قىرىق نەچچە يىلدىن بۇيان، پۇرسەت بولسىلا كىتاب، گېزىت - ژۇرنال

ئوقۇيدىغان «ياخشى ئادىتى» قىرىغاندا ئۇنىڭ دىل چىرىغىنى يورۇتۇش رولىنى ئوينىدىمۇ ئۇنىسى نامەلۇم، ئىشقىلىپ قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن يورۇقلۇقنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇ بۇرۇن ئوقۇغان كىتابلاردىن بەزىلىرىنى ئەسلەپ قالدى. ئۇ ئوقۇغان كىتابلار ئىچىدە ئەدەبىي ئەسەرلەر كۆپ ئىدى. مەسىلەن، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «قىزىل قىيا»، «قىزىل تاغ ئېتىكىدە» قاتارلىق بىر بۆلۈم رومان، پوۋېست، ھېكايە، ئەدەبىي ئاخبارات، شېئىر، رۇبائىي قاتارلىق نادىر ئەسەرلەرنى ئوقۇغان ھەم ئەسەرلەرنىڭ ئۆزى مۇھىم دەپ قارىغان جايلىرىدىن پارچىلارنى خاتىرە قالدۇرۇپ، ئۇنى «گۈل - چېچەك جەۋھەرلىرى» سۈپىتىدە ھازىرغىچە ساقلاپ كەلگەنىدى.

ئۇ، بۇرۇن ئوقۇغان كىتابلار ئۆزىنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرۇشتا «بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى» لىك رولىنى جارى قىلدۇرغانلىقىنى ئويلىغىنىدا، دىلى يورۇپ قەلبى ئىللىغاندەك بولدى. مانا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچى، شائىرلىرىدىن مەرھۇم زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى، تېيىپجان ئېلىيوف، ئابدۇكېرىم خوجا، قاھار جېلىل قاتارلىق كىشىلەرنىڭ بىر ئۆمۈر تەرىنى سىڭدۇرۇپ تىكلىگەن ئۆچمەس ئابىدىلىرى نۇر چېچىپ تۇرماقتا. ھايات كىشىلەرگە ئىلھام ۋە كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلماقتا.

تۆمۈر داۋامەت، ئىمىن تۇرسۇن قاتارلىق پېشقەدەملەر ئۆزلىرى ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما قەلەمنى تاشلاپ قويماي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئەۋلادلار ئۈچۈن ئىز قالدۇرۇۋاتىدۇ، ئۈلگە تىكلەۋاتىدۇ.

جاپاكەش تەھرىرلەرمۇ «نامسىز قەھرىمان» لىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، بىر ئۆمۈر يۇرەك قېنىنى سەرپ قىلىۋاتىدۇ. قىسقىسى، يازغۇچى، شائىر، تەھرىرلەر خەلق ئۈچۈن ئاجايىپ

زور تــۆھپىلەرنى قوشــتى. ئەبەدىــي توزىمــاس گــۈللەرنى يېتىــشتۇردى، ئۆســتۇردى، نــۇر چاقنــاپ تۇرىــدىغان ئابىــدىلەرنى تىكلىــدى ۋە تىكلىمەكــتە. . . مەنچــۇ؟ مەن قېرىــدىم دەپ، يۇمــشاق كۆرپىنىــڭ ئۇســتىدە يېتىــشىم كېرەكمــۇ؟ بىلمەيــمەن، دەپ بىكــار نــان يەپ يۇرۇشــىم كېرەكمــۇ؟ يــاق! بىلمىــسەم ئۆگىنىشىم كېرەك، يەنە بىلمىــسەم يەنە ئۆگىنىــشىم كېــرەك. ئــۆگىنىش ئالغــا ئىلگىرىلەشىنىڭ «توختىمــاس موتــور» لــۇق رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا ئۆگىنىشكە مۇتلەق سەل قارىماسلىقىم كېــرەك. شــۇندىلا خەلــق ئۈچــۈن داۋاملىــق تــۆھپە قوشــۇش مەقسىتىگە يېتەلەيمەن ھەم تۆھپە قوشالايمەن.

بىراق، قانداق قىلغاندا كۆپرەك تۆھپە قوشقىلى بولار؟

ئەھەت ئاخۇن ئۇنىڭ جاۋابىنى يەنىلا بۇنىڭدىن بــۇرۇن ئــۆزى ئوقۇغــان كىتــابلاردىن ئالغــان بىلىمنىــڭ كــۈچ - قۇدرىتىــدىن تاپماقچى بولدى ۋە ئاخىر تاپتى. . .

ئۇ «باشــقىلار قىلالىغــان ئىــشنى مەنمۇ قىلىــشىم، بەلكى باشقىلار قىلالمىغان ئىــشنىمۇ قىلىــشىم، تېخىمــۇ ياخــشىراق قىلىشقا تىرىشىشىم لازىم. خەلــق ئىچىــدە ‹تىرىــشقان ئــۈزار›، ‹قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغــان ئــادەمگە› دەيــدىغان تەمسىــل بار. قانداقلا بولمىسۇن بىرەر پارچە ھېكايە يازاي. ئۇنى ھېكايە دېگىلى بولماي قالسا ئەسلىمە يــاكى تــارىخىي خــاتىرە بولــۇپ قــالار. قىسقىــسى، ئىنــساندا ئىــرادە ۋە جــۈرئەت بولــۇش كېرەك» دەپ ئويلىدى ئاخىرقى قارارغا كېلىپ.

ئــۇ، ئەســەرنى ئوبــدان يازالمــاي باشــقىلارنىڭ كۈلكىــسىگە قالارمەنمۇ دېگەن ئەندىشىلەردىمۇ بولــدى. ئەڭ ئــاخىرقى قــارارى ھەممىنى بېسىپ چۈشتى. ھېكايە يازمــاقچى بولــدى. ئۇنىڭــدا تۇرمۇشــنى كۆزىتىــشتىن ئالغــان خېلــى كــۆپ خــام ماتېرىيــال بولــسىمۇ، لــېكىن ھېكايىنىــڭ ماۋزۇســىنى تــاللاش ئۇنىڭغــا ئاسانغا توختىمىدى. ئۇ بۇ ھەقتە تەكرار ئويلاندى. ئۇنــداق دەپ باقتى، مۇنداق دەپ باقتى، نەچچە ۋاراق قەغەزنى بوياپ بولــدى، يەنىلا لايىقــراق مــاۋزۇ تاپالمىــدى. شــۇ كۈنلەرنىــڭ بىرىــدە، ئــۇ

كۇتۇپخانىدا كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتى، كۇتۇپخانىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئۈچ - تۆت مويسىپىت بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ، ئەدەبىي كىتابلار ۋە يازغۇچى، شائىرلار ھەققىدە سۆزلىشىپ ئۇلارغا ئۆزلىرىچە باھا بېرىشىپ ئولتۇرۇشقانىدى. ئۇلار ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ گېپىنى قىرىلىق ئۇستىگە يۆتكەپ، ئاخىر تالاش - تارتىشقا چۈشۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى چاچ - ساقاللىرى ئۈچەك ئاقارغان، يېشى يەتمىشلەردىن ئاشقان كېرىم ئاخۇن ئىسىملىك بىر بوۋاي گەپنى تارتىۋالدى:

— ھەي، بۇرادەرلەر، بايىتىن خېلى كۆپ پاراڭلارنى قىلىشتۇق. مېنىڭچە، قىرىدۇق دەپ بۇ دۇنيادىن ئۆمىد ئۈزمەڭلار. مەن سىلەرگە بىر جۈملە سۆزنى سوۋغا قىلاي، مۇۋاپىق دېسەڭلار قوبۇل قىلارسىلەر. مۇۋاپىق بولمىسا جايىدا قالسىمۇ بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرغانلار كېرىم ئاخۇن بىزگە قايسى سۆزنى سوۋغا قىلىدىغاندۇ، دەپ ھەيران قېلىشتىمۇ قانداق؟ ھەممىسى بىردىنلا دىققىتىنى كېرىم بوۋايغا مەركەزلەشتۇردى.

— مېنىڭ سوۋغا قىلىدىغىنىم مۇنۇ بىر جۈملە سۆز، ئۇ بولسىمۇ «قېرىلىق قورقۇنچلۇق ئەمەس، قورقۇنچلۇقى ئۈمىدسىزلىك»، — دېدى ئۇ قىسقا، ئەمما مەزمۇنلۇق قىلىپ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئەھەت ئاخۇن يېڭى سېتىۋالغان خاتىرە دەپتىرىنى قولىغا ئالدى - دە، بۇ بىر جۈملە سۆزنى خاتىرە دەپتىرىنىڭ باش بېتىگە ئېنىق قىلىپ يېزىۋالدى.

2

بۇنىڭدىن ئاتمىش يىل بۇرۇنقى بىر باھار پەسلى ئىدى، باغلاردىكى ئۆرۈك چېچەكلىرىنىڭ شېرىن ھىدى دىماققا ئۇرۇلۇپ، كىشى قەلبىدە تاتلىق سېزىم پەيدا قىلاتتى. ناھىيە بازىرىدىن يىگىرمە نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى داۋزىيار

مەھەللىسىنىڭ ئەڭ چېتىگە جايلاشقان ئاددىي بىر ئۆيدە قازانىدىكى سۇ پۇرۇقشۇپ قاينىماقتا. ساقاللىرى پاكىز قىردۇرۇلغان، ئاددىي، ئەمما رەتلىك كىيىنگەن، ئوتتۇرا بوي، ئەمدىلا 30 ياشلارغا كىرگەن ئىمىن ئاخۇن بىردەم كاڭدا نالە قىلىۋاتقان ئايالى نۇرنىساخانغا قاراپ ئىچى سىيرىلسا، بىردەم ئوچاقتا گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئۇستىگە ئۇستى - ئۇستىلەپ ئوتۇن سالماقتا ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ خىيالىدا قازان قانچە بەك قاينىسا ئايالىنىڭ تولغىقى كەينى - كەينىدىن تۇتۇپ، تۇغۇتى تېزلىشىپ ئازابى يەڭگىللەيتتى، ئۆزىمۇ ئازابتىن قۇتۇلغاندەك بولاتتى.

— ۋايجان!...ئاھ خۇدا قانداق قىلارمەن؟

نۇرنىساخاننىڭ نالىسى ئىمىن ئاخۇننىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالاتتى ۋە ئەنسىرىتەتتى. قىسقىسى، ئىمىن ئاخۇن ئايالىنىڭ نالىسىغا چىدىماي قالدى. ئىمىن ئاخۇن «ئايال بولماق نېمىدېگەن قىيىن؟!» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ۋە كېلىننى تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، ئېغىر پايپېتەك بولۇپ قارا تەرگە چۆمۈلگەن ئانىسى چولپانخانغا «ئاپا مەن سىزگە ياردەملىشەي» دېگىنىچە ئانىسى چولپانخاننىڭ ئورنىغا ئۆتۈپ، نۇرنىساخاننىڭ ئىككى قولتىقىدىن تۇتۇپ يەم بىلەن ئاستا - ئاستا كۆتۈردى...

نۇرنىساخان ئاچچىق تولغاق تۈپەيلىدىن ئېچىنىشلىق نالە قىلماقتا، چىشىنى - چىشىغا چىڭ باسماقتا. ۋاقىت ئۆزارغانسېرى نۇرنىساخاننىڭ پۇت - قولى بوشاشماقتا، بۇنى كۆرگەن ئىمىن ئاخۇننىڭ ئىچى سىيرىلىپ، يۈرىكىنىڭ ھەرىكىتى تېزلەشمەكتە. ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئىمىن ئاخۇنمۇ قارا تەرگە چۆمۈلدى. ئۇ، ئايالىغا «تۇغۇت ئانىسى» بولۇۋېتىپ ئايال زاتىنىڭ تۇغۇتتىكى ئازابىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ئايالىغا بولغان ھۆرمىتى تېخىمۇ

ئاشتى. ئۇ، ئايالىنىڭ پېشانىسىدىن ئېقىۋاتقان مونچاق - مونچاق تەرنى چۇچۇلۇق بەلبېغىنىڭ ئۇچى بىلەن يېنىك سۈرتتى، كۆز ياشلىرىنى ئېيتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن نۇرنىساخاننىڭ تۇغۇت ئۈستىدە تارتقان ئىنسان چىدىغۇسىز جاپالىرىغا قاراپ ئىچى ئاغرىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ تۇنجى پەرزەنت كۆرۈپ ئاتا بولىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا چىرايىدا خۇشاللىق تەبەسسۇمى جىلۋە قىلىپ، ئۆزىنى يەڭگىل ھېس قىلدى.

— ۋايەي!...ۋايجان قانداق قىلارمەن؟ مەن ئۆلۈپ قالىدىغان ئوخشايمەن؟

نۇرنىساخان يىغلاپ تۇرۇپ دېگەن بۇ سۆزلىرى، ئىمىن ئاخۇننى يەنە ئەنسىزلىك ئىچىگە سۆرەپ كىردى.

— نۇرنىساخان مېنى قورقىتىپ ئۇنداق دېمەڭ، خۇدايىم تۇغۇتىڭىزنى ئاسان قىلا، — دېيەلىدى ئىمىن ئاخۇن ئايالىغا تەسەللى بېرىپ. لېكىن، نۇرنىساخاننىڭ تۇغۇتى قىيىن كېلىپ، ھايات - ماماتلىق ئېلىشىۋاتقىنىغا بىر كېچە - كۈندۈز بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىمىن ئاخۇننىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئېچىنىشلىق بىر ۋەقە تۇپەيلىدىن بەكلا قورقىدىغان يېرى بار ئىدى. چۈنكى، ئۇ ۋاقىتلاردا بۇنداق يىراق سەھرادا دوختۇردىن، بولۇپمۇ تۇغۇت دوختۇرلىرىدىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن بەزى ياش ۋە ئوتتۇرا ياش ئانىلار تۇغۇتىدا ئۆلۈپ كېتەتتى. ئۆلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى زار - زار يىغلاپ نالە - پەرياد قىلىشاتتى، يەنە بەزى نارەسىدە بالىلار ئانىسىز يېتىملارغا ئايلىناتتى. ئالدىنقى يىلى، ئەنە شۇ قاتاردا ئۇنىڭ سىڭلىسى رابىيەممۇ تۇنجى تۇغۇتىدا سالامەت يەڭگىيەلمەي ئۆلۈپ كەتكەنىدى. بۇ ئىشلار ئېسىدىن كېچىشى بىلەن ئىمىن ئاخۇننىڭ يۈرىكى قالايمىقان سېلىشقا باشلىدى.

شۇ دەقىقىدە ئايالى بىلەن مۇڭداشقاندا دېيىلگەن مۇنداق بىر گەپ ئېسىگە كېلىپ قالدى. نۇرنىساخان:

— مەن تۇنجى تۇغۇتۇمدا ئوغۇل تۇغسام بولاتتى، — دېگەندە، ئىمىن ئاخۇن:

— نۇرنىساخان، سىز بىلىسىز، مېنىڭ يالغۇز سىڭلىم رابىيەم ئۆلۈپ كېتىپ، بۇ ئۆيدە قىز بالا يوق بولۇپ قالدى. شۇڭا تۇنجى تۇغۇتىڭىزدا بىر قىز تۇغۇپ بېرىڭ، رابىيەمنىڭ ئورنىنى بېسىپ قالسۇن، — دېگەنىدى. ئۇلار بۇ ئىشنى تەكرار تالاش - تارتىش قىلىشقان بولسىمۇ ھەر ئىككىلىسى ئۆز گەپلىرىدە چىڭ تۇرغانىدى.

ئىمىن ئاخۇن بۇ گەپلەرنى ئەسلىگىنىچە:

— ئايالالار بۇنداق دەھشەتلىك جاپا - مۇشەققەت تارتىدىغان ئىشنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسام، قىز تۇغۇپ بېرىڭ، دەپ تەتۈرلۈك قىلماسكەنمەن. ئۇلۇغ خۇدايىم ئائىلىمىزنىڭ بولۇپمۇ نۇرنىساخاننىڭ بەختى ئۈچۈن بىزگە بىر ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلغايسەن، نۇرنىساخانمۇ خۇش بولىدۇ، مەنمۇ بەك خۇشال بولۇپ كېتەتتىم!...، — دەپ پىچىرلىدى.

«ئىڭە!...ئىڭە!» ئۆي ئىچىنى يورۇق دۇنياغا يېڭى كۆز ئاچقان نارەسىدە بالىنىڭ يىغىسى — ياق يىغا ئەمەس، لەرزان كۈلكە ساداسى قاپلىدى.

— خۇدايىم بىزگە ئوغۇل ئاتا قىپتۇ، — دېدى چولپانخان ئانىلارغا خاس ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن نەۋرىسىنى قولىغا ئېلىپ ئۆيدىكىلەرگە كۆرسەتكىنىچە. ئۆي ئىچىدە شادلىق كۈلكىسى كۆتۈرۈلدى. نۇرنىساخان بۇ يېڭى جان ئىگىسىنى قولىغا ئېلىپ:

— ئوبدان ئوغلۇم، خۇدايىم بەختىڭىزنى زىيادە قىلسۇن! — دېدى ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈۋېتىپ.

ئىككىنچى كۈنى، مەسچىتنىڭ ئىمامى بالىغا ئەھەت دەپ ئىسىم قويدى.

## 3

بۈگۈن ئاسماندا ئاندا ـ ساندا بۇلۇت ئەگىپ يۈرەتتى، بىراق ئۇ بۇلۇتلار ئۆيىنىڭ تۈڭلۈكىدىن كىرگەن قۇياش نۇرىنى قىلچىمۇ توسۇيالمىغانىدى. شۇڭا ئۆي بەكلا يورۇق ئىدى. تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئەھەت تولىمۇ ئوماق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ قاپقارا قاشلىرى، چوڭ ـ چوڭ كۆزلىرى، ئۇزۇن كىرپىكلىرى يۇمىلاق يۈزىگە بەكمۇ ياراشقانىدى. ئۇ تۇغۇلغان كۈندىن ئېتىبارەن، بۇ ئائىلە غەيۋەت ـ شىكايەتتىن خالىي ئائىلىگە ئايلانغانىدى. قىسقىسى، ئەھەت بۇ ئائىلىنىڭ «ئۆي چىرىغى» بولۇپ قالغانىدى. بۇ ئائىلىدىكى قېرى ـ ياشنىڭ ھەممىسى بۇ «ئۆي چىرىغى» نىڭ مەڭگۇ يورۇپ تۇرۇشىنى ئارزۇ قىلىشاتتى. ئۇلار ئېتىزدىن يېنىپ كېلىشى بىلەنلا ئەھەتنى بېقىش، ئوينىتىش، چوكىلدىتىپ سۆيۈش بىلەن بەند بولاتتى. بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ئەھەدكە گەپ قىلىشنى ئۆگىتىش تۈپەيلىدىنمۇ ياكى تۇغما قابىلىيىتى بارمۇ، بۇنىسى نامەلۇم، ئۇنىڭ تىلى شۇ ياشتىكى ھەر قانداق بالىنىڭكىدىن بۇرۇن چىقتى. ئۇ، ناھايىتى كىچىك تۇرۇپلا تۇرمۇشتىكى سۆزلەرنى خېلى ئوبدان قىلالايدىغان بولدى. ئۇنىڭ چۈچۈك تىلى، تاتلىق گەپلىرى بۇ ئائىلىدىكىلەرنى كۈنسېرى خۇش قىلىپ، كۆڭلىنى سۆيۈندۈرمەكتە ئىدى.

«ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق» دېگەندەك، ئەھەتنىڭ مۇنداق بىر ئىشى بۇ ئائىلىدىكىلەرنى چوڭقۇر ئويلاندۇراتتى. ئۇلار بۇ ئىشنى بىر ـ بىرىگە دېيىشكە پېتىنالمايتتى، ئوڭايسىزلىناتتى. ئەمما بۇ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولۇپ قالغاندۇ دېگەن تەگسىز خىياللار ئۇلارنى قىينايتتى، كۆڭلىنى پەرىشان قىلاتتى، ئەندىشىگە سالاتتى. بۇ جەھەتتە ھەممىدىن بەك ئەنسىرەيدىغىنى، ئەھەتنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئېقىپ، بۇ

يۈرەك پارىسى ئۆچۈن بارلىقىنى ئاتىغان نۇرنىساخان ئىدى. لېكىن نۇرنىساخان كۆڭلىدىكىنى ھېچكىمگە، ھەتتا يولدىشى ئىمىن ئاخۇنغىمۇ دېيەلمەي كەلگەنىدى. بىراق، ئوغلى ئەھەتنىڭ تىنچ ئامان چوڭ بولۇۋاتقانلىقىنى، تاتلىق گەپلىرى، چىرايلىق قىلىقلىرىنىڭ كۆڭۈلسىز كۆپىيىۋاتقانلىقىنى ئويلىغىنىدا كۆڭلى سەل خاتىرجەم بولاتتى.

نېمە ئۈچۈندۇر بۈگۈن نۇرنىساخاننىڭ كەيپىياتى باشقىچە بولۇپ، چىرايىدا خۇشاللىقتىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق ئىدى. ئۇ غەمسىز ئۇخلاۋاتقان ئوغلى ئەھەتكە پات ـ پاتلا قارايتتى. مەڭزىگە سۆيەتتى، بىرەر تال چېچىنىڭمۇ ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىگە قونۇشىغا يول قويمايتتى. مانا، بىر چىۋىن ئوغلى ئەھەتنىڭ يۈزىگە قونۇۋىدى، ئۇ چىۋىننى قوغلاپ يۈرۈپ ئۆلتۈردى ـ دە، كۆڭلى ئەمىن تاپتى. ئۇ، ئۆينىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە ئىزدەپ يۈرۈپ چىۋىنلەرنى ئۆلتۈردى، نەتىجىدە ئۆيدە چىۋىنمۇ كۆرۈنمىدى. شۇندىلا نۇرنىساخان خاتىرجەم بولدى. ئاندىن ئەھەتنى ئاق قۇ پېيى يەلپۈگۈچ بىلەن يېنىك يەلپۈپ، ئۇنىڭ تەرلەپ ئۇخلىيالماي قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. ئەھەت تاتلىق ئۇخلىماقتا ئىدى. شۇنداقتىمۇ نۇرنىساخان يەنىلا پەرىشان كۆرۈنەتتى. شۇ ئەسنادا، ئورمىلىقتىن قايتىپ كەلگەن ئىمىن ئاخۇننىڭ ئورغاقنى تاشلاپ قويۇپلا قىلغان تۇنجى ئىشى، ئوغلى ئەھەتنى سۆيۈش بولدى. نۇرنىساخان ئۇنىڭ ئالدىغا داستىخان سالدى، لېكىن نۇرنىساخاننىڭ خىيالى ئوغلىدىلا ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئۇ چەينەكتىن پىيالىغا چاي قۇيۇۋېتىپ پىيالىدىكى چاينىڭ تېشىپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالدى. بۇنى كۆرگەن ئىمىن ئاخۇن:

ـ نۇرنىساخان نېمە ئىش بۇ؟ پىيالىدىكى چاي تېشىپ

كەتسىمۇ چاي قۇيۇۋەردىڭىزغۇ؟ ــ دېگەندىلا نۇرنىساخان ئېسىگە كەلدى ـ دە:

ــ ۋاي خۇدايىمەي، دىققەت قىلماپتىمەن ئەمەسمۇ؟ ــ دېدى خورسىنىپ.

ئىمىن ئاخۇن دېھقان بولغان بىلەن ناھايىتى سەزگۈر ئىدى.

ئۇ نۇرنىساخاننىڭ كۆڭلىدە قانداقتۇر بىرەر يوشۇرۇن ئەندىشە ۋە كۆڭۈلسىزلىكنىڭ بارلىقىنى سەزدى ـ دە، سورىدى:

ــ نۇرنىساخان دەپ بېقىڭە، سىزگە نېمە بولدى؟ بۈگۈن باشقىچە بولۇپ قاپسىزغۇ، قانداقلا ئىش بولسا يوشۇرماي ماڭا دەۋېرىڭ!

ــ ھېچ ئىش يوق، ــ دېدى نۇرنىساخان ئىمىن ئاخۇننىمۇ ئەندىشىگە سېلىپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىپ.

ــ مەن، ئۆزۈڭدىن بۇيان سىزنىڭ روھىي كەيپىياتىڭىزنىڭ باشقىچىلا بولۇپ قالغانلىقىنى سېزىپ يۈرگەنىدىم، لېكىن ئەتە ـ ئۆگۈن ئۆڭشىلىپ قالار دېگەن ئۈمىد بىلەن گەپ ـ سۆز قىلمىغانىدىم. بۈگۈن روھىي كەيپىياتىڭىز بەكلا سۇلغۇن كۆرۈندۇ، شۇڭا سىزنى بىئارام قىلغان ھەر قانداق ئىش بولسا ماڭا دەڭ، مېنىڭ ئۇ ئىشلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلالىشىمغا چوقۇم ئىشىنىڭ، ــ دېدى ئىمىن ئاخۇن نۇرنىساخانغا چۈشەندۈرۈپ.

بۇ سۆزلەر نۇرنىساخاننى تەسىرلەندۈردى، ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ بۈگۈن ئەھەت قارىنى قوشنىمىز زورىخاننىڭ ئۆيىگە ئاچىققانىدىم. زورىخاننىڭ ئوغلى ھىمىت، ئەھەت قارىدىن ئىككى ئايلىق كىچىك تۇرۇپمۇ پات ـ پاتلا كۈلۈپ خۇشال ئويناۋاتىدۇ، لېكىن ئوغلىمىز ئەھەت قارى ئۆيدىكىدەكلا بىرەر قېتىممۇ كۈلۈپ باقمىدى. زورىخانمۇ ئەھەت قارىنى

كۆلدۈرۈشىنىڭ خېلى كۆپ ئامالىنى قىلىپ باقتى. ئەھەت قارى زادىلا كۆلمىدى. ئەھەت قارى بۇ يىل بىر ياشقا تولدى، بىراق بۇ بالا تۇغۇلۇپ ھازىرغىچە بىر قېتىممۇ ئېچىلىپ - يېيىلىپ كۈلۈپ باقمىدى. ئۆمرۈمدە ئۇنىڭ بىر قېتىم بولسىمۇ كۈلگىنىنى كۆرسەم قانچىلىك خۇشال بولۇپ كېتەر ئىدىم، دۇنياغا مۇشۇنداقمۇ كۈلمەيدىغان ئادەم تۇغۇلغانمىدۇ؟

— ھەي خوتۇن، ئەنسىرىگەن ئىشىڭىز شۇمىدى؟ — دېدى ئىمىن ئاخۇن نۇرنىساخاننىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى تۈگىگىچە سوئال قويۇپ.

— شۇ ئىدى، نۇرنىساخان گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئەھەت قارى تۇغۇلغاندىن ھازىرغىچە سىلە يوق ۋاقىتلاردا ئۇنى كۈلدۈرۈشنىڭ كويىدا قىلمىغان ئامالىم قالمىدى، ئۇنىڭ چىرايىدا ئازغىنە تەبەسسۇم ئەكس ئەتكەندىن باشقا بىرەر قېتىممۇ كۈلۈپ باقمىدى، بەزىدە ئۇ چوڭ بولسا ساراڭ ئادەم بولۇپ قالامدۇ نېمە دەپ ئەنسىرىدىم. لېكىن، گەپ - سۆزلىرىنىڭ پىششىقلىقىغا قاراپ، كۆڭلۈم سەل خاتىرجەم بولۇپمۇ قالىدۇ، شۇنداقتىمۇ بۇگۇنكى ئىش مېنى بەكمۇ بىئارام قىلدى. ئۆيگە كىرىپ يىغلىدىم، شۇڭا قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالدىم.

— ھەي خوتۇن، بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولسىڭىز بولىدۇ، مەنمۇ ئوغلىمىزنىڭ كۈلۈش - كۈلمەسلىكى ئۈستىدە كۆپ ئويلاندىم. بەزىدە قىلىۋاتقان ئىشىمدىن ئېزىپ كەتكەن كۈنلەرمۇ بولدى. شۇڭا ئوغلىمىزنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىگە ئۆزۈندىن بۇيان دىققەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن. ئۇنىڭ سۆز - ھەرىكىتىدە ئادەمنى ئەندىشىگە سالىدىغان بىرەر نورمالسىز ئەھۋال يوق بولغاچقا كۆڭلۈم توق تۇرۇۋاتىدۇ. سىز بۇ توغرۇلۇق ئارتۇقچە باش قاتۇرماڭ، ئورۇنسىز ئەنسىرىمەڭ، — دېدى ئىمىن ئاخۇن نۇرنىساخانغا تەسەللى بېرىپ.

— خۇدايىم بالىمىزنىڭ بېشىنى سىلاپ، ساق-سالامەتلىكىنى بەرسە بەك ئوبدان بولاتتى. شۇنداقتىمۇ مەن يەنىلا ئۇ نېمە ئۈچۈن كۈلمەيدىغاندۇ؟ دەپ خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن، — دېدى نۇرنىساخان كۆڭلىدىكى ئەندىشىسىنى يوشۇرماي.

— مېنىڭچە ئوغلىمىزنىڭ تۇغۇلۇپ ھازىرغىچە بىرەر قېتىممۇ كۈلمەسلىكى ئىرسىيەتنىڭ تەسىرىدىن بولغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى ئىمىن ئاخۇن.

— ئىرسىيەت دېگەنلىرى نېمە ئۇ؟ - دېدى نۇرنىساخان چۈشەنمەي.

— مەنمۇ بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى تولۇق دەپ بېرەلمەيمەن. لېكىن، ئىرسىيەت — تۇغۇلغان بالا ئاتا - ئانىنىڭ بىرەر ئالاھىدىلىكى ياكى ئاجىزلىقىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن ھالدا تۇغۇلىدۇ دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ، دېگەندەك گەپنى ئاڭلىغانىدىم. سىز بىلىسىز، مەنمۇ ھەر قانچە چوڭ خۇشاللىق ئىش بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈندۇر، بەك كۈلگۈم كەلمەيدۇ. تېخى قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك تولا كۈلىدىغان ئادەمنى كۆرسەم ئۇلارنى «ساراڭمىدۇ» دېگۈم كېلىدۇ. تېخى كۈلكەمنىڭ ئازلىقىغا قاراپ بەزىدە ئۆزۈممۇ ھەيران قالىدىغان چاغلىرىممۇ بولغانىدى، شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئايرىم كىشىلەر مېنى «توپاقنى چىمدىپ ئۆلتۈرىدىغان بەز»، «مەستخۇش» دېسە، يەنە بەزى كىشىلەر «ئىمىن تۇڭ، كۈلۈشنى بىلمەيدىغان ساراڭ» دېگەندەك تىكەنلىك چاقچاق گەپلەر بىلەن مېنى چېقىشاتتى. ئاتام رەھمەتلىك بۇ كىشىلەرنىڭ ماڭا قويغان لەقەملىرى قۇلىقىغا كىرىپ قالسا غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ: «مېنىڭ بالام ھەممىڭدىن ساق ئادەم بولىدۇ» دېگەن چاغلىرى بولغانىكەن. ئىشقىلىپ مەنمۇ كىشىلەر دېگەندەك ساراڭ چىقىپ قالمىدىمغۇ، — دېدى ئىمىن ئاخۇن چۈشەندۈرۈپ.

— سىز بۇ گەپنى دېگەندىن كېيىن كۆڭلۈم خېلى تىندى. سىز بىلىسىز، مېنىڭمۇ ئانچىكى ئىشلارغا كۆلگۈم كەلمەيدۇ ۋە بەزىدە زورمۇزور كۈلۈپ قويىدىغان ۋاقىتلىرىممۇ بار، — دېدى نۇرنىساخان ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئىزاھلاپ.

— ئۇرۇق بىلەن يەر شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭەن مايسا تېخىمۇ شالغۇتلىشىپ مۇشۇنداق چېچەكسىز ئۆسۈملۈككە ئوخشاپ قالغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئىمىن ئاخۇن ئۆمرىدە ئەڭ قىزىقارلىق چاقچاقتىن بىرنى قىلىپ.

— چىرايلىق ئاغزىڭىزدىن بۇنداق سەت گەپنىڭ چىقىدىغانلىقىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتىكەنمەن، — دېدى نۇرنىساخان كۈلگىنىچە ئىمىن ئاخۇننى ئەيىبلەپ. بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ كۈلكىسى ھويلىنى بىر ئالغانىدى...

ئەھەت ساغلام چوڭ بولدى. ئازادلىقتىن كېيىن باشلانغۇچ مەكتەپتە تۆت يىل ئوقۇپ مەكتەپنى ئەلا دەرىجىدە پۈتكۈزدى. ئۇ ۋاقىتلاردا باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەر شۇ مەھەللىگە نىسبەتەن بارماق بىلەن سانىغۇچىلىكلا ئاز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەھەت ناھايىتى تىرىشچان ھەم بەكمۇ كەمتەر ئىدى. شۇڭا تەشكىل ۋە ئاممىا ئۇنىڭغا ئىشىنىپ كەنت كادىرى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي گوڭشى كادىرى، كېيىنكى كۈنلەردە ناھىيەدە بىر ئىدارىنىڭ باشلىقىمۇ بولدى. لېكىن قىرىق نەچچە يىللىق خىزمەت ۋە تۇرمۇش جەريانىدا ئۇنىڭ بىرەر قېتىم ئېچىلىپ - يېيىلىپ كۈلگەنلىكىنى ھېچكىمنىڭ كۆرگىنى يوق. ئۇنىڭ كۈلكىسى چىرايىدا جىلۋە پەيدا بولۇش بىلەن ئاخىرلىشاتتى. قاقاقلاپ كۈلگىنىنى ئۆزىمۇ ئەسلىيەلمەيدۇ. ئۇ كىشىلىك تۇرمۇشتا كۆپ ئىشلارغا يولۇقتى. بولۇپمۇ خىزمەت ئىشلىگەن ۋاقىتلاردا تېخىمۇ شۇنداق. بەزىلەر ئۇنى ئۆزىنى چىڭ تۇتىدۇ دەپ ئەيىبلىسە، يەنە بەزىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇ كۈلۈشنى بىلمەيدىغان ساراڭ، توڭ

قاپاق دەپ ئەيىبلىگەن چاغلىرىمۇ بولدى.

«ئەھەت ئاخۇن باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدۇ، كىشىلەرگە قىزغىن مۇئامىلە قىلمايدۇ» دېگەندەك بەتنام ۋە ئاتالمىش قالپاقلار ئۇنىڭغا «سوۋغا» قىلىنغان ۋاقىتلارمۇ خېلى كۆپ بولغانىدى. لېكىن، ئەھەت بۇنداق گەپلەرگە قىلچە ئىپادە بىلدۈرمەي جىم ئولتۇرۇپلا ئۆتكۈزۈۋېتەتتى.

مانا بۇ «توك قاپاق» ئادەم 21 - ئەسىرگە قەدەم بېسىپ، بوۋايلار سېپىنىڭ رەسمىي ئەزالىقىغا ئۆتتى. ئەنە شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئايالى زوبىيە:

— ھەي ئەھەت ئاخۇن قېرىپمۇ قاللا، ئەمدى ئۇنى يازمەن، بۇنى يازمەن دەپ باشلىرىنى قاپاق قىلىپ، جاپا تارتقۇچە ئارام ئالسىلا بولمامدۇ، — دېگەندە، ئەھەت ئاخۇن:

— ھەي خوتۇن، سىلىنىڭ ماڭا كۆيۈنۈپ دېگەن گېپىڭلارغا رەھمەت. لېكىن ھازىر 21 - ئەسىر كىردى، يېڭى ئەسىر بىزنى يېڭىچە قىياپەت بىلەن ئىش كۆرۈشكە چاقىرماقتا. گەرچە مەن قېرىغان بولساممۇ دەۋر ماڭا كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلماقتا، مېنى ئۇخلاپ ياتما، دەپ ئاگاھلاندۇرماقتا، ئۆزۈڭنى ئالغا ئىلگىرىلە دەپ چاقىرىق قىلماقتا. راست گەپنى دېگەندە مېنىڭ قېرىلىققا تەن بەرگۈم يوق، قېرىلىقنىڭ تۈرلۈك دىشۋارچىلىقلىرىدىن ھەرگىز قورقمايمەن، چۈنكى 21 - ئەسىردىن ئىبارەت شانلىق دەۋردە جەمئىيەت ئۇچقۇن كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە تۆھپە قوشقىنىم قوشقان. يېڭى ئەسىردىكى رىقابەت دەۋرىدە كونا دەسمايىنى يەپ يېتىشنى، يېڭى ئەسىرنىڭ قولى بولۇشنى، ئارقىدا قېلىشنى زادى خالىمايمەن، — دېدى ئۇ قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ.

— ئۇنداق بولسا مەن سىلىنىڭ يوللىرىنى توسمايمەن، — دېدى زوبىيە سەمىمىيلىك بىلەن ئىپادە بىلدۈرۈپ.

ئەھەت ئاخۇن دېگىنىنى قىلدى. ئۇ، ئوت يۈرەك

قەلەمكەشلەر سىپىگە ئەگىشىشكە باشلىدى. ئەمما ئۇ بۇ سەپكە ئەگىشىپ ئۇلار بىلەن بىرگە مېڭىشنىڭ ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەسلىكىنى ئاستا - ئاستا تونۇپ يەتتى، لېكىن سەپتىن ئايرىلىپ قېلىشنى زادىلا خالىمىدى.

ئۇ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ساقلاپ كەلگەن «تىرىشىش غەلىبىنىڭ ئاساسى» دېگەن بىر جۈملە سۆزنى زادىلا ئېسىدىن چىقارمىدى. تۇنجى قېتىم ھېكايە يېزىشقا تۇتۇنغاندا، بۇ سۆزنى كۈندە نەچچە رەت تەكرارلىغان كۈنلىرىمۇ بولدى. ئۇ بۇنىڭدىن كۈچ - قۇۋۋەت ئالدى. شۇڭا ئۇ ھېكايىنى كۈندۈزى يازالماي قالسا كېچىلىرى يازدى. جۈملىلەرنى جايىدا يازالمىسا ئون نەچچە قېتىملاپ تۈزەتتى. ئۇنىڭ ئىش ئۈستىلى تاشلاندۇق قەغەزلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن كۈنلەر ۋە تۈنلەر بولدى. ئۇ جەسۇرانە ئىرادە بىلەن تىرىشتى. ئاق كۆڭۈل قەلەمكەشلەر ۋە جاپاكەش مۇھەررىرلەر ئۇنى سەپكە قوشۇۋېلىش ئۈچۈن قولىدىن تۇتۇپ ئالغا يېتەكلىدى، ئىلھام بەردى، يول كۆرسەتتى!...

ئاخىر ئۇنىڭ ئۇنۇمى كۆرۈلدى. بۇ يىل ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلدىمۇ ياكى يازغان ھېكايىسى ياخشى بولدىمۇ، ئاپتونوم رايوندىكى داڭلىق بىر ژۇرنالدا ئۇنىڭ «قېرىلىق قورقۇنچلۇق ئەمەس» ماۋزۇلۇق تۇنجى ھېكايىسى ئېلان قىلىندى. ئەھەت ئاخۇن تۇنجى ھېكايىسى بېسىلغان ژۇرنالنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «كۈلمەيدىغان ئادەم» دېگەن نامىنى ئاتمىش يېشىدا بىراقلا چۆرۈپ تاشلاپ، ئۆمرىدە «قوش رېكورت» ياراتتى. توقسەن ياشتىن ئاشقان ئىمىن ئاخۇن، سەكسەن ياشتىن ئاشقان نۇرنىساخان ئەر - ئايال ئوغلى ئەھەت ئاخۇننىڭ تۇنجى كۈلكىسىنى كۆرگىنىدە چىرايلىرىنى شادلىق جىلۋىسى قاپلىدى. بۇ بوۋاي - مومايلار بىر - بىرىگە قارىشىپ بېشىنى لىڭشىتتى، كۈلۈشتى، خۇشاللىق ياشلىرى ئۇلارنىڭ

مەگزىلىرىدىن سىرغىدى.

نۇرنىساخان ئەھەت ئاخۇننىڭ ھېكايىسى بېسىلغان ژۇرنالنى قولىغا ئېلىپ، ژۇرنالنى چوككىدە بىرنى سۆيدى - دە:

— بالامنى كۆلدۈرگەن خاسىيەتلىك كىتابقا رەھمەت، — دېدى كۆزلىرىدىكى خۇشاللىق ياشلىرىنى كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتكەچ.

كۆلكە ساداسى تال باراڭلىق ھويلىنى لەرزىگە كەلتۈردى. تال ئۈزۈمنىڭ ياپراقلىرى ئارىسىدىن شوخلۇپ ئۆتكەن قۇياش نۇرى، ھويلىنى گۈل تالالىرى چېكىملىگەندەك چىرايلىقلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. باغدىكى بۇلبۇللارنىڭ مۇڭلۇق سايراشلىرى كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرمەكتە.

مەي بولۇپ پىشىپ كەتكەن ئاق كىشمىش ئۈزۈكلەرنىڭ شېرىن - شەربەت ھىدى ھەممىلا يەرنى قاپلىغانىدى.

ئەھەت ئاخۇن «گۈلچى بوۋاي» ماۋزۇلۇق ئىككىنچى ھېكايىسىنى يېزىش ئۈچۈن ئايرىمخانىسىغا كىرىپ كەتتى.

2001 - يىلى، كۇچا

# ئازغان

سىزمۇ ئازغاننى كۆرگەن بولغىيتىڭىز! مەن ئازغاننى تولىمۇ ياخشى كۆرىمەن. ئۇنىڭ مۇشكۇللەرگە باش ئەگمەيدىغان قەيسەر روھىغا، ئىنسانلارغا كەلتۈرگەن شاپائىتىگە، تەبىئەتكە بېغىشلىغان گۈزەللىكىگە چىن قەلبىمدىن ئاپىرىن ئوقۇيمەن.

ئازغاننىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى باشقا ئۆسۈملۈكلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئېسىل خىسلەتلىرى بار. ئۇ باشقا ئۆسۈملۈكلەردەك كىشىلەردىن پەرۋىش قىلىشنى تەلەپ قىلمايدۇ، ئۇنى كىم قەيەردە تىكسە، شۇ يەردە پەرۋىشسىز ئۆسۈپ، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. باھار پەسلىدە تەبىئەت دۇنياسىدىكى سان ـ ساناقسىز گۈل ـ گىياھلارغا ئوخشاش بىر چىرايلىق ئېچىلىپ، زېمىنغا گۈزەللىك ئاتا قىلىدۇ. ئۇنىڭ چىرايلىق گۈللىرىنى تاماشا قىلغان كىشىلەر شائىرانە تۇيغۇغا چۆمىدۇ. ياز پەسلىدە بولسا يەنە ئۆزگىچە كارامىتىنى كۆرسىتىپ، گۈزەل يازنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشىدۇ. بەرىكەتلىك كۈز پەسلىدە بولسا، بوينىغا كۆزنى چاقنىتىدىغان قىپقىزىل مارجانلارنى ئېسىپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ.

گۈل ـ گىياھلار يالىڭاچلانغان قىش پەسلىدىمۇ باغىراڭلارنىڭ چۆرىسىدىكى ئازغانلارنىڭ چوغدەك مونچاقلىرى كۆزىڭىزگە تاشلىنىدۇ، شۇ چاغدا سىز، ئازغاننىڭ يالتىراپ تۇرغان مېۋىلىرىنى ھەرگىزمۇ كېرەكسىز بىر نېمىمىكىن دەپ قالماڭ. ئاشۇ چوغدەك مونچاقلار بىمارلارنىڭ داۋاسى، ئۇچار قۇشلار، ھايۋانلارنىڭ ياخشى ئوزۇقىدۇر. ھەتتا شۇ مونچاقلارنى

چەت ئەللىكلەر قىممەتلىك چاي ئورنىدا دەملەپ ئىچىدۇ. لېكىن، ئازغاننىڭ تىكەن ـ چاتقاللىرى كۆزگە سەت كۆرۈنۈپ، ئۇنى يوقاتماقچى بولغانلارمۇ يوق ئەمەس. شۇنداق ئويلىغانلار بىلىشى كېرەككى، ئازغاننىڭ تىكەن، چاتقاللىرىنىڭمۇ ئىنسانلارغا پايدىسى تېگىدۇ. كىشىلەر ئازغاننى باغباراڭلارنىڭ ئەتراپىغا قويۇق تىكىپ، باغباراڭلارنى ھەر خىل زىياندا شلارنىڭ زەخمىتىدىن ساقلايدىغان مۇستەھكەم چىت ھاسىل قىلىشىدۇ. ئازغان تىكىپ ئۆستۈرگۈچىنىڭ ئەمگىكىگە مۇناسىپ ھالدا بوي تارتىپ ئۆسۈپ باراقسانلايدۇ. باغباراڭلارنىڭ ئەتراپىدا ھاسىل بولغان بۇ مۇستەھكەم چىتلار «چاقىرىلمىغان مېھمان» لارنى باغباراڭلارغا يېقىن يولاتمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىشچان باغۋەنلەر ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكىنىڭ قەنتىنى چېقىپ، يېڭى زامانغا تەشەككۇر بىلدۈرىدۇ. ئېشىنغان مېۋە ـ چىۋىلىرىنى بازارلارغا ئاپىرىپ سېتىپ تۇرمۇشىنى باياشات ئۆتكۈزىدۇ.

سىز، ئازغان توغرىسىدىكى بۇ بايانلاردىن ئۇنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىنى بىلىۋالدىڭىزغۇ دەيمەن. ئازغان گەرچە كۆرۈمسىز، تىكەنلىك بىر ئۆسۈملۈك بولغىنى بىلەن، ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق خىسلەتلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئالدىدا خۇددى قىزىلگۈلدەك جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. مانا بۇلاردىن ھەر قانداق بىر ئەقىل ئىگىسى ئازغاننى نەزىرىدىن ھەرگىز ساقىت قىلمايدۇ. بەلكى ئازغاننىڭ ئېسىل خىسلىتىگە، جاسارىتىگە چىن قەلبىدىن قايىل بولىدۇ. ئۇنى تېخىمۇ كۆپلەپ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئىرادە تىكلەيدۇ، مەنمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

1989 ـ يىلى، كۇچا

# ئاق كىشمىش

ئاچ كىشمىش ــ جەننەت كەبى بۇ گۈزەل دىيارنىڭ داڭلىق مېۋىسى بولغان ئۇن يەتتە خىل ئۈرۈكنىڭ سەر خىلى. ئاق كىشمىش ئىسمى جىسمىغا لايىق ئاق بولۇپ، ئۇ پىشىپ ۋايىغا يەتكەندە سەپسېلىپ قارىسىڭىز، ئۇنىڭ داغسىز، سۈزۈكلۈكىدىن ئىچىدىكى ئۇرۇقچىسىنى كۆرۈش مۇمكىن. كىشمىش دېگەن نامنىڭ قوشۇلۇپ ئاتىلىشى ئۇنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدا ئۆزگە خاس شېرىن ـ شەربەت تەمىنىڭ بولغانلىقىدىندۇر. ئۇ پىشقاندا قېقىپ ياكى بىردىن ـ بىردىن ئۈزۈپ ئالمىسا، ئۆزلۈكىدىن يەرگە چۈشۈپ كەتمەيدۇ. بەلكى ساپىقىدا تۇرۇپ ئاستا ـ ئاستا



گۈلە (قاق) بولۇشقا باشلايدۇ. ئەگەر سىز، شېخىدا تۇرۇپ كۈن تەگكەن تەرىپى قۇراي دېگەن ئاق كىشمىشنى يېسىڭىز، ئۇنىڭ تەمى ئاغزىڭىزنى بالدىنمۇ بەك قورۇپ، ئۇنىڭدىن ئاجايىپ ياخشى لەززەت ئالىسىز. ئاق كىشمىشنى بىر قېتىم يېگەن كىشىنىڭ ئۇنى يەنە تېپىپ يېگۈسى كېلىدۇ ھەم ئاق كىشمىشنى يېتىشتۈرگەنلەرگە ئاپىرىن ئوقۇماي قالمايدۇ. ئاق كىشمىش بازارغا كىرسە، ھەش - پەش دېگۈچىلا سېتىلىپ تۈگەيدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ باھاسىنىڭ باشقا ئۆرۈكلەرگە قارىغاندا بىر باراۋەر يۇقىرىلىقى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي تالىشىپ سېتىۋېلىشىدۇ. بۇنداق بولۇشىدىكى تۈپ سەۋەب شۇكى، ئاق كىشمىش ئۆرۈكنىڭ رەڭگى چىرايلىق بولۇپلا قالماستىن، مۇھىمى ئۇنىڭ تەمى باشقا ھەر قانداق ئۆرۈكتىن تاتلىق، مەززىلىك ۋە سىڭىشلىك. شۇڭا ئاق كىشمىش ئۆرۈك رەڭگى - رۇخسارىنىڭ چىرايلىقلىقى، تەمىنىڭ شېرىن - شەربەتلىكى بىلەن بۇ ئۆرۈك يۇرتىدا بار داڭلىق ئۆرۈكلەرنىڭ سەر خىلى ۋە شاھەنشاھى بولۇپ كەلمەكتە.

مەن داڭلىق ئۆرۈكزارلىق — گۈزەل دىيارنىڭ پەرزەنتى بولغىنىم ئۈچۈن ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىمەن. ئۆرۈك يۇرتىنى سۆيىمەن، ئۇنىڭ ئۆرۈكلىرىنى چىن كۆڭلۈمدىن ياخشى كۆرىمەن ۋە ئۇنى پەخىرلىنىشنىڭ سىمۋولى دەپ قارايمەن. چۈنكى، ئۆرۈكلەر ئەتىيازدا ئەڭ بالدۇر چېچەك ئېچىپ، باھار ئەلچىسىنىڭ رولىنى ئوينايدۇ. ئۆرۈكلەر چېچەكلەپ باغلار گۈلگە پۈركەنگەندە، بۇ گۈزەل دىيارنى خۇش پۇراق ھىدى قاپلايدۇ. تېخى بۇ يۇرتنىڭ قىز - چوكانلىرى تەبىئەت دۇنياسىغا يېڭىلا كۆز ئاچقان ئۆرۈك گۈللىرىنى چېكىلىرىگە

قىسىشىپ ئۈنىڭدىن ھۆزۈر ئالىدۇ.

چىرايلىق گۈل - چېچەكلەر ئۇلارنىڭ رۇخسارىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈۋېتىدۇ. باش باھارنىڭ ئەلچىسى ئۆرۈكلەر چېچەك ئاچقاندا، كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئاجايىپ ياخشى ھۆزۈر - ھالاۋەت ئالىدۇ. مەنمۇ ئۇ قاتاردىن قالغىنىم يوق، بەلكى قىلىشىنىمۇ خالىمايمەن. شۇڭا باللىق چاغلىرىمدىن چارباش بولغانغا قەدەر ئۆتكەن يىللارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك باھاردا تۇنجى چېچەك ئاچقان ئۆرۈكلۈك باغلارنى، ئېيۇن ئايلىرىنىڭ ئاخىرى، ئىيۇل ئايلىرىنىڭ باشلىرىدا، باغلاردا شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەي مەي بولۇپ پىشىپ كەتكەن شېرىن - شەربەتلىك ئاق كىشمىش ئۆرۈكلەرنى زىيارەت قىلىش، سەيلى قىلىش پەيتلىرىنى بوش قويۇۋەتمىدىم. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، بۇ يىل ئۇ ۋاقىت كەلگۈچە تاقىتىم تاق بولدى. «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس» دېگەندەك كۈتكەن ۋاقىت يېتىپ كەلدى. ئىيۇل ئېيى كىرىشى بىلەن قەدىمىم ئۆرۈكلۈك باغ تەرەپكە قاراپ تاشلاندى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئۆزۈمنى ئاق كىشمىش ئۆرۈكلۈك باغدا كۆردۈم... كۆزۈم بىردىنلا تىيەك (ئۆرۈك شاخلىرىنىڭ سۇنۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بۆلگەن تىيەك ياغاچلار) ئۈستىدە تۇرۇپمۇ مېۋىسىنى كۆتۈرەلمەي، شاخلىرى يەرگە تېگەي دەپ قالغان ئاق كىشمىش ئۆرۈكلەرگە چۈشتى. بۇ باغدىكى ئاق كىشمىش ئۆرۈكلەر ئىچىدە ئاز بىر قىسمى يەتمىش، سەكسەن ياشقا كىرگەندەك تۇراتتى. بىر قىسمى ئەمدىلا قىرىق ياشلارغا كىرگەن بولۇپ، قامەتلىك ئادەمدەك مەزمۇت تۇراتتى. يەنە بىر قىسمى ئەمدىلا ئون ياشلارغا كىرگەن بولۇپ، بۈك - باراقسان تۇراتتى. بۇ ئۆرۈكلەردە بەزى ئالامەتلەر

كۆزگە چىلىقاتتى. ئۇ بولسىمۇ، ئاق كىشمىش ئۈزۈكلەرنىڭمۇ باشقا ئۈزۈكلەرگە ئوخشاش ئۆسۈش جەريانىدا بەزى جۇدۇن - چاپقۇنلارغا يولۇققانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. قاراڭ!... قېرى ئۈزۈكنىڭ بەدىنىدە خېلى كۆپ زەخمە ئىزلىرى بولسىمۇ ئۇ يەنىلا شەمشادتەك قەد كۆتۈرۈپ، شېرىن - شەربەت مېۋە بېرىۋېتىپتۇ. ھېلىقى ئەمدىلا قىرىق ياشلارغا كىرگەن ئۈزۈكنىڭ بەدىنىدە پەيدا بولغان قىسمەن تارتۇقلارنى، يېڭى ئۆسۈۋاتقان قوۋزاقلار قويىنىغا ئېلىپ تارتۇق ئىزىنى يوقاتماقتا ئىدى. ياش ئۈزۈكلەردە تارتۇقلار كۆرۈنمەيتتى. بۈك - باراقسان شاخلاشقا باشلىغان بۇ ئاق كىشمىش ئۈزۈكلەرنىڭ قېرى ئۈزۈكلەردىنمۇ كۆپ مېۋە بېرىۋاتقانلىقى كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى.

مەن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ باغ ئارىلاپ يۈرۈپ ئاق كىشمىشتىن، ياق! ئۈزۈكتە بولغان «ئاق ناۋات» تىن خېلى كۆپ يېگەنلىكىمنى ئەمدىلا ھېس قىلدىم، يەنە يەي دېسەم تويۇپ قاپتىمەن. ئەمما باغدىن چىقىپ كېتىشكە كۆزۈم قىيمىدى. سومكامىمۇ، چاپىنىمنىڭ يانچۇقلىرىمۇ «تويغان» ئىدى. نېمە ئامال بار؟ ئۈزۈك بېقىۋاتقان ئاق كۆڭۈل باغۋەن ۋە ئاق كىشمىشنى كۆپەيتىش ئۈچۈن ئۆلاق ئۆلاۋاتقان تېخنىكلار بىلەن خوشلىشىپ باغدىن چىقتىم - دە، ئىختىيارسىز ھالدا خىتاب قىلدىم:

«...ئاھ!... ئاق كىشمىش! ئاق كىشمىش! سەن ماختاشقا بەك لايىق. شۇڭا سېنى مىڭ قېتىم، ئون مىڭ قېتىم ماختايمەن. بۈنى مەنلا ئەمەس بۇ زېمىندىكى ھەممە ئادەم ماختايدۇ. بۇ ھەرگىز مۇبالىغە ئەمەس، ئۇنىڭ راستلىقىدا

قىلــچە شــەك يــوق. بــۇ ســېنى قــۇرۇقتىــن - قــۇرۇق ماختىغانلىقىم ئەمەس. تېخى سېنى تولۇقى بىلەن ماختاشقا يېــزىش قۇدرىتىمنىــڭ يەتمەيۋاتقانلىقىغــا ئەپــسۇسلىنىمەن. مېنىڭ گېپىمگە ئىشەنمەيدىغانلار بولسا ئۆرۈك يۇرتى بولغان بۇ گۈزەل دىيار كۇچاغا كېلىــپ ئاق كىشمىــشنى تېتىــپ كۆرسە بولىدۇ...».

1989 - يىلى، كۇچا

ئىككىنچى بۆلۈم

ئابدۇللا مۇھەممەدى ئەرتەن

# دېرىزىدىكى قىز

(ھېكايىلەر)

# دېرىزىدىكى قىز

شەھەر ئۆزۈكسىز كېڭەيمەكتە. نەچچە يۈز يىللىق تارىخى بار كونا مەھەللىلەر ئۆرۈپ - چېقىلىپ، ئورنىغا ئاسمان پەلەك سودا سارايلىرى، مېهمانسارايلار سېلىنماقتا ئىدى. شەھەر، ئايتۇلۇنغا تۆت ئەتراپىغىلا ئەمەس، يەر ئاستى ۋە كۆككە قاراپمۇ شىددەت بىلەن كېڭىيىۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

ئۇ، يېڭى مەھەللىگە كۆچۈپ كەلگەندىن بۇيان غەمكىن بولۇپ قالدى. چۈنكى، يېڭى قۇرۇلغان بۇ مەھەللە بۇرۇنقى مەھەللىگە زادى ئوخشىمايتتى. كونا مەھەللىسى چېقىۋېتىلگەندىن كېيىن، مەھەللىداشلىرى ئۈۋىسى چۇۋۇلغان قۇشتەك تەرەپ - تەرەپكە كېتىشكەندى.

— ئايتۇلۇن، نېمە بولدۇڭ قىزىم، — دەيتتى ئانىسى ئۇنىڭ غەمكىن تۇرقىغا قاراپ، — يا، بۇ يېڭى ئولتۇراق رايونغا كۆنەلمەيۋاتامسەن، ياكى دوستلىرىڭنى سېغىنىپ قالدىڭمۇ؟

— ئانا، يېڭى مەھەللە كونا مەھەللىمىزگە يەتمەيدىكەن.

— بولدى قىل قىزىم، ھەممە شارائىتى تولۇق، يوپيورۇق مۇشۇ ئۆينى ئېلىش ئۈچۈن ئاتاڭ ئاز پۇل خەجلىمىدى. ئەمدى سەن بۇ مەھەللىنى ياراتمىساڭ، كۆندە دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ خىيال سۈرۈپلا تۇرساڭ بۇ قانداق بولغىنى؟ كونا مەھەللىدىكى دوستلىرىڭنى سېغىنساڭ بېرىپ يوقلاپ كەلسەڭ بولمامدۇ؟

— كونا مەھەللىمىزنى چېقىۋەتكەن تۇرسا، دوستلىرىمنى قەيەردىن ئىزدەپ تاپىمەن، مەن بۇ مەھەللىگە زادى كۆنەلمىدىم. ساپلا يوچۇن كەلگۈندىلەر.

— كېيىنچە كۆنۈپ قالىسەن، ئوماق قىزىم.

ئايتولۇن ئۇندىمەيتتى ھەم شىرە ئۈستىدىكى ئوقۇۋاتقان كىتابىنى قولىغا ئالاتتى.

ئۇ دائىم دېرىزە تۈۋىگە بېرىۋېلىپ، قورۇ ئىچىگە سەپسالاتتى. ئۈچ تەرىپى ئالتە قەۋەتلىك بىنا بىلەن ئورالغان بۇ قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر راۋاق خۇددى ئۇنىڭ يېگانە، مىسكىن قەلبىدەك چوقچىيىپ تۇراتتى. راۋاق ئەتراپىدىكى ئالا ئۆسكەن چىم ئانچە كۆركەم ئەمەس ئىدى. ئەتراپتا قۇرۇلۇش ماشىنىلىرىنىڭ گۈركىرىشىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. توپا بېسىپ كەتكەن بۇ غېرىب راۋاققا ھېچكىم چىقىپ ئولتۇرمايتتى.

بىر كۈنى كەچكە يېقىن سىم - سىم يامغۇر ياغدى. ئايتولۇن قولىدىكى كىتابنى قويۇپ دېرىزىدىن شىرىلداپ يېغىۋاتقان يامغۇرغا قارىدى. ئۇ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا مۇشۇنداق سىم - سىم يامغۇردا يالغۇز ئايلىنىشنى ياخشى كۆرەتتى. يامغۇر بىلەن سىرداشاتتى... ئۇ، يامغۇر تامچىلىرى ئارىسىدىن راۋاققا قارىدى. دېرىزە پەردىسىنى يەلپۈپ تۇرغان نەمخۇش شامال ئۇنىڭ ئاپپاق، ئوماق يۈزلىرىنى سىيپاپ ئۆتكىنىدە، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئاجايىپ بىرخىل ھۇزۇرغا چۆمدى. ئۇ، ساپ ھاۋادىن قېنىپ سۈمۈرگىنىچە قاپقارا كۆزلىرىنى چىڭ يۇمدى. ئۇ، شۇ تەرىقىدە بىردەم تۇرغاندىن كېيىن كۆزىنى ئاچتى. قورۇ ئىچى جىمجىت ئىدى. بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. راۋاق يەنىلا يالغۇز چوقچىيىپ تۇراتتى. يامغۇردا يۇيۇلغان يالغۇز راۋاق ئىسكەت تۈزەپ خېلى كۆركەم بولۇپ قالغانىدى.

يامغۇر بارغانسېرى كۈچەيدى. بىنانىڭ يان تەرىپىدىكى يولدىن ئۈستىبېشى چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن بىر يىگىت راۋاق تەرەپكە يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كەلدى. ئايتولۇن يىگىتنىڭ يامغۇردىكى بىچارە ھالىتىگە، قولايسىز ھەرىكىتىگە

قاراپ پىخىلداپ كۈلدى. يىگىت راۋاقتا يېقىن كەلگەندە، خۇددى ئويۇن كۆرسىتىۋاتقاندەك بىرخىل ھالەتتە يىقىلدى ۋە قىينالغاندەك ناھايىتى تەستە ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ تۇرغىچە چىرايلىرىنى پۇرۇشتۇرگەندىكى كۈلكىلىك ھالىتى ئايتۇلۇنغا نېمىشقىدۇر يۇمۇرلۇق ھەم يېقىملىق تۇيۇلدى. ئۇ يىگىتنى قەيەردىدۇر بىر يەردە كۆرگەندەكلا ھېس قىلدى، لېكىن ھەرقانچە ئويلاپمۇ نەدە كۆرگەنلىكىنى ئەسلىيەلمىدى. «بەلكىم ماڭا شۇنداق تۇيۇلغان بولسا كېرەك»دېدى ئۇ كۆڭلىدە. يىگىتنىڭ پادىچىلار شىمى ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. يىگىت سۇ تامچىپ تۇرغان چېچىنى كەينىگە قايرىۋېتىپ ئەتراپىغا ئىتتىك قاراپ چىقتى، ئاندىن ئايتۇلۇن تۇرغان دېرىزىگە قارىدى. قىز تېخىچە ئۇنىڭ بايىقى ھەرىكىتىگە قاراپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ، يىگىتنىڭ بۇ بىنا تەرەپكە قارىغىنىنى كۆرۈپ، دەرھال دېرىزە پەردىسىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇندى. يىگىت دېرىزىگە بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن يەرگە ئېڭىشىپ، شىمىنىڭ لايغا مىلەنگەن يېرىنى يامغۇرغا تۇتتى. تاراسلاپ چۈشۈۋاتقان يامغۇر تامچىسى ئۇنىڭ سۆڭگىچىگە چۈشۈپ ئەتراپىغا چاچرايتتى. يامغۇر سۈيىدە ئېرىگەن لاي ئۇنىڭ پۇشقاقلىرىغا سىرغىيتتى. ئۇنىڭ ھازىرقى تۇرقى خۇددى چىملىقتا ئورنىتىلغان ھەيكەلگىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

ۋىلىقلاپ كۈلۈۋېرىپ، ئايتۇلۇننىڭ قورساقلىرى ئاغرىپ كەتتى. «سېرىك ئۆمىكىنىڭ ھەزىلچىسى ئوخشىمامدۇ بۇ يىگىت. مۇشۇ مەھەللىلىكمىدۇ؟ بۇ مەھەللىلىك بولسا ئۇدۇل ئۆيىگە ماڭماي راۋاقتا نېمە قىلار يامغۇردا» ئۇ كۈلكىسىنى ئاران بېسىپ يىگىت تەرەپكە قارىدى. يىگىت ئەمدى راۋاقتا ئۆرە تۇرۇۋالغان بولۇپ، ئايتۇلۇن تۇرغان دېرىزىگە قاراپلا قالغان ئىدى. قىزنىڭ يۈرىكى سېلىپ كەتتى. «مېنى كۆرۈپ قالغانمىدۇ؟ مېنىڭ كۈلگىنىمنى كۆرۈپ قالغانمىدۇ؟» قىز

نازۇك بارماقلىرى بىلەن كۆكسىنى چىڭ بېسىۋالدى. ئاندىن ئاستا دېرىزە تۈۋىدىن ئايرىلىپ، شىرە يېنىغا كېلىپ كىتابنى قولىغا ئالدى. ئۇ كىتابنى بىر ئوقۇغانچە بايىقى يىگىتنى ئۇنتۇپ كەتتى. ئۇ كىتابنى قانچىلىك ۋاقىت ئوقۇدى، ئېسىدە يوق. ئاتا - ئانىسى ئىشتىن قايتىپ كەلگەندە كىتابتىن بېشىنى كۆتۈردى.

— يامغۇردا قالدىڭلارمۇ دادا، ئاپا؟ سىلەردىن بەك ئەنسىرىدىم.

— ياقەي قىزىم، يامغۇر توختىغىلى نەۋاق.

— نېمە، يامغۇر توختىدىما؟

قىز ئىشەنمىگەندەك دېرىزە تۈۋىگە يۈگۈردى. يامغۇر راستىنلا توختاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئېسىگە بىردىنلا يامغۇردا قالغان ھېلىقى يىگىت كەلدى ۋە ئىتتىك راۋاققا قارىدى. ھېلىقى يىگىت يەنىلا راۋاقتا ئىدى. ئۇ تېخىچە ئايتۇلۇننىڭ دېرىزىسىگە تىكىلىپ قاراپ ئولتۇراتتى.

قىزنىڭ يۈرىكى جىغ - جىغ قىلىپ قالدى. «نېمە بولغان يىگىتتۇ بۇ، نېمە دەپ بىزنىڭ دېرىزىگىلا قاراپ ئولتۇرىدىغاندۇ؟» ئايتۇلۇن ئۆزىنى پەردىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇپ يىگىتكە زەن سالدى. ئەمما ئارىلىق يىراق بولغاچقا يىگىتنى تازا ئېنىق پەرق ئېتەلمىدى. يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇيان - بۇيان مېڭىۋىدى، ئۇنىڭ ئېگىز بەستى ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى مەتكېرەممىدۇ يا؟ ياق، ياق، مۇمكىن ئەمەس، مەتكېرەم خوتەندىن بۇيەرگە كېلىپ يۈرمەيدۇ. چۈنكى، مەن ئۇنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈش ھارپىسىدىكى تەلىپىنى چىرايلىق رەت قىلغان. ئۇمۇ مېنىڭ سۆزلىرىمگە قايىل بولۇپ، يېپىق قازان يېپىق پېتىچە قالسۇن دېگەن. ئۇ كەلمەكچى بولسا مېنىڭ يانفونۇمغا تېلېفون قىلاتتى، نومۇرنى بىلىدىغان تۇرسا» ئۇنىڭ خىياللىرى ئۇچى

يوق يىپتەك چىگىشلىشىپ كەتتى. ئۇخلاشقا يېتىۋىدى، ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ زادى ئۇخلىيالمىدى. سائەتكە قارىۋىدى، كېچە سائەت 11 بولغانىدى. قىز پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ دېرىزە يېنىغا كېلىپ راۋاققا قارىدى. راۋاقتىكى سۇس چىراغ نۇرىدا بىر گەۋدە مىدىر قىلماي ئولتۇراتتى، ئەمما ئۇنىڭ قاياققا قاراپ ئولتۇرغانلىقىنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى. قىز ئاستا كارىۋىتىغا چىقىپ ياتتى...

* * *

ئايتۇلۇن ئاخىر غەيرەتكە كېلىپ، بىنادىن چۈشۈپ راۋاققا بارماقچى بولدى. چۈنكى، ئۇ يىگىت ھەركۈنى كەچتە راۋاققا كېلىپ، ئۇنىڭ دېرىزىسىگە قاراپ ئولتۇرىۋاتقىنىغا توپتوغرا توققۇز كۈن، توغرىراقى سەككىز كۈن بولغانىدى. يىگىت ئارىدا بىركۈن كەلمىۋىدى، ئايتۇلۇننىڭ كۆڭلى بىرقىسما بولۇپ قالدى. دېرىزىنىڭ تۈۋىگە نەچچە رەت بېرىپ - قايتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

— نېمە بولۇۋاتىمەن، — دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — يا ئۇ يىگىتنى مەن تونۇمىسام، بىز بىر يەردە پاراڭلىشىپمۇ باقمىغان تۇرساق، ئەجەب كۈندە يولىغا قاراپلا تۇرىدىغان بولۇپ قالدىما؟ ئۇنى نېمىگە شۇنچە كۈتىمەن؟ ئۇ كىم؟ نېمە ئادەم؟ نېمىشقا كۈندە ئوخشاش ۋاقىتتا كېلىپ، بىزنىڭ دېرىزىگە تىكىلىپ ئولتۇرىدۇ؟ ساقچىمۇ يا، بىرەرىنى كۆزىتىۋاتقان مەخپىي ساقچى بولمىسۇن يەنە. مۇشۇ كۈنلەردە جاھان تىنچ ئەمەس، پۇقراچە كىيىنگەن ساقچىلارمۇ كۆپ. ئوغرىمىدۇ يا؟ ياق ياق، تۇرقىدىن ئوغرىدەك قىلمايدۇ. ئەگەر ئوغرى بولسا بۇ چاغقا قورۇدىكى ۋېلىسىپىت، موتوسىكلىت، ماشىنا دېگەندەك نەرسىلەر ئاللىبۇرۇن يىتىپ بولغان بولاتتى. بۇ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

قىز ئاخىر بىنادىن چۈشتى ـ دە، يىگىت راۋاقتا كېلىپ بولۇشتىن ئاۋۋال راۋاقتا كىتاب ئوقۇغان بولۇپ ئولتۇرۇۋالدى. هايال ئۆتمەي يىگىت يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۇچىسىغا يەنىلا پادىچىلار شىمى كىيىۋالغانىدى. قىز كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا يىگىتكە قارىماقچى بولدى، ئەمما بېشىنى كۆتۈرەلمىدى. يامغۇرلۇق كۈندىكى ئىشلار قىزنىڭ ئېسىگە كېلىپ كۆلكىسىنى قىستىدى. يىگىت راۋاقتا ئولتۇرۇپ يەنىلا قىزنىڭ دېرىزىسىگە قارىۋەتتى ـ دە:

ـ خانقىز، سىز مۇشۇ مەھەللىدە ئولتۇرامسىز؟ـ دەپ سورىدى سىپايىلىق بىلەن.

ـ شۇنداق، بىزنىڭ ئۆي مۇشۇ مەھەللىدە، تېخى يېڭىلا كۆچۈپ كەلگەن. سىزمۇ مۇشۇ مەھەللىدىنمۇ؟ـ ئاسماقچىلاپ سورىدى قىز.

ـ ياق، ـ دېدى يىگىت كەسكىن ئاۋازدا، ـ قايسى كىتابنى ئوقۇۋاتىسىز؟ كىتاب ئوقۇش ياخشى ئادەت.

ئۇلار جىمىپ قېلىشتى. مۇشۇ پۇرسەتتە قىز يىگىتكە بىلىندۇرمەستىن سەپسالدى. قوشۇما قاش، بۇغداي ئۆڭ، بەستلىك كەلگەن يىگىتكە قويۇۋالغان بۇرۇتى تولىمۇ ياراشقان ئىدى. ئۇنىڭ دولقۇنلاپ تۇرغان بۇدۇر چېچى كېلىشكەن قامىتىگە باشقىچە سالاپەت بېغىشلاپ تۇراتتى.

ـ سىز بۇ يەرگە بىرەرىنى ئىزدەپ كەلگەنمۇ؟ ـ ئايتولۇننىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى.

ـ شۇنداق، ـ يىگىت ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى.

ئۇلار يەنە جىمىپ قېلىشتى. قىز ئەمدى ئارتۇقچە گەپ قىلىشنىڭ ئورنى يوقلۇقىنى پەملەپ، كىتاب ئوقۇغان بولۇپ ئولتۇرۇۋالدى، ئەمما كىتاب ئۇنى ئوقۇۋاتاتتى. ئۇلار خېلى بىر ۋاقىتقىچە جىمجىت ئولتۇرۇشتى. بۇ جىمجىتلىقتىن زېرىككەن قىز ئاخىر چىدىمىدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ:

— خوش، مەن كىرىپ كەتتىم، — دېدى.

— خوش، ئامان بولۇڭ! — دېدى يىگىت دېرىزىدىن كۆزىنى ئۈزمەي.

ئايتۇلۇن ئۆيگە كىرىپ خانىسىدە بىردەم ئولتۇردى. ئاندىن ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا دېرىزە تۈۋىگە كەلدى. يىگىت راۋاقتا ئۇنىڭ دېرىزىسىگە قاراپ ئولتۇراتتى. «ساراڭ، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — يېنىغا چىقسا گەپ قىلمايدۇ، ئۆيگە يېنىپ كىرسە، دېرىزىگە ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرغان، سەۋدايى...» قىز تۈرۈپلا كۈلۈپ كەتتى. «مەن نېمە بولدۇم؟ بىكار خەقنى تىللاپ، خەق يا مېنى ئىزدەپ كەلمىسە، يا سېنىڭ سۆيگۈنۈڭمىدى ئۇ بىكار تىللايدىغان» قىز ياتماقچى بولۇپ كارىۋىتىغا چىقتى. لېكىن، ھېلىقى يىگىتنىڭ قوشۇما قاشلىرى ئاستىدىكى غەمكىن، ئەمما نۇرلۇق كۆزلىرى بىر ئۇنىڭغىلا تىكىلىپ تۇرغاندەك زادىلا ئۇخلىيالمىدى.

قىز يىگىتنى يەنە ئىككى كۈن دېرىزە يېنىدا تۇرۇپ كۆزەتتى. يىگىتتە يەنە ئاۋالقىدەك دەل ۋاقتىدا كېلىپ، ئۇنىڭ دېرىزىسىگە تىكىلىپ ئولتۇرۇشتىن باشقا ئۆزگىرىش يوق ئىدى. ئۆزگىرىش بار دېسە، يىگىتنىڭ قولىدا بىر پارچە كىتاب بار ئىدى. ئۇنىڭ قولىدىكى كىتابقا كۆزى چۈشكەن قىزنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سىلىپ كەتتى. تۈنجى پاراڭلاشقان كۈنى ئۇ «كىتاب ئوقۇش ياخشى ئادەت» دېمىگەنمىدى. چوقۇم ماڭا ئېلىپ كەلگەن كىتاب، مېنىڭ كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈپ ئېلىپ كەلگەن گەپ. ئەگەر ئۆزى ئوقۇماقچى بولسا ئىككى كۈندىن بېرى ئوقۇيتتى ياكى ئۆيدە ئوقۇماتتى.

ئايتۇلۇن ئەتىسى راۋاقتا يىگىتتىن بۇرۇن چىقىپ ئولتۇردى، ئۇزۇن ئۆتمەي يىگىت كەلدى. ئۇ ناھايىتى كۆتۈرەڭگۈ، روھلۇق ئىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم كىتابخۇمار خانقىز! يەنە كىتاب

كۆرۈۋېتىپسىزدە؟ ئىككى كۈندىن بېرى سىزنى كۆرەلمىدىمغۇ، بىريەرلەرگە كەتمىگەنسىز - ھە؟

— ياق، مەن بار، بىر يەرلەرگە بارمىدىم. ئۆيدە ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇدۇم شۇ، — قىزنىڭ نەپەسلىرى تېزلەشتى. يىگىتنىڭ تۇرقىدىن ئۇنىڭغا مۇھىم بىر ئىشنى دېمەكچى بولغاندەك، توغرىراقى ھازىرلا سۆيگۈ ئىزھار قىلىدىغاندەك بىلىندى.

— سىزگە بىر ئۆتۈنۈشۈم بار ئىدى، دېسەم بولامدۇ؟ — دېدى يىگىت تەمكىنلىك بىلەن.

— مۇشۇ يەردىلىما؟ — قىزنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، — سۆيگۈسىنى ئىشىكىم ئالدىغا كېلىپ ئىزھار قىلامدىكىنە، بۇ ساراڭ، — دەپ ئويلىدى ئۇ كۆڭلىدە.

— شۇنداق، مۇشۇ يەردە.

— قېنى ئېيتىڭ، — قىزنىڭ يۈزلىرى ئانار دانىسىدەك ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى - دە، كۆزلىرىنى يىگىتتىن قاچۇرۇپ يەرگە قارىۋالدى.

— رەھمەت سىزگە، خانقىز! مۇنداق ئىش ئىدى: ماۋۇ كىتابنى ئۈچىنچى قەۋەتتىكى خانقىزغا ئاچىقىپ بەرگەن بولسىڭىز، سىلەر قوشنا ئىكەنسىلەرغۇ، سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ئۆيدىكى خانقىزغا دەيمەن.

— ئۈچىنچى قەۋەتتىكى قىزنىڭ ئىسمى نېمە؟ بىز تېخى تونۇشمايمىز.

— مەنمۇ بىلمەيمەن، — دېدى يىگىت بىرخىل مەيۈسلۈك بىلەن.

— ئەمىسە، بۇ كىتابنى كىم بەردى دېسە، نېمە دەيمەن؟

— ھەممىنى خەتكە يېزىپ قويدۇم، — دېدى يىگىت كىتابنىڭ قېتىدىكى كونۋېرتنى كۆرسىتىپ، — كىتابنى ھازىرلا يەتكۈزۈپ بەرگەن بولسىڭىز. مېنىڭ تاقىتىم تۈگەي

دەپ قالـدى، ــ دېـدى يىگىـت كىتـابنى ئايتۆلۆنغـا ناھـايىتى ئەدەپ بىلەن ئىككى قوللاپ سۇنۇپ.

ــ ماقۇل، مەن ھازىرلا يەتكۈزۈپ بېرەي، ــ قىزنىـڭ ئـاۋازى ناھايىتى بوش چىقتى.

ــ رەھمەت خانقىز، مەن ئەتە يەنە كېلىمەن، خوش.

ــ خوش...

*　　　　*　　　　*

ئەتىگەنـدە ئايتۆلۆننىـڭ ئىـشىكى يېنىـك چېكىلـدى. كېچىـدىن ياخـشى ئۇخلىيالمىغـان قىـز، ئۇيقۇسـىزلىقتىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى مېھمانغا تىكتى.

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! قېنى ئۆيگە كىرىڭ.

ــ ئۆيدە چوڭلار يوقمۇ؟

ــ ئىشقا كەتكەن.

مېھمـان ئـۆيگە كىـردى. ئـايتۆلۆن داسـتىخان سـالماقچى بولۇۋىدى، ئۇ زادى ئۇنىمىـدى. مېھماننىـڭ يېـشى ئايتۆلۆنـدىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى.

ــ مېنىـڭ ئىـسمىم گۈلجامـال، ــ بىـز شـۇنچە ۋاقىتـتىن بېرى قوشنا ئولتۇرۇپ تونۇشماپتۇق. بىنا ئۆي دېگەن شـۇنداق بولىـدىكەن. كۆپكۈنـدۈزدە بىـر ــ بىرىمىـزدىن ئەنـسىرىگەندەك ئىـشىكنى چىـڭ تاقىۋېلىـپ ئولتۇرىـدىكەنمىز، ــ دېـدى ئـۇ ئۇچىسىدىكى يالت ــ يۇلت قىلىـپ چاقنـاپ تۇرغـان قىممـەت باھالىق زىبۇ ــ زىننەتلەر ئارىسىدىن ئون بەش كۈنلـۈك تولـۇن ئايدەك ئىللىق كۈلۈمسىرەپ، ــ مەن گەپنى ئوچـۇق دەۋېـرەي، سىـز تۇنۇگـۈن ئەكىـرگەن كىتـابنى ئاچـسام قېتىمـدا خەت بـار ئىكەن. بەكمۇ قورقۇپ كەتتىم، ئېرىم كـۆرۈپ قالـدىغان بولـسا شۇ ھامان مېنى تالاق قىلىۋېتىدۇ.

ــ تونۇگۇن ئۆيدە دادىڭىز باردەك قىلىۋېدىغۇ.
ــ سىز كۆرگەن دادام ئەمەس ئېرىم شۇ. مەندىن 23ياش چوڭ، لېكىن ناھايىتى دىيانەتلىك ئەر. مەن ئۆزۈم خالاپ، ياخشى كۆرۈپ تەگكەن ئەر. گەپنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، ئۇ ماڭا يېزىلغان سۆيگۈ خېتى ئىكەن. ئۇ يىگىت ئېرىمنى دادىسى دەپ ئويلاپ قاپتۇ. يىگىت خېتىدە: «سىز ئىشتىن چۈشكەندە دائىم دادىڭىز بىلەن بىرگە ماڭغاچقا، سىزگە يۈزتۇرا ئېغىز ئاچالماي، سىزگە ئەگىشىپ ئىشىكىڭىز ئالدىغا نەچچە رەت كەلدىم. دېرىزىڭىزگە تەلمۈرۈپ ئولتۇرغىلى ئون ئالتە كۈن بولدى. ئاخىر بولالماي بۇ خەتنى يازدىم» دەپتۇ.
ــ نېمە، ئۇ سىزنىڭ دېرىزىڭىزگە تەلمۈرۈپ ئولتۇرغانىكەن؟ ــ ئايتۇلۇننىڭ پۈتۈن بەدىنىنى تىترەك بېسىپ كاللىسى قۇيقۇرۇق بولۇپ قالدى.
ــ مەن ھەممە ئەھۋالنى يېزىپ قويدۇم، بۈگۈنلەتىن ئۇ بايقۇش كېلىپ قالسا، كىتاب بىلەن قوشۇپ بېرىپ قويسىڭىز. كۈندە راۋاقتا سىزگە تەلمۈرىمەن دەپتىكەن، بۈگۈن كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. مەن كۆچۈپ كەلگەندىن بېرى راۋاققا قاراپمۇ باقماپتىكەنمەن، خوش، كۆرۈشۈپ تۇرايلى قوشنا بولغاندىكىن.
ــ خوش.
ۋۇجۇدى لەسىدە بولۇپ قالغان قىز، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. دېمىسىمۇ، ئۇزۇندىن بۇيان خىيالىي دۇنياسىدىكى ئاق ئاتلىق شاھزادە بىلەن سىردىشىپ، پىنھانلىرىدىكى تالاي سىرلارنى ئۇنىڭغا تۆكۈپ كەلگەن ئايتۇلۇن، خېلى تۇرۇك ساۋاقداشلىرىنىڭمۇ تەلىپىنى چىرايلىقچە رەت قىلىپ، ھامان بىر كۈنى شاھزادىسىنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ كېلىدىغانلىقىغا بولغان زور ئۈمىد بىلەن ياشاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ، يىگىتنى يامغۇرلۇق كۈندىكى يۇمۇرلۇق ھالىتىدە كۆرگەندىلا قانداقتۇر بىر يەرلىرىنى بىر كىمگە

ئوخشاتتىيۇ، لېكىن ئۆزى زارىقىپ كۈتكەن ئادىمى ئىكەنلىكىنى دەماللىقتا ھېس قىلالمىغانىدى. ئون ئالتە كۈندىن بېرى ئۇ، دېرىزە يېنىدا تۇرۇپ نۇرغۇن شېرىن خىياللارنى سۈردى، نۇرغۇن ھاياجانلىق دەملەرنى ئۆتكۈزدى، نۇرغۇن قېتىم تىپىرلاۋاتقان يۈرىكىنى زورىغا باستى. نۇرغۇن قېتىم ياستۇقلىرى ھۆل بولغۇدەك ياش تۆكتى، نۇرغۇن قېتىم...ئايتۇلۇن يامغۇردەك ياش تۆكتى، ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى ئارىسىدا بىر يىگىت ئۇنىڭ دېرىزىسىگە تەلمۈرۈپ ئولتۇراتتى.

2009 - يىلى 29 - ماي، كۈچا

# بايقاش

بۇنىڭدىن يىگىرمە نەچچە يىل ئىلگىرى، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىم ئىدى. مەن سىنىپتا ئەڭ ئاخىرقى رەتتە ئولتۇراتتىم. بىر كۈنى، تەنەپپۇستا ئورنۇمدىن تۇرۇشۇمغا، بىر ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن پۇتبول ئالدىمغا دومىلاپ كەلدى. قىزىقچىلىقتا ئۆزۈمىمۇ سەزمىگەن هالدا توپنى كەينىگە ياندۇرۇپ قاتتىق تەپتىم. توپ قاڭقىپ بېرىپ، ئۇدۇل تامدىكى قاتار ئېسىقلىق داهىيلارنىڭ سۈرىتى ئېلىنغان رامكىلارنىڭ بىرىگە تەگدى، جاراڭ - جۇرۇڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئەينەك پارچىلىرى يەرگە چۈشتى. ئۇلۇغ داهىيمىزنىڭ سۈرىتى يىرتىلغانىدى.

ئۇماچتەك قايناپ كەتكەن سىنىپ ئىچى، بىر نوگاي سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك تىمتاسلىققا چۆمدى.

بىر پەس جىمجىتلىقتىن كېيىن قىزىل يەڭ بەلگىسى تاقىۋالغان بىر قىزىل قوغدىغۇچى (خۇڭ ۋېيبىڭ) دەرغەزەپ بىلەن ماڭا تىكىلىپ تۇرۇپ:

— ئىنقىلابىي ساۋاقداشلار! ئۇ، ئۇلۇغ داهىيمىز ماۋجۇشىغا قارشى چىقتى، — دېدى.

— ئۇ ماۋجۇشى سۈرىتىنىڭ رامكىسىنى قەستەن چاقتى!

— بىز ئۇنى قاچۇرۇپ قويمايلى!

— ئۇنى تۇتۇۋالايلى!!

— ...

سىنىپ ئىچى يەنە جانلاندى، ساۋاقداشلارنىڭ كۆزلىرى غەزەپكە تولغان بولۇپ، كىچىك مۇشتلىرى چىڭ تۈگۈلگەنىدى.

مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى بىلمەيمەن، پەقەت قۇلاق تۈۋىمدە «سەن تۇگەشتىڭ!» دېگەن سادا ياڭرايتتى. يەر ـ جاھان چۆرگىلەۋاتقاندەك، دەسسەپ تۇرغان ئورنۇم ئويۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. بىر چاغدا، قىزىل قوغدىغۇچىلار ئەترىتىنىڭ بىر توپ ئەزاسى، مەكتەپ ئىنقىلابىي كومىتېتى مۇدىرىنىڭ باشچىلىقىدا سىنىپقا باستۇرۇپ كىردى ـ دە، قولۇمنى قايرىپ ئېلىپ مېڭىشتى.

ئەتىسى پۈتۈن مەكتەپ بويىچە چوڭ يىغىن چاقىرىلىپ، مېنى راسا كۆرەش قىلىپ سېسىتقاندىن كېيىن، «قىزىل قوغدىغۇچىلار قوشۇنىغا سوقۇنۇپ كىرىۋالغان كىچىك بۇزۇق ئۇنسۇرنى ئاخىرى بايقىۋالدۇق»، «ئۇنى قىزىل قوغدىغۇچىلار قوشۇنىدىن قوغلاپ چىقىرايلى!» دېگەندەك شوئارلار بىلەن يىغىن ئاخىرلاشتى.

بۇ ئىش، گۆدەك قەلبىمدە جاراھەت ئىزنالىرىنى قالدۇرغان بولغاچقا، خېلى بىر زامانلارغىچە دەككە ـ دۈككىدە ئۆتتۇم. شۇڭا تا ھازىرغىچە پۇتبول مۇسابىقىسىنى ئانچە قىزىقىپ كۆرمەيمەن.

تۈنۈگۈن، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغلۇم ناھايىتى خۇشال ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى ـ دە:

ـ مېنى تەبرىكلەڭ ئاتا، مېنى تەبرىكلەڭ! ـ دېدى.

ـ نېمىنى تەبرىكلەيمەن، ئوغلۇم؟

ـ مەن بۈگۈن مەكتەپ پۇتبول كوماندىسىنىڭ ھۇجۇمچىسى بولۇپ تاللاندىم، ـ دېدى.

ئوغلۇم ئۆزىنىڭ مەكتەپ پۇتبول كوماندىسىغا كىرەلمىگىنىگە كۆڭلى يېرىم بولۇپ يۈرگىنىگە خېلى بولغان ئىدى.

مەن ئۇنىڭ بۇگۇنكى خۇش خەۋىرىگە تازا ئىشەنچ قىلالماي، قانداق قىلىپ كوماندىغا قوبۇل قىلىنغانلىقىنى سورىۋشتۇردۇم. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بۈگۈن ئۇ، سىنىپ بىناسىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتسا، قاياقتىندۇر يېپيېڭى بىر توپ دومىلاپ كەپتۇ. ئۇ، توپنى كېلىشتۇرۇپ بىرنى تېپىپتىكەن، توپ ئۇدۇل بېرىپ سىنىپ بىناسى كارىدورىنىڭ قېلىن ئەينەك ئىشىكىگە تېگىپتۇ، قېلىن ئەينەك ئىشىك چېقىلىپ، گۇرۇچتەك تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ.

ئەمدى بۇ قىممەت ئىشىكنى تۆلىتىدىغان بولدى، دەپ ھودۇقۇپ تۇرغان ئوغلۇمنىڭ يېنىغا تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى يەردىن ئۈنگەندەك پەيدا بوپتۇ ـ دە:

ــ ياخشى، ناھايىتى ياخشى تەپتىڭ. سەن ئەگەر توپنى ساق قالغان ئەينەك ئىشىكنىڭ بىر تەرەپتىكى كۆزنىگە تەگكۈزەلىسەڭ ھەمدە ھازىرقىدەك تۆكۈۋېتەلىسەڭ، مەن ئۆزۈم يېنىمدىن پۇل چىقىرىپ ئىشىكنى تۆلەيمەن، ــ دەپتۇ.

«مۇئەللىم مېنى مازاق قىلىۋاتىدۇغۇ» دەپ ئويلىغان ئوغلۇم، ھامان تۆلەيدىغان ئىشقۇ، دەپ توپنى غەزەپ بىلەن تەپكەن ئىكەن، توپ ئۇدۇل بېرىپ، ئەينەك ئىشىكنىڭ يەنە بىر قانىتىنىمۇ چۇل ـ چۇل قىلىۋېتىپتۇ.

ــ ئىسىت، سېنى بۇرۇنراق بايقىغان بولسام نېمىدېگەن ياخشى بولار ئىدى ـ ھە، ــ دەپتۇ مۇئەللىم.

# باشلىق

ئىسمايىل ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن بايا كاتىپ ئەكىرىپ بەرگەن گېزىتنى قولىغا ئالدى. ئۇ، گېزىتتىكى خەۋەرلەرگە مۇنداقلا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ ئىش ئۈستىلىگە قوپاللىق بىلەن تاشلاپ قويدى - دە، تۆش يانچۇقىدىن بىر پارچە گېزىت قەغىزى ئېلىپ، تاماكا ئوراپ چەكتى ۋە قانداقتۇر بىر ناخشىغا غىڭشىشقا باشلىدى. تاماكا ئىسى ئۇنىڭ ئوروق يۈزىگە ياراشمىغان ئېگىز ھەم يوغان بۇرنىنىڭ تۆشۈكىدىن توختىماي پۇرقىراپ چىقاتتى. قىسماق كۆزلىرى نۇرسىز پىلىلداپ، خۇددى بۇ ئىشخانىغا تۇنجى قېتىم كىرگەندەك تامدىكى رەسىملەر، تەقدىرنامىلەر، بۇلۇڭدىكى ئىشكاپلار، ئىش ئۈستىلىدىكى رەڭ دۇۋەتلىرى ئۈستىدە يۈگۈرەيتتى. ئۇنىڭ كۆزى بىردىنلا ئىش ئۈستىلىنىڭ بىر تەرىپىدە تۇرغان يېڭى ھۆججەتكە چۈشتى. ئۇ، قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئاغزىنى توسۇپ تۇرۇپ ئەسنىۋالغاندىن كېيىن، ھۆججەتنى قولىغا ئېلىپ، پەرۋاسىزلىق بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى. بۇ، ئىسمايىلنىڭ مۇشۇ ئىشخانىدا ئىشلىگەن ئون يەتتە يىل مابەينىدە، تۇنجى قېتىم ھۆججەت ئوقۇشى ئىدى.

ئىسمايىلنىڭ مەنسەپ ئىشقىدا كۆيۈپ چۇچۇلا بولۇپ كەتكەن يۈرىكى «لاپ» قىلىپ ئوت ئالدى - دە، رازىمەنلىك ۋە ھەسەت ئارىلىشىپ كەتكەن بىر خىل ھېسسىيات ئىچىدە ئىختىيارسىز ھالدا: «ھەببەللى، ئا جۇجاڭ دىگەننىڭ ئىشى تۈگەپتۇ - دە» دەپ ۋارقىرىۋەتتى ۋە ۋىلايەتتىكى كىمدۇر

بىراۋلارغا غايىبانە رەھمەت ئوقۇدى.

ئۇ «ئەتىگەن ئىشقا يېرىم سائەت كېچىكىپ قالسام، ئاسىم دېگەن نەرسە نېمە تولا ۋالاقلايدىكىن دېسەم، ئۇ مېنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىر چېقىشۋالاي دەپتىكەندە» دەپ ئويلىدى. ئەتىگەن ئىشقا كېچىكىپ كەلگەندە، ئىدارە باشلىقى ئاسىمنىڭ ئۆزىنى تەنقىد قىلغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، قولىدىكى تاماكا قالدۇقىنى زەردە بىلەن يەرگە ئاتتى.

ئۇ ناھايىتى جىددىي بىر قىياپەتتە ھۆججەتنى ناھايىتى تەپسىلىي، جۈملىمۇ جۈملە، قۇرمۇ قۇر ئوقۇدى. ئۇ، ھۆججەتنىڭ «رەھبەرلىككە چوقۇم ياش، قاۋۇل، مەدەنىيەت سەۋىيەسى يۇقىرى بولغان كادىرلارنى قويۇش كېرەك...» دېگەن قۇرلىرىغا كەلگەندە تاقىر بېشىنى قاشلاپ تۇرۇپ، ئۆزىنى ھۆججەتتە كۆرسىتىلگەن «باشلىق بولۇش» شەرتلىرىگە سېلىشتۇرۇشقا باشلىدى. ھۆججەتتە... ياش، قاۋۇل... كادىرلار باشلىق بولسا بولىدۇ، دەپتۇغۇ! ئىسمايىل ئەمدىلا ئوتتۇز سەككىز ياشقا كىردى. گېزى كەلسە ئوتتۇز ياش دەۋالسىمۇ بولىدۇ. «قاۋۇل»لىققا كەلگەندە ئىسمايىلدا كۈچ دېگەن خېلى بار. ئۆتكەندە قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن تەمىنلىگەن ئىككى يۈز جىڭ گۈرۈچنى ئانچە چىڭقالمايلا ئۆيگە كۆتۈرۈپ كېتەلىدىغۇ!؟ ئەمدى سەۋىيەگە كەلسەك، ئىسمايىل باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 4 - يىللىقىنى پۈتكۈزگەن. ھەرقانداق گېزىت - ژۇرناللارنى كۆرەلەيدۇ. بىرنەچچە بەت خەتلەرنى كېلىشتۈرۈپ يازالايدۇ، بۇ سەۋىيە بولماي نېمە؟

ئىسمايىل يۇقىرىقىلارنى ئويلاپ، ئۆزىنىڭ ھۆججەتتە كۆرسىتىلگەن شەرتلەرگە تولۇق چۈشىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ھېس قىلدىلا ئەمەس، بەلكى تولۇق ئىشەندى.

ئۇ، ھۆججەتنى ئاۋايلاپ تارتمىغا سالدى. ئاندىن يېڭى ئورىغان تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق بىر نەچچىنى شورىدى -

دە، ئۆز - ئۆزىگە «ماۋۇ قىسمەتنى كۆرۈڭ، ئاينىڭ ئون بەشى ئايدىڭ، ئون بەشى قاراڭغۇ دېگەن مانا شۇ - دە، بۇرۇن ئاسىم ئۆزىنى تازا كۆرسىتىۋالغان، ئەمدى مېنىڭ نېمە قىلىدىغىنىمنى بىر كۆرسۇن» دەپ ھىجىيىپ قويدى.

ئۇ قىسماق كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ، ئۆزىنىڭ «باشلىق» بولغاندىن كېيىنكى «شېرىن» تۇرمۇشىنى ھۇزۇر بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىشقا باشلىدى: كۈن نۇرىدا يالتىراپ تۇرغان كىچىك ماشىنا، ئىسمايىلنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ، قول قوشتۇرۇپ تۇرغان شوپۇر، ئاسىمنىڭ ئۇنىڭغا بېلىنى يادەك ئېگىپ سالام بېرىشلىرى، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ ئېيتقان «خوش، خوش»لىرى، ئۆيگە توشۇلۇۋاتقان ھەرخىل سوۋغىلار، بەزمە بىلەن قىزىغان ھەرخىل سورۇنلار...

ئىسمايىل يۇقىرىقىلارنى ئويلاپ، ئىختىيارسىز گەز باغلاپ كەتكەن لېۋىنى يالاپ قويدى.

ئىشىكنىڭ تۇيۇقسىز چېكىلىشى، ئىسمايىلنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى. ئۇ، ئىشىككە ئالىيىپ قارىدى. قىيا ئېچىلغان ئىشىكتىن ناتونۇش بىر كىشىنىڭ گەۋدىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئىسمايىل ئىشىككە بېشىنى بۇراپ:

— ھە، نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى سوغۇققىنا.

بىر ناتونۇش كىشى: «ئىدارە باشلىقىنى ئىزدەپ كېلىۋىدىم» دېگىنىچە ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى.

ئىسمايىل بۇ ناتونۇش كىشىنىڭ ئۈستىبېشىغا بىر قۇر سەپسېلىپ، «ئەرز ئېيتىپ كەلگەن بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى. ئۇنى ئولتۇرۇشقىمۇ تەكلىپ قىلماي گىدىيىپ تۇرۇپ:

— ئىدارە باشلىقىنى ئىزدەپ نېمە قىلاتتىڭ؟ — دەپ سورىدى توڭلۇق بىلەن.

— سىز ئىدارە باشلىقى بولامسىز؟ — دەپ سورىدى ناتونۇش

كىشى.

بايىقى شېرىن خىيال ئىسمايىلنى مەست قىلىپ قويدىمۇ ياكى خۇدنى يوقاتتىمۇ ئەيتاۋۇر ئىختىيارسىز «ھە» دەۋەتكىنىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى.

«ياخشى تۇردىڭىزمۇ جۇجاڭ؟!» ناتونۇش كىشى ئىككى قولىنى ئۇنىڭغا سوزۇپ كەلدى. ئىسمايىل ئېسىنى يىغىپ بولغۇچە سەمىمىيەتلىك بىلەن ئۇزىتىلغان قول ئىسمايىلنىڭ ئالدىغا كېلىپ بولغانىدى. ئىسمايىل ئامالسىز قولىنى بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ناتونۇش كىشى ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ:

— مەن سىزگە ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي، ئىسمىم ياسىن، ۋىلايەتتىن مېنى سىلەرنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىڭلارغا ياردەملىشىشكە ئەۋەتتى، — دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى، ئاندىن ۋىلايەتنىڭ يولىيورۇقى، بۇ قېتىمقى رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ ئەھمىيىتى، بۇ خىزمەتنى ئىشلەشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ئۈستىدە قىزغىن ھەم تەمكىن سۆزلىدى. ئىسمايىلنىڭ قۇلىقىغا گەپ كىرمەيتتى، ئۇ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغانىدى. ئۇنىڭ يۈزى بارغانسېرى تاتىرىشقا باشلاپ، تۇرغان يېرىدە قاققان قوزۇقتەك قېتىپلا قالدى. ئەگەر ئۇنىڭ ئوڭ ئېڭىكىدىكى بىر پارچە گۆش لىپىلداپ تۇرمىغىنىدا، ئۇنى بىر قاراشتىن كىيىم كىيگۈزۈپ قويغان ھەيكەل ئىكەن، دەپ قېلىش تامامەن مۇمكىن ئىدى. ۋىلايەتتىن كەلگەن ياسىن ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ:

— جۇجاڭ، مېنىڭچە ئەتە بىر تەييارلىق يىغىنى ئاچساق، ئىدارىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئۇقتۇرۇش قىلىۋەتسىڭىز بولارمۇ؟ — دېدى كۈلۈمسىرەپ.

ئىسمايىل نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، دۇدۇقلاپ

«بۇ...بۇ... بولىدۇ» دېيەلىدى ئارانلا.

ياسىن چىقىپ كېتىپ، خېلى ئۇزۇندىن كېيىن ئېسىگە كەلگەن ئىسمايىل نېمە قىلارىنى بىلەلمەي بىر ھازا تۇرۇپ قالدى - دە، ئاخىر ئويلاپ، ئويلاپ بۇ بالادىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىر ئەپلىك چارە تاپتى ۋە دەرھال ئىشخانىدىن چىقتى.

ئىسمايىل ئاران دېگەندە ئىدارە باشلىقى ئاسىمنى ئامباردا ئىشچىلار بىلەن ئېغىر تاغارلارنى يۈدۈپ ئىشلەۋاتقان يەردىن تاپتى. ئۇ، ھېلىراقتا ۋىلايەتتىن بىر كىشىنىڭ كەلگەنلىكىنى، ئەتە ئىدارە بويىچە يىغىن ئاچماقچى ئىكەنلىكىنى، ئىدارە باشلىقىنى تاپالماي، بۇ خەۋەرنى باشلىققا يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئۆزىگە تاپىلاپ كېتىپ قالغانلىقىنى ئاسىمغا دەپ قويۇپ قايتىپ ماڭدى.

ئىسمايىل كېتىۋېتىپ بۇ بالا - قازادىن قۇتۇلغىنىغا يۈزمىڭ شۈكۈرلەر ئېيتىپ، ئۆزىنى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدى.

يىغىن زالى ئىدارىدىكى پۈتۈن ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن لىق تولغانىدى. توختىماي چېكىلىۋاتقان تاماكىلارنىڭ ئىسى بۇلۇتتەك ئۇياق - بۇياققا ئاستا ئۈزەتتى...

زالنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئۈستەللەر رەتلىك تىزىلغان، ئۈستەل ئۈستىگە بىرقانچە چاشكا ۋە بىر چايدان قويۇلغانىدى. ھەممە ئۆزىگە تېگىشلىك ئورۇندا ئولتۇراتتى. ئىدارە باشلىقى ئاسىم بولسا چاشكىلارغا چاي قويۇۋاتاتتى. ئوتتۇرىدىكى ئورۇندا ۋىلايەتتىن كەلگەن ياسىن ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر ئورۇندۇق بوش تۇراتتى.

يىغىن باشقۇرغۇچى يىغىننىڭ باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئىسمايىلنىڭ كۆزى ياسىننىڭ كۆزى بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى ياسىننىڭ تونۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، يۈزىنى ئالدىدىكى

كىشىنىڭ گەۋدىسىگە يوشۇرماقچى بولۇپ تۇرغاندا ياسىن تۇيۇقسىز ئۈنلۈك قىلىپ:

«جۇجاڭ، بۇ يەرگە كەلمەمسىز» دەپ چاقىردى. پۈتۈن يىغىن ئەھلى ھەيران بولۇپ، بىردەم ئىسمايىلغا، بىردەم ياسىنغا قاراشتى. چاي قۇيۇۋاتقان ئاسىم بۇ غەلىتە ئىشتىن ھەيران بولۇپ ئىسمايىلغا قارىدى.

ئىسمايىلنى ئېغىر تىترەك باسقانىدى، ئۇ مۆكۈدىغان يەر تاپالماي قالدى. ياسىن ئۇنى ئىككىنچى رەتكە چاقىرغاندا، پۈتۈن زالدىكىلەرنىڭ كۆزى ئىسمايىلغا تىكىلدى. ئىسمايىل ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا ئورنىدىن تۇردى ـ يۇ، يا ئالدىغا ـ يا كەينىگە مېڭىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. بۇ ھالنى كۆرگەن ياسىن ئىسمايىلغا ئەجەبلىنىپ قاراپ قالدى. ئىسمايىلنىڭ پۈتۈن ئەزايى تىترىمەكتە، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ گويا پۈتۈن جاھان چۆرگىلەۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى. ئۇ دەرمانسىزلىنىپ پۇت ـ قولى بوشىشىپ لاسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

زال ئىچىدە كۈلكە ساداسى كۆتۈرۈلدى.

# سىناق

تۈرلۈك ماللار شىركىتىنىڭ كاسسىرى نايۇپنىڭ دوستلىرى تولىمۇ كۆپ ئىدى. بولۇپمۇ شەمشى، موسا، مامۇت، رەھىم قاتارلىق تۆتى ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن، جان - جىگەرلىرى بولۇپ، ئاي توشۇپ نايۇپ مائاش ئالغان كۈنى مەيلى چاقىرسۇن، مەيلى چاقىرمىسۇن بۇ تۆت دوستى ئۇنىڭ ئۆيىگە ئۇسۇپلا كىرەتتى - دە، تۆردىن ئورۇن ئېلىشاتتى. نايۇپمۇ دوستلىرىنىڭ بۇ ئىشىغا ئادەتلىنىپ قالغان بولغاچقا، ئۇلارنى تۈرلۈك غىزا - قورۇما، ئېسىل ھاراق - تاماكا بىلەن بولۇشىغا مېھمان قىلاتتى. يەپ - ئىچىپ كەيپى كۆتۈرۈلگەن دوستلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان دوستلۇقىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىپ كېتەتتى، ھەتتا مۇشۇ بەش دوستنىڭ قايسى بىرىگە پۇل ئەمەس، جان لازىم بولغاندىمۇ، ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشەتتى. دوستلىرىنىڭ بۇ خىل ئىرادىسىدىن سۆيۈنگەن نايۇپ خوتۇنىنىڭ نارازىلىقىغا قارىماي، ئۇلارنى پات - پات مېھمانغا چاقىرىپ تۇراتتى.

بۈگۈن نايۇپ پەسىللىك خىزمەتتە ئىلغار باھالىنىپ، خېلى كۆپ مۇكاپات پۇلى ئالدى. ئۇ، ئايالىنىڭ «بۇ پۇللارغا كىرئالغۇدىن بىرنى سېتىۋالساق» دەپ يالۋۇرغىنىغا قارىماي، دوستلىرىنى مېھمانغا چاقىردى. مېھمانلار قىلچىمۇ كېچىكمەي دەل ۋاقتىدا يېتىپ كېلىشتى ھەم مول تەييارلانغان داستىخاننى، نايۇپنىڭ ئايالىنىڭ تاماق - قورۇما تەييارلاشتا ئۇستا ئىكەنلىكىنى ماختاپ ئۆتۈشتى. ئۇلار ئالىي ھاراقنىڭ

كۆچىدە تازا قىزىشىپ كەيپى كۆتۈرۈلگەندە، يەنە مۇقەددەس دوستلۇقنى ماختاشقا چۈشتى:
— دۇنيادا، — دېدى شەمشى خۇمالاشقان كۆزلىرىنى سورۇندىكىلەرگە تىكىپ، — بىزنىڭ دوستلۇقىمىزدەك ھەقىقىي دوستلۇق كەم تېپىلىدۇ، بولۇپمۇ...
— شۇنداق بولمايچۇ، — دېدى رەھىم ئۇنىڭ گېپىنى تارتىۋېلىپ، — بىز ئەزەلدىن بىر - بىرىمىزدىن ھېچنېمە ئايىشماي كېلىۋاتىمىز. ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى كېلىپ بىرەرىمىزنىڭ بېشىغا كۈن چۈشۈپ باقسۇنچۇ قېنى...
— توغرا، توغرا دەيسەن رەھىم، قولىمىزغا پۇل كىرسە ھېچقاچان بىر - بىرىمىزنى ئۇنتۇپ قالمايمىز. جاھاندا بىزدەك كۆيۈمچان دوستلارنى تېپىش ناھايىتى تەس، — دېدى مامۇت بىر پارچە گۆشنى چاينىغاچ.
— بىز بېشىغا كۈن چۈشسە نېرى كېتىدىغان، قولىغا پۇل، كىرسە بېرى كېلىدىغان نامەردلەردىن ئەمەستە، — دېدى مۇسا، — قېنى بىرەرىمىزگە ئويلىمىغان پالاكەت يولۇقۇپ باقسۇنچۇ، قالغان تۆتىمىز ھە - ھۇ دەيدىغانلا بولساق...
پەيتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى سەزگەن نايۇپ ئېغىر خورسىنغان ھالدا سۆز باشلىدى:
— ئاغىنىلەر، دېمەي دېسەم تېخى، دەي دېسەم تېخى. ھازىر مېنىڭ بېشىمغا ئېغىر كۈن چۈشتى، شۇ تاپتا نېمە قىلارىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن.
— نېمە دەيدىغانسەن ئاداش، قويە مۇنداق چاقچىقىڭنى، شۇنچە چوڭ شىركەت كاسسىرىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشتى دېگەنمۇ گەپمۇ؟
— پۇل دېسە ئالدىڭدا دۆۋىلىنىپ تۇرسا، يەنە نېمە كۈنكەن ئۇ؟
— شۇنى دېمەمدىغان.
—...

— راست ئاغىنىلەر، بىشىمغا راستتىنلا ئىغىر كۈن چۈشتى، يېقىندا ناھىيەلىك مۇپەتتىش ئىدارىسىنىڭ خادىملىرى كېلىپ، ئون يىللىق ھېسابىمنى تەكشۈرۈپ كۆرۈۋىدى، نەق يەتتە مىڭ ئۈچيۈز ئەللىك يۈەن گەجگەمگە ئارتىلدى دەڭلا، ھەي.... — دېدى نايۇپ ئىغىر خورسىنىپ قويۇپ.

— ئەمدى قانداق قىلاي دەيسەن نايۇپ؟

— قانداق قىلاتتىم، ئۆي بىسات، قورۇ - جايىمنى سېتىپ تۆلىمەي ئامالىم يوق، ئەگەر ھەپتە ئىچىدە كەم پۇللارنى تۆلەپ تۈگەتمىسەم بەش يىللىق قاماقتا كېسىۋېتىدۇ. ئۇششاق بالىلىرىم بىلەن ئايالىمغا ئىچىم ئاغرىيدۇ ئاغىنىلەر...

— ياخشى ئويلاپسەن ئاداش، قاراپ تۇرۇپ بەش يىللىق كېسىلىپ كەتكۈچە، مال - مۈلكىڭنى سېتىپ تۆلىۋەتكىنىڭ تۈزۈك.

— راست دەيسەن ئاداش، جان بولغاندىن كېيىن بىرنېمە قىلىپ تۆلىۋەتكەن ياخشى.

— قورۇ - جايىڭنى نەچچىگە ساتاي دەيسەن؟

— ماۋۇ ئىشكاپ، تېلېۋىزور، گىلەمنىچۇ؟

— ھازىر ماڭا زۆرۈرى پۇل. شۇڭا ئىلىشىغا سېتىۋېتەي دەيمەن. قورۇ - جايىمنى بەش مىڭ سوم، تېلېۋىزورنى مىڭ سوم ئۆپچۆرىسىدە، ئۈچ پارچە گىلەمنى بىر مىڭ بەش يۈز سوم، ئاۋۇ...

— توختىغىنا ئاداش، — دېدى شەمشى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ماۋۇ قورۇ - جايىڭنى راست ساتىدىغان يېرىڭنى دېگىنە؟ ساڭا ھازىر جىددىي پۇل لازىم بولۇۋېتىپتۇ، دوست تۇرۇپ قاراپ تۇرۇشقا چىدىمايمەن، مەن ئىلىپ قوياي. تۆت مىڭغا بېرەمسەن، تۆت مىڭغا؟

— رەڭلىك تېلېۋىزورنى مەن ئىلىپ قوياي، مىڭ سوم دەپمۇ

تۇرىۋالما! ــ دېدى مامۇت.

ــ گىلەمنى مەن ئېلىپ قوياي...

ــ ئىشكاپنى مەن...

ــ ...

نايۇپ ئۇزۇن يىللىق دوستلىرىغا تەكشى قارىدى ـ دە، ئاچچىق كۇلۇمسىرەپ:

ــ رەھمەت ئاغىنىلەر ياردىمىڭلارغا، سىناقتىن ئوبدان ئۆتتۇڭلار! سىلەر بېشىمغا كۈن چۈشكەندە ياردەم قىلماي، ئۆي بىساتىمنى ئەرزان ئېلىۋېلىپ، مېنى گاڭسا ـ جىسا قىلىپ قويماقچىمۇ؟ ئەمدى دوستلۇقۇڭلارنى چۈشەندىم، ماڭا بۇنداق دوستلۇقنىڭ كېرىكى يوق، ــ دېدى. ئەتراپتىكىلەر بىر ـ بىرىگە قاراپ قېلىشتى.

# يولدا

مەن كابىنكىدا ئىشكىنى زەردە بىلەن ياپتىم - دە، ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ، كالون دەرۋازىسىدىن ناھايىتى تېز ھەيدەپ چىقىپ كەتتىم. كالون باشلىقىنىڭ «يولدا پەخەس بول، بىخەتەرلىككە دىققەت قىل» دېگەن ئادەت بولۇپ كەتكەن سۆزى ئۇنىڭ پۇلاتتەك قولى ۋە ۋىجىك گەۋدىسى بىلەن بىرگە چاڭ - توزان ئارىسىدا قالدى.

مەن گويا ئاچچىقىمنى ماشىنىدىن چىقارماقچى بولغاندەك مايىنى قولاقچە دەسسەپ كېتىۋاتىمەن. مانا ھەش - پەش دېگۈچە قارىماي يولىدىن ئايرىلىپ، ئادەمنىڭ ئىچىنى ئىلىشتۇرىدىغان كاتاڭلىق، ئەگرى - بۈگرى يولغا چۈشتۈم. بۈگۈن قانداقلا بولمىسۇن يۈكنى تارىم چارۋىچىلىق مەيدانىغا يەتكۈزۈپ بېرىپ، قايتىپ كەتمىسەم بولمايتتى. چۈنكى، ئەتە قەشقەرنىڭ يۈكىنى بېسىۋالمىسام، كالون باشلىقى مېنى باشقا جايغا بېرىشقا بۇيرۇشى تۇرغانلا گەپ. ھەي، بىزنىڭ راخمان دۈيجاڭ مېنى نېمە كۆرىدىغاندۇ؟ دائىم مۇشۇنداق ئاۋارچىلىكى تولا ۋەزىپىنى ماڭىلا يۈكلەيدۇ، خەپ، دۈيجاڭ! ھاشىم گومۇشنى مېنىڭ ئورنىمغا بۇياققا ھەيدەپ، مېنى ئۇنىڭ ئورنىغا قەشقەرگە ماڭدۇرساڭ بولماسمىدى؟! سوپىيە مېنى ئېلىپ كېتىدۇ، دەپ قانچە كۈتۈۋاتقاندۇ؟ ئۇلارنى ئەتە ئەتىلگە قويۇپ بېرىدۇ، ئۇ ئوقۇشقا كەتكەندىن بۇيان بىرەر قېتىممۇ ئەتىلدە ئۆزۈم يۇرتقا ئەكېلەلمىدىم... ماشىنىنىڭ قاتتىق سىلكىنىشى بىلەن خىيالدىن ئويغاندىم. ماشىنا سۇرلۇك قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا كېتىپ باراتتى. ئەتراپنى يانتاق، ياۋا

كەندىر، يۇلغۇن، بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن قېرى توغراقلار قاپلىغان بولۇپ، گاھىدا ئۆركۈپ قاچقان توشقانلارمۇ ئۇچراپ قالاتتى. ھاۋانى كۆمۈش رەڭ بۇلۇت قاپلىغان، كۈننىڭ ئورنىنى پەرق ئېتىشمۇ تەس ئىدى. مەن سائىتىمگە قارىدىم، سائەت تۆتتىن چارەك ئۆتۈپتۇ، كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن مەنزىلگە يېتىۋالمىسام قار چۈشۈپ كېتىدىغانىدەك قىلاتتى. مەن سۈرئەتنى تېزلەتمەكچى بولساممۇ، توپا سۈدەك ئېقىپ تۇرغان كاتاڭلىق يول، ھەر قەدەمدە بىر خوت يوتكەپ تۇرۇشقا مەجبۇر قىلاتتى. تېخى يولنىڭ يېرىم مۇساپىسىنى بېسىپتىمەن، ئەگەر قار چۈشۈپ كەتسە ئىش چاتاق، توپا يول پاتقاق بولۇپ كېتىدۇ - دە، ماشىنىنى باشقۇرماق قىيىنغا چۈشىدۇ. قېرىشقاندەك يولدا پات - پاتلا ئوتتۇن باسقان ھارۋىلار ئۇچراپ تۇرىدۇ، بۇ تار يولدا سۈرئەتنى ئاستىلاتماي ياكى ئۇلارنىڭ ئۆتۈۋېلىشىغا يول بەرمەي چارە يوق. سىگنال بېرىپ تۇرساڭمۇ ئۇلارنىڭ پەرۋايى پەلەك. سېنىڭ قاتتىق سىگنال بېرىشىڭ، ئالىيىپ تىللىشىڭ، توكۇرۇشلىرىڭگە تۇماقلىرىنى پۇلاڭلىتىپ، ئاللىنېمىلەرنى دەپ ھىجىيىشىدۇ - دە، ئاندىن ئېشەك - كالىلىرىنىڭ بېشىنى بۇرىشىدۇ.

ئەنە، يەنە بىر تالاي ھارۋىلار يولنىڭ قىرىدا تۇرۇشىدۇ. بىرقانچە ئوتۇنچى گۈلخاننى چۆرىدەپ، جۇۋىلىرىغا بېشىنى تىقىشىپ ئولتۇرۇشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى سوزۇلۇپ قوپۇپ، يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ، قولىنى پۇلاڭلىتىپ توپتوغرا ماشىنىنىڭ ئالدىغا كەلدى. بۇ ئادەمنىڭ قىلىقىغا ئاچچىقىم كېلىپ، ماشىنامنى زەردە بىلەن تورمۇزلىدىم. ئۇ، يۇگۇرگۈنچە كابىنكا يېنىغا كەلدى - دە، سېرىق چىشلىرىنى چىقىرىپ ھىجايدى:

— ئۇستام، بىز شەھەرگە ئوتۇن ساتقىلى ماڭغان ئوتۇنچىلار ئىدۇق، مايەرگە كەلگەندە ھارۋا بۇزۇلۇپ قالدى، — ئۇ گەدىنىنى

قاشلىدى.

— ھارۋاڭ بۇزۇلۇپ قالسا مېنىڭ بىلەن نېمە ئالاقىسى، — دېدىم مەن ئاچچىقىمنى زورىغا بېسىپ.

— ئۇغۇ شۇنداق ئۇستام...، — دېدى ئۇ ھىجىيىپ.

بۇ سۆزگە چىداپ تۇرالمىدىم - دە:

— ئۇنداقتا ئەبجەق ھارۋاڭنى مەن رېمونت قىلىپ بەرسەم بولىدىغان ئوخشىمامدۇ؟ ماڭ ئاداش، يولنى توسما، نېمە دەيدىكىن دەپتىمەن ماۋۇ تومپايىنى! — دەپ زەردە قىلىپ ماشىنامنى قوپاللىق بىلەن قوزغىدىم. ئۇ، ماشىنا بىلەن تەڭ يۈگۈرۈپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— ئۇكام، بىز دېھقان خەق، سىلىدەك سىلىق سۆزلەشنى بىلمەيدىكەنمىز، خاپا بولماي خاشيۈلىرىدىن ياشاقتەك بەرگەن بولسىلا... يېرىم كۈن بولدى ماشالماي، ئۇنىڭ ئۈستىگە سوغۇق...

مەن ئۇنىڭ خاشيۇ سورىماقچى ئىكەنلىكىنى بىلدىم - دە، ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىگە پىسەنتمۇ قىلماي سۈرئەتنى تېزلەتتىم، ئەينەكتىن ئۇنىڭ چاڭ - توزان ئارىسىدا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئەكسىنى كۆرۈپ مىيىقىمدا كۈلۈپ قويدۇم.

ھاۋا بارغانچە ئوساللىشىپ بارماقتا. سوغوقمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى. ئالاھەزەل يېرىم سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن شور توپىلىق يول بىردىنلا قاتتىق تۈز يولغا ئالماشتى. ماشىنا پات - پاتلا كاتاڭغا چۈشۈپ قاتتىق سىلكىنىسىمۇ ھەرھالدا ئەتىگەندىكىدىن ملىڭ ياخشى ئىدى. ئالدىمدىن يەنە بىر توپ ھارۋا چىقىپ كەلدى، مەن ئۇلارنى يانداپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدۇم. توساتتىن يۈزلىرىنى قويۇق تۈك باسقان بىر ئوتتۇنچى قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ بىر نېمىلەرنى دەپ ۋارقىرىغىلى تۇردى، كەينىدىن قالغانلىرىمۇ بىر نەرسىلەرنى شەرەت قىلىپ ۋارقىراشتى. «سىلەرگىمۇ خاشيۇ لازىممۇ؟ ئۇقۇپ قويۇڭلا، ئاكاڭ

قارغايدا سىلەرگە بېرىدىغان بىر تال بولتىمۇ يوق، سىلەر ئېلىشىنىلا بىلىسىلەر، ۋاقتى كەلگەندە توٓت تال ئاچچىق قاقشا ياراشمايسىلەر» مەن شۇلارنى كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزدۈم ـ دە، ئۇلارنى ياندىپ تېز ئۆتۈپ كەتتىم.

باياتىن تۇرۇپ تۇرغان قار ئەمدى لەپىلدەپ چۈشۈشكە باشلاپ يەرنى خىلىلا ئاقارتقان ئىدى. توساتتىن رول ئوڭ تەرەپكە تارتىپ، ماشىنا ئوڭ يانغا قىڭغايدى، ماشىنىنى توختىتىپ يەرگە سەكرەپ چۈشتۈم. ئاپلا، كامىر تېشىلىپ يەل قويۇۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ. نېمىشقىمۇ زاپاس چاق ئېلىۋالمىغاندىمەن!؟ ئىسىت ـ ئىسىت، ئالدىرىغان ئاكام يولدا قالار دېگەن مانا شۇدە. كامېرنى يەملەپ ماڭماي باشقا ئامال يوق.

كۈن ئاللىقاچان ئولتۇرۇپ بولغان بولۇپ، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلاشقا باشلىدى. ماي باكنىڭ يېنىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان سايمان ساندۇقىنىڭ ئاغزىنى ئاچتىم. بۇ نېمە كارامەت!؟ خۇدا ئۇردى دېگىنى مۇشۇ بولغىيمىدى؟ سايمان ساندۇقىنىڭ تېگى پۈتۈنلەي ئاجراپ دامكرات، باشقا سايمانلارنىڭ ھەممىسى چۈشۈپ قاپتۇ، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق!؟ باشقا سايمانلار بولمىسىمۇ بىر نۆۋرى، دامكراتنىڭ بولمىغىنى چاتاق ـ دە، ئەمدى بىرەر ماشىنا ۋەياكى بىرەر تىراكتورنىڭ كېلىشىنى كۈتمەكتىن باشقا چارە يوق. بۇ جاڭگال يولىدا چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ ماشىنىسىدىن باشقا ماشىنا ـ تىراكتورلار ناھايىتى كەم ماڭىدۇ. ئوتۇنچىلاردىن باشقا ئادەم زاتىنى ئۇچرىتىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. بېشىم تاشتەك قاتتى. ئەتراپ ئاستا قاراڭغۇلىشىپ، تېخىمۇ سۈرلۈك تۇسكە كىردى. توختىماي چىقىۋاتقان شىۋىرغان ئالىقاچان بۆرىدەك ھۇۋلاپ، نەدىنىدۇر قۇم ئارىلاش قارلارنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ، يۈزۈمگە ئۇرماقتا. خۇرۇم چاپىنىم بىلەن توم چەملىك،

كالتە قونچلۇق ئۆتۈكۈم يانۋارنىڭ جاندىن ئۆتمىدىغان سوغۇقىغا ئازراقمۇ دال بولالمىدى. پۇت - قوللىرىم ئۇيۇشۇپ بەدىنىمگە تىترەك ئولىشىشقا باشلىدى. كابىنىكىغا تەستە چىقتىم، كابىنكا ئىچىمۇ سىرتىدىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى. ماشىنىنى زىۋىت قىلىپ ئولتۇرۇپ باقتىم. يەنە ئوخشاشلا سوغۇق. مېنى تۇرۇپلا قورقۇنچ بېسىشقا باشلىدى، قانداق قىلىش كېرەك؟ سوغۇقتا توڭلاپ قېتىپ قالارمەنمۇ؟ ئاشۇ ۋەھىمىلىك خىياللارنى قىلىۋېتىپ، مېنى شېرىن ئۇيقۇ بېسىشقا باشلىدى. بىردىنلا چوڭ ئانامنىڭ ماڭا بالىلىق ۋاقتىمدا سۆزلەپ بەرگەن ئادەم سوغۇقتا قېتىپ قېلىشتىن بۇرۇن شېرىن ئۇيقۇغا كېتىدۇ، دېگەن سۆزى يادىمغا يەتتى - دە، تېنىم شۈركۈنۈپ كەتتى. مەن ئۆلۈپ قالماسلىقىم كېرەك، ئۇخلاشنىڭ ئۆزى ئۆلۈم. جاڭگال دېگەندە ئوتۇن كۆپقۇ، ئوتۇن يىغىپ گۈلخان ياقاي. مەن كابىنكا ئىشىكىنى تەستە ئاچتىم. پۇتۇم ئۇيۇشۇپ قالغاچقا يەرگە دۈم چۈشتۈم. خېلى كۈچىنىپ يۆرۈپ ئورنۇمدىن تۇردۇم - دە، دەلدەڭشىپ ئۇياق - بۇياقلاردىن تىمىسقىلاپ ئوتۇن يىغىشقا باشلىدىم، ئەتراپ سىياھ تۆكۈلۈپ كەتكەندەك قاپقاراڭغۇ بولۇپ، بىرنەچچە مېتىر نېرىدىكى نەرسىلەرنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. يۇلغۇن چوماقلىرىغا پۇتلىشىپ يۈرۈپ، ئاران بىر قولتۇق ئوتۇن يىغدىم. ئوتۇنغا بېنزىن چېچىپ ئوت ياقتىم، ئوت يالقۇنى بوراندا قالغان يالغۇز دەرەختەك بىر ئۇيانغا، بىر بۇيانغا يامىشىپ كۆيۈپ، ئىسسىنىۋېلىشىمغا زادىلا ئىمكان بەرمىدى. شۇنداقتىمۇ ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇيان - بۇيان مېڭىپ ئوتۇن يىغدىم. مۇشۇ تاپتا ئىسسىق ياتىقىمنى، قىزىرىپ تۇرىدىغان مەشنى بەكمۇ سېغىندىم. شىۋىرغان ھۇۋلىماقتا، سوغۇق يىلىك - يىلىكلىرىمدىن ئۆتۈپ، بەدىنىم بىر نەرسىنى سەزمەس بولۇپ قالدى، پۇتۇم ئېغىرلىشىپ، ئىختىيارىمغا

بويسۇنمايتتى. بېشىم توساتتىن قېيىپ، كۆزۈمگە قىزىللىق تىقىلدى ـ دە، تام ئۈستىدە ئۆزىنى توختىتالماي قالغان ئادەمدەك دەلدەڭشىپ قار ئۈستىگە يىقىلدىم...

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى بىلمەيمەن، ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ كۆزۈمنى ئاچسام، گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان گۈلخان يېنىدا جۇۋىغا يۆگىنىپ يېتىپتىمەن. شىۋىرغانمۇ ئاللىبۇرۇن توختاپتۇ، شەرق ئاقىرىشقا باشلاپتۇ. مەن ھەيران بولۇپ بېشىمنى ئاستا كۆتۈردۈم.

— ئۇكا، ھالىڭ قانداقراق؟ — تۇيۇقسىز چىققان بۇ قوپال ئاۋازدىن چۆچۈپ يېنىمغا قارىدىم. يۈزلىرىنى قويۇق ساقال بېسىپ كەتكەن، تەلەتى سۈرۈن، ئاق تۇمىقىنى قاشلىرىغىچە چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان بىر كىشى ماڭا تەبەسسۇم بىلەن قاراپ تۇراتتى. مەن گەپ قىلىشقا تەمشەلگەن بولساممۇ ئاۋازىم چىقمىدى، ئۇ مېنى ئىتتىك يۆلەپ ئىسلىشىپ كەتكەن يوغان قەلەي چاشكىدا قايناق سۇ ئىچۈردى.

— ئاكا، سىلى...، — دېدىم مەن زەئىپ ئاۋازدا.

— ھە، ئالدىراڭغۇ، ئەمدى خېلى ئىسسىپ قالدىڭمۇ؟ مېنى كىمكىن دەپ ھەيران قېلىۋاتامسەن؟ ـ ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ گۈس ـ گۈس دەسسەپ مېڭىپ، نېرىدا بىر تۈپ يۇلغۇنغا باغلاپ قويغان ئېتىنىڭ يېنىغا باردى ـ دە، خۇرجۇندىن دامكرات، كولۇچ ۋە باشقا سايمانلارنى ئېلىپ كەلدى:

— ئۇكا، ھەيران بولما، مەن بىر ئوتۇنچى، بۈگۈن شەھەرگە ئوتۇن ساتقىلى ماڭغانىدىم. سەن كونكاڭنى كېيىكتەك چاپتۇرۇپ بىزنىڭ يېنىمىزدىن ئۆتكەندە ماۋۇ نەرسىلىرىڭ يولغا چۈشۈپ قالدى، سېنى شۇنچە ۋارقىراپمۇ توختىتالمىدىم. خۇددى بولاڭچىغا يولۇققاندەك بىزگە قاراپمۇ قويماي ئۆتۈپ كەتتىڭ. مەن سېنىڭ بىر يەردە ئەمەس، بىر يەردە ماشىنا بۇزۇلۇپ ماڭالمايدىغانلىقىڭنى پەملىدىم. مەن ئوتۇنچىلىق

قىلىۋاتقان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان بۇ يولدا بۇزۇلغان، پېتىپ قالغان، ئۆرۈلگەن ماشىنىلارنى تولا كۆرگەنمەن. بۇ، شەھەرنىڭ سىلىق سېمونت يولى ئەمەس، تېرىمنىڭ جاڭگاللىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە باسقان يۈكۈك ئاز ئەمەسكەن. شۇنىڭ بىلەن ھارۋامنى شۇ جايىدىلا ھەمراھلىرىمغا تاپشۇرۇپ، ئېتىمنى چاپتۇرۇپ سېنى قوغلىدىم. قانداق؟ بىزنىڭ گۆش موتور سېنىڭ كونكاڭغا يېتىشەلەمدىكەن؟ مېنىڭ ۋۇجۇدۇم سوغۇقتىن ئەمەس ھاياجاندىن تىترەشكە باشلىدى. كۆرۈمسىز، لېكىن مېھرىبان، قوپال، لېكىن ئاق كۆڭۈل بۇ قىرىق بەش ياشلار چامىسىدىكى دېھقانغا خۇددى خىزىرنى كۆرۈۋاتقاندەك ھاياجان، ئۆكۈنۈش، خىجىللىق بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ تەسىرات ئىچىدە تىكىلدىم.

مانا ئالدىمدىكى مۇشۇ ئاددىي دېھقان مېنىڭ ھاياتىمنى قۇتقۇزغۇچى، ياق، ئۇ مېنىڭلا ئەمەس، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ شەپقەتچىسى. مەن بۇ ئاددىي، ئەمما ئاق كۆڭۈل، شەپقەتلىك كىشىنى قانغۇچە كۆرۈۋېلىشقا، ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئوبرازىنى قەلبىمگە ئورۇنلاشتۇرۇۋېلىشقا تىرىشقان بولسامۇ، ئەمما كۆزۈمگە تارتىلغان بىر قەۋەت ياش پەردىسى زادىلا ئىمكان بەرمىدى. مەن ئۇنى پەرىشتىلەردەك ئۇچۇپ كەتمىسۇن دەپ چىڭ قۇچاقلىۋالدىم...

# «بىز سىزگە ئىشىنىمىز»

— بۇ ھېكايىنى سىز يېزىپسىز ـ دە، مۇنداق دەڭ، ئەسلىي يازغۇچى ئىكەنسىزغۇ، بىلمەي يۈرۈپتۇق. ھەي، بۇرۇنراق مۇشۇنداق دېسىڭىز بولمامدۇ، ئەستا، ماۋۇ ئىشنى كۆرمەمدىغان! ياخشى ـ ياخشى. مەن سىزنىڭ قابىلىيەت جەھەتتە ئىدارىمىزدىكى باشقا ياشلاردىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىڭىزنى بۇرۇنلا پەرەز قىلغانىدىم، دېمەك. خاتا پەرەز قىلماپتىمەن. ھىم، قولىڭىزدىن ئىش كېلىدىكەن يىگىت. ياخشى ـ ياخشى، بىر يازغۇچىنىڭ ئارىمىزدا بولغىنى بەك ياخشى بولدى، داۋاملىق يېزىڭ! ئىدارىمىزدا يېزىشقا تېگىشلىك ياخشى ئىش، ياخشى پائالىيەتلەر كۆپ. يېزىۋېرىڭ! ئەمما ئىدارىدىكى ئىشلارنى يازغاندا ئۇنى ئالدى بىلەن ماڭا كۆرسىتىڭ، مەن بىر كۆزدىن كەچۈرەي ـ ھە... ھىم، ھېكايىنىڭ بىر ئاز ئەمەلىي چىققىنى ياخشى. يۇقىرىدىن مۇشۇنداق ئىشلار ئىدارەڭلاردا راست بولغانمۇ؟ دەپ سوراپ قالسا، جاۋاب بېرىش تەس بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، يازغانلىرىڭىزنى ماڭا كۆرسەتمەي گېزىت ـ ژۇرناللارغا بېرىۋەتمەڭ ـ ھە، يازغۇچى يىگىت!

— مېنى يازغۇچى دەپ ئاتاشقا تېخى بالدۇر، باشلىق، پەقەت بىر ھەۋاسكارمەن.

— نېمە قىزىرىسىز، بەرىبىر ئوخشاش گەپ. يازغۇچى، ھەۋەسكار، مۇخبىر، شائىر دېگەنلەر بىر گەپقۇ. ھىم، داۋاملىق يېزىڭ، قىيىنچىلىق بولسا مانا بىز بار ـ ھە...

— رەھمەت باشلىق، چىقسام بولامدۇ؟

— بولىدۇ.

— يازغۇچى ئۇكا، بۇ قېتىم سىزنى ئىشخانامغا مۇنداق بىر ئىش بىلەن چاقىرتتىم. سىزنىڭ يازغۇچى ئىكەنلىكىڭىزنى كۆزدە تۇتۇپ، ھازىرقى خىزمىتىڭىزگە بىرلەشتۈرۈپ، خەت بېسىش ئىشىنى قوشۇمچە ئىشلەپ كېتىشىڭىزنى قارار قىلدۇق. نېمە؟ بۇرۇنقى ماشىنىستىنى دەمسىز؟ ھە... ئۇمۇ؟ ئۇقتۇرۇش، ھۆججەتلەرنىڭ پەش، چېكىتلىرىنى ئايرىماي بېسىپ، بىر مۇنچە خاتا جۈملىلەرنى ئىشلىتىپ، بىزگە نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلەرنى تېپىپ بەردى، شۇڭا ئۇنى قالدۇردۇق. سىز بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن تامامەن چىقىپ كېتەلەيسىز، بىز سىزگە ئىشىنىمىز. بۇ يەنە سىزگە كۆڭۈل بۆلگىنىمىز...

— ماقۇل، ئەگەر شۇنداق قىيىنچىلىق بولسا، ماشىنىست بولسامىمۇ مەيلى.

— يازغۇچى ئۇكا، سىز يېرىم يىلدىن بۇيان ئۆز خىزمىتىڭىز ۋە قوشۇمچە ماشىنىستلىقنىڭ ھۆددىسىدىن ناھايىتى ياخشى چىقتىڭىز، رەھبەرلىك بۇنى بىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۈگۈن سىزنى ئىزدىشىمدىكى مەقسەت مۇنداق: بىزنىڭ خەت - چەك تارقاتقۇچى ئايال خادىمىمىز خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن تازا چىقىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. ئۇنى بۇرۇنلا باشقا ئىشقا قويۇش كېرەك ئىدى. بۇ ئىشقا مۇۋاپىق ئادەم تاپالماي بېشىم قېتىپ تۇراتتى، بىردىنلا سىز ئېسىمگە كېلىپ قالدىڭىز. سىز يازغۇچى بولغاندىن كېيىن، بۇ ئىشنىڭمۇ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقىپ كېتەلەيدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. شۇڭا بۇ ئىشنى سىزگە تاپشۇرۇشنى قارار قىلدۇق، قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭىزغا بىرلەشتۈرۈپ قوشۇمچە ئىشلەپ كەتسىڭىز، بىز سىزگە ئىشىنىمىز...

― بولىدۇ، باشلىق.

― يازغۇچى ئۇكا، سىزنى بۇ قېتىم يەنە چاقىرتىشىمدىكى مەقسەت مۇنداق: سىز يازغۇچى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياش، بىز سىزنىڭ ئىستىقبالىڭىزنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىدارىمىزنىڭ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ خىزمىتىنى قوشۇمچە ئىشلەپ كېتىشىڭىزنى قارار قىلدۇق. ياشلار خىزمىتى سىزگە ئوخشاش تالانتلىق، ئىستىقباللىق ياشلارغا تاپشۇرۇلۇشى كېرەك...

― بولىدۇ.

― يازغۇچى ئۇكا، سىزنى چاقىرتىشىمدىكى مەقسەت مۇنداق: سىز ئۆز خىزمىتىڭىزگە بىرلەشتۈرۈپ ماشىنىستلىق، خەت ـ چەك تارقىتىش، ياشلار خىزمىتى قاتارلىق ئىشلارنى قوشۇمچە ئىشلىگەندىن بۇيان، ناھايىتى ياخشى نەتىجە ياراتتىڭىز. شۇڭا بىز سىزنى ئۆستۈرۈشنى قارار قىلدۇق. بۇ تەشكىلنىڭ سىزگە بولغان كۆيۈنۈشى... نېمىگە ئۆستۈردۈك دېمەمسىز؟ سىزنى ئۆزۈمگە كاتىپلىققا ئۆستۈردۈم. بۇرۇنقى ۋەزىپىلىرىڭىزنى قوشۇمچە ئۆتەيسىز، ئاساسىي ۋەزىپىڭىز كاتىپلىق. بىراق، ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقىشىڭىز شەرت، بىز سىزگە ئىشىنىمىز.

― باشلىق، بۇ...

― يۈرەكلىك ئىشلەۋېرىڭ، بىز سىزنى قوللايمىز.

― يازغۇچى ئۇكا، بىر نەرسە يېزىۋاتامسىز؟ ئۇزۇن بولدى، ئەسىرىڭىزنى گېزىت ـ ژۇرناللاردا كۆرگىلى بولمايدىغۇ؟ نېمە؟ ئىش كۆپ، ۋاقىت يوق دەمسىز؟ شۇمۇ گەپمۇ؟! ياش ئادەم دېگەن جۇشقۇن، ئۇمىدۋار، چىداملىق بولۇشى كېرەك ـ دە. خېلى ياخشى نەرسىلەرنى يېزىۋاتاتتىڭىز، رەھبەرلىك سىزگە ئىشىنىپ، شۇنچە كۆيۈنۈپ، خىزمەت شارائىتىڭىزنى كۈندىن ـ

كۆڭگە ياخشىلاپ بېرىۋاتساق، مۆھىم ئورۇنغا ئىشقا قويۇۋاتساق، ئەمدى كېلىپ نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ بىز تېخى سىزنى خەنزۇچە ئاساسى ياخشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يازغۇچى دەپ، پات ئاردا تەرجىمانلىق ئىشىنىمۇ قوشۇمچە ئىشلىشىڭىزگە بېرىشنى ئويلىشىۋاتقان، سىززە. . .

# قۇياش غەربكە قايرىلغاندا

ھاشىم قازان ئۈچ كۈن ھوشسىز يېتىپ، ئاران دېگەندە
بۈگۈن ھوشىغا كەلدى. مانا ئۇنىڭ بادام قاپاقلىرى ئاستا ـ
ئاستا ئېچىلىپ، كۆكۈچ كۆزلىرى ئەتراپتىكى نەرسىلەرنى غۇۋا
ئاڭقىرالايدىغان بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ باقى ئالەمدە ياكى پانىي
ئالەمدە ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولغاندەك، بالىنىست
ئىچىدىكى ھەممە نەرسىلەرگە سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى.

ئۇ ئون بەش ياشلاردىكى چوڭ ئوغلى ھاشىر بىلەن ئون
ئىككى ياشلاردىكى كىچىك ئوغلى ھامۇتنىڭ «دادا» دەپ
چۇرقىراشقان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ تېخى
ھايات ئىكەنلىكىنى، ياتقىنى تاۋۇت، يېپىنغىنى كېپەن
ئەمەس، بەلكى كېسەل كارىۋىتى ۋە ئاق يوتقان ئىكەنلىكىنى،
ئۇنىڭغا مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرغانلار ئاق لىباسلىق
پەرىشتىلەر ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قالغان دوختۇر ـ
سېسترالار ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. ئۇنىڭ قېلىن
كالپۇكلىرى نېمىشقىدۇر توختىماي مىدىرلايتتى، پۈتۈن
ۋۇجۇدى ئاچچىق پۇشايمان ۋە ئۆكۈنۈشتىن ئۆرتىنىپ،
خۇشاللىق يېشى، ئۇنىڭ گۆشلۈك يۈزىنى بويلاپ
توختىماستىن پەسكە دومىلاشقا باشلىدى.

ئۇ ئىككى ئوغلىنى چىڭ قۇچاقلاپ، ئىچ ـ ئىچىدىن
بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى:

ـ باللىرىم، نادان داداڭلارنى ئەپۇ قىلىڭلار...

ھاشىمنىڭ «قازان» دېگەن لەقىمى ئاتا مىراس كەسىپىگە
مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى مۇشۇ مەھەللىدە

قازانچىلىق بىلەن داڭ چىقارغان ئۇستا كاسىپلار ئىدى. هاشىم بىر مەزگىل ئاتا كەسىپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، قازان قۇيۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا كىشىلەر ئۇنى «هاشىم قازان» دەپ ئاتىۋالغانىدى. كېيىن ئۇ، هۈنىرىنى تاشلاپ سودىگەرچىلىك قىلىپ يۈردى. ئامىتى كەلدىمۇ قانداق، ئەيتاۋۇر ناهايىتى تېزلا بېيىپ كەتتى. ئۇنىڭ سودىسى تازا يۈرۈشۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇيۇقسىز كاللىسىغا بىر ئەقىل كېلىپ، ئۇنى قەۋەتلا خۇش قىلىۋەتتى. نەچچە يىللاردىن بۇيان نېمىشقا بۇ ئىشنى ئويلاپ كۆرمىگەندۇ ـ هە!

ماي ئېيىنىڭ سالقىن شاماللىق بىرئاخشىمى، هاۋا ناهايىتى ئوچۇق بولۇپ، ئاسماندا يۇلتۇزلار چاراقلاپ كەتكەنىدى. ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئاينىڭ كۈمۈشتەك نۇرىدا مەهەللە دوقمۇشىغا جايلاشقان، كەڭ هويلىلىق، پېشايۋانلىرى چىرايلىق نەقىشلەنگەن، كۆركەم ئىمارەت كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. تۇن نىسپى بولاي دېگەن بولسىمۇ، ئېسىل ئۆي جاهازلىرى بىلەن بېزەلگەن مېهمانخانا ئۆيىنىڭ چىرىغى تېخى ئۆچمىگەنىدى.

ــ ماقۇل دەپ گېپىمگە كىر خوتۇن، ــ دېدى هاشىم قازان سېمىز گەۋدىسىنى دىۋانغا تاشلاپ، ــ سەن مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشەنمەيۋاتىسەن. ئويلاپ باق! ئىچكىرىگە قاتناپ ئەكەلگەن مالنى خەققە بىكاردىن ـ بىكار ئەرزانلا تۇتقۇزۇپ قويغۇچە، دۇكان ئېچىپ ئۆزىمىزلا ساتساق، يەنە نۇرغۇن پايدا ئالمايمىزمۇ؟

ــ ياق! ماڭا ئۇنداق پايدىنىڭ كېرىكى يوق، ــ دېدى زىۋىدىخان ئېرىگە رەنجىش نەزىرى بىلەن قاراپ، ــ بالىنى قاراپ تۇرۇپ كۆزى ئوچۇق قارىغۇ قىلمايلى، بۇ نىيىتىڭىزدىن يېنىڭ.

ــ هەي... خوتۇن كىشىدەك كالتە پەم نېمە يوق جاهاندا،

— دېدى هاشىم قازان تېرىكىپ، — مەنمۇ بالىمىزنىڭ كېيىنلىكىنى ئويلاپ شۇنداق دەۋاتىمەن. هاشىرمۇ خېلى كۆزگە كۆرۈنۈپ قالدى، ئۇنى هازىردىن باشلاپ كۈن ئېلىشنىڭ يولىغا سالمىساق بولامدۇ؟ بىزدىن كېيىن قالسا كۈننى قانداق ئالىدۇ؟

— مەنمۇ شۇ بالىمىزنىڭ كېيىنلىكىنى ئويلاپ شۇنداق دەۋاتىمەنغۇ؟

— كېيىنلىكىنى ئويلاپتىمىش — تېخى!

نامازشام بىلەن باشلانغان بۇ ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىش تېخىچە داۋام قىلماقتا ئىدى. ئۇلار گەپ ئارىسىدا بىرنەچچە قېتىم قىزىرىشىپمۇ قالدى، لېكىن بىر - بىرىنى قايىل قىلالمىدى. هاشىم ئايالىنىڭ بۇنچىۋالا جاھىللىق قىلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى، شۇڭا ئۇنىڭ زەردىسى قايناپ يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

— سەن بالىنى ئوقۇتسام دەيسەن، ئۇ ئوقۇپ ئالىم بولاتتىمۇ؟ كۈن ئېلىشنىڭ يولى ئاشۇ ئوقۇشتا بولسا، ئۇن يىل ئاتا - ئانىسىنىڭ پۇلىنى خەجلەپ ئوقۇپ، ئاخىرى هېچنېمىگە ئېرىشەلمەي، ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارغا قاراپ باق، ئۇلارغا ئوقۇش ئەسقېتىپتىمۇ؟ ئۇلارغا ئوقۇغىنى ئەمەس، بەلكى هۈنىرى ئەسقېتىۋاتامدۇ! ؟ ئاتا - بوۋىمىزمۇ جاهاندىن ئوقۇماي ئۆتۈپتىكەن. مەنمۇ، سەنمۇ ئېلىپنى بىلمەيمىز، كىم بىزنى ئوقۇمىغان دەپ بازاردىن قوغلىدى؟ قاراپ باقمامسەن، هازىر هال - كۈنىمىز ئوقۇغانلاردىن مىڭ ياخشىغۇ! ماقۇل، هاشىرنى ئوقۇپ كادىر بولىدىمۇ دەيلى. كادىرنىڭ ئايدا ئالىدىغىنى قانچە؟ ۋاقتى كەلسە مەن هاشىمنىڭ بىر كۈنلۈك تاپقىنى بىلەن تەڭ شۇ! بولدى قىل خوتۇن، جاهىللىق قىلما، هازىر ھەممىنىڭ خوجا ئاكىسى پۇل!

زىۋىدىخاننىڭ بىرنەچچە كۈنلەپ يىغلاپ يالۋۇرۇشلىرى،

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قايتا - قايتا چۈشەندۈرۈشلىرى، مەھەللە كومىتېتىدىكىلەرنىڭ ئىشلىگەن خىزمەتلىرى ھاشىم قازاننى ئەيۋەشكە كەلتۈرەلمىدى. ئۇنىڭ دات باسقان تۆمۈردەك قېتىپ كەتكەن كاللىسىدا پەقەت «پۇل» دېگەن بىرلا ئۇقۇم بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ئوقۇشتىن توختاپ، چوڭى دۇكانغا، كىچىكى موللىنىڭكىگە قاترايدىغان بولدى. ھاشىم قازان ئۆزى قىلغان بۇ «ئىبسىل» ئىشتىن ناھايىتى مەمنۇن ئىدى. ئۇ قوشنىلىرىنىڭ بالىلىرىنى مەكتەپكە ئېلىپ ماڭغىنىنى كۆرسە مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، ئۇلارنى: «ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەقلەر» دەپ مەسخىرە قىلاتتى.

ھەش - پەش دېگۈچە ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. ھاشىم قازان سودا ئىشى بىلەن راسا ئالدىراش بولۇۋاتقان كەچ كۈزنىڭ بىر كۈنى، توساتتىن كېسەل تېگىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئېرىنىڭ ساقىيىپ بولۇپ قالغانلىقىدىن پايپېتەك بولغان زىۋىدىخان ئۇنى دوختۇرخانىغا بېرىپ كۆرۈنۈشكە ئالدىراتتى. لېكىن، ھاشىم قازان دوختۇرغا بېرىشقا زادىلا ئۇنىماي تۇرۇۋالغاچقا، بىچارە مەزلۇم ئاخىرى ئۆزى بېرىپ، ئېرىنىڭ كېسەللىك ئالامەتلىرىنى ئېيتىپ بېرىش ئارقىلىق بىرقانچە بولاق دورا ئېلىپ كەلدى ۋە دورىنى ئىچىشكە ئېرىنى ئاران كۆندۈردى. ساۋاتسىز ئەر - ئايال بولاق ئۈستىگە يېزىلغان خەتلەرنى ئوقۇيالمىغاچقا، قانداق ئىچىشنى بىلەلمەي تۇرغانىنىڭ ئۈستىگە، دۇكاندىن قايتقان ھاشىر كىرىپ كەلدى. ئۇ بولاقنى بىر ھازا ئۇياق - بۇياققا چۆرۈپ قاراپ، ئاخىر ئىككى، تۆت دېگەن رەقەمگە قاراپلا، ئىككىدىن تۆت قېتىم ئىچىش دېگەننى تۆتتىن ئىككى قېتىم ئىچسە بولىدىكەن، دەپ جەزم قىلدى. زىۋىدىخان نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا، بىر ئىستاكان قايناق سۇ بىلەن تۆت تال دورا تابلېتكىسىنى ھاشىم قازانغا ئىچۈردى...

ھاشىم قازان دوختۇرلارغا ئۆز ھېكايىسىنى سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە خىجالەت ئارىلاش:

— سىلەر بولمىغان بولساڭلار مېنىڭ بۇ دۇنيالىقىم تۇگەر ئىكەن. سىلەرگە رەھمەت، سىلەرنى ئوقۇتقان ئاتا - ئاناڭلارغا ۋە ئىلىم بەرگەن ئۇستازلىرىڭلارغا مىڭ مەرتىۋە رەھمەت. دۇنيادا ساۋاتسىزلىقتىن گاداي ئىش يوق ئىكەن، ئۆزۈمنى كاتتا باي ھېسابلاپ يۈرۈپتىمەن، ئىسىت - ئىسىت، «ئاتاڭدىن دۇنيا قالغۇچە ئىلىم قالسۇن» دېگەن گەپنى قايسى ئاقىل دېۋىدىكىن. ھازىر بولغان بولسا ئاغزىغا ناۋات سالاتتىم، ناۋات.... — دېدى. دوختۇرلار كۈلۈشتى، ھاشىم قازان زىۋىدىخانغا قاراپ:

— مىڭ يوگۇر خوتۇن، ھازىرلا بازارغا چاپ، ھاشىرجان، ماموتجانغا يېتەرلىك دەپتەر - قەلەم، سومكا ئال. ئۇلارنى مەن ئەتە ئۆزۈم مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىمەن، تىزلىنىپ تۇرۇپ ئوقۇتقۇچىلاردىن ئەپۇ سورايمەن. ھە، راست، ياناشىڭدا بانكىغا يولۇققاش كەل، مەسچىتكە ياردەم قىلىمەن دەپ قويۇپ قويغان مىڭ كوي پۇلغا يەنە مىڭ كوي قوشۇپ ئال، نېمە؟ ھەيران قېلىۋاتامسەن؟ مەن بۇ پۇللارنى مەكتەپكە تەقدىم قىلىمەن، ھىجىيىپ تۇرماي تېز بول!

دادىسىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ھاشىر بىلەن ماموت ئۆزىنى قويۇدىغان يەر تاپالماي قېلىشتى. ھاشىم قازان ئىككى بالىسىنىڭ بېشىنى چوڭقۇر ئاتىلىق مېھرى بىلەن سىيلاپ تۇرۇپ:

— داداڭلارنىڭ ئەقىلسىزلىكىنى كەچۈرۈڭلار، — دېدى.

غەربكە قايرىلغان قۇياش نۇرى دېرىزە ئەينىكىنى تېشىپ ئۆتۈپ، ھاشىم قازاننىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇردى.

— ئىسىت، كېچىكىپ كەلگەن ئەقىل، — دېدى ھاشىم قازان ئېغىر خورسىنىپ.

# سىز نېمىنى ئارزۇ قىلىسىز؟

ئەبەيدۇللا زاۋۇتقا باشلىق بولغان ئىككى ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن خەتلەرنى تاپشۇرۇۋالدى. بولۇپمۇ ئۇنى بىزار قىلىۋاتقىنى كەينى - كەينىدىن كېلىۋاتقان «يالقۇنلۇق مۇھەببەت» خەتلىرى ئىدى. ئەبەيدۇللا ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، بۇ زاۋۇتتا ئىشلىگەن بەش يىلدىن بۇيان ئۇنىڭغا قىزلاردىن بىرەر پارچە خەت كېلىپ باققان ئەمەس. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، نېمە ئۈچۈنكى ھەرخىل خۇش پۇراق گۈللۈك كونۋېرتلار ئۇنىڭ ئالدىدا دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى.

بەش يىلدىن بۇيان، ئەبەيدۇللانىڭ ئىسمىنى بىر قېتىممۇ ئېغىزغا ئېلىپ قويمايدىغان، ئۇنىڭ گېپى چىقىپ قالسا، «قويە ئۇنداق كىتاب مەستانىسىنى» دەپ، ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇپ، قېشىنى ھىمىرىدىغان، ئۇنىڭ كېلىشكەن بەستىگىمۇ قىلچە ھەۋەسلەنمەيدىغان قىزلار زاۋۇت باشلىقى بولۇشى بىلەنلا خۇددى ھەسەلگە ئولاشقان چىۋىندەك ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئۇرماقتا ئىدى. ئەگەر بىرەرى ئەبەيدۇللا توغرۇلۇق سۆز ئاچسىلا، قىزلار قىلىۋاتقان ھەرقانداق ئىشىنى تاشلاپ قويۇپ خۇددى قايسى بىر كۈنى كۆرگەن قىزىقارلىق كىنونى سۆزلىگەندەك بەس - بەستە سۆزگە كىرىشىپ كېتەتتى. قىزلار ئەبەيدۇللانى بىر - بىرىدىن قىزغىنىشاتتى. خۇددى قىممەت باھالىق ئۈزۈك تېپىۋالغاندەك تالىشاتتى، ئەگەر ئۇنى تېز قولغا چۈشۈرمىسە، قايسى بىر قىز ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشىدىن ئەنسىرىشەتتى. بەزىلىرى، كېچە - كېچىلەپ قايسى بىر رومانىدىن لىرىك سۆز - ئىبارىلەرنى تاللاپ، ئەبەيدۇللاغا ئۇزۇندىن ئۇزۇن خەت يازاتتى،

جاۋاب خەتلەرنى كۈتۈپ تاقەتتى تاق بولۇشاتتى.

ئەبەيدۇللا بۇ يىل يىگىرمە ئالتە ياشقا كىردى، ئۇنىڭ ئۆزىگە لايىق تاپىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇ قىزلاردىن كەلگەن خەتكە «سىز نېمىنى ئارزۇ قىلىسىز؟» دېگەن بىر جۈملە سۆز بىلەنلا جاۋاب قايتۇراتتى. بىر قېلىپتا يېزىلغان بۇ بىر جۈملە سۆز قىزلارنى ساراسىمىگە سالاتتى، پايپېتەك قىلاتتى، ئۇيان - بۇيان چاپتۇراتتى.

مانا بۈگۈنمۇ، ئەبەيدۇللا ئىككى پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدى. خەتنىڭ بىرىگە «رىزۋاندىن» دەپ يېزىلىپ، يەنە بىر كونۋېرتقا ئىسىم يېزىلمىغانىدى. ئەبەيدۇللا ئۈستىگە ئىسىم يېزىلغان كونۋېرتنى ئاچتى. خەتنىڭ باش قۇرىغا بىر جۈپ قوشقارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ئەبەيدۇللادىن نۇرغۇن تەسۋىرىي سۆزلەر ئارقىلىق ئۆزۈندىن ئۆزۈن ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن مۇنداق يېزىلغانىدى:

«... قەدىرلىك ئەبەيدۇللاجان، سىزنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى سەرپ قىلىپ، ماڭا يازغان ئوتلۇق جاۋاب خېتىڭىزنى ئوقۇپ، ئۆزۈمنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك قىز دەپ ھېس قىلدىم. كىچىچە خۇشاللىقىمدا كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى. سورىغان سوئاللىرىڭىز بەكمۇ يېقىملىق، كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. قىزلارنىڭ ئارزۇسىنى سوراش سىزگە ئوخشاش بىلىملىك، ئەقىلدە كامالەتكە يەتكەن، ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان، مۇھەببەتنىڭ قەدرىنى چۈشىنىدىغان يىگىتكىلا لايىق...»

ئەبەيدۇللا خەتنىڭ بىرنەچچە قۇرىنى ئاتلاپ ئوقۇدى.

«... مەن شۇنى ئارزۇ قىلىمەنكى، سىزگە ئوخشاش ئىستىقباللىق، ئەدەپلىك، مەرد، ئەقىللىك يىگىت بىلەن مەڭگۈ بىرگە ئۆتسەم، پۈتۈن ھاياتىمنى خۇشاللىق ئىچىدە غەمسىز ئۆتكۈزسەم، سىز بىلەن بىرگە چوڭ - چوڭ

شەھەرلەرنى، باغچە داچىلارنى سەيلە - تاماشا قىلسام، تۇرار جايىمنى گۈلدەك بېزەپ، كۆرەلمەسلەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقارسام، باشقىلار مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى بىر كۆرۈپ قويسا، يېڭى - يېڭى مودا كىيىملەرنى كىيىپ، باشقا خوتۇن - قىزلارنىڭ كۆزلىرىدىن ھەسەت ئۇچقۇنلىرىنى چاقنىتىپ...»

ئەبەيدۇللا خەتنىڭ ئاخىرىنى ئوقۇشقا رەغدى بارماي، مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ قويدى - دە، خەتنى پۇرلاپ بۇلۇڭدىكى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىدى. ئۇ، كونۋېرت ئۈستىگە ئىسىم يېزىلمىغان خەتنى ئاچتى، خەت مۇنداق يېزىلغانىدى:

«زاۋۇت باشلىقى ئەبەيدۇللاغا:

مەن زاۋۇت رەھبەرلىكىگە ئىككى قېتىم خەت يېزىپ، سېخقا بېرىپ ئىشلەشنى تەلەپ قىلغانىدىم. لېكىن، تا مۇشۇ چاغقىچە جاۋاب بېرىلمىدى. زاۋۇت رەھبەرلىرىنىڭ مېنى سېخقا يۆتكەپ قويۇشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتۇم. ھازىر مېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىم بەكمۇ ئاسان خىزمەت، ھەر پەسىلدە ئىشچىلارغا تارقىتىدىغان ئىش كىيىمىنى پەقەت ئىككى كۈندىلا تارقىتىپ بولىمەن، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئۈچ ئايلىق خىزمىتىم تامام بولىدۇ. باشقا ۋاقىتتا ئىشخانىدا بىكار ئولتۇرىمەن. نېمە ئىش قىلىشىم بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق. پۈتۈن زاۋۇتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر زاۋۇتىمىزنىڭ ئۆزۈندىن بۇيانقى زىيان تارتىش قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاپ، زىياننى پايدىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز تىرىشىپ ئىشلەۋاتقان بولغۇنىكى كۈندە، مەندەك بىر ياشنىڭ ئىشخانىدا بېكىنىپ ئولتۇرۇشى، قىممەتلىك ۋاقتىنى بىكارغا ئۆتكۈزۈشى نومۇسلۇق بىر ئىش. ئۆز ئارزۇيۇم بويىچە ئېيتقاندا، ئەمگەكنىڭ ئېغىرىنى تاللاپ قىلىپ، تىرىشىپ ۋەتىنىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش — ماڭا ئوخشاش بىر ياشنىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان مۇقەددەس

بۇرچى، بۇ بۇرچنى ئىشخانىدا بىكار ئولتۇرۇپ قۇرۇق خىيال بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، زاۋۇت رەھبەرلىرىنىڭ مېنى خىزمەت شارائىتى ناچار بولغان ئۇچىنچى سېخقا يۆتكەپ قويۇشىنى قايتا - قايتا ئىلتىماس قىلىمەن. زۆرۈر تېپىلسا ھازىرقى ئىشىمنى قوشۇمچە قىلىپ كەتسەممۇ بولىدۇ.

ھۆرمەت بىلەن: پاتىگۇل
1986 - يىلى 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى»

ئەبەيدۇللا خەتنى ئوقۇپ ھاياجانغا تولدى، كۆڭلىدە پاتىگۇلگە ئاپىرىن ئوقۇدى. «نېمە دېگەن غايىلىك، ئېسىل خىسلەتكە باي قىز ھە!» ئۇ خەتنى ئاۋايلاپ يانچۇقىغا سالدى - دە، ئىشخانىدىن چىقىپ ئۇدۇل پاتىگۇلنىڭ ئىشخانىسى تەرەپكە ماڭدى...

# قۇياشنى قايتا كۆرگۈم بار

تەن ئۆز مەجبۇرىيىتى ئۈستىدە ئويلانمىغاندا، روھ ھەمىشە ئۇيقۇغا كېتىپ قالىدۇ.

— ئەنۋەر قۇتلۇق نەزەرى

— سىز ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىپ قاپسىز.

كۆزلىرىدىن مېھرىبانلىق تېمىپ تۇرغان دوختۇرنىڭ بىر خىل ئىچ ئاغرىتىش، ئېچىنىش بىلەن ئېيتقان سۆزى، ئۇنىڭغا جىنايەتچىگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلغان سوتچىنىڭ ھەيۋەتلىك ئاۋازىدەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى لاسسىدە بوشاپ، ئاغرىق تۇيەيلىدىن ئىمجانلاشقان تېنى ھېچنېمىنى سەزمەس بولۇپ قالدى. خۇددى بۇلۇتسىز ئاسماندا چاقماق چېقىپ ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك دەھشەتلىك بىر ئاۋاز ئۇنىڭ قۇلىقىنى زىڭىلدىتىۋەتتى:

— سىز ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىپسىز. ئەيدىز... ئەيدىز...

— ئانا! جېنىم ئانا. مېنى قۇتقۇزۇۋال!

ئۇنىڭ چىرقىراق، ئايانىچلىق ئاۋازى بەش قەۋەتلىك دوختۇرخانا بىناسىنى يەڭگىل تىترىتىپ ئۆتتى. كېسەلخانا دېرىزىسىنىڭ تۇۋىدىكى ئاكاتسىيەنىڭ قويۇق شاخلىرى ئارىسىدا ئۇگدىشىپ ئولتۇرغان قۇشلار ئۇنىڭ نالىسىدىن ئۈركۈپ گۇررىدە ئۇچۇپ كېتىشتى. تېخى سارغىيىشقا ئۈلگۈر - مىگەن يوپۇرماقلار ئاستا - ئاستا يەرگە تۆكۈلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ئەلەملىك ياشلار ئۆكۈنۈش ۋە نەپرەتكە

تولغـــان ۋۇجـــۇدىنى پاكلىمـــاقچى بولغانـــدەك يـــۈزلىرىگە، بويۇنلىرىغا، ئورۇق بارماقلىرىغا تامچىماقتـا ئىـدى. ئىـھ خـۇدا، سەن بەرگەن بۇ جان نېمىدېگەن تاتلىق ـ ھە!

ئـۇ ئـاخىرقى قېـتىم «ئانـا» دەپ ئىڭـراپ تولغانـدى ـ دە، ھوشىدىن كەتتى. دوختـۇرلار بىـردىنلا جىددىيلىـشىپ قالـدى. قۇياش تۇن باغرىنى يېرىپ، سۇبھى ئاستا ـ ئاسـتا يـۈز ئاچقـان دەمــدە، بىچـارە ئـاجىز، مەجـرۇھ تەن ئـۆز سـېزىمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئۇنى ھوشىغا كەلتۈردى.

ــ گۇلنار، گۇلنار. . .

ــ ئـۆزى بىـلەن تەڭ دېمەتلىــك سېــسترانىڭ مــۇلايىم چاقىرىـشىنى ئاڭلىماسـقا سېلىپ، كـۆزلىرىنى چىـڭ يۇمـۇپ يېتىۋالغان بولسىمۇ، سېـسترانىڭ:

ــ قاراڭ! قۇياش كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ، نېمىدېگەن چىرايلىـق، ــ دېگەن سۆزى بىلەن ئاستا كۆزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ خۇنۇك، ئەمما چىرايلىــق كــۆزلىرى شــەرققە قارىتىــپ ئېچىلغــان دېرىــزىگە ئاغدۇرۇلغان ھامان نۇرلىنىپ كەتتى. ئۇ، كۈچسىز گەۋدىـسىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، ماغدۇرسىز ئاياغلىرىنى تەستە يۆتكەپ قۇياشـقا يېقىـــنلاپ ماڭـــدى. ھــــال رەڭ شـــەپەق ئارىـــسىدىن نـــۇر دەسـتىلىرىنى زۇلپىقـاردەك شـىلتىپ كۆتۈرۈلۈۋاتقـان قۇياشـقا تىكىلـگەن كـۆزلىرى، بىرخىــل ھاياجـان ئىلكىــدە كېرىلــدى. دولىسىغا يېيىلغان سارغۇچ چاچلىرى، دېڭىز دولقۇنىـدەك بىـر كۆتۈرۈلـۈپ، بىـر پەسـىيىپ تۇرغـان كۆكـسى ئۇسـتىدە سـۇس يەلپۈنەتتى. ئۇ شۇ تەرىقىدە دېرىزە تۈۋىدە خېلى ئـۇزۇن تـۇردى. سېسترامۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدا قۇياشـقا قـاراپ تـۇراتتى. ئـۇ مۇشـۇ ئـۆمرىگە كەلگـۈچە قۇياشــقا بۇنچىلىــك زەن قويــۇپ قــاراپ باقمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى.

ــ سىز كۈندە قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنى كۆرەمسىز؟ ــ دەپ سوردى ئۇ سېسترادىن ئاستا پىچىرلاپ.

— شۇنداق، مەن يېزىدا چوڭ بولغان. ئاپام دائىم بىزگە:
— كونا قىزىلىدا ئۇخلىسا يامان بولىدۇ، كونا قىزىلىدا ئۇخلىغان ئادەم قان - يىرىڭ ئىچىدە ياتقانغا ئوخشاش، — دەپ تەربىيە قىلاتتى.

— مەنمۇ يېزىدىن، مېنىڭ ئاپامۇ شۇنداق تەربىيە بېرەتتى. ئۇ بامداتقا تاھارەت ئېلىپ بولۇپلا بىزنى ئويغىتاتتى. بىز ئېرىنچەكلىك قىلساق، بىزنى سۆيۈپ تۇرۇپ ئەتىگەن تۇرمىساڭلا ئۆيگە پەرىشتە كىرمەيدۇ، دەيتتى. بىز شۇ ھامان ئورنىمىزدىن تۇراتتۇق - دە، يۈزلىرىمىزنى يۇيۇپ، ئاشقان سۇدا ئىشىكنىڭ تاپىسىنى يۇيۇپ پەرىشتىنى كۈتۈۋالماقچى بولاتتۇق.

گۈلنارمۇ، سېسترامۇ تەڭلا ئۇھ تارتىشتى. شەھەر يوللىرىدا سىگناللىرىنى بولۇشىچە ياڭرىتىپ، ئۇياقتىن - بۇياققا ئۈتۈشۈۋاتقان ماشىنىلار، كانايلاردىن ياڭراۋاتقان قىيا - چىيا ناخشىلار، ئاندا - ساندا ئاڭلىنىپ تۇرغان ھۆپپىگەرلەرنىڭ خېرىدار چاقىرىشلىرى، يېڭى بىر كۈننىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

— مەن ھازىر ئىشتىن چۈشىمەن، سىزگە باشقا سېسترا قارايدۇ، بىز كەچتە كۆرۈشەيلى. كۆڭلىڭىز نېمىنى تارتىدۇ، ئۆيۈمدە تاماق ئەتكەچ كېلەي. تارتىنماي دەڭ، — دېدى گۈلنارغا ئاسما ئوكۇل سېلىۋاتقان سېسترا قىز.

— رەھمەت، سىز كېتىۋېرىڭ. كەچتە كۆرۈشەيلى، — دېدى گۈلنار روھسىز ھالدا.

— پەقەت ھاياتنى سۆيگەندىلا دۇنيا گۈزەل كۆرۈنىدۇ، خۇددى ئەتىگەندىكى ئىككىمىز كۆرگەن قۇياشقا ئوخشاش، خوش، كەچتە كۆرۈشەيلى.

سېسترا چىقىپ كەتتى.

— پەقەت ھاياتنى سۆيگەندىلا دۇنيا گۈزەل كۆرۈنىدۇ، —

پىچىرلىدى گۈلنار ئۆز - ئۆزىگە، بۇنى ئەجەب بۇرۇنراق بىلمەپتىكەنمەن. ياق، بۇرۇن بىلگەن، ئاشۇ ۋاقىتتا توپا - توزان كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان شورتاڭغۇ يېزام ماڭا شۇنچىلىك چىرايلىق، ئادەملىرى شۇنچىلىك ئاق كۆڭۈل، ئاياللار شۇنچىلىك مېھرىبان، باغباراڭلىرى شۇنچىلىك گۈزەل، قۇشلارنىڭ سايراشلىرى، قوي - كاللارنىڭ مۆرەشلىرى، ھەتتا ئېشەكلەرنىڭ قۇلاقنى يارغۇدەك ھاڭراشلىرىمۇ ماڭا شۇنچىلىك يېقىملىق تۇيۇلاتتى. شۇ ۋاقىت ھاياتنى سۆيگەن ۋاقتىم ئىكەن. شۇ گۈزەل چاغلار... يەنە بىر نېسىپ بولسىدى، لېكىن ئەمدى مۇمكىن ئەمەس، مۇمكىن ئەمەس...

ئۇ تورۇسقا تىكىلگىنىچە خىيالغا كەتتى...

«تۇداخۇن شەھەرگە كىرگەندە مېنى ئۇچرىتىپ قېلىپ: ‹گۈلنار مەھەللىمىزگە قايتايلى، بىچارە ئاپاڭغا، خۇدانىڭ مۆمىنى ئاتاڭغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن، مەن سېنى ئېلىپ كېتىمەن› دېگەندە ئەجەب ماقۇل دېمەپتىكەنمەن. ئىسىت، ئەقىلسىزلىكىم. ئۇمۇ يا ئۇرغاندىن كېيىن بىر شاپىلاق ئۇرۇپلا توختاپ قالماي، راسا دۇمبالاپ ئېلىپ كەتمەپتىكەن. يا ھېلىقى ‹تۇرمۇش ئۆگەنگىلى كەلگەن› شائىرنىڭ بىر كېچە قىلغان تەربىيەسىگە كۆنۈپ كەتمەپتىكەنمەن، ياخشى ئادەملەر ئىكەندۇق ھەر ئىككىلىسى. ئاشۇ نەس باسقان يەرگە كېلىپ قالغاندىن كېيىن، بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن قاباھەتلىك كەچۈرمىشلىرىم ئىچىدە پەقەت ئېسىمدە قالغىنى، تۇداخۇننىڭ بىر شاپىلىقى بىلەن شۇ شائىرنىڭ سۆزى بوپتۇ. بەلكىم ئۇ، كېيىنكى پەسكەشلىك ئىچىدە ئۆتكەن ئۆمرۈمدىكى ئەڭ گۈزەل خاتىرىلەردۇر. مەن ئۆيۈمدىن تىغدەك قاڭقىپ چىققان شۇ چاغلار...

بۇ، بۇنىڭدىن تۆت يىل بۇرۇن بولغان ئىش ئىدى. گۈلنار تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپلا تولۇق ئوتتۇرىدا

ئوقۇماسلىق قارارىغا كەلدى. ئاتا - ئانىسى، مۇئەللىملىرىنىڭ قىلغان نەسىھەتلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى، چۈنكى ئۇ ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئېچىلغان «شىنجاڭ سىنىپى» غا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتەلمىگەنلىكىگە قاتتىق نومۇس قىلدى. ئۇ، تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇپ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرسەمۇ ئۆتەلىشىم ناتايىن، ئۇنىڭدىن كۆرە ئاتا - ئانامغا ئېغىرىمنى سالماي ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىقىغا ياردەملىشىپ، دۇئاسىنى ئالغىنىم ياخشى دەپ قارىغانىدى. ئۇنىڭ جاھىللىقىغا قاراپ ئاتا - ئانىسىمۇ قايتا زورلىمىدى. ئۇ ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن سەھەر تۇرۇپ، مال - ۋارانلارنى بېقىپ، ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ، ئۇلارنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولدى. شۇ يىلى كۈزدە پاختىلارنى تېرىپ، خالتا - باداڭلارغا قاچىلاپ پاختا زاۋۇتىغا ساتقىلى ئېلىپ بارغاندا، پاختا باھاسى ئالدىنقى يىلدىكىدىن يېرىم باھا چۈشۈپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. بۇنىڭدىن ئاتا - ئانىسىدىن كۆرە گۈلنارنىڭ بەكرەك دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى. كەنت ئەمەلدارلىرىغا سۇ ھەققى، خىمىيەۋى ئوغۇت پۇلى، يوپۇق پۇلى، دېھقانچىلىق دورىسى پۇلى دېگەندەك تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ھەرخىل قەرزلەرنى بېرىۋەتكەندىن كېيىن ئون مو يەردىن چىققان ھوسۇل پۇلىدىن ئۇلارنىڭ قولىغا ئىككى مىڭ كوي ئاشقانىدى. گۈلنارغا ئاتىسىنىڭ ئاق ئارىلىغان چېچى تېخىمۇ ئاقىرىپ كەتكەندەك، يۈزىدىكى قورۇقلار بىردىنلا كۆپىيىپ قالغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. گۈلنار كاڭنىڭ بۇلۇڭىدا ئولتۇرۇۋېلىپ بارماقلىرىنى پۈكۈپ توختىماي ھېسابات قىلدى:

— ئەتىيازدىن ھازىرغىچە بىز ئۈچىمىز، كۈنلىكىمىزگە ئىككى كوي ئەتراپىدا ساپ ئەمگەك ھەققىگە ئېرىشىپتىمىز، — دېدى ئۇ ئەلەم بىلەن.

— خۇداغا شۈكرى دە، قىزىم، — دېدى ئاپىسى قازاننى

تاراقلىتىپ، ــ ماۋۇ قوشنىمىز باۋۇدۇن ئاخۇننىڭ يېرىمۇ بىزنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئون مو، لېكىن ئۇنىڭ ھوسۇلى قەرزگە چىقىش قىلماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئاله بۇ يېرىڭنى دەپ يۇرتنى تاشلاپ ئىلى تەرەپكە چىقىپ كېتىمەن، دەپ ئۆيدىكىلەرگە تاپا قىلىپ يۈرگۈدەك بىچارە.

ئۆي ئىچى جىمىپ كەتتى، شۇ كۈنى كېچە گۈلنار كىرپىك قاقمىدى، ئۇنى ــ بۇنى ئويلاپ زادى ئۇخلىيالمىدى. كەنت باشلانغۇچ مەكتىپى ئالدىدا لەڭپۇڭ ساتسام پۇل تاپقىلى بولارمۇ؟ يا بىر بوتكا دۇكان ئاچسامچۇ؟ ھەي بۇ كەنتتە ئادەم كۆپ بولغىنى بىلەن ھەممىسى دېگۈدەك كەمبەغەل. يەر كەڭ بولغىنى بىلەن شورتاڭ، ئۈنۈمسىز. زادى دېھقانچىلىق قىلىپ بېيىغىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ. باغۇەنچىلىكنىڭمۇ تايىنى قالمىدى. بىر يىلى قارىئۆرۈك قويىسەن دېگەن، قارىئۆرۈك ئەمدى مېۋىگە كىرگەندە، ئۇنى يۇلدۇرۇپ ئامېرىكىنىڭ قىزىل يەرشارى ئۈزۈمىنى تىكىسەن دېگەن. زادى نېمە ئىش قىلسام بولار؟ ياكى بولمىسا شەھەرگە كىرىپ ئىشلەپ باقسام قانداق بولار؟ بىرەر ئاشخانا، رېستوراندا قاچا يۇسامۇ ھېساب، ياخشىراق ئىش تاپالىسام تېخى ياخشى. بىرنەچچە ئاي ئوبدانلا ئىشلىسەم، ئاتا ــ ئانامۇ خېلى يەڭگىللەپ قالاتتى. ھەي... لېكىن شەھەردە يا ئۇرۇق ــ تۇغقان، تونۇش ــ بىلىش بولمىسا...

بىر كۈنى، بۇ چەت ــ ياقا كەنتكە قىزىل سىرلىرى توپىغا مىلەنگەن سانتانا ماركىلىق تاكسى كىرىپ كەلدى. ئۇششاق باللار ماشىنىغا ئەگىشىپ چۇرقىرىشاتتى. كىشىلەر بۇ ماشىنا بىلەن قايسى مېھمان، كىمنىڭ ئۆيىگە كەلگەندۇ؟ دېگەندەك دەرۋازىلىرىدىن چىقىپ يول بويىدا قارىشىپ تۇرۇشتى. ماشىنا تۇرسۇنئاخۇننىڭ زەي تېپىپ ھازىرلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك دۇمچىيىپ قالغان ئۆيىنىڭ شاخشا ئىشىكى ئالدىدا توختىدى.

ماشىنىدىن چاچلىرىنى كېرەم قوغۇنچىنىڭ يوغانباش سېرىق ئالا ئىتىنىڭ توكىدەك ئالا بولماچ بويىۋالغان، پوزۇر كىيىنگەن بىر ئايال چۈشتى. بۇ ئالپىتە مېھمانغا قارىشىپ تۇرغانلار غۇلغۇلا قىلىشتى:

– مۇخبىر ئوخشايدۇ، چوقۇم چوڭ شەھەردىن كەلگەن.

– ماگەۋا، ئۆتكەندە كەلگەن مۇخبىر ئايالنىڭ بويىمۇ ئاپپارات، قولىدا سومكا، بېشىدا ياغلىق، چوڭ - كىچىكلەرنى كۆرسە «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ياخشى تۇرلىمۇ» دەپ ئادەمنىڭ تۇغقىنىدەك ئەھۋال سورايدىغان ئايالكەنتۇق. بۇ خوتۇن مۇخبىر ئەمەستەك قىلىدۇ.

– مۇخبىر بولمىسا كىم كېلىدۇ بۇ بەش كېپىللىكنىڭ ئۆيىگە.

– بولدى قىلىڭلار تالاشماي، تۇرسۇنئاخۇننىڭ قايسى يىلى قېچىپ كەتكەن قىزى زىيادەم ئىكەن.

– ۋاي توۋا.

– ۋاي خۇدايىمەي، ئۇ تېخى ھاياتمىكەن؟ بىچارە قېرى ئاتىسىنى تاشلاپ قويۇپ شۇنچە يىلدىن ياقى خەت - خەۋىرى يوق يوقاپ كەتسە، مەن تېخى ئاتىسىنىڭ قارغىشى تۇتۇپ ئۆلگەنمىكىن دەپتىكەنمەن.

– بولدى قىلىڭلار، قانداقلا بولمىسۇن بوگۇن قايتىپ كەپتىغۇ. ئايال خەق دېگەننىزە...

– ھە، ئەرخەقنىمۇ كۆرەرمىز.

گۈلنار كىشىلەرنىڭ تالاش - تارتىشىغا ئەمەس، سېرىق چاچلىق زىيادەمنىڭ ماشىنىدىن ئېلىپ چۈشۈرۈۋاتقان يوغان - يوغان ئىككى چامادانىغا قارىغىنىچە خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى. زىيادە، گۈلناردىن بىرقانچە ياش چوڭ بولۇپ، مۇشۇ كەنتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزۈپلا ئوقۇمىغان. ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، تۆت - بەش يىل ئاتىسىنىڭ ئاش -

تامىقنى ئېتىپ بېرىپ يۈرۈپ، بىر كۈنى يېزا بازىرىغا ئاتىسى بىلەن بارغاندا بېرىپ يوقاپ كەتكەنچە ھازىرغىچە نەدە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

ئەتىسى مەھەللىدە مىش - مىش پاراڭلار كۆپىيىشكە باشلىدى:

— زىيادەم كەنت سېكرېتارىغا بىر كاللەك پۇلنى تۇتقۇزۇپ: «مەن بەك ئالدىراش، بىرقانچە كۈندىن كېيىن قايتىمەن. شۇڭا ئۆزلىرى باش بولۇپ ئاتامغا پىششىق خىشتىن ئىككى ئېغىزلىق خىش ئۆي سېلىپ بەرگەن بولسىلا. پۇل يەتمىگۈدەك بولسا يەنە ئەكېلىپ بېرىمەن» دەپتىمىش.

— نەدىكىنى، بىر كاللەك پۇلنى سېكرېتارغا بېرىپ تۆۋەنكى مەھەللىدىكى قوۋانىم ساراڭغا قاراپ قويغان بولساڭلار دەپتىمىشقۇ.

— ماڭەۋا ئاداش، قوۋانىم ساراڭغا بەرگەن پۇل بىر كاللەك ئەمەس يۈز كويكەن، يۈز كوي.

ئۇ بۇنچىۋالا پۇلنى قانداق تاپقاندۇ؟

— شەھەردە پۇل تاپماق ئاسان.

— قويغىنە، ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت.

— ...

گۈلنار تۇرۇپلا زىيادەمگە قىزىقىپ قالدى. ئۇ، گۆگۈم چۈشكەندە، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ زىيادەمنىڭ زەي تېپىپ ھازىرلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك كۆرۈنىدىغان ئۆيىگە قاراپ ماڭدى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى يېنىك تىترەيتتى.

* * *

گۈلنار كىرا ماشىنىسىدىن چۈشكەندە، چىڭقى چۈش بولغانىدى. شەھەر كوچىلىرى ئۇياقتىن - بۇياققا ئالدىراش مېڭىپ يۈرگەن ئادەملەر بىلەن لىق تولغانىدى. ئۇ باشقىلارغا

يۈزىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن باش ياغلىقنى ئېگىكىدىن ئارتىلدۇرۇپ چىڭ چىگىپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، بوغچىمىسىنى قۇچاقلىغىنىچە يولنى كېسىپ ئۆتۈپ، تېلېفون بوتكىسى ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرسىلا بىرى كېلىپ تۇتۇۋالىدىغاندەك ئەندىكەتتى. ئۇ بۈگۈن سەھەر قوي پادىلىرىنى ھەيدەپ چىقىپ ئوتقا قويۇپ بەرگەندىن كېيىن، جاڭگاللىقتا تىقىپ قويغان بوغچىمىسىنى ئالغىنىچە ئېتىز يولى بىلەن مېڭىپ ھېچكىمگە كۆرۈنمەي يولغا چىققانىدى. زىيادەمنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، ئەگەر ئۆزىنىڭ شەھەرگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى بىرىگە تىنىپ قويسا، شەھەردە ئۇنىڭغا خىزمەت يوقلۇقىنى، بۇ قېتىم ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ قويماقچى بولغان، جاپا تارتماي ئاسانلا كۆپ پۇل تاپقىلى بولىدىغان ئىشنىڭ يوق بولىدىغانلىقىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇۋالغاچقا، ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى ئاتا - ئانىسىغا دېمەيلا ئۆيدىن چىققانىدى. لېكىن، ئۇ ئۆيدىن چىقىپ بولۇپ خاتىرجەم بولالمىدى. ئاپام نېمە بولۇپ كېتەر... مۇشۇنداقلا يوقاپ كەتسەم، ئاتامچۇ؟ ئۇ بىردەم دېلىغۇل بولۇپ تۇرغاندىن كېيىن ئۆيىگە قايتىپ كىردى ھەمدە بىر ۋاراق قەغەز تېپىپ قىسقىلا خەت يېزىپ، كىگىزنىڭ قېتىغا قىستۇردى.

ئاپا - ئاتا، سىلەر مەندىن غەم يېمەڭلار، مېنى ئىزدەپمۇ يۈرمەڭلار. مەن كۆپ پۇل تاپقان كۈنى يېنىڭلارغا ئۆزۈم قايتىپ كېلىمەن.

سىلەرنى سۆيۈپ: گۈلنار

گۈلنار زىيادەم بەرگەن تېلېفون نومۇرىغا تېلېفون ئۇردى.

— كىمنى ئىزدەيسىز؟ — غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازلىق ئەر كىشىنىڭ ئاۋازى ئۇنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى. ئۇ تېلېفون نومۇرىنى خاتا باسقان ئوخشايمەن، دەپ قولىدا سىقىمدىۋالغان قەغەزگە

قايتا قاربدى، نومۇر توغرا ئىدى.
— زىيادەم ئاچامنى ئىزدەيتتىم.
— بۇ يەردە زىيادەم دەپ ئاچىڭىز يوق، — سوغۇق، قوپال جاۋابتىن ئۇ تېخىمۇ توگۇلۇپ كەتتى. ئۇنى بىر خىل ۋەھىمە باسقاندەك بولدى. ئەگەر بۇ تېلېفون خاتا بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ بۇ شەھەردە باشقا تونۇشى يوق. نەگىمۇ بارار، نەلەردە تەمتىرەپ يۈرەر... ناتونۇش شەھەر كوچىلىرى ھە دېگەندىلا ئۇنىڭغا بىرخىل قورۇنۇش، يېتىمسىراش ھېس قىلدۇرماقتا ئىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قورقۇمسىراپ قاراپ قويدى. ھەممە ئادەم ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش چېپىشىپ يۈرەتتى. ئۇ ئاخىرقى قېتىم غەيرەتكە كېلىپ تېلېفون نومۇرىنى يەنە باستى. بۇ قېتىم بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.
— ۋەي، كىمنى ئىزدەيسىز؟
— مەن، مەن... زىيادەم ئاچامنى...
— سىز كىم؟
— مەن گۈلنار. زىيادەم ئاچام مۇشۇ تېلېفونغا تېلېفون ئۇرسىڭىز مېنى تاپىسىز دېگەن.
— ھە، ھە... بىلدىم، تۇرۇپ تۇرۇڭ. تېلېفون تۇرۇپكىسىدىن ئەر - ئاياللارنىڭ قىيا - چىيا ئاۋازى ۋە قانداقتۇر بىرخىل گۈلدۈر - غالاپ مۇزىكىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.
— ۋەي، گۈلنار قىزما؟ مەن، مەن، مېنىچۇ شەھەردە زىيادەم ئەمەس زىبىبىگۈل دەپ ئاتايدۇ. قاچان كەلگەن؟ نەدە سىز؟
— بىلمەيمەن.
— ماڭا قاراڭ، ئەتراپىڭىزدىكى ۋىۋىسكىدىن بىرنى ئوقۇڭە، سىز تۇرغان جاينى بىلىۋالىمەن.
— «تۆت ئوكيان» ئاياغ شەھەرچىسى.
— ھە، بىلدىم. مەن ھازىر بەك ئالدىراش، ئۆزۈم ئالدىڭىزغا

چىقاتتىم بولمىسا. مۇنداق بولسۇن، مېنىڭ بىر يېقىن دوستۇم بار، شۇ قېشىڭىزغا تاكسىدا بارىدۇ. قانداق كىيىم كىيگەن؟ ھە، ھە... بىلدىم. تېلېفون بوتكىسىدىن نېرى كەتمەي ئون مىنۇت ساقلاڭ - ھە. دوستۇم ھازىرلا بارىدۇ.

- ھە ماقۇل.

گۈلنار تېلېفوننىڭ ئۇلانغانلىقىدىن خۇش بولدى. خۇددى بۇ يەردىن ئىككى قەدەم يىراقلاپ كەتسە بولمايدىغاندەك، تېلېفون بوتكىسىغا يۆلەنگىنىچە زىبىبىگۈلنىڭ دوستىنىڭ كېلىشىنى كۈتتى.

*　　　　*　　　　*

گۈلنار بۇ يەرگە كەلگىلى مانا ئۈچ كۈن بولدى. لېكىن زىيادەمنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرمىدى. پەقەت كەلگەن كۈنى ئۈنى ئالغىلى كەلگەن خالىدەم ئاتلىق ئوتتۇز ياشلاردىكى خام سېمىز چوكان ئۇنىڭغا بۆلەكچە يېقىنچىلىق قىلاتتى. ئۇ كېلىپ ئەتىسى:

- سىڭلىم، بۇ دېگەن شەھەر، بىز بۇ يەردە مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋالمىساق بولمايدۇ. شۇڭا ئۇستىڭىزدىكى نىمكەش كىيىمنى ماۋۇ يېڭى كىيىمگە ئالماشتۇرۇۋېلىڭ. سىزگە ئاتاپ ئاتايىن سېتىۋالدىم، - دېدى.

گۈلنار ياندىكى ئۆيگە كىرىپ، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ چىقتى، دۇكاندىكى باشقا قىزلار چۆرقىرىشىپ كەتتى. تار پادىچىلار ئىشتىنى ئۇنىڭ تۇپتۇز بىرجۇپ پاچىقىنى خۇددى مودېللاردەك كۆرسەتسە، زىلۋا بويىغا خويمۇ ياراشقان قارا كوپتىسى ئۇنىڭ ئاق ئالمىدەك سۈزۈك چىرايىنى تېخىمۇ ئاق كۆرسىتىپ، تال - تال قارا كىرپىكلىرى، ھىلال ئايدەك ئەگمە قاشلىرىنى باشقىچە جۇلالاندۇرۇۋەتتى. خالىدەم ئەرلەرگە قارىغاندا خۇمالىشىپ كېتىدىغان چوڭ - چوڭ كۆزلىرىنى

چەكچەيتىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، «قايسى بايقۇشنىڭ بولۇپ كېتەرسەن، جېنىم» دېگىنىچە گۇلنارنى چىڭ قۇچاقلىغاچ:

— ئوهوش... چۇۋۇۋەت ماۋۇ بىر نېمەڭنى، دېگىنىچە گۇلنارنىڭ ئىنچىكە بېلىگە چۇشۇپ تۇرغان قاپقارا بىر جۇپ ئۆرۈمە چېچىنى چۇۋۇشقا باشلىدى. چۇۋۇلغان قارا چاچ گۇلنارنىڭ گەۋدىسىگە خۇددى تاغ شارقىراتمىسىدەك دولقۇنلىنىپ يېيىلدى.

— پاھ، نېمىدېگەن چىرايلىق.

— هېلىقى ناخشا چولپىنىنىڭ ئۆزىغۇ بۇ قىز.

— نەدىكىنى، تېلېۋىزىيە رىياسەتچىسىگە ئوخشايدىكەن.

— پەرىغۇ ئۆزى، دەل پەرىزات.

— ئوهوش، قوۋۇرغامنى ئەگمىگىنە پاسكىنىلار. بىزمىچۇ، يېڭى كەلگەندە بۇنىڭدىن ئۆتە پەرى ئىدۇق، ئەمدىچۇ؟

بۇ دۇكاندا ئىشلەيدىغان تۆت قىز تەرەپ - تەرەپتىن چۇرقىرىشىۋاتقاندا، خالىدە زەردە بىلەن ۋارقىرىدى:

— هوي خانلار! بۇ يەردە ئويۇن كۆرگەندەك تۇرۇشماي ئاۋۇ ئايرىم خانىلارنى تۈزەشتۈرۈپ، تونۇش - بىلىش ئەرلىرىڭگە تېلېفون قىلىش. كۇن چۇش بولاي دېدى، تېخىچە بىر تىيىنلىق سودا يوق.

قىزلار قۇرغۇي كۆرگەن ئاق قۇشقاچتەك جىمىپ قېلىشتى. خالىدە گۇلنارنى ئېلىپ ياندىكى ئۆيگە كىردى - دە، يالغان كۇلۇمسىرەپ:

— گۇلنار قىز، مەن سىزگە دېسەم، بىز بۇ يەردە بوش تۇرساق جاننى جان ئەتمىكىمىز تەس. دۇكان ئىجارىسى پالانى پۇل، شۇڭا...

— خالىدەم ئاچا تارتىنماي دەۋېرىڭ، مېنى نېمە ئىش بولسا بۇيرۇۋېرىڭ، هەرقانچە جاپالىق، مەينەت ئىش بولسىمۇ

قىلىۋېرىمەن.

— بۇ دۇكاندا جاپا تارتقۇدەك ئېغىر ئىشقۇ يوق، — دېدى خالىدەم گۇلنارنىڭ قولىنى ئالىقانلىرىغا ئېلىپ سىلاپ تۇرۇپ، — شۇ پەقەت دۇكىنىمىزغا كەلگەن ھاراقكەش ئەرلەرگە ھەمراھ بولۇپ، ئۇلارغا ئانچىكى راست - يالغاندىن يېقىنچىلىق قىلىپ، پۇل خەجلەشكە ئۈندەپ قويسىڭىزلا بولىدۇ. ئەر خەق دېگەنچۇ ئەزەلدىن شاللاق نېمىلەر.

— مەن، مەن... خالىدەم ئاچا، مۇشۇ دۇكاننى تازىلايدىغان، قاچا يۇيىدىغان ئىشلارنى قىلىپ بېرەي. مەن مەھەللىدىكى مەشرەپتىن باشقا سورۇنغا بېرىپ باقمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە تونۇگۇن كەلگەن مېھمانلار ئاۋۇ قىزلارنى قۇچىقىغا ئېلىۋاپتۇ. ئۇلارغۇ مەسكەن، قىزلار بولسىمۇ ئۆزىنى تارتسا بولمامدۇ؟ ئالدىدا ئاش - تائام تۇرسا، شۇنىڭ يۈزىمۇ يوقمۇ؟

— ھەي ساددا قىز، بۇ پەقەت مەستلەرنىڭ بۇ قىزلارنى ئۆزىنىڭ سىڭلىسىدەك يېقىن كۆرۈپ ئەركىلىتىپ قويغىنى، باشقا چوڭ ئىش يوق. مۇنداق بولسۇن، بوگۇن بىر يۈزلۈك مېھمان كەلمەكچى. ئۆزى ناھايىتى مەرد، پۇل دېگەننى سۇدەك خەجلەيدۇ. بىر يېزىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى. سىز شۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇڭ، مەنمۇ بىللە بولىمەن. پەقەت ھە - ھۇ دېيىشىپ، چاقچاقلىشىپ ئولتۇرۇشۇپ بەرسىڭىزلا بولىدۇ. قاراڭ، ماۋۇ بانكىنىڭ دەپتەر چېكى. سىزنىڭ نامىڭىزدا ھېساب ئاچتۇرۇپ قويدۇم. ئەگەر ياخشى ئىشلىسىڭىز تۆت - بەش يىلدا نەچچە ئون مىڭ كوي پۇل تاپالايسىز.

گۇلنار ئۈنچىقماي ئولتۇردى.

ئۇنىڭ شەھەرگە كىرگىنىگە ئىككى ئايچە بولۇپ قالدى. بىر كۈنى دۇكان ئالدىدا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا مەھەللىدىشى تۇرداخۇن پەيدا بولۇپ قالدى. گۇلنار ئۇنى كۆرۈپ دەسلەپ مۆكۈۋالماقچى بولدى، تۇرۇپلا يەنە ئۇز تۇغقىنىنى كۆرگەندەك،

ئاكىسى يوقلاپ كەلگەندەك بىرخىل خۇشاللىق ئۇنى سۆرەپ تۇرداخۇننىڭ قېشىغا كېلىشكە ئۈندىدى.

— سەن مۇشۇ قاۋاقتا تۇرۇۋاتامسەن، گۈلنار؟ — دەپ گەپ باشلىدى تۇرداخۇن سەھرا يىگىتلىرىگە خاس قوپال، ئەمما كەسكىن بىرخىل تەرزدە، — بۇ بىزنىڭ مەھەللىنىڭ قىز - چوكانلىرى تۇرۇدىغان جايمىدى؟ شۇنچە چىرايلىق مەھەللىمىزدىن قېچىپ چىقىپ، مۇشۇ يەردە تۇرۇشنى خالىدىڭما؟! ئۇقۇپ قوي! بۇ يەردە ئادەم ئەمەس، بىزنىڭ مەھەللىنىڭ لالما قانجۇقلىرىمۇ تۇرۇشقا نومۇس قىلىدۇ. بىزنىڭ مەھەللىدىن سەندەك ئىمانسىز ئادەمنىڭ چىققانلىقىنى بۇ چاغقا ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن.

گۈلنار تۇرداخۇننى بۇنداق دەيدۇ دەپ ئويلىمىغانىدى. ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ يىغلاپ ئۆزىنىڭ ئالدام خالتىغا چۈشۈپ چوڭقۇر پاتقاققا پاتقانلىقىنى، قىزلىق ئىپپىتىدىن ئايرىلىپ نومۇسقا قالغانلىقىنى ئېيتىپ بىر يىغلىۋالغۇسى، ئىچىنى تازا بىر بوشىتىۋالغۇسى بار ئىدى. ئاتا - ئانىسى، مەھەللە - كويىنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەكچى، سورىماقچى ئىدى. تۇرداخۇننىڭ دەسلەپتىلا قوپال تېگىشى ئۇنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئۇ قاپقارا كۆزلىرىگە لىق تولغان ياشلىرىنى ئاران تۇتۇپ تۇرۇپ:

— سەن نېمەتىڭ مېنى بۇنچە سەتلەيدىغانغا. ھۇ، ئاق تۇماق سەھرالىق، — دەۋەتتى ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا.

— نېمە، نېمە دېدىڭ؟ سەن ئادەم بالىسى بولساڭ ئاشۇ بىچارە ياۋاش مۆمىن بەندە ئاتاڭنى، سېنىڭ دەردىڭدە تولا يىغلاپ ساراڭ بولاي دېگەن ئاپاڭنى ئويلاپ كۆرسەڭ بولماسمىدى!؟ تولا سەن نېمە، مەن نېمە دەيدىغان گەپنى قىلماي مەن بىلەن يۈر! مەھەللىگە قايتىمىز. سېنى بۇ يەردىن ئېلىپ كەلگىنىمنى ھېچ كىشىگە ئېيتمايمەن. بىرىگە تىنىپ

قويسام ئوغۇل بالا، ئەركەك بولماي كېتەي، يۈر! — تۇرداخۇن گۈلنارنىڭ بىلىكىدىن تارتقۇشلىدى.

— ئۆتەپ بارەۋا ئۇماچ تۇماق! گەپ قىلمىسام نېمە ئۆزىنى بىلمەيدۇ ماۋۇ سولتەك، بېرىپ سىڭلىڭنى باشقۇرۇۋال...

«چاڭ» قىلىپ تەگكەن شاپىلاقتىن گۈلنارنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىپ كەتتى. ئۇ، يۈزىنى تۇتقىنىچە بار ئاۋازى بىلەن سەت چىرقىرىۋىدى، خېلىدىن بېرى دۇكان ئىچىدە قاراپ تۇرغان خالىدەمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن دۇكاندىن بەش، ئالتە ھاراقكەش قولىغا پىۋا بوتۇلكىسىنى ئالغىنىچە ئېتىلىپ چىقتى. ئۇلار تۇرداخۇننىڭ ئۇدۇل كەلگەن يەرلىرىگە ئۇرۇپ، دۇمبالاپ، يۈز - كۆزلىرىنى قانىتىۋەتتى. بەستلىك كەلگەن تەتۈر ئۇستىخان دېھقان يىگىت ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇلاردىن قۇتۇلالمىدى. شۇ ئارىدا ھۇقۇيتىپ كەلگەن ساقچى ماشىنىسىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن جېدەل بېسىقتى.

*　　　　*　　　　*

ۋاقىت تېز ئۆتتى. ئۈچ يىل بولدى دېگەن بىر كۈنى قىلىقسىز ھاراقكەشلەرگە ئوخشىمايدىغان تۆت يىگىت قاۋاقخانىغا كىرىپ كەلدى - دە، بىزگە ئەڭ ناچار ئايرىمخانىلارنى بېرىڭلار، دېيىشتى. بۇلار تەنە قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالغان خالىدەم ئۇلارنى ئەڭ ئېسىل بېزەلگەن ئايرىمخانىغا باشلىدى، ئۇلار ئۇنىمىدى. ئۆزلىرى تاللاپ، زابوي ھاراقكەشلەر ئولتۇرۇش قىلىدىغان ئايرىمخانىنى تاللىدى ھەم ئادەتتە مېھماننى قانداق كۈتسەڭلار بىزنى شۇنداق كۈتۈڭلار، دېدى. خالىدەم دەرھال تۆت قىزنى ياساپ جابدۇپ، ئۇلارغا ھەمراھ بولۇشقا بۇيرۇدى. بۇ تۆت قىز ئىچىدە گۈلنارمۇ بار ئىدى. تۆت مېھمان چېچىنى سەل - پەل ئۆستۈرۈۋالغان، كۆزلىرىدىن خىيالچانلىقى چىقىپ تۇرغان يىگىتنى تۇرمۇش

ئۆگەنگىلى كەلگەن شائىر، دەپ تونۇشتۇردى. گۈلنار بۇ شائىرغا پات ـ پات قاراپ قوياتتى. «يازغۇچى، شائىرمۇ مۇشۇنداق يەردە يۈرسە، بىزنىڭ ئەرلىرىمىز ئىچىدە تۈزۈك يىگىت قالمىغانمۇ نېمە؟» دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە.

لېكىن، بۇلار گۈلنار ئۇچراتقان خېرىدارلار ئىچىدىكى ئەڭ ئەدەپلىك يىگىتلەر ئىدى. ئۇلار قىزلارغا ھاراق زورلىمايتتى، ئۇلارنىڭ قوللىرىنى سىلىمايتتى، سەت يۈمۈر سۆزلىمەيتتى. سۆزلىرى ناھايىتى سىلىق ئىدى. ئۇلار قاۋاقتىن قايتقاندا ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. گۈلنار شائىر يىگىتكە تىكىلىپ قاراپ تۇردى. ئۇنى خۇددى ئۆز ئاكىسىدەك، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ئىچى بوشاپ قالغاندەك ھېس قىلدى ـ دە، ئۇنى چاقىرىپ توختىتىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مۇڭداشقۇسى بارلىقىنى ئېيتتى. ئۇلار بىر كېچە مۇڭداشتى. شائىر توختىماي تاماكا چېكەتتى، گۈلنار بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەيتتى.

ــ سىز ھېلىھەم مەھەللىگىزگە قايتىپ كېتىڭ، ئەگەر غوجايىنغا قەرزدار بولسىڭىز، قەرزىڭىزنى مەن تۆلىۋېتەي. كېيىن شەھەردە بىرەر كەسىپ بىلەن شۇغۇللانماقچى بولسىڭىز، بۇ مېنىڭ ئادرېسىم ۋە تېلېفون نومۇرۇم، مېنىڭ بىلەن ئالاقىلىشىڭ، ــ دېدى سەمىمىيلىك بىلەن.

ــ ياق، ئاكا، ــ دېدى گۈلنار ياش يۇقى كۆزلىرىنى سۈرتكەچ، ــ مەندە ھازىر پۇل بار، مانا چەك دەپتىرىم. يەنە بىر يىل ئىشلىسەم ئاندىن بىزنىڭ توختامىمىز توشىدۇ. شۇ ۋاقىتتا بۇ پۇلنى بانكىدىن ئالالايمەن، ئۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ پۇللارنى ئالالمايمەن. شۇڭا يەنە بىر يىل بۇ ئازابقا بەرداشلىق بېرىشىم كېرەك.

ــ لېكىن، شۇغۇللىنىۋاتقىنىڭىز بىزنىڭ قىزلىرىمىز قىلىدىغان كەسىپ ئەمەس. بولسا بىركۈن بولسىمۇ بالدۇرراق

ھالال ياشاڭ! بۇ مېنىڭلا ئەمەس، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئۈمىدى.

— مەن تىرىشىمەن ئاكا، سىزگە، سەمىمىيىتىڭىزگە رەھمەت!

شائىر يىگىت كەتتى، لېكىن، ئۇ گۈلنارغا ئۆزىنىڭ ئىنسانىي سەمىمىيىتىنى قالدۇرۇپ كەتكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، گۈلنار خېلى بىر مەزگىلگىچە تولىمۇ خاموش، پەرىشان يۈردى. ھەر قېتىم شائىر يىگىت ئېسىگە كەلسىلا بۇ يەرگە كېلىپ مېھمان كۈتكەن تۈنجى كۈنىلا خالىدەم «يۈزلۈك مېھمان، پۇل دېگەننى ئايىماي خەجلەيدۇ، بىر يېزىنىڭ سېكرېتارى» دەپ تونۇشتۇرغان ھېلىقى ئادەمنى نەپرەت بىلەن ئەسكە ئالاتتى: «مەن سىزنىڭ يېزىڭىزدىن، بۇ يەرگە بىلمەي كېلىپ قالغان... دېسەممۇ ئۇنۇماي مېنى نابۇت قىلدى، مېنى ھاڭغا ئىتتىرىۋەتتى. ئاللا، ئۇنىڭغا شائىر يىگىتكە بەرگەن ئىنسابىنىڭ يۈزدىن بىرىنى بەرگەن بولسىمۇ، ئۇ نائىنساب سەن ئوقۇشقا تېگىشلىك بالا بۇ يەردە نېمە قىلىسەن؟ دېيەلىگەن بولسىمۇ، مەن بەلكىم ھوشۇمنى تېپىپ بۇ يەردىن كېتەر ئىدىم. ئېپلاس، ھايۋان، ئېپلاس...»

گۈلنارنىڭ گاراڭ ئادەمدەك يۈرۈشى خالىدەمگە ياقمىدى:

— ھۈيت خېنىم، — دېدى ئۇ بىر كۈنى تەئەددى بىلەن، — بىكار يۈرگەنگە مۈشۈك ئاپتاپقا چىقمايدۇ، نەدە تۈرۈۋاتقانلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا...

گۈلنار شۇنىڭدىن بۇيان شائىر يىگىتنى ئۇچرىتىپ باقمىدى.

*　　　*　　　*

— ئوكۇل تۈگەپتۇ، دورىڭىزنى ئىچىۋېلىڭ! سېسترا قىزنىڭ مۇلايىم ئاۋازى ئۇنى خىيالدىن ئويغاتتى.

ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ دورىنى ئىچتى. سېستىرا دەپتەرگە بىر نېمىلەرنى يېزىۋاتقاندا، پەتنۇستىكى قايچىنى ئېلىپ كۆرپە ئاستىغا تىقىۋالدى. سېستىرا بۇنى تۇيماي چىقىپ كەتتى. گۇلنار ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە ئالدىغا كەلدى. قۇياش بىنانىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئۇ، قۇياشنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋالماقچى بولۇپ، ئورۇق گەۋدىسىنى سوزۇپ ئاسماننىڭ بىر تەرىپىدە ئاداققى نۇرلىرىنى چېچىۋاتقان قۇياشقا قارىدى. كۆپكۆك ئاسماندا يوغان بىر پارچە ئاق بۇلۇت لەيلەپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ قۇياشقا قېنىپ - قېنىپ قارىۋالغۇسى كەلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قۇياشنى ئاختۇرۇپ تاپالمىغاندىن كېيىن ئاق بولۇتقا تىكىلدى. شۇئان كۆز ئالدىدا ئاپپاق رومال ئورىۋالغان يىغلامسىراپ تۇرغان ئانىسىنىڭ سىماسى نامايان بولدى. «ئانا! سېنى قانچىلىك سېغىنغانلىقىمنى بىلەمدىغانسەن؟!» شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ يېنىغا، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەھەللىسىگە قۇشتەك ئۇچۇپ بارغۇسى، توپا ئۆرلەپ تۇرغان مەھەللىسىنى قايتا كۆرۈۋالغۇسى، ئانىسىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، دەسسەپ تۇرغان تۇپراقنى، ئانىسىنىڭ باغرىنى ھىدلىۋالغۇسى، دادىسىنىڭ يىرىك ئالىقانلىرىنى يۈزلىرىگە ئاخىرقى قېتىم سۈركىۋالغۇسى، ئاچام دەپ يېنىدىن نېرى كەتمەيدىغان گېپى تاتلىق ئۇكىلىرىغا ئۆزىنىڭ نادامەتكە تولغان ئىبرەتلىك كەچمىشلىرىنى تۆكۈپ بەرگۈسى بار ئىدى. ئۇنىڭ يەنە ئۆزى ئۇچۇن تاياق يېگەن تۇرداخۇننىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ تۇرۇپ، كەچۈرۈم سورىغۇسى بار ئىدى... يەنە... ئۇنىڭ ئورۇق گەۋدىسى كەچ كۈزدىكى يوپۇرماقتەك تىترەپ كەتتى. ئۇ زەئىپ ئاۋازدا بوش ئىڭرىدى:

– ئەي خۇدا! مېنى قايسى شەيتان ئازدۇرۇپ مۇشۇ يولغا كىرىپ قالغاندىمەن. ئاتا - ئانام مېنى كەچۈرەرمۇ؟ مەھەللە - كوي مېنى كەچۈرەرمۇ؟ ئۆلۈكۈم مۇشۇ يات شەھەردە قالارمۇ؟...

ئۇ، دېرىزە تۈۋىدە ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا تۇردى. كەچ كىرىپ ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق باستى. ئۇ، كۆزلىرىنى ئاسماندا جىمىرلاپ تۇرغان سانسىز يۇلتۇزلارغا تىكتى، بىردىنلا ئاسماندىن بىر يۇلتۇز ئېقىپ چۈشۈپ كەتتى، بۇ، ئانىسىنىڭ كىچىك ۋاقتىدا ئېيتىپ بەرگەن: «ئاسماندىن بىر يۇلتۇز ئېقىپ چۈشۈپ كەتسە، يەر يۈزىدە بىر ئادەمنىڭ ھاياتى ئاخىرلىشىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئېسىگە سالدى. ئۇ ئۇزۇندىن بۇيان ئىچىدە تىنىپ كەتكەن ھەسرەتلىرىنى كۆز ياشلىرى بىلەنلا چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك، تاراملاپ ياش تۆكتى. راست، ئۇ مەھەللىسىدىن پۇل تېپىپ ئاتا - ئانىسىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش، ئۈكىلىرىنى ياخشىراق ئوقۇتۇش ئۈچۈن چىققان ئەمەسمىدى؟ پۇلنىمۇ تاپتى، ئازاب - ئوقۇبەتنىمۇ يەتكۈچە تارتتى. لېكىن، تۇرسۇنئاخۇننىڭ قىزى زىيادەمدەك تۈتام - تۈتام پۇلنى سېكرېتارنىڭ ئالدىغا تاشلاپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىنى يېڭىلاپ بېرەلمىدى. قىزىل ماشىنىغا ئولتۇرۇپ بېرىپ، مەھەللىدىكىلەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىپ ئاتا - ئانىسىنى يوقلىيالمىدى. ئۆز تېنىنى دەسمايە قىلىپ تاپقان پۇلىنى ئۆز تېنى يالماپ يۇتۇپ بولدى. ئىسىت، ئىسىت! ئەقىلسىز قىزىڭنى كەچۈرەرسەنمۇ ئانا!

ئەمدى مەن، قىزىڭنىڭ ئەقىلسىزلىكى تۈپەيلىدىن مەھەللىدىكىلەر ئالدىدا يۈزۈڭنى قويارغا يەر تاپالماي، يۈرىكىڭ قانچىلىك پۇچىلانغاندۇ؟ مەندىن ئەنسىرەپ قانچىلىك تۈنلىرىڭ ئۇيقۇسىز ئۆتكەندۇ؟ گۇناھ ئۆتكۈزدۈم، ماڭا بەرگەن ئاپپاق سۈتۈڭ ئالدىدا گۇناھ ئۆتكۈزدۈم، بۇ ماڭا خۇدانىڭ بەرگەن جازاسى. جىسمىم بۇلغاندى، نىجاسەتكە پاتتى، ئۆلسەم جەسىتىمنى تۇپراقمۇ ئۆز قوينىغا ئالماس!...

ئۆلۈم! ئۆلۈملا ئۇنىڭ گۇناھىنى يەڭگىللىتەلەيتتى، ئۆلۈملا ئۇنى بۇ دۇنيادىكى ئازابتىن قۇتۇلدۇرالايتتى. پەقەت ئۆلۈم

ئارقىلىقلا بولغانغان جىسمىدىكى ناپاكلىقنى دوزاخ ئوتىدا كۆيدۈرۈپ پاكلىيالايتتى. ئۇ دېرىزە تۈۋىدىن ئاستا كەينىگە ياندى ـ دە، سوخانىغا كىرىپ تاھارەت ئالدى. ئاندىن يەنە كارىۋىتىغا چىقىپ ئولتۇردى، تۈن پەردىسى تارتىلغان دېرىزىگە ئاخىرقى قېتىم تەلمۈرۈپ قارىدى. ئوپۇقنىڭ ئاقىرىپ قۇياشنىڭ قىزىل نۇرغا چۆمۈلۈپ كۆتۈرۈلۈشىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلدى. پۈتۈن ۋۇجۇدى قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەندەك ئىللىق بىر سېزىم بىلەن تىترەپ كەتتى. ئۇ قولىغا كۆرپە ئاستىغا تىقىۋالغان قايچىنى ئالدى. قوللىرى يېنىك تىترەيتتى، كۆزلىرىدە ھاياتقا بولغان تەشنالىق، قىيالماسلىق، سېغىنىش ئەكس ئېتەتتى. ئۇ سەللا دېلىغۇل بولسا ئۆزىنىڭ چىقارغان قارارىدىن يالتىيىپ قېلىشتىن قورقۇپ، تومۇرىغا قايچا ئۇردى، ئۇ شۇ ياتقانچە ئورنىدىن تۇرمىدى.

دەسلەپ دوختۇرلار، كېيىن ساقچىلار يېتىپ كەلگەندە، گۈلنارنىڭ ئۈزۈلگەن گۈرەن تومۇرىدىن ئوخچۇپ چىققان قان ئاللىبۇرۇن قېتىپ قالغانىدى. دوختۇرلار تارتما ئىچىدىن بىر پارچە خەتنى تاپتى. بۇ ۋەسىيەتنامە بولماستىن، بىر قاتىل ئەرلەرنىڭ تىزىملىكى بولۇپ ئاخىرىغا مۇنداق يېزىلغانىدى:

«يۇقىرىقىلار مەندەك ئەخلاقسىز قىز بىلەن مۇناسىۋەت قىلغان ئەخلاقسىز ئەرلەرنىڭ تىزىملىكى. ئۇلارنىڭ ئەخلاقلىق ئاياللىرىغا ئەيدىزدىن ئىبارەت نىجىس كېسەلنى يۇقتۇرۇپ قويماسلىقى ئۈچۈن، ھۆكۈمەت ئادەم تەشكىللەپ، تىزىملىك بويىچە دوختۇرخانىدا قان تەكشۈرتۈپ، ئۇلاردا ئەيدىز ۋىرۇسى بار ـ يوقلۇقىنى ئېنىقلاپ چىقىشنى قاتتىق تەلەپ قىلىمەن.

ئەلۋىدا...

گۈلنار»

2009 ـ يىلى 24 ـ يانۋار، كۇچا

# كۆز تەگكەن مەھەللە

بۇ مەھەللىمىزگە كۆز تەگدى، كۆز تەگكەندىمۇ ئوبدانلا تەگدى. گويا ئەتىلا قىيامەت قايىم بولىدىغاندەك بىر خىل ۋەھىمە ھەممە يەرنى قاپلاپ، ئەنسىزلىكنىڭ قارا بۇلۇتى مەھەللىمىزنى ئەگىپلا يۇرىدىغان بولۇپ قالدى.

— تووۋا خۇدايىم، تووۋا قىلدىم! بىز ئازغۇن بەندىلەر سىنىڭ ئالدىڭدا نىمە گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندىمىز، — دەپ ياقىلىرىنى چىشلىشىپ، كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالغان بوۋاي، مومايلارنىڭ ئاھۇ - زارى، يىتىم - يىسىرلارنىڭ ئىچىنىشلىق يىغىسى پۈتۈن مەھەللىدىكىلەرنىڭ زاراخەتىمە ئۆتكۈزۈپ، ئۇز مەھەللىسىنىڭ ئىسەنلىكىنى تىلەشلىرى ئاللاغا يىتىپ بارمىغاندەك، ئۆلۈم - يىتىم تاپ باستۇرۇپ بىرىنىڭ ئارقىدىن بىرى كېلىۋەردى.

— مەھەللىمىزنى بىز چوڭ بولساق «گۈلباغ» دەپ ئاتايدىكەن، ھازىرمۇ شۇنداق ئاتاپ كېلىۋاتىمىز. ئىلگىرى ئاڭلىشىمىزچە مەھەللىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخى بار ئىكەن، — دەپ گەپ باشلايتتى چوڭلار.

— بۇرۇن نىمە دەپ ئاتىلاتتىكەن؟ — سورىشاتتۇق باللار قىزىقسىنىپ.

— جاي تۇر دەپمۇ ياكى...

— جاي تۇر ئەمەس باي تۇر. باي تۇر دىگىنى، باي تۇرىدىغان مەھەللە دىگەن گەپ. بۇ شەھەردىكى داڭدار زەردارلار مۇشۇ مەھەللىدىن چىققان ئىكەنمىش. ئۇ ۋاقىتتا ئايدىن باي، نەمەت ئەنجانباي، روسۇل ئەزىمەتباي، روزاخۇنباي، يەنە...، —

مەھەللىنىڭ قېرى ئىمامى بىرمۇنچە ئادەملەرنىڭ ئىسمىنى خۇددى مەكتەپتە مۇئەللىم بىزنى يوقلىما قىلغاندەك بىر - بىرلەپ ئاتاپ چىقاتتى. ئاندىن قايسى باينىڭ قانچىلىك ئالتۇنى، قايسى بىرىنىڭ نەچچە تۇمەن چارۋىسى بولغانلىقىنى، ھەتتا قايسىسىنىڭ نەچچە خوتۇن ئالغانلىقىدەك ئىشلارنى توختىماي سۆزلەيتتى.

— ئاشۇ بايلاردىن بۇ مەھەللىگە بىرەر ئىمارەت ياكى بىرەر قۇدۇق، كۆۋرۈك دېگەندەك نەرسىلەر قالماپتىكەن - ھە!؟ تۇۋا! دۇنيا دېگەن ئەنە شۇنداق نەرسە، بىر كۈن بۇ يەردە، يەنە بىر كۈنى ئۇ يەردە. ئاشۇ بايلارنىڭ پۇشتى جەمەتى بارمۇ ھازىر؟ - سورايتتى چوڭلار.

— بىزدە تەگئاتنى(فامىلە)ئاتاش ئادىتى بۇرۇن بولغانىكەن. كېيىن تەگئاتنى كىشىلەر ئىشلەتمەي بىر - بىرىگە لەقەم قويۇشۇپ، ئۇنىڭغا ئېتىبار قىلمىغاچقا، ھازىر بۇنى ئېنىق بىلگىلى بولمايدۇ. ئەمما، كۆپىنچىمىز شۇلارنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىمىز، — دەيتتى قېرى ئىمام ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى يىراققا تىكىپ.

— نېمە قىلاتتىڭلار سىيىتئاخۇن بۇنى سوراپ؟ يا، مەن شۇ بىرەر باينىڭ پۇشتى ئىدىم، كۆمۈپ قويغان ئالتۇنى بولسا مىراسخور بولاي دەمسىلە، — پىخىلداپ كۈلەتتى راخمان پاراڭ دېگەن ئادەم.

— سىلىمۇ تولا گەپ قىلماڭلا، ئۆزۈڭلىمۇ بىرەر باي ئېلىپ تاشلاپ قويغان توقالنىڭ تۇغقان بالىسىمۇ تېخى، — بوش كەلمەيتتى سىيىتئاخۇن.

پاراققىدە كۈلكە مەھەللە دوقمۇشىنى بىر ئالاتتى.

ئەمدى گەپنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، بىز چوڭلارنىڭ پات - پات سۆزلەپ بېرىدىغان ئاشۇ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ چوڭ بولدۇق. چوڭ بولغانچە ئۇ ھېكايىلەر بىزگە قىزىق تۇيۇلمايدىغان

بولدى. «بۇرۇن بۇ مەھەللە باي تۇر ئەمەس، جاي تۇر دېگىنى توغرا ئوخشايدۇ» ــ دەپ گەپ تالىشاتتۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان مەھەللىداش بالىلار. چۈنكى مەھەللىمىزنىڭ بىر چېتىدە ئون بىر - ئون ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتە ساقلىنىپ قالغان كونا بىر تۇر بار ئىدى. ئۇنىڭدىن قالسا كونا بىر مەسچىت بولۇپ، بۇ ئىككى قۇرۇلۇش مەھەللىمىزنىڭ قەدىمىي مەھەللە ئىكەنلىكىنى راستىنلا ئىسپاتلاپ تۇراتتى. 1990 - يىللاردىن كېيىن، چەت ئەللىكلەر پات - پاتلا مەھەللىمىزدە پەيدا بولۇپ قالىدىغان بولدى. ئۇلار ئالدى بىلەن تۇرنى سۈرەتكە تارتاتتى، ئاندىن ئۆزلىرى تۇرنىڭ يېنىدا سۈرەتكە چۈشەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەھەللىمىز تېخىمۇ ئاۋاتلىشىپ، داڭقى يېقىن - يىراققا تارالدى. بىرى سەن نەدىن دېسە، مەھەللىداشلار ناھايىتى سۆيۈنگەن ھالدا «گۈلباغ»دىن دېيىشەتتى. بىزمۇ كىچىكلىكىمىزگە باقماي مەھەللىمىزدىن ناھايىتى پەخىرلىنەتتۇق.

مەھەللىمىز قەدىمدە نېمە دەپ ئاتالغان بولسا بولىۋەرسۇن، ھازىرقى ئىسمىغا لايىق چىرايلىق مەھەللە ئىدى. بارى - يوقى تۈز كەتكەن ئىككى كوچىغا بۆلۈنگەن بۇ مەھەللىنىڭ ئۆيلىرى يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا قاتار قىلىپ سېلىنغان بولۇپ، چوڭ بولسۇن، كىچىك بولسۇن، ھەممە ئائىلىنىڭ قورۇسى كەينىدە بېغى بار ئىدى. يولنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئۆستەڭدىن قىش - ياز سۇ ئۆكسۈمەيتتى. ئۆستەڭنىڭ ئىككى قېشى بۈك - باراقسان دەل - دەرەخلەر بىلەن پۈركىنىپ تۇراتتى. كىشىلەرنىڭ ئىشىك ئالدىدىمۇ ئۈجمە، سۆگەت، قاپاق تېرەك، قارىياغاچ، سېدە دېگەندەك دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇراتتى. گەرچە مەھەللىدىكىلەر ئانچە باي بولمىسىمۇ، بۈك - باراقسان يېشىلچىلىق كىشىگە ناھايىتى ئارامبەخش ئاتا قىلىپ، ھەممە ئادەمنى باي -

باياشاتچىلىق ئىچىدە ياشاۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قوياتتى. كىشىلەر دەرۋازىلىرى ئالدىغا سۇپىچاقلارنى ياسىۋېلىشقان بولۇپ، ئەتىگەن - كەچتە ھەممە ئادەم ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، ئاياللار كەشتىچىلىك قىلغاچ كىمنىڭ بالىسىنىڭ قانداقلىقىدىن تارتىپ، كىم - كىمنىڭ قىزىغا داستىخان ئەكىرمەكچى بولغىنىغا قەدەر؛ ئەرلەر بولسا، جاھان ئۆزگىرىشلىرىدىن تارتىپ، قايسى مەھەللىدە كىمنىڭ نېمە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، قانچە تۇمەن تاپقانلىرىغىچە پاراڭ سوقۇشۇپ ئولتۇرۇشاتتى. قىسقىسى، بۇ مەھەللىدە ئىجىل - ئىناقلىق، كۈلكە - چاقچاقلار ئۆكسىمەيتتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر يەردىن بۇيرۇق كەلگەندەك غەلىتە بىر ئىش يۈز بەردى. مەھەللىمىزنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇرىدىغان روزاخۇن دېگەن ئادەم باغ تېمىنى ئۆرۈپ، توخۇ كاتىكىدەك ئۇششاق - ئۇششاق قىلىپ باغنىڭ ئەتراپىغا ئۆي سالدى.

— نېمە قىلغىنىڭ بۇ روزاخۇن، بىر چىرايلىق باغنى ۋەيران قىلىپ، ئۆيلىرىڭ ئولتۇرۇشۇڭغا يېتەتتىغۇ، — دېيىشتى مەھەللىداشلىرى ھەيران بولۇشۇپ.

— مەن بازار ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى روزاخۇن سوغۇققىنا.

— بازار ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانساڭ، بازاردا شۇغۇللانماي بېغىڭدا شۇغۇللىنامسەن؟

— ئۆي ئۆزۈمنىڭ، باغ ئۆزۈمنىڭ، نېمە قىلسام ئۆزۈمنىڭ ئىشى. بىكار قاراپ تۇرۇشماي ماۋۇ ياغاچ - تاشنى توشۇپ بېرىڭلار، قوشنا - قولۇم بولغاندىكىن.

— بىر چىرايلىق باغنى بۇزۇپ، ساراڭ بوپتۇ بۇ روزاخۇن.

— مەن ساراڭمۇ ياكى سىلەر ساراڭمۇ، كېيىن بىلىپ قالىسىلەر.

شۇنداق قىلىپ، روزاخۇننىڭ باغقا سالغان كاتەكتەك ئۆيلىرى پۈتتى، ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ئۆيلەرگە نەدىن كەلگەنلىكى ئېنىق بولمىغان ئەر - ئايال، قېرى - ياش ئادەملەر كۆچۈپ كىرىشكە باشلىدى.

— روزاخۇن باغقا سالغان ئاشۇ كاتەكتەك ئۆيىنىڭ ھەربىر ئېغىزىنى ئېيىغا ئەللىك كويدىن ئىجارىگە بېرىپتۇ.

— نېمە؟ بۇ ساراڭ ئون ئېغىزلىق ئۆيدىن ئېيىغا قولىنى ئەگرى قىلمايلا بەش يۈز كوي كىرىم قىلىدىكەن - دە!

— مەن ساراڭمۇ ياكى سىلەر ساراڭمۇ كېيىن بىلىسىلەر، دەۋاتاتتى، قارىغاندا بىز ساراڭ ئوخشايمىز.

— سىلىنىڭ باغقا ئۇنداق ئۆيدىن ئون بەش - يىگىرمىسى سىغىدۇ، بىزنىڭكىگىمۇ ئون ئېغىزلىق ئۆي ئابايلا چۈشىدۇ.

— بىزمۇ سالايلى، كۆز كېلىپ قالاي دېدى، تېز تۈتمىساق كېلەر يىلغا قالمايلى يەنە. ھەسەنجان سەن سالامسەن؟ سەنغۇ خوتۇنىڭدىن سورىماي، بىرەر توخۇ كاتىكىمۇ سالالمايسەن، دېسەم - دېمىسەم.

مەھەللىداشلار، باغنى بۇزۇپ ئۆي سېلىش ھەققىدە خېلى ئۇزاق تالاش - تارتىش قىلىشتى، شۇنداق قىلىپ مەھەللىمىزدە باغقا ئۆي سېلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. يوللار خىش - كېسەك، قۇم - شېغىللار دۆۋىلىنىپ، ماشىنا ئەمەس، ۋېلىسىپىت، موتوسىكلىتلارمۇ تەستە ماڭغۇدەك بولۇپ قالدى. كىشىلەر يول بويىدىكى، ئىشىك ئالدىدىكى، ئۆستەڭ قىرغىقىدىكى ماتېرىيالغا يارىغۇدەكلا دەرەخلەرنى كېسىپ، قىرقىپ، بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە مەھەللىنى خارابىلىككە ئايلاندۇرۇۋەتتى. باغقا ئۆي سېلىشقا ئۈنىمىغان خوتۇنلار ئۆچ تالاق قىلىنىشقا ئازلا قالدى. بەزىلىرى دومبا يېيىشتى، بەزىلىرى ئانىلىرىنىڭكىگە يامانلاپ مېڭىشتى.

مانا ئەمدى، مەھەللىمىزنىڭ يېشىللىقى يوقىلىپلا قالماي،

ئۆستەڭمۇ يوقالدى. ئۆستەڭ يوقىلىپقۇ باشقا بىر يەرگە كەتمىدى. كىشىلەر ئۆي سېلىش ئۈچۈن ئۆستەڭنى بېتون بىلەن يېپىپ، ئۇستىگە ئۆي سېلىۋالغاچقا، سۈيى قىشمۇ - ياز ئۆكسۈمەيدىغان ئۆستەڭ، خۇددى ئەۋرەز يولىدەك ئۆيلەرنىڭ ئاستىدىن ئاقىدىغان بولۇپ قالدى. ھەتتا بەزى ئىنسابسىزلار ئۇزۇن زامانلاردىن داۋاملىشىپ كەلگەن سۇغا يۇندا، ئەخلەت تۆكسە، تۇكۇرسە، سىيسە يامان بولىدۇ دېگەن ئەقىدە - مىزاننى قايرىپ قويۇپ، ھاجەتخانىنىمۇ ئۆستەڭ ئۈستىگىلا قۇرۇۋالدى.

مەھەللىمىزگە كۆچۈپ كەلگەن كۆچمەنلەرنىڭ سانى شىددەت بىلەن كۆپىيىپ، ئەسلىدىكى مەھەللىداشلارنىڭ بەش - ئالتە ھەسسىسىگە تەڭ يوچۇن كىشىلەر پەيدا بولدى. ئەمدى قوشنا - قولۇملارنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى سۇپىچاقتا ئولتۇرۇۋېلىپ، پاراڭلىشىدىغان ئادىتى ئاللىقاچان چۈشكە ئايلانغاندى. بۇ مەھەللىدە بىرەر يىل مۇقىم ئولتۇرغان كۆچمەننى تاپماق تەس ئىدى. بەزىلىرى بىرەر - ئىككى ئاي، ئۇزاق بولسا يېرىم يىل ئولتۇراتتى - دە، كۆچۈپ كېتەتتى. ئۇلار كېتىپ يەنە يېڭىسى كۆچۈپ كېلەتتى. كۈندە بىر - ئىككى ئائىلىنىڭ كۆچۈپ كېتىۋاتقان ياكى كۆچۈپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرگىلى بولاتتى.

كۈنلەر شۇنداق ئۆتۈۋەرسىمۇ مەيلى ئىدى. شۇغىنىسى ئەزەلدىن كېچىسى ئىشىك تاقىمايدىغان مەھەللىمىزدە ئوغرى - يالغان كۆپىيىشكە باشلىدى. كىشىلەر ئەمدى يولغا يۇندا تۆككىلى چىقسىمۇ ئىشىكنى قۇلۇپلاپ چىقىدىغان، نامازشام بولا - بولمايلا دەرۋازىلىرىنى چىڭ تاقاپ ئۆيىگە بېكىنىۋالىدىغان بولۇشتى. چوڭلار ئۆيىنى بېقىش ئۈچۈن بېكىنىۋالسا مەيلى ئىدى، لېكىن ئىش بۇنىڭلىق بىلەن تۈگىمىدى. يېقىندىن بېرى، بالىلارنىڭ مەكتەپتىن قايتىپ

بىرەر سائەت ئاداشلىرى بىلەن سۈرەن سېلىپ ئويناشلىرىمۇ مىسسىدە بېسىلىپ قالدى. سەۋەبى، بۇ مەھەللىدە ئۆسمۈر بالىلار، ھەتتا بۆشۈكتىكى بوۋاقلارمۇ ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كېتىدىغان ئەھۋال كەينى - كەينىدىن يۈز بەردى. ساقچىلار زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئادەم بېدىكى (قەللاپ) ئىپلاستىن بىرنى تۇتتى. بۇ ئالۋاستى باشقا يەردىن ئەمەس، دەل مۇشۇ مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق كەلگۈندى جەددال چوكان بولۇپ چىقتى. ئۇ جەددالنىڭ تۇتۇلۇپ جاجىسىنى يېيىشى بىلەن بالىلارنىڭ ئوغرىلىنىپ كېتىشى تۈگەپ قالمىدى. سەللا بىخەستە بولسىڭىز بالىلار يەنە يوقاپ تۇراتتى. شۇڭا ئاتا - ئانىلار بالىلارنى خۇددى يەسلى بالىسىنى ئاپىرىپ ئەكەلگەندەك مەكتەپكە ئاپىرىپ ئەكېلەتتى. مەھەللىنىڭ تىنچ - ئاسايىشلىقى، ئىناق - ئىجىللىقى باغلاردىكى كېسىۋېتىلگەن ئاشۇ دەرەخلەردەك يىتكەندى. خاتىرجەملىك خۇددى چۈشتەك يوقالدى. لېكىن، زېمىندارلار ئىجارە پۇللىرىنى يىغىپ، ئەمدى ئىككى قەۋەت ھەتتا ئۈچ - تۆت قەۋەت، قىلىپ ئىجارە ئۆيلىرىنى سېلىپ، كەلگۈندىلەرگە ئىجارە بېرىشەتتى. ئىجارە پۇللىرى كۆپەيمەكتە، بالىلار ئوغرىلىنىپ، ئۆي بىسات ئوغرىلىنىپ ئاراملىق بۇزۇلماقتا.

قاقاسلىشىپ چۆلدەرەپ قالغان مەھەللىمىزنى «گۈلباغ» دەپ ئاتاش ئادەمگە ئۆز - ئۆزىنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدىغان ئاشۇ كۈنلەردە، كۆچۈپ كېلىۋاتقان، كېتىدىغانلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ساقچىلار تۇتۇپ كېتىدىغانلارمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى. كۆچۈپ كېلىۋاتقانلار ئادەمنىڭ كۆزىگە، باشقا يەر تېپىلمىغاندەك، تۈرمىدىن ئۇدۇللا مۇشۇ مەھەللىمىزگە كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. دەسلىپىدە بۇ مەھەللىگە كۆچۈپ كەلگەنلەرنى كۆرگەن قوشنا - قولۇملار، ھە - ھۇ بىلەن ياردەملىشىپ، ئۆي بىساتىنى توشۇشۇپ بېرەتتۇق.

ئۆيگە تاماققا تەكلىپ قىلاتتۇق. مانا ئەمدى كۆچۈپ كىرگەنلەرنى كۆرسەك ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدۇق. كۆچمەنلەرمۇ يا ئەدەپ - قائىدە، سالام - ساھەتنى بىلمەيتتى. يۈرۈش - تۇرۇشىدىن ھېچقانداق تەربىيە كۆرمىگەن ياۋايىلارغىلا ئوخشايتتى. كېچىسى قىيا - چىيا قىلىشىپ يۈرگەن مەستلەرنىڭ يولدىن ئۆتكەنلەرگە بىكاردىن - بىكار سۈركۈلۈپ جېدەل - ماجىرا قىلىشلىرى، بىر - بىرىنى سەت، ھاياسىز تىللار بىلەن ھاقارەتلەشلىرى مەھەللىمىزنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى.

كۆڭۈلسىز ئىشلار بىرىنىڭ ئارقىدىن بىرى چىقماقتا. يېقىندا، ساقچىلار «زەھەر ئەتكەسچىسى» دەپ بىر ئائىلە كىشىلىرىنى تۇتۇپ كەتكەندە، مەھەللىدىكى ھەممىمىز ھاڭ - تاڭ قالغانىدۇق. زەھەر ئەتكەسچىلىرىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسى، يۇننەن، گۇاڭجۇ، ئۈرۈمچى دېگەندەك يەرلەردە تۇتۇلغانلىقىنى تېلېۋىزوردا بېرىلگەن خەۋەرلەردىن ئانچە - مۇنچە كۆرگەنىدۇق، لېكىن بۇگۈنكى كۈنلۈكتە بىزنىڭ بۇ كىچىك شەھەردە، يەنە كېلىپ بىزنىڭ مەھەللىدە بۇنداق ئىشنىڭ چىقىشى ھەممىمىزنى ھەيرەتتە قالدۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ساقچىلار بۇ مەھەللىگە داۋاملىق كېلىپ تۇرىدىغان، ئوغرى، يانچۇقچى، ئادەم بېدىكى (قەللاپ)، زەھەر ئەتكەسچىلىرىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان بولدى. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن مەھەللىمىز تۈزەلمىدى. مانا ئەمدى زەھەر چېكىپ ئۆلگەنلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. زەھەر ساتىدىغانلار، زەھەر چېكىدىغانلار خۇددى دېيىشىۋالغاندەك بىزنىڭ مۇشۇ مەھەللىدىلا پەيدا بولاتتى. مەھەللىمىزنىڭ نامى ئېغىر بۇلغاندى. مەھەللە نامى بۇلغانسا، شۇ مەھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ نامىمۇ ئوخشاشلا بۇلغىنىدىكەن. نامى بۇلغانغان مەھەللىلىكلەرگە ھېچكىممۇ ئىشەنمەيدىكەن. ھەتتا ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ساقچىلار

سىزنىڭ كىملىكىڭىزنى تەكشۈرگەندە، باشقا مەھەللىدىكىلەرگە قارىغاندا گۇمان ۋە ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىدىكەن. بۇ نېمىدېگەن خورلۇق! نېمە دېگەن نومۇس!

مەھەللە ئاقساقاللىرى ئاخىر چىدىمىدى، شەھەر باشلىقىنى تېپىپ دەردىنى ئېيتتى. شەھەر باشلىقى ئۇلارنىڭ ھەسرەت - نادامىتىنى ئاڭلاپ ئۇزۇنغىچە جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى - دە، دەس ئورنىدىن تۇرۇپ كەسكىنلىك بىلەن:

— بىز گۇلباغنى چوقۇم تۈزەيمىز، سىلەر خاتىرجەم بولۇپ قايتىپ تۇرۇڭلار، — دېدى.

ئۇ، نېمىلا دېگەن بىلەن خەلق سايلىغان شەھەر باشلىقى - دە، خەلقنىڭ دەردىگە يېتىدۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، مەھەللىمىزگە راست دېگەندەك بىر ساقچىخانا قۇرۇلدى، ھەممىمىز خۇش بولدۇق. ساقچىلار ئىشقا چۈشۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە بىر ئىشخانا قۇرۇلدى. ئىشخانا ۋىۋىسكىسىغا «قىزىل لىنتا ھەرىكىتى ئەيدىزنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى» دەپ يېزىلغانىدى.

مەھەللىدىكىلەر «ساقچىلارغۇ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى جازالايدۇ، قىزىل لىنتا ھەرىكىتى ئەيدىزنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى نېمە ئىش قىلىدىغان يەردۇ؟» دەپ ھەيران قېلىشتى. كېيىن بىلدىكى، بۇ پونكىت زەھەر چېكىدىغانلارغا ھەقسىز شپرىس تارقىتىش، ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلارغا دورا بېرىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدىكەن. يەنە بەزى ئەيدىز بىمارلىرىغا تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىدىكەن. بۇلارنى ئۇققۇپ، بۇ قانداق ئىش، دەپ كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمەي تۇرغان مەھەللىداشلارغا يەنە بىر تەھدىت پەيدا بولدى. خېلى - خېلى كېلىشكەن يىگىتلەر، چىرايلىق قىزلار ئۇدۇل كەلگەن ئۆيگە ئۇسۇپلا كىرەتتى - دە: «مەندە ئەيدىز كېسىلى بار، دەرھال پۇل چىقىرىش، بولمىسا بىرەرىڭگە ئەيدىز ۋىرۇسى يۇقتۇرۇپ

قويمەن»دەپ تەھدىت سالىدىغان ئىشلار يۈز بېرىشكە باشلىدى. بىر ئىككى يۈز يۈەن پۇلنى دەپ ئۆزلىرىگە ئەشۇ مەرەز كېسەلنى يۇقتۇرۇۋالسۇنمۇ؟! ئۇلار يالۋۇرۇپ يۈرۈپ يېنىدا بارىنى بۇ بۇلاڭچىلارغا سۇنۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولاتتى. مەھەللىدىكىلەر پۇل بەرگەنسېرى بۇنداق ئىشلار ئەدەپ قالدى.

كەينى - كەينىدىن كېلىۋاتقان دىشۋارچىلىقلار بۇ مەھەللىنى ساراسىمىغا سېلىپ قويدى. كەلگۈندىلەر ئۆزى چېكىپلا قالماي، ئەسلى - نەسلى مۇشۇ مەھەللىلىك باللارغىمۇ چېكىشنى، سېتىشنى ئۆگەتتى. مانا بۈگۈن بۇ مەھەللىلىك ئەمدىلا 20 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بىر يىگىت ئۆزىگە زەھەرنى ئوكۇل قىلىۋېلىپ قېتىپ قالدى. بۇ مۇشۇ مەھەللىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، زەھەر چېكىپ ياش جېنىدىن ئايرىلغان ئۈچىنچى يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئاھۇ - زارى پۈتۈن مەھەللىدىكىلەرنىڭ باغرىنى ئەزدى.

قانداق قىلىش كېرەك؟ ئارقا - ئارقىدىن كېلىۋاتقان بۇ بالايىئاپەتكە قارشى ئۈنۈملۈك چارە تۇرۇش زۆرۈر ئىدى. تۇرۇلگەن چارىنىڭ ئەتراپلىق، مۇكەممەل بولۇشى ئۈچۈن مەھەللە كېڭىشى ئۆتكۈزۈش، ھەربىر ئائىلىدىن بىر ئەركەكنى بۇ كېڭەشكە قاتناشتۇرۇش لايىق تېپىلدى. بىر جۈمە كۈنى ھەممەيلەن كونا مەسچىت سەيناسىغا يىغىلىپ، ھەركىم ئويلىغانلىرىنى دەپ، ئاخىر تۆۋەندىكى چارىنى ماقۇل كۆرۈشتى. ئۇنى ئىمامنىڭ قەلەم تەۋرىتىشى بىلەن قەغەز بېتىگە پۈتۈپ، شەھەر باشلىقىغا سۇنۇش ماقۇل تېپىلدى. ئۇ مۇنداق يېزىلغانىدى:

«كامالىي ئېھتىرام بىلەن شەھەر باشلىقى جانابلىرىگە:

گۈلباغ مەھەللىسىدىكى يېقىنقى ئون بەش يىلدىن بۇيانقى بولۇپ ئۆتكەن پاجىئەلەرگە شاھىت بولمىش يىگىرمە تۆت نەپەر

ئەسلىي گۈلباغ مەھەللىلىك ئائىلە باشلىقى پوقرالىرىنىڭ ئۆمىدىمىز شۇكى، شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ سەۋرچانلىق بىلەن ئويلىشىپ كۆرۈپ، دۆلەتنىڭ ئەمىر - مەرۇپ، قانۇن - ئەھكاملىرى ۋە خەلقئارا ئەھدى - پۈتۈملەرگە مۇخالىپ كەلمىسە، تۆۋەندىكى تەلىپىمىزنى قانائەتلەندۈرسە:

بىرىنچى، شەھىرىمىزنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى «ئويمان قوم» دېگەن جاڭگاللىستانغا قەدىمىي شەكىلدىكى ئېگىزلىكى ئون بەش مېتىردىن كەم بولمىغان سېپىل بىلەن قورشالغان بىر چوڭ شەھەر قۇرۇلسا؛

ئىككىنچى، بۇ يېڭى شەھەرنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇشى ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، پاراۋانلىق ئەسلىھەلىرى، مۇلازىمەت ئورۇنلىرى دەل بىز ياشاۋاتقان شەھەر بىلەن تەڭ دەرىجىلىك بولسا ھەمدە زەھەر چەككەن، ئەيدىز بىلەن يۇقۇملانغانلارنىڭ ھەممىسى مەزكۇر شەھەرنىڭ خاس پۇقرالىقىغا ئۆتكۈزۈلۈپ، مۇناسىپ تەمىناتلاردىن بەھرىمەن قىلىنسا؛

ئۈچىنچى، بۇ شەھەرنىڭ خاس پۇقرالىرى «شەھەرگە كىرىش بار، چىقىش يوق» تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇلسا، يەنى ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى، دوختۇر، سېسترا، ئوقۇتقۇچى، زاۋۇت، كانلارنىڭ غوجايىن، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى... قىسقىسى، سېپىل دەرۋازىسى ۋە سېپىلنى قوغداپ چارلىغۇچىلاردىن باشقىسى شەھەر پۇقرالىرى ئىچىدىن بېكىتىلسە. زەھەر چەككەن، ئەيدىز بىلەن يۇقۇملانغانلار بولسا، ئەنە شۇ شەھەردە ئۆز ھەقەمسايىلىرى بىلەن ھەمداستىخان بولۇشۇپ ئۆتسە؛

تۆتىنچى، ھەتتا شەھەر باشلىقىمۇ (كەچۈرگەيلا) ئەيدىز بىمارلىرى ئىچىدىن قانۇنلۇق سايلانسا. بۇ شەھەر «كىرىش بار، چىقىش يوق» بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەيدىزدىن ئىبارەت نىجىس ۋابانىڭ ئاشۇ شەھەردىن سىرتقا چىقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ھەمدە شەھەر سىرتىدىكىلەرگە ھاياتنى سۆيۈش،

ھاياتنى قەدىرلەش تەربىيەسى بىرىشكە پايدىلىق بولۇرمىكىن دىگەن ئۈمىدتىمىز.

ئىززەت - ئىھتىرام بىلەن:
كۆز تەگكەن مەھەللە گۈلباغ يۈقرالىرى

x يىلى x ئاينىڭ x كۈنى

گۈلباغلىقلارنىڭ ئىلتىماسى شەھەرلىك ھۆكۈمەتتە مۇزاكىرىگە قويۇلدىمۇ - يوق، بۇ تەرىپى ئىنىق ئەمەس، لىكىن بۇ مەھەللىدىكى چوڭلار باللارغا: «مەھەللىمىزگە كۆز تەگدى» دەپ ئۈلۈغ - كىچىك تىنىپ قوياتتى.
- كۆز تەگدى دىگەن نىمە ئۇ؟ قانداق بولسا كۆز تىگىدۇ، - دەپ سورايتتى باللار.
- بەك چىرايلىق بولسا كۆز تىگىدۇ، - دەيتتى ئانىلار ساددا كۆز قاراشلىرىنى باللارغا چۈشەندۈرمەكچى بولۇپ.
- ئاۋۇ كۈنى ئۆلۈپ قالغان ئاكاش بەك چىرايلىق بولغاچقا كۆز تىگىپ ئۆلۈپ قالدىمۇ؟
ئاتا - ئانىلار تەڭلا ئاھ ئۇردى.
- خۇدا! بەندەڭنى، مەھەللەڭنى كۆز تىگىشتىن ساقلىغايسەن.
- ئاھ بىغەملىك...
بۇ مەھەللىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، جاي تۈرمۇ، باي تۈرمۇ، بۇنى تالىشىدىغان چوڭلار قىرىپ قالدىمۇ، بۇ ھەقتە ھىچكىم، ھىچنىمە دىمەيتتى.

# تېلېفون

سول مەڭزىگە قاتتىق تەگكەن شاپىلاقتىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىپ كەتتى، قۇلاقلىرى غوڭۇلداپ جايىغىلا ئولتۇرۇپ قالدى، چىرايلىق تارىۋالغان سۇمبۇل چاچلىرى چۇۋۇلدى.

— ئورنۇڭدىن تۇر، ھۇ لالما. ھېلى بىكار قوۋۇرغاڭنى سۇندۇرۇپ، چىشلىرىڭنى تۆكۈپ قولۇڭغا ئېلىپ بېرىمەن.

ئۇ، ئېرىنىڭ قان قۇيغاندەك قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىگە يېلىنغاندەك بىچارىلەرچە تەلمۈرۈپ قارىۋىدى. ئۇ كۆزلەردىن چەكسىز غەزەپ - نەپرەت، ئۈمىدسىزلىك ۋە غالجىرانە ئەسەبىيلىكتىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. ئەزەلدىن ساقاللىرىنى پاكىز ئېلىپ، رەتلىك كىيىنىپ، چېچىنى پارقىرىتىپ يۈرىدىغان، مۇلايىم مىجەز، خۇشخۇي بۇ ئەر، بۈگۈن ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسكەن، كاستۇم - شىملىرى پۇرلاشقان، چاچلىرى پاخپايغان، كۆزلىرى ئۇيقۇسىزلىقتىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ قىزىرىپ باشقىچە بىر ئادەمگە، ئېنىقراقى كوچىدىكى ساراڭنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ھېچقاچان قوپال سۆزلىمەيدىغان ئېغىزى كۆكىرىپ، تىترەپ تۇراتتى.

— بولدى، بولدى قىلىڭ رەشىت، قوشنا - قولۇملار ئاڭلاپ قالسا سەت ئەمەسمۇ!؟ نېمە گەپ بولسا چىرايلىقچە دېيىشەيلى، نېمە بولدى سىزگە؟

— سەن، سەن ماڭا قوشنا - قولۇملاردىن نومۇس قىلىڭ دەۋاتامسەن؟ نومۇس قىلىشنى بىلىدىكەنسەن - ھە!؟ ھۇ ئەقلىڭنى قاغا چوقۇۋالغان... رەشىت گېپىنىڭ ئاخىرىنى

تۈگەتمەيلا ئايالىنىڭ چېچىدىن ئاچ شۇڭقار ئاجىز توشقاننى قاماللىغاندەك قاماللاپ ئۆدۈل كەلگەن يېرىگە دەسسەپ ـ تېپىپ دۇمبالاشقا باشلىدى.

ـ مەن سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، سەندەك ناپاك خوتۇننى ئۆلتۈرۈپ ئىتقا تاشلاپ بېرىمەن. خەپ، ئىززىتىنى بىلمەيدىغان نائىنساب خوتۇننى قىيما ـ چىيما قىلىۋەتمىسەم.

تاياق، تېپىك دەستىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان ئامانگۈل، ئېرىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشقان بولسىمۇ، ئەمما مۇمكىن بولمىدى. ئۇ، خۇدىنى يوقاتقان هالدا سۇنايلىنىپ يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئاجىز تۈيغۇلىرى، ئۆزىنى ۋەھشىيلەرچە ئۇرۇۋاتقان، غالجىرلىق كېسىلى تۇتقان ئادەمدەك ئەسەبىيلەشكەن ئېرىنىڭ رەشىت ئەمەسلىكىگە ئۆزىنى ئىشەندۈرۈشكە تىرىشىۋاتاتتى. رەشىتمۇ هارغان بولسا كېرەك، بېشىنى چاڭگاللىغانچە چىرايلىرى كۆكىرىپ، تاتىرىپ كەتكەن ئامانگۈلنىڭ يېنىدا يۆكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭمۇ ئالدىدا سوزۇلۇپ ياتقان بۇ ئايالنىڭ تېخى ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا يولىغا تەلمۈرگەن، سېغىنغان، زارىقىپ كۈتكەن سۆيۈملۈك ئايالى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمەيۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئىچكە دۇنياسىدا كەسكىن توقۇنۇش بولۇۋاتاتتى: «مەن نېمە قىلىپ قويدۇم، ئۇنى بۇنداق ئۇرۇپ يۈرمەي خېتىنى بېرىۋەتسەملا بولاتتىغۇ!؟ مېنىڭ مۇھەببىتىم شۇنچىلىكما؟ ياق، مەن توغرا قىلدىم، ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىم چەكسىز ئىدى، لېكىن ئۇ مېنى ئالدىدى، ئۇ مېنى ئالدىدى. قېنى، ئۇنىڭ شېرىن سۆزلىرى... مېنىڭ قىلغىنىم توغرا، بۇ تاياقمۇ ئۇنىڭغا يەنە ئازلىق قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مېنى ئالدىغانلىقىغا جاۋابكار بولۇشى كېرەك. ئۇ مېنى قانداق ئالدىدى!؟ باشقىلار بىلەن تېپىشىۋالدى. ھېلىقى ئىپلاس ئۇچۇر ئارقىلىق ھەممىنى بىلدىمغۇ؟ يەنە ئويلانغۇدەك نېمىسى بار؟... ئەگەر بۇ

بىر ئويۇن بولۇپ قالسىچۇ؟ ياق، بۇ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، مۇمكىن ئەمەس...» رەشىت نېمىدۇر ئېسىگە كەلگەندەك دەس ئورنىدىن تۇردى - دە، ئىچكىرىكى ئۆيگە ماڭدى. بىردەملىك تىنچلىقتىن ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كەلگەن ئامانگۈل بايا رەشىتنىڭ ئۆز - ئۆزىگە «جاجىسىنى تارتىشى كېرەك، جاجىسىنى تارتىشى كېرەك» دېگەن سۆزىنى خىيالىغا كەلتۈرۈشى بىلەن «رەشىت ساراڭ بوپتۇ، مېنى ئۆلتۈرۈۋەتكۈدەك» دېگەن تۇيغۇ ئېڭىدىن لىپ قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ لاپپىدە كۆزىنى ئېچىپ، رەشىتنىڭ ئاشخانا ئۆيگە ماڭغانلىقىنى كۆردى - دە، ھايات قېلىش ئىستىكى ئاتا قىلغان غايىۋى كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزىنى تالاغا ئاتتى. ھېلىمۇ ياخشى ئۆيى چوڭ يول بويىدا بولغاچقا، ئۇدۇل چىقىپلا ماشىنا توستى. رەشىتنىڭ «توختا...» دېگەن غەزەپلىك ئاۋازى ئاڭلانغاندا، ئۇ ئاللىقاچان كىرا ماشىنىسىغا چىقىپ بولغانىدى.

*　　　　*　　　　*

تېلېفون ئەنگلىيەلىك مەشھۇر ئالىم بېلل تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىپ، دەسلەپ ئامېرىكىغا، ئاندىن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئومۇملاشقىنىغا بىر يۈز ئوتتۇز ئۈچ يىل بولدى. تېلېفوننىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسى ئىنتايىن زور ئىدى. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، تېلېفون سىمسىزلىشىپ، ياندا ئېلىپ يۈرىدىغان، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئالاقىلىشىش قورالىغا ئايلاندى. ئاشۇ تېلېفون ئاۋۋال رەشىت بىلەن ئامانگۈلنىڭ سۆيگۈ - مېھرىنى چىگىتىپ، مۇھەببەت بىخىنى سۇغىرىپ، چېچەكلىتىپ، ھالال نىكاھ بىلەن بىر ياستۇققا باش قويۇشىغا

سەۋەبكار بولغان بولسا، مانا ئەمدى توي قىلىپ ئىككى يىل بولا - بولمايلا ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى مۇقەددەس نىكاھنى بۇزۇپ، مىڭ تەسلىكتە قۇرۇپ چىققان ئائىلىنى ۋەيرانچىلىققا سېلىپلا قالماي، بىر - بىرىنى ھۆرمەتلىشىپ، خوشمۇ خوش ئۆتۈپ كېلىۋاتقان قۇدىلارنى دۈشمەنلىك كوچىسىغا سۆرەپ كىردى. ئۇلارنى پەرزەنتلىرىنىڭ بەختىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسىدىن مەھرۇم قىلدى.

*　　　*　　　*

— مەن بايراملىق دەم ئېلىش ۋاقتىمدىن پايدىلىنىپ تاغدىكى تۇغقانلارنىڭكىگە بېرىپ كېلەيمىكى، — دېدى ئامانگۈل ئېرىدىن قورۇنغاندەك مۇلايىمغىنا.

— ئۇ يەردىكى تۇغقانلار بىلەن كۆرۈشمىگىنىمىزگىمۇ خېلى ۋاق بولدى، — دېدى رەشىت كومپيۇتېردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، — ئەگەر شۇنداق ئويلىغان بولسىڭىز، بارسىڭىز بېرىپ كېلىڭ. بولسىغۇ مەنمۇ سىز بىلەن بىرگە بارغان بولسام ياخشى بولاتتى. بايرامدىن كېيىن ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئىدارىمىزگە كېلىدىكەن، شۇنىڭ تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىۋاتىمىز. بايراملىق دەم ئېلىشىمۇ تولۇق بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

— مەن تاغقا چىقىپ كەتسەم، سىز ئۆيدە يالغۇز قالىسىز. تاماقتىن قىينىلىپ قالارسىزمۇ؟ بولمىسا كېيىنچە ئىككىمىز بىرگە بارايلى، بۇ يىل تۇرۇپ تۇراي.

— ۋاي - ۋۇي، كېيىنچە دەيسىزغۇ؟ بۇ يىل مۇشۇنىڭ بىلەن چىقىپ كېتىدۇ، كېلەر يىلى بىزنىڭ ئوماق ئوغلىمىزغا قورساق كۆتۈرىدىغان ئەك شەرەپلىك ۋەزىپە تۇرسا.

— ۋۇي قېلىن.

— ھا ھا ھا...

ئامانگۈل تاغقا چىققىلى بىرنەچچە كۈن بولغانىدى. تاغنىڭ سالقىن، ساپ ھاۋاسى، سۈزۈك سۇلىرى، شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدىغان تارام ئېقىنلىرى، تەبىئەتنىڭ سۈرەتتەك گۈزەل مەنزىرىسى. ھەممىدىن بەكرەك تاغلىق تۇغقانلارنىڭ ۋاي دەپ پاقلان سويۇپ ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىشلىرى، ئۇنىڭ شەھەردىكى ئالدىراش مۇھىتتا چىڭقالغان مېڭىسىنى ۋاللىدە ئېچىپ راھەتلەندۈرگەنىدى. ئەمما بۇ يەردە تېلېفون قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا، رەشىت بىلەن ئالاقىلىشالماي، ئۇنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى. ئۇنى سېغىندى، چۈشىدە تولا كۆردى. رەشىت ئامانگۈل تاغقا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

بۈگۈنمۇ ئۇ، چوڭلارنى يوقلاپ كەيپى چاغ ھالدا ئۆيگە قايتتى. ئۇ ئىشىككە ئاچقۇچ سېلىۋاتقاندا ئۆي ئىچىدىن يانفوننىڭ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ئىتتىك ئۆيگە كىرىپ، بەربىر تاغدا تېلېفون ئىشلىمىگەندىكىن دەپ قويۇپ قويغان ئايالىنىڭ تېلېفوننى قولىغا ئالدى. ئەمما تېلېفوننى ئېلىشىغا سايرىشى توختاپ قالدى. ئۇ، تېلېفون نومۇرىغا بىر دەم قاراپ تۇرۇپ جايىغا قويدى. كەلگەن تېلېفون نومۇرى ناتونۇش ئىدى.

ئۇ چاپىنىنى سېلىپ ئىلغۇچقا ئىلىپ تۇراتتى، تېلېفون قىسقىلا سايراپ توختاپ قالدى. ئۇ يەنە تېلېفوننى قولىغا ئالدى. تېلېفون ئېكرانى قىسقا ئۇچۇر كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ لىپىلداپ تۇراتتى. ئەمما قىسقا ئۇچۇر ئەۋەتكۈچىنىڭ نومۇرى بايامقى نومۇرغا ئوخشايدىغاندەك قىلاتتى. «ئايالىمنىڭ ئىدارىسى مۇھىم ئىش بىلەن تېلېفون قىلغان بولمىسۇن يەنە» دېگەن ئوي بىلەن ئۇ تېلېفوننىڭ قىسقا ئۇچۇرىنى ئاچتى - يۇ، بېشى زىڭىلداپ كەتتى. رەڭلىك ئېكراندا: «سۆيۈملۈكۈم، نەدە سىز؟ سىزنى بىرنەچچە كۈن كۆرمەي يۈرىكىم سەكپارە بولدى.

جاۋاب قايتۇرمىسىڭىز ئۆلۈپ قېلىشىم مۇمكىن» دېگەن خەت ناھايىتى ئېنىق تۇرغانىنىڭ ئۈستىگە يۈرەك شەكلى چىقىرىلغان بىر دۆۋە ئۇششاق يۈرەك ناھايىتى سەنئەتلىك تىزىلغانىدى.

رەشىت نېمە قىلارىنى بىلەلمەي بىر ئاز تەمتىرەپ تۇرۇپ قالدى، ئاندىن ئۆيدە ئۇيان ـ بۇيان ماڭدى. ئاخىر، ئۇچۇرغا ـ ئۇچۇر بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، بۇ ئىشنىڭ تەكتىگە يەتمەكچى بولۇپ، تېلېفوننى قولىغا ئالدى، ئەمما بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. «بەلكىم ئامانگۈلنىڭ دوستلىرى چاقچاق قىلىۋاتسا كېرەك، ئۆزۈمنىڭ ھالال جۈپتىدىن گۇمانلىنىپ گۇناھكار بولماي يەنە» دېگەننى كۆڭلىدىن كەچۈرۈپ ئۆزىگە تەسەللى بەردى ۋە ئاستا بېرىپ كومپيۇتېرنى ئېچىپ چالا قالغان ماتېرىيالنىڭ داۋامىنى ئورۇشقا باشلىدى. ئىش بىلەن بايىقى تېلېفون ئۇچۇرىنى ئۇنتۇپ كەتتى. ئەمما بىرەر بەت خەت ئۇرار ـ ئۇرماي يانفون يەنە سايراپ توختىدى. ئۇ دەرھال بېرىپ يانفوننى قولىغا ئالدى.

«سىز مېنى ھىجران چۆلىدە يالغۇز تاشلاپ قويۇپ نەلەرگە مۆكۈۋالدىڭىز، مەلىكەم!؟ مېنىڭ سىزسىز بۇ دۇنيادا بىر كۈن ياشيالمايدىغانلىقىمنى بىلمىسىزغۇ!؟ ئاھ! خۇدا... ھىجران ئازابى نېمىدېگەن دەھشەت!» قان تەپچىپ تۇرغان بىر يۈرەككە ئوقيا يانتۇ قادالغان ناھايىتى ئوبرازلىق بىر سۈرەت قايسىبىر داڭلىق رەسسامنىڭ ئەسىرىدەك قىسقا خەتكە ياندىشتۇرۇپ قىستۇرۇلغانىدى. ئۇچۇرنى ئوقۇپ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلگەن رەشىتنىڭ كۆزى سۈرەتكە چۈشۈشى بىلەن پۈتۈن بەدىنى سىرقىراپ، تاپىنىدىكى قان مېڭىسىگە تەپتى، چېكە تومۇرلىرى لوقۇلداپ ئاغرىپ كەتتى.

«كىمدۇ بۇ، مېنىڭ نېسۋەمگە چاڭ سېلىۋاتقان!؟» ئۇ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، خۇددى ئېچىرقاپ كەتكەن بوۋاق

ئانىسىنى ئەمگەندەك ئاچ كۆزلۈك بىلەن شورىدى، ئۇ كۆكۈش ئىسىنىڭ ئارىسىدا، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن تاماكا قالدۇقلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن كۈلدانغا چېكىۋاتقان تاماكىسىنىڭ قالدۇقىنى مىجىپ تاشلىدى - دە، ھېلى ئاچچىقىدا چۆرۈۋەتكەن تېلېفوننى قولىغا ئالدى.

«توختا! بىر ئويۇن ئويناپ باقاي. ئەگەر بۇ ئىشنى قىلغۇچى ئامانگۈلنىڭ دوستلىرى بولسا ئويۇن شۇ پېتى قالسۇن. ئەگەر بىرەر نائەھلى بولۇپ چىقسا... ياق، ياق! ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، مېنىڭ ئايالىم ھەرگىز ئۇنداق تاپتىن چىقىدىغانلاردىن ئەمەس. ئۇ ماڭا پاكلىقى بىلەن جۈپتى ھالال بولغان. يەنە شۇ پاكلىقى بىلەن ئۇ دۇنياغا قەدەر بىرگە ئۆتۈشكە قەسەم بەرگەن... شۇنداقتىمۇ بىر قېتىم ئېنىقلاپ كۆرۈش زۆرۈردەك تۇرىدۇ. ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەن ئەمەسمۇ...»

ئۇ، شۇلارنى ئويلاپ ئايالىنىڭ چەت - چۆرىسىگە چىرايلىق كۆزلەر قويۇلغان، نەپىس ئىشلەنگەن يانفوننى قولىغا ئالدى ۋە خەت كىرگۈزۈشكە باشلىدى.

«مەنمۇ سىزنى شۇنداق سېغىندىم، جېنىم. ئەۋەتكەن بىر دۆۋە سۆيگۈ يۈرىكى مېنىڭ مۇھەببەت خۇمدانىمغا ئوت يېقىۋەتتى. مېنى ئەسلەپ تۇرغىنىڭىزغا رەھمەت. سۆيگۈمنىڭ ئىسپاتى ئۈچۈن بۇ ئاددىي قىزىل ئەتىرگۈلنى سىزگە سۇندۇم.»

ئۇ، يانفون ھۆججەت ئامبىرىدىن خېلى ئىزدەپ، قىزىل ئېچىلغان بىر تال ئەتىرگۈل سۈرىتىنى قوشۇپ يوللىۋەتتى - دە، ئېغىر تىنىپ قويدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي يانفون ئۈچۈر كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قىسقىلا سايراپ توختىدى. ئۇ تاماكىنى كۈچەپ شوراپ ئۈچۈر ئېكرانىنى ئاچتى. «رەھمەت سىزگە، سۆيۈملۈكۈم! ئاخىر جاۋابىڭىزغا ئېرىشتىم، بىزنىڭ سۆيگۈمىزگە دۇنيادا ھېچنېمە يەتمەيدۇ...» ئۈچۈردا يەنە كۆزلىرىدىن مۆلدۈرلەپ ياش قۇيۇلۇپ

تۇرغان بىر بوۋاقنىڭ باش سۆرىتى تۇراتتى.

«سىزگىمۇ رەھمەت! بىر ھەپتىدىن بۇيان سىزنى بەكمۇ سېغىندىم. بىز خالىيراق جايدا ئۇچراشساق بوپتىكەن؟» بۇ قېتىم ئۇ سۈرەت ئىزدەپمۇ يۈرمىدى. ئەمما ئۇچۇرنى يوللاپ بولۇپ يۈرىكىگە دەھشەتلىك بىر ئاغرىق كىرىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى. ئۇ تېلېفوننى سىقىمداپ خېلىغىچە ئۇچۇر ساقلىدى. رەشىت كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ، تورۇسقا تىكىلگىنىچە ھەر قىسما گۇمانلارنى قىلىپ ياتقىنىدا ئۇچۇر يەنە كەلدى.

«بۈگۈن بولمايدۇ قەدىرلىكىم، ئايالىم مېنى ئۆيدىن چىققىلى قويمايدۇ. ئەگەر قېچىپ چىقسام، ئۇ مېنى ئۆيگە كىرگۈزمەيدۇ. يەنىلا سىز ئىشقا چۈشكەندە كۆرۈشەيلى. خەير - خوش، ئامان بولۇڭ! مەن دەرھال ئۆيگە قايتىپ ئايالىمغا تاماق ئېتىپ بېرەي...»

شۇنىڭ بىلەن ئۇچۇر ئۈزۈلدى. رەشىتنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى رەشك ئوتى ئۆرتەپ، كېچىچە ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ زادى ئۇخلىيالمىدى. ئۈزۈندىن - ئۈزۈنغا ئاھ ئۇراتتى. ئاھ خۇدا! ئۆز جۈپتى ھالالىنىڭ ناشايان يولغا ماڭغانلىقىنى ھەرقانداق ئادىمى بەندەڭگە كۆرسەتمىگەيسەن! ھەي نائىنساب، كۆڭلى پەس ئامانگۈل، مەن سېنى شۇنچە يىللاردىن بېرى ئەزىزلەپ، ھەقىقىي ئەركەكلىك ئەقىدەم بىلەن سۆيمىدىممۇ؟ قىسقىغىنا ھاياتلىق مۇساپەمنى، ئەگرى - توقاي تۇرمۇش سەپىرىمنى سەن بىلەن باسسام، بىر - بىرىمىزگە يار - يۆلەك بولۇپ، مەدەتكار بولۇپ ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىمىز بىلەن ياشىساق نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى! سەندىن ئالەمچە خۇش بولماسمىدىم! ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس!!! مېنىڭ ھاماقەتلىكىم، سەن بۈگۈن ۋاپا، ساداقەت بوستانىمىزنى ئۆز قولۇڭ بىلەن ۋەيران قىلدىڭ، ئەمدى ئۇ يەردە ئىككىمىزنىڭ ئىزى بولمايدۇ، ھەرگىز بولمايدۇ...

ئەلەمدىن بوغۇلۇپ نىمە قىلارىنى بىلمەي قالغان رەشىت كارىۋاتتا دۈم يېتىپ، خۇددى ھازا ئاچقاندەك بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. راست، بىر ئەر ئۈچۈن ئۆز جۈپتى ھالالىنىڭ ناشايان يولغا كىرىشى تاغ باسقاندەك ئېغىر نومۇس. ئۆلۈمدىن ئېغىر نومۇس! ئۆتمۈشتە قانچە - قانچە باھادىر ئۆز خەلقىنىڭ، ئۆز قەبىلىسىنىڭ، ئۆز قەۋمىنىڭ، ئۆز جەمەتىنىڭ بۇ نومۇسىنى ئاقلاش ئۈچۈن، ھېچ ئىككىلەنمەي جەڭ ئاتلىرىغا مىنىپ بىۋاپالارنىڭ بېشىنى ئېلىشقا ئاتلانمىغانمۇ!؟ تارىختا نۇرغۇن مەشھۇر جەڭلەر ئەنە شۇ نومۇسنى ئاقلاش ئۈچۈن بولغان ئەمەسمۇ؟ ھەتتا بەزىلەر شۇ نومۇسنى ئاقلاش ئۈچۈن تاجۇ - تەخت، دۆلەت - زېمىن، ئىسسىق جانلىرىدىن كەچمىگەنمۇ!؟...

ئەتىسى ۋاقىچە تۇرغان رەشىت يۈز - كۆزىنى يۇيۇشنى، ساقىلىنى ئېلىشنى ئۇنتۇپ، ئىشقا بېرىشقىمۇ رايى بارماي خۇددى چالا مەست ئادەمدەك دەلدەڭشىپ ماڭغىنىچە، ئۇدۇل كۆچمە خەۋەرلىشىش شىركىتىنىڭ مۇلازىمەت زالىغا بېرىپ، قولىدىكى تېلېفون نومۇرىنى مۇلازىمغا كۆرسىتىپ، بۇ تېلېفوننىڭ كىمنىڭ نامىدىكى تېلېفون ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ بېرىشنى ئۆتۈندى. دېدى: سۈرۈشتۈرۈدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— سۈرۈشتۈرۈشكە بولمايدۇ، ئەپەندى. بۇ ئابونتلارنىڭ مەخپىيەتلىكى، — دېدى ۋىجىككىنە كەلگەن قىز ناھايىتى سىپايىلىك بىلەن.

— ئۇنداقتا قانداق قىلسام بۇ تېلېفوننىڭ ئىگىسىنى تاپىمەن.

— تېلېفون ئۇرسىڭىزلا بولمىدىمۇ، — دېدى قىز «دۆتلىكىنى قارا» دېگەندەك ياندىكى كەسىپدىشىغا قاراپ.

— ياق، تېلېفون ئۇرماي تۇرۇپ ئۇقاي دېگەن.

— كەچۈرۈڭ، بىزنىڭ تۇزۇمىمىز بار.

رەللە بولغان رەشىت مۇلازىمەت زالىدىن چىقتى - دە،

يولدىكى ئۆيان - بۇيان ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەملەرگە قاراپ، ئۆچۈر قىلغان ھېلىقى ئەبلەخنى تاپماقچى بولغاندەك سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. لېكىن نەدىمۇ شۇنداق ئاسان ئىش بولسۇن، شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ھەممە ئادەم يالغانچى، ھەممە ئادەم ئالدامچى، ھەممە ئادەم گۇمانلىق بولۇپ تۇيۇلماقتا ئىدى. تۇيۇقسىز ئۇ بىر ئەقىل تاپقاندەك سەل - پەل يەڭگىللەپ قالدى، توغرا، مەن ئۇ مۇناپىقنى بىلىش ئۈچۈن يانفونىغا پۇل تۆلىسەملا بولىدىغۇ، ھېچ بولمىسا ئىسمىنى بولسىمۇ بىلەلەيمەن.

رەشىت ئۆزى داۋاملىق پۇل تۆلەيدىغان كۆچمە خەۋەرلىشىش شىركىتىنىڭ بىر تارماق دۇكىنىغا كەلدى. تالون چىقىرىش ماشىنىسىنىڭ «جىر جىر» قىلغان ئاۋازى ئۇنىڭغا تولىمۇ ئېغىر ۋە سوغۇق بىلىنمەكتە ئىدى. ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىۋاتقان تالون ئۇنىڭغا زەھەرلىك يىلاندەك تۇيۇلدى، راست، ئۇ ھازىرلا بۇ زەھەرلىك يىلاننى قولىغا ئالدۇ، ئاندىن ئۇنى مىجىپ - مىجىپ تاشلايدۇ. ئۇ، مۇلازىمەتچى قىز ناھايىتى ئەدەپ بىلەن ئىككى قوللاپ سۇنغان تالوننى ئالدى - دە، ئالدىراپ قارىدى. ئۇنىڭ كۆزى «ئېرپان تاش» دېگەن ئىسمغا چۈشۈشى بىلەن تەڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى غەزەپتىن تىترەپ كەتتى. «ھۇ تۇزكور، سەنمىدىڭ!؟ ئەسلي سەن گۇي ئىكەنسەندە!؟» ئېرپان تاش ئامانگۇلنىڭ خىزمەتدىشى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىككىسى بىر ئىشخانىدا ئىشلەيتتى. رەشىت ئايالىنى ئىزدەپ بارغاندا، ئۇنى كۆرگەن ۋە تونۇشۇپمۇ قالغانىدى. قارىماققا ناھايىتى ئەدەپلىك، ئەمما خۇش چاقچاق بۇ يىگىت ھەر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا ناھايىتى قىزغىن مۇئامىلە قىلاتتى. ئەسلىدە «جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا» ئىكەندە. رەشىت تاماكىسىنى قاتتىق - قاتتىق شوراپ، روھى چۈشكەن ھالدا ئۆيگە بېرىپ، كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ خىيالغا پاتتى.

قانداق قىلىش كېرەك؟ زادى قانداق قىلسام بولار؟ يا ئىككىلىسىنى بىراقلا...

*　　　　*　　　　*

ئامانگۈلنى تاغدىكى تۇغقانلىرى يەنە بىرنەچچە كۈن مېھمان بولۇشقا زورلىغان بولسىمۇ، ئۇ ئۆزرە ئېيتىپ تۇغقانلار تەييارلاپ بەرگەن سېرىق ماي، قېتىق ـ قايماق، تۇلكە تېرىسى، داۋخان يېغى قاتارلىق سوۋغا ـ سالاملارنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتتى. ئۇ توي قىلغاندىن بۇيان، ئۆيدىن بىرىنچى قېتىم ئۇزۇنراق ئايرىلغان بولغاچقا، ئىللىق ئائىلىسىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى، بولۇپمۇ رەشىتنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭسىز ياشىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانىدى.

ـــ ئۇھ، ـــ دېدى ئۇ ئەركىلىگەندەك رەشىتكە قاراپ، ـــ «ئۆز ئۆيۈڭنىڭ خۇشلۇقى، پۇت قولۇڭنىڭ بوشلۇقى» دەپ توغرا ئېيتىپتىكەن كونىلار. ئۆينى خويمۇ سېغىنىدىم.

ئۇنىڭ ناز ـ كەرەشمە بىلەن ئېيتقان سۆزى رەشىتنى قاتتىق تېرىكتۈردى.

ـــ قارا بۇنىڭ ساختىپەزلىكىنى، ھەرقانچە ھىيلەڭ بولسىمۇ ئەمدى مېنى ئالدىيالايمەن دەپ ئويلىما. «يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام»...

ـــ ۋىيەي، نەدىكى گەپلەرنى قىلىۋاتىدىغانسىز، قولۇمدىكىنى ئېلىڭە، ھېرىپ جېنىم چىقاي دېدى. «يول ئازابى، گۆر ئازابى» دەپ...

ـــ جېنىڭ چىققانلا بولسا ياخشى بولاركەن ئەسلى، ھارغان بولساڭ چىدىمايدىغان ئادىمىڭگە ئېيتمامسەن، ماڭا تۇلكىلىك قىلماي.

رەشىتنىڭ ھېچقاچان دەپ باقمىغان قوپال سۆزلىرى

ئامانگۇلنى ئەندىكتۈرۈپ، مەڭدىۋەتتى.

— ۋۇي، نېمە بولدى سىزگە، بەش - ئون كۈن ئۆتە - ئۆتمەيلا باشقىچىلا ئادەم بولۇپ قاپسىزغۇ، سىز رەشىتمۇ ئەمەسمۇ؟

— نەچچە كۈندىلا مېنى تونۇماس بولۇپ قاپسەندە، ئەسلى خېلى بۇرۇنلا ئېرىك بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان نېمە سەن. توغرا مەن رەشىت ئەمەس، بۇرۇنقى نېمە دېسەڭ ھە دەيدىغان موك - موك رەشىت ئەمەس.

ئامانگۇل ئېرىنىڭ قوپال، توك تېگىشىدىن ھەيران قالسىمۇ، لېكىن ئانچە رەنجىپمۇ كەتمىدى. پەقەت كۆڭلىدە، «مېنى بالدۇر كەلمىدىڭ دەپ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ، نەچچە كۈندىن يالغۇزسىراپ قالدى ئەمەسمۇ» دەپ ئويلىدى. شۇڭا ئارتۇقچە ئويلاپ كەتمەيلا نەرسىلەرنى جاي - جايىغا قويدى - دە، ئوڭايسىزلىنىش بىلەن رەشىتكە قاراپ:

— مۇنچىغا چۈشۈپ بىر يۇيۇنىۋالاي، ئاندىن سىزگە تاماق ئېتىپ بېرەي، — دېدى.

— پاسكىنا بويۇڭنى مۇنچىغا ئەمەس، تارىم دەرياسىغا مىڭ كۈن چىلاپ قويساڭمۇ پاكىز بولمايسەن دەيمۇز، — دەپ ھۆركىرىدى رەشىت غەزەپلىك ئەلپازدا.

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ مەن نېمە بوپتىمەن؟ ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەندە چىرايلىقراق گېپىڭىز يوقمۇ ماڭا؟ ئادەمنى ھاقارەتلىمەي، گېپىڭىز بولسا چىرايلىق دېمەمسىز.

رەشىت يۇگۈرگەندەك بېرىپ يانفوننى ئالدى - دە، ئامانگۇلنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ ھېلىقى ئۇچۇرلارنى ئاچتى:

— گەپ دېگەن مانا مۇشۇنداق بولسا چىرايلىق بولىدۇ، شۇنداقمۇ لالما!؟ مەن «ئېرپان تاش» دېگەن مار گۈيدەك چىرايلىق سۆزلىيەلمەيمەن، شۇنداقمۇ؟

چاڭگىدە تەگكەن شاپىلاق، ئۇنىڭ سول مەڭزىنى چوش كۆرگەندەك كۆيدۈردى.

*　　　*　　　*

ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلاپ ئولتۇرغان ئامانگۈل شوپۇرنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا «مۇشۇ كوچا شۇمۇ؟» دېگەن سوئالىدىن چۆچۈپ ئۆزىگە كەلدى ۋە ماشىنا ئەينىكىدىن سىرتقا قاراپ چوڭ ئۆينىڭ ئالدىغىلا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلدى.

— بەك چۆچۈتۈۋەتتىممۇ قانداق؟ — دېدى شوپۇر ئوڭايسىزلانغان هالدا، — گەپ قىلسام ئاڭلىمىدىلا، شۇڭا ئاۋازىم چىڭراق چىقىپ كەتتى.

— هېچقىسى يوق، رەهمەت سىلىگە، — دېدى ئامانگۈلمۇ خىجالەتچىلىك بىلەن پۇلنى سۇنۇۋېتىپ.

ئامانگۈلنىڭ بىچارە تۇرقىنى كۆرگەن ئاتا - ئانىسى چۆچۈپ كەتتى. ئامانگۈل گەپ قىلمايلا هۆركىرەپ يىغلىغىنىچە ئۆزىنى ئانىسىنىڭ قوينىغا ئاتتى.

— مەن ئۇ گۆيغا تاياقنىڭ تەمىنى تېتىتىپ قويىمەن، هۇ نامەرد! ئايال كىشىنىمۇ شۇنداق قاتتىق ئۇرامدۇ؟ گۇناهى بولسا گېپىنى ئوچۇق دېمەمدۇ، — دېدى ئاكىسى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان سىڭلىسىنىڭ هالىنى كۆرۈپ ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، — ئاۋۋال نېمە بولغانلىقىنى ماڭا دە.

ئامانگۈلنىڭ يىغىسى پەسلەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ خېلىغىچە يىغلاپ ئىچىنى بوشىتىۋالغاندىن كېيىن، بولغان ئەهۋالنى بىر - بىرلەپ ئېيتتى:

— چوقۇم ئۇقۇشماسلىق بار، مەن تاغقا ماڭىدىغاندا بىر ئوبدان قالغان تۇرسا، ئۇمۇ بولمىسا، ئۇنىڭ نېرۋىسى...
ئامانگۈل گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.

— ئۇنىڭ گېپىدىن قارىغاندا، سەن بىرەر ناشايان ئىش

قىلىپ قويۇپسەن؟ شۇنداقمۇ؟ ــ دېدى ئەزەلدىن ئامانگۇلگە قاتتىق گەپ قىلىپ باقمىغان ئاكىسى زەردە بىلەن.

ــ خۇدا ھەققى، مەندە ئۇنداق ئىش يوق، شۇنچە يىل ئارىلىشىپ، ئىككى يىل ئۆي تۇتۇپ، مېنىڭ قانداقلىقىمغا رەشتىقۇ ئىشەنمىدى، چۈشەندۈرگۈدەك پۇرسەتمۇ بەرمىدى. ئەمدى سىلەرمۇ ئىشەنمەمسىلەر؟ سەنمۇ ئىشەنمەمسەن ئاكا؟! ــ دېدى ئاران ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئامانگۇل يەنە مۆلدۈردەك ياش تۆكۈپ.

شۇ تاپتا ئۇنىڭغا رەشىت غەزەپ بىلەن تووۋلاۋاتقاندەك، ئۇنى «بۇزۇق، بۇزۇق!...» دەپ تىللاۋاتقاندەك، ئاشخانىدىكى يوغان چەيدونى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى. ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزىدىن نېمە سەۋەنلىك ئۆتكەنلىكىنى بىلەلمىدى. ھەرقانچە ئۇقۇشماسلىق بولدى دېگەندىمۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنىشى، ھېچبولمىغاندا چۈشەندۈرۈش پۇرسىتى بېرىش كېرەككقۇ!؟ قېنى ئۇنىڭدىكى ئۆچمەس مۇھەببەتلەر! قېنى ئۇ دېگەن ئۇزۇلمەس ۋەدىلەر! تۇرمۇش نېمانچە رەھىمسىز، نېمانچە ئالدامچىدۇ؟!... مەن ئەمدى قانداق قىلىشىم كېرەك؟ مەن چوقۇم ئىشىنىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرەي، توغرا، ئۇ، ئېرىپان تاشنىڭ گېپىنى قىلغان. ئۇچۇرمۇ شۇنىڭ تېلېفونىدىن كەلگەنىكەن...

ئامانگۇلنىڭ گېلىدىن بىر نەرسە ئۆتمىگەندەك ئەمەس ئىدى. بۇگۇن بۇ ئائىلىگە ئېغىر مۇسىبەت كەلگەندەك ھەممىسىنىڭ روھى چۈشكۈن، كۆڭلى غەش بولۇپ قالدى. ئامانگۇل گادىرماچ خىياللار بىلەن يېتىپ، قاچانلاردا كۆزى ئىلىنىپ قالغانلىقىنى بىلەلمىدى.

ئەتىسى سەھەردە، ئامانگۇل ئىدارىسىگە باردى. ئۇ ئاخشام يۈزلىرىگە گۆش تېگىپ يېتىپ، ئەتىگەندە ھەرقانچە گىرىم قىلغان بولسىمۇ يەنىلا يۈزلىرىدىكى كۆكلەر بىلىنىپ تۇراتتى.

ئۇ گەپ كوچىلاشقا ئامراق خوتۇنلارغا ئىمكان بار كۆرۈنمەسلىك ئۈچۈن ئىشخانىسىغا كىرىۋالدى ـ دە، ئىشىكنى تاقاپ قويۇپ ئېرپان تاشنىڭ كېلىشىنى كۈتتى. لېكىن، خېلىغىچە ئېرپان تاشنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى. تېلېفون قىلىۋىدى، ئۇلانمىدى. ئاخىرى باشقىلاردىن سۈرۈشتە قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ شاڭخەيگە بىر ئايلىق كاماندىروپكىغا كەتكەنلىكىنى، تېخى تونۇگۇن ماڭغانلىقىنى بىلدى. ئامانگۇل چوڭقۇر بىر ئازاب ۋە تىت ـ تىتلىق ئىچىدە، ئېرپان تاش بىلەن ئالاقىلىشىش پۇرسىتىنى كۈتۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، ئىرپان تاشلا ئارىدىكى ئۇقۇشماسلىقنى يېشەلەيتتى.

* * *

هەيۋەتلىك سوت زالىدا سوت داۋاملاشماقتا. سوتقا ئامانگۇلنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، بىر قىسىم خىزمەتداشلىرىمۇ ئىشتىراك قىلغانىدى. نېمە ئۈچۈندۇر رەشىتنىڭ بىرقانچە دوستلىرىدىن باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقان، خىزمەتداشلىرى قاتناشمىغانىدى. رەشىتنىڭ دوستلىرىنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچرايتتى. ئۇلار ئامانگۇلگە خۇددى ياۋۇز دۈشمەنگە تىكىلگەندەك، قادىلىپ قارايتتى. ئۇلارنىڭ بۇ قارىشىدىن: «نېمە دېگەن دۆت چوكان سەن؟ يىگىتلەرنىڭ ئالدى سانىلىدىغان رەشىتتەك، تۇرمۇشقا، ئائىلىگە مەسئۇلىيەتچان، ئىمانى كامىل، كەسپىتە تىرىشچان ئەركەككە ساداقەتسىزلىك قىلىپ، ئۇنىڭ، ئۆزۈڭنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى يەرگە ئۇرغىنىڭدىن نومۇس قىلساڭچۇ؟» دەۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

ئامانگۇل ھەرقانداق قىلىپمۇ ئۆزىنى ئاقلىيالمىدى. ئېرپان تاش كەلگەندە ئۇقۇشماسلىقنى ھەل قىلىش، ئۆزىنى ئاقلاش،

ئاندىن رەشىتتىن ئىبارەت ئۆزىگە ئىشەنمىگەن بۇ ئەر بىلەن قەتئىي ئاجرىشىپ كېتىشتىن ئىبارەت ئويلىرىمۇ بىراقلا يوققا چىقتى. قېرىشقاندەك ئېرىپان تاشمۇ «چاقچاق قىلغان ئىدىم، بولدىشىڭىز ئالغىنىنى بىلمەپتىمەن، كەچۈرۈڭ...» دەپلا بىر تالاي قۇرۇق غوزا تاسقاپ يوقىۋالدى، يا تېلېفونى ئۆلانمايدۇ ئۇ بايقۇشنىڭ. مانا ئەمدى ھېلىقى نەس باسقۇر ئۇچۇرلار پولاتتەك پاكىت بولۇپ، ئۇنى سوت ئالدىدا ئامالسىز قالدۇردى. ئۇچۇر يوللانغان ۋاقتى، سائىتى، ھەتتا سېكۇنتقىچە مانا مەن دەپ ئېنىق تۇرغاچقا، سوتمۇ ئامانگۇلنى ئانچە قوللاپ كەتمىدى. ئامانگۇلنىڭ سوتچى ۋە سوت ئىشتىراكچىلىرى ئالدىدا ئۆزىنى ئاقلاپ قىلغان سۆزى، يامغۇردەك ياش تۆكۈشلىرى، ئاللانى شىپى كەلتۈرۈپ قىلغان قەسەملىرى، ھەيرانلىق، تېڭىرقاش، نەپرەت، ئاچچىق، مەسخىرە، ھېسداشلىق ئارىلاش مۇرەككەپ تۇيغۇلار بىلەن قارىشىپ ئولتۇرغانلار ئۇچۇن تولىمۇ بىمەنىدەك تۇيۇلماقتا ئىدى. «قىڭغىر ئىش قىرىق يىلدىن كېيىنمۇ بىلىنەر، ــ دېگەنىدى ئانىسى ئۆيىدىن ماڭىدىغان ۋاقىتتا ئامانگۇلگە تەسەللى بېرىپ، ــ سىزدە گۇناھ بولمىسا، ئاللا ئالدىدا پاك بولىسىز، ئۆزىڭىزگە پاك بولىسىز. ھامان بىر كۈنى ئىشنىڭ تېگى ئايان بولىدۇ. شۇڭا نەتىجە قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر روھىڭىزنى چۈشۈرمەڭ» قىزىنىڭ قەلبىنى يەنىلا ئانا بولغۇچى چۈشىنىدىكەن، بىچارە ئانا ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇرغان قىزىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ، ئۇنىڭغا مەدەت بەرمەكتە ئىدى. ئامانگۇل ئاخىر ئۆزىنى ئاقلىيالىشىنىڭ مۇمكىنسىزلىكىنى، ئۆزىنى چىن دىلىدىن سۆيىدىغان، ئاسرايدىغان، «قار مەلىكەم» دەپ ئۇنىڭغا جانىجان بولۇپ تۇرىدىغان رەشىتنى مەڭگۈ تاپالمايدىغانلىقىنى بىلدى. سوت ئاخىرقى ھۆكۈمنى ئېلان قىلىش ئالدىدا تۇراتتى. تۇيۇقسىز بىر ئايالنىڭ بۇ دېلوغا ئالاقىدار مۇھىم گۇۋاھچى بولۇپ

كەلگەنلىكى مەلۇم بولدى. سوت زالى بىر پەس تەۋرەپ كەتتى. ھەممە، قورۇنۇپقىنا. ئەمما ئىنتايىن تەمكىنلىك بىلەن گۇۋاچىلىق ئورنىغا چىققان ئايالغا قىزىقىش، ھەيرانلىق بىلەن قاراشماقتا ئىدى. ئۇ ئايالنى تونۇيدىغان ۋە تونۇمايدىغانلارنىڭ كۆزى بىردەك بۇ ئايالغا تىكىلگەنىدى.

مەن ئامانگۇلنىڭ خىزمەتدىشى ئىرپان تاشنىڭ ئايالى جەمىلە بولىمەن. مېنىڭ بۇ سوتقا كېلىشىم ۋە كېچىكىپ كېلىشىمۇ يولدىشىمنىڭ ھاۋالىسىنى يەتكۈزۈش، ئامانگۇلنىڭ پاك ئايال ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولۇش ئۈچۈندۇر. يولدىشىم ئامانگۇلگە يوللىغان ئۇ ئۈچۈر دەسلەپ مېنىڭ تېلېفونۇمغا كەلگەن بولۇپ، مەن ئۇنى چاقچاق قىلىپ يولدىشىمنىڭ تېلېفونىغا قايتا يوللىغانىدىم. يولدىشىم ئويناشقاندەك ئولتۇرۇپ ئامانگۇلگە يوللاپ قويۇپتىكەن، كېيىن ئامانگۇلنىڭ يولدىشى رەشىت ئىنكاس قايتۇرغان ئوخشايدۇ... ئۇ خىلدىكى قالايمىقان ئۈچۈرلارنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز. ئىش مۇشۇ بويىچە يامىنىغا ئۆرۈلۈپ كەتتىكەن. ئامانگۇلدە گۇناھ يوق، بارلىق سەۋەنلىك بىز ئەر - ئايال ئىككىمىزدە. يولدىشىم ھازىر شاڭخەيدە بولغاچقا بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەردىن بەك ئەپسۇسلاندى ھەم پۇشايمان قىلدى. شۇڭا بۇ گۇۋاھلىق خېتىنى تېز يوللانما ئارقىلىق ئەۋەتكەن. يەنە مېنىڭ تېلېفونومدا ئامانگۇلگە يوللانغان دەسلەپكى ئۈچۈر بار. ۋاقتىغا قارىسىلا ئىش ئايدىڭلىشىدۇ. سوتنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشىنى سورايمەن. ئامانگۇلنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن، سوت ئەھلىدىن كەچۈرۈم سورايمەن. يولدىشىم يەنە سوتنىڭ بىزگە قارىتا ھەرقانداق ئەيىبلەش چارىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىمىزنى يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى ھاۋالە قىلدى.

كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ھۆكۈم ئۆزگەرگەنىدى. رەشىتنىڭ ئاجرىشىش ئەرزى سوت تەرىپىدىن رەت قىلىندى. ئامانگۇلنىڭ

گۇناھسىز ئىكەنلىكى جاكارلاندى. سوت يەنە «ئىبرپان تاش خىزمەتدىشى ئامانگۇلگە چاقچاق قىلىپ ئۇچۇر يوللاپ، ئامانگۇل بىلەن رەشىتنىڭ نىكاھىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەبچى بولغان. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئىبرپان تاش بىلەن ئامانگۇلنىڭ غەيرىي مۇناسىۋىتى يوقلۇقى ئىسپاتلاندى. ئۇنىڭ ئۇچۇر يوللاشتا باشقا غەرىزى بولمىسىمۇ، بىر ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇشىغا، ئابرۇيىغا ۋە ئامانگۇلنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئىبرپان تاش ئامانگۇلگە ئەللىك مىڭ يۈەن روھى زەربە تۆلىمى بەرسۇن» دەپ ھۆكۈم چىقاردى.

ھۆكۈمنى قولغا ئالغان ئامانگۇل، بىردەمنىڭ ئىچىدە ئادەمنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدىغان قۇدرەتكە ئىگە بۇ بىر ۋاراق قەغەزنى تۇتقىنىچە ئىبسەدەپ - ئىبسەدەپ يىغلىدى. بۇ ھۆكۈم، بۇ بىر پارچە قەغەز ئۇنىڭغا رەشىتنى، تورۇپ كەتكەن ئائىلىسىنى قايتۇرۇپ بېرەلىسە ئىدى - ھە! بۇ بىر ئايغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئۇ نېمە گەپلەرنى ئاڭلىمىدى، نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدى... ئۇ، ئۆزىنى تولىمۇ تەستە تۇتۇۋالدى، چۈنكى سوت مەيدانىدىكى جۈپ - جۈپ كۆزلەر ئۇنىڭ ئىنكاسىنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ مەغرۇر ھالدا بېشىنى كۆتەردى - دە، ناھايىتى كەسكىنلىك بىلەن:

— سوتنىڭ ئادىل ھۆكۈمىگە رەھمەت! جېنىمدىنمۇ قىممەتلىك بولغان ئىززەت - نەپسىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بەرگىنىگە رەھمەت! ئىبرپان تاشنىڭ ئايالى جەمىلەگە رەھمەت! بۈگۈن سوت خىزمەتدىشىم ئىبرپان تاشنى ئەللىك مىڭ يۈەن روھىي تۆلەم بېرىشكە بۇيرۇدى، لېكىن مەن بۇ پۇلنى خىزمەتدىشىمدىن ئېلىشنى رەت قىلىمەن. چۈنكى، پاكلىقىمنىڭ ئىسپاتلانغانلىقى مەن ئۈچۈن ئەڭ چوڭ تۆلەم!

— دېدى كۆتۈرەڭگۈ ئاۋازدا، — مەن يەنە ئاخىردا يولدىشىم رەشىت بىلەن ئاجرىشىشنى رەسمىي يوسۇندا تەلەپ قىلىمەن.

# كۆك پەردىلىك دېرىزە

ئالىم، بۇ شەھەرلىك ئەمەس، پەقەت ئوقۇشىنى تاماملاپ تەقسىمات بويىچە بۇ كىچىك شەھەرگە خىزمەتكە تەقسىملىنىپ كېلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرى يالغۇزلۇق ئىچىدە ناھايىتى غېرىبسىنىپ ئۆتتى. چۈنكى ئۇ، بۇ شەھەردە يالغۇز ئىدى. يا بىرەر دوستى (قىز دوستىنى ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس)، يا بىرەر شىرەم تۇغقىنىمۇ يوق ئىدى. بۇ خىل يالغۇزچىلىق، ئەسلىدىلا ئىچ مىجەز ئالىمنى تېخىمۇ جىمىغۇر قىلىپ قويغانىدى. بۇ خىل ھالەت خېلى ئۇزۇن داۋام ئېتىپ، ئۇ كىشىلەرنى كۆرسە ئۆزىنى قاچۇرىدىغان، خىزمەتداشلىرى، قوشنا ـ قولۇملىرىغا پەقەت سالام بېرىپ قويۇپلا، ئارتۇقچە گەپ قىلمايدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇنىڭ ھاياتى ئەنە شۇنداق بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە بىرقانچە يىل داۋام قىلدى. ئۇ، كىشىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگىنى بىلەن خىزمەتنى قەۋەت ياخشى ئىشلەيتتى. قىلچىمۇ بىپەرۋالىق قىلمايتتى، قېتىرقىنىپ ئۆگىنەتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل مىجەزى كونا باشلىقىغا ياراپ قالدى.

— ياش كادىرلار مانا ئالىمدەك تىرىشچان، ئەستايىدىل بولۇشى كېرەك، — دەيتتى كونا باشلىقى چوڭ يىغىنلاردا ئۇنى ماختاپ.

بۇنداق ماختاشلار پات ـ پاتلا تەكرارلىنىپ تۇردى. ئۇ، دەسلەپ پەخىرلەنگەن بولسا، ئەمدى خىجىللىق ھېس قىلىدىغان بولدى. خىجىل بولغىنىدىن چوڭ يىغىنلاردا ئەڭ ئاخىرقى رەتتە ئولتۇرۇۋېلىپ، خاتىرە يازغان قىياپەتتە بېشىنى

كۆتۇرمەي ئولتۇرۇۋالاتتى.

— ئالىمنىڭ ھەقىقەتەن تالانتى بار. ئۇ تىرىشچان، ھەرقانداق خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتەلەيدۇ، — دەپ پىكىر بىرىشتى خىزمەتداشلىرى ۋىلايەتنىڭ تەشكىلات بۆلۈمىدىن كەلگەنلەرگە.

— ئالىم ئىدارىمىزدىكى ياشلارنىڭ ئالدى، — دەپ گەپ باشلىدى كونا باشلىقى ۋەزىمىن ئاھاڭدا، — ئۇنى تەرجىمانلىقتا سالسىڭىز كونا تىلماچلاردەك ناھايىتى ياخشى دەل تەرجىمە قىلىدۇ. كاتىپلىقتا سالسىڭىز ماتېرىيالنى خۇددى ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىدەك يازىدۇ. ئەمما ياۋاش، ئىچ مىجەز. بۇ تەرىپى بۆلۈم باشلىقى بولغاندىن كېيىن ئاستا - ئاستا تۈزىلىپ كېتەر.

ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ ئالىم ياش تۇرۇپلا بۆلۈم باشلىقى بولۇپ قالدى. لېكىن ئۇنىڭ جىمغۇر مىجەزى ئۆزگەرمىدى.

— ئالىمجان ئاكا، — دېدى بىر كۈنى ئۇنىڭ خىزمەتدىشى گۈلنەزەر، — مەن يۆتكىلىپ كېتىش قارارىغا كەلدىم.

ئالىم گاڭگىراپ قالدى. ئۇ چەكچەيگىنىچە بىر ھازا قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن خۇددى جۆيلۈگەندەك:

— ياق، ياق، كەتمەڭ، — دېدى.

گۈلنەزەر پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى ۋە ئالىقانلىرىنىڭ كەينىدە ئاغزىنى ئېتىپ تۇرۇپ:

— سىز كەتمەڭ دېگەن بىلەن ئىرىم ئۇنىمايدۇ، — دېدى يېقىملىق ئاھاڭدا.

ئالىمنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ئۇرە تۇرغانلىقى بىردىنلا ئېسىگە كېلىپ ئولتۇرۇۋالدى. كۆزىنى كومپيۇتېرغا تىكىپ بىر نەرسىلەرنى كۆرۈۋاتقاندەك قىياپەتكە كىرىۋالدى.

— چاي قۇيۇپ بېرەيمۇ ئالىمجان ئاكا، — دېدى گۈلنەزەر.

ــ ياق، مەن... سىز ئىچىڭ.

ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ گەپلىرى قولاشماي قالدى.

ــ هايىت ـ هۇيىت دەپ بولغۇچە يەتتە ـ سەككىز يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ ـ هە، ــ دېدى گۈلنەزەر كەيپىياتىنى ئوڭشىماقچى بولغاندەك، ــ مەن سىرتقا چىقىپ كىرەي.

ئالىم ئۈندىمىدى.

گۈلنەزەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئالىم ئىختىيارسىز دېرىزىگە قارىدى. دېرىزىدىن ئاپرېلنىڭ ئىللىق شامىلى ئاددىي سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئىشخانا ئىچىگە ئۇرۇلاتتى. دېرىزىگە ئېسىلغان كۆك پەردە باهار شامىلىدا يېنىك يەلپۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ دەرهال دېرىزە پەردىسىنى چىڭ تۇتۇۋالدى. ئىشخانا ئالدىدىكى گۈللۈك تەرەپتىن گۈلنەزەرنىڭ زىلۋا بويىغا خويمۇ ياراشقان ئېگىز پاشنىلىق ئاق ئايىغىنىڭ تاكىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ، گۈلنەزەر ياندىكى بىنانىڭ بۇرجىكىدىن قايرىلىپ كۆزدىن غايىب بولغۇچە قاراپ تۇردى. ئاندىن يېنىك بىر تىن ئېلىپ، مىجىقلىۋالغان كۆك دېرىزە پەردىسىنى سىلكىپ قايرىپ قويدى.

ئالىم هەر كۈنى ئەتىگەن ئىشقا چۈشۈپ ئىشخانىسىغا كىرگەندە، كۆك دېرىزە پەردىسىنى كۆرگەن هامان تېنى شۈركۈنىدىغان بولۇپ قالدى. قىزىق، ئۇ، دەسلەپ گۈلنەزەر بۇ ئىشخانىغا ئىشقا چۈشۈپ، ئۆدۈلىدىكى ئۈستەلدە ئولتۇرغاندىن بۇيان، توغرىراقى ئۇنىڭ بىلەن سىردىشىپ ئۆتكەندىن بېرى، بۇ كۆك دېرىزە پەردىسىگە دىققەت ـ نەزىرىنى سېلىپ باقمىغانلىقىنى هەيرانلىق ئىچىدە ئېسىگە ئالدى.

ئالىم يىراق بىر ناهىيەنىڭ چەت يېزىسىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ناهايىتى تەستە ئوقۇتقان ئىدى. ئەمما، ئاق كۆڭۈل، تەقۋادار ئانىسى دائىم ئۇنىڭغا راستچىل بولۇش توغرىسىدا نەسىهەت قىلسا، جاپاكەش، ساددا

ئاتىسى «ئوغۇل بالىنى ئاللا ھەققە ياراتقان، جان چىقىپ كېتىۋاتقاندىمۇ ھېچكىمگە ئوخشاش بولۇشى بولمايدۇ» دەپ قۇلىقىغا قويۇپ تۇراتتى.

گۈلنەزەر ئىشقا چۈشۈپ بىرنەچچە ھەپتە ئۆتكەندە، ئالىم ئۇنىڭغا ئاتا - ئانىسىنىڭ گېپىنى قىلىپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان گۈلنەزەر پىخىلداپ كۈلۈپ:

— مەن تېخى سىزنى ئەتىدىن كەچكىچە گەپ قىلماي ئولتۇرىدىغان ئادەممىكىن دېسەم، قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىزغۇ.

ئۇلار ئىش ئارىلىقىدا يەنە شۇ تەرىقىدە پاراڭلىشىپ چىقىشىپ قالدى.

— سىز ھەق گەپ قىلىپ زىيان تارتىپ باققانمۇ؟ - سورىدى گۈلنەزەر بىر كۈنى چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا.

ئالىم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ:

— سىزچە ھەق گەپ قىلىپ تارتقان زىيان، زىيان ھېسابلىنامدۇ؟ - دېدى كەسكىن قىلىپ.

— ياق، ئەمدى دەيمىنا، ھازىر راستچىل ئادەملەر ئازلاپ كەتكەندەك، ھەممىلا ئادەم بىرخىل كۆڭۈل ئۆتكۈزۈش يولىغا كىرىۋالغاندەك كۆرۈنىدۇ ماڭا.

— رېئال تۇرمۇشتا بەزى ئاق كۆڭۈل ئادەملەر سۇدەك ساپ ھەم پاك بولىدۇ.

ئەمما...

ئالىم ئۆزىنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى ئىسمىنىڭ موللا ئالىم ئىكەنلىكىنى، ئاتا - ئانىسى ئۇنى يا موللا يا ئالىم بولسۇن دەپ ئەنە شۇنداق ئىسىم قويغانلىقىنى، ئەمما ئۆزىنىڭ ئالىم ياكى موللا بولالمىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. يەنە يېزىسىنىڭ ئەھۋالىنى، كىچىك ۋاقتىدىكى قىزىق ئىشلارنى، بولۇپمۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا، تەرسا ھېساب مۇئەللىمىنىڭ بىر ئوغۇل ساۋاقدىشىنىڭ قۇلىقىغا ئۇرۇپ،

قۇلاق پەردىسىنى يىرتىۋەتكەندە مائارىپ تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرگۈچىلىرى مەكتەپكە كېلىپ تەكشۈرگەنلىكى: ھېلىقى ھېساب مۇئەللىمى بارلىق ئوقۇغۇچىلىرىغا مۇئەللىم ئوقۇغۇچىنى ئۇرمىدى، دەپ گۇۋاھلىق بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىقى، ئەمما موللا ئالىم ئاتىسىنىڭ ھەق سۆزلەش تەربىيەسى بويىچە ئوتتۇز يەتتە ساۋاقداش بەرگەن گۇۋاھلىقنى ئاغدۇرۇپ يالغۇز گۇۋاھلىق بېرىشى بىلەن ھېلىقى ھېساب مۇئەللىمى جازاغا تارتىلغانلىقى، شۇنىڭدىن باشلاپ ساۋاقداشلىرى ئۇنى چېقىمچى دەپ ئارىسىغا ئالمىغانلىقىنى قىزىقارلىق ھېكايە سۆزلىگەندەك سۆزلەپ بەردى.

— سىزگە ئىدارىدىكىلەر باشقىچە قارامدۇ قانداق؟ مېنىڭ دېگىنىم باشلىقلار، بولۇپمۇ يېڭى كەلگەن باشلىق سىزگە ئالاھىدە ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىدىكەن، — گۈلنەزەر ئالىمنىڭ مۇڭلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتكىنىنى سەزمەي سورىدى.

— ئېھتىيات قىلمىسا بولمايدۇ - دە، مەندەك چېقىمچىدىن، — دېدى دېرىزە پەردىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ - قايسى بىر يىلى كونا باشلىقىمىز - مېنىڭ قېيىنئاكام، ئىدارە ئىشخانىلىرىنىڭ بارلىق پەردىلىرىنى يېڭىدىن مۇشۇ پەردىگە ئالماشتۇردى. بۇ پەردىلەرنى ئۇ ئۆزى ئۈرۈمچىگە يىغىنغا بارغاندا ئېلىپ كەپتۇ. پەردىلەرغۇ ئىشخانىلارغا ناھايىتى چىرايلىق ياراشقان ئىدى، ئەمما قېيىنئاكامغا ياراشمىدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، مەن چۈشىنەلمىدىمغۇ؟

— ئالدىرىماي تۇرۇڭ، چۈشىنىپ قالىسىز. شۇنداق قىلىپ پەردىلەرنى ئىشخانىلارغا ئاستۇق. بىر كۈنى بوغالتىرغا ياردەملىشىۋېتىپ، دېرىزە پەردىلىرىنىڭ ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمىگۈدەك دەرىجىدە قىممەت ئىكەنلىكىنى تاسادىپىي بايقاپ قالدىم. زادى شۇنداق قىممەت باھالىق قانداق پەردىدۇ بۇ، دەپ يۈرگەن كۈنلەردە، سودا سارىيىدا ماركىسى، پاسونى، رەڭگىدىن

تارتىپ ئوخشايدىغان بۇ پەردىنى كۆرۈپ قالدىم. ئەسلىي ئۈرۈمچىدە شەھىرىمىزدىكىدىن ئەرزان بولۇشقا تېگىشلىك بۇ پەردە ئەكسىچە بىزنىڭ بۇ يەردە نەچچە ھەسسە ئەرزان ئىدى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يۇقىرىدىن ئىدارىنىڭ رەھبەرلىرىگە پىكىر بېرىڭلار، دەپ ئادەم كەپتۇ. ئۇلار پەقەت كەمچىلىكلىرى بولسا دەڭلا، ئارتۇقچىلىقىنى دېمەڭلەر، دېدى. مەن بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئۆزۈن بولمىغان مەزگىل بولغاچ بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشنى ئېيتتىم. يۇقىرىدىن كەلگەن باشلىق مېنىڭ دولامغا شاپىلاقلاپ:

- ياخشى، ياخشى يولداش ئىكەنسىز، بىز سىزدەك مەسئۇلىيەتچان كادىرلارغا موھتاج، - دەپ كېتىپ قالدى. شۇنىڭدىن بىرى ئىدارىدە مېنىڭ چېقىمچىلىق نامىم چىقىپ كەتتى.

ئالىم جىمىپ قالدى، ئىشخانا ئىچى بىر ئاز ئىمتاسلىقتا چۆمدى.

- ئاق كۆڭۈل كىشىلەر تۇرمۇشتا دائىم زەربە ۋە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدۇ، - دېدى گۈلنەزەر ئالىمغا ئۆزۈن تىكىلىپ ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن. - رېئال دۇنيادا بۇنىڭدىن ساقلىنىش تەس. ئۇلار تۇرمۇشتا سەل غايىپەرەس بولۇپ كۆڭلىگە گۈزەل ئارزۇلارنى پۈككەن بولىدۇ. ئەمما رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلالمىغاندا ھەم قوبۇل قىلالمىغاندا ھەممىشە دۇنيادىن پاكلىقنى، ساپلىقنى ئىزدەشنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جاھاندىن زېرىكىپ ئازادە يۈرەلمەي، بېكىنمە ھالەتكە چۈشۈپ، يەككە - يېگانە ھالدا ياشاپ، رېئاللىقنىڭ جۇدۇن - چاپقۇنىغا تاقابىل تۇرىدۇ.

- مېنى غايىپەرەس دېمەكچىمۇ سىز؟غايە بولمىسا روھ ئاللىقاچان ئۆلگەن بولىدۇ، - دېدى ئالىم تاماكىسىنى تېز - تېز شوراپ.

— مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس، غايىمۇ بولۇشى، رېئاللىقنى توغرا تونۇشمۇ بولۇشى كېرەك دېمەكچى.

ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئۆيى يىراقتا بولغاچقا چۇشلۇك دەم ئېلىشتا ئۆيلىرىگە قايتماي، ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن چۇشلۇك تاماقلىرىنى ئىشخانىدىلا يېيىشەتتى ـ دە، ئەنە شۇنداق ھەرخىل تېمىلاردا پاراڭغا چۇشەتتى. ئالىمنىڭ جىمغۇر مىجەزى گۈلنەزەرنىڭ كېلىشى بىلەن ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىپ، پاراڭ خۇمار، چاقچاقچى بولۇپ قېلىۋاتاتتى. بۇنى ئالىم ئۆزىمۇ سېزىپ تۇراتتى.

ئۇ ئۆيىگە قايتىشقا ئالدىرىمايتتى، ئەتىگەنلىدە ئىشقا چۇشۇشكە ناھايىتى ئالدىرايتتى. ئىشخانىغا نېمىگە ئالدىرايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلمىسىمۇ يەنىلا ئالدىرايتتى.

— سىز ئايالىڭىز بىلەن مۇھەببەتلىشىپ توي قىلغانمۇ ئالىم ئاكا؟ — دەپ سورىدى گۈلنەزەر بىر كۈنى چۇشلۇك دەم ئېلىشتا.

— نېمە دەپ بۇنى سوراپ قالدىڭىز، — دېدى ئالىم قولىدىكى ناننى سۇندۇرۇۋېتىپ.

— سىز نېمە تاماقنا ئامراق؟

— مەنما؟ ھە، گۆشنانغا.

ئۇ ھەقىقەتەن گۆشنانغا ئامراق ئىدى، ئەمما ئۆيدىن بىرەر قېتىم گۆشنان پىشۇرۇپ ئېلىپ كەلمەيتتى. ئاساسەن گىردە كۆتۈرۈپ كېلەتتى، گىردىنى قايناق سۇغا چىلاپ ئىشتىھا بىلەن يەيتتى.

گۈلنەزەر ئەتىسىدىن باشلاپ گۆشنان ياكى گۆشلۇك پولۇ ئېتىپ كېلىدىغان بولدى. تاماقنى ئىككى قاچىغا ئۇسۇپ ئېلىپ كېلەتتى. دەسلەپ ئالىم ئۆزىمىنىڭ نېنىنى يەيمەن دەپ تۇرۇۋالغانىدى. گۈلنەزەر خاپا بولدى. ئەمدى ئۇ ئۆيدىن نان ئېلىپ كەلمەيتتى، كۈندە ئىشقا چۇشكەندە گۈلنەزەر:

– ئەتە نېمە يەيمىز؟ – دەپ سورايتتى ناھايىتى تەبىئىيلا.
– ئۆزىڭىز بىلىپ ئېتىڭ. – دەيتتى ئالىم. بۇ ۋاقىتتا ئالىمنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا بىرخىل ئىللىق ئېقىم شۇررىدە تارايتتى. ئۇنىڭ ئايالى «ئەتە نېمە يەيسىز؟» دەپ سوراپ باقمىغانىدى، ئۇنىڭ نېمىگە ئامراقلىقى بىلەن كارى يوق ئىدى.

گۈلنەزەر چۈشكە ئاز قالغاندا ئىشخانىغا قايتىپ كىردى، ئۇنىڭ قولىدا نەچچە سومكا نەرسە – كېرەكلەر تۇراتتى.
– بۇ ئەختەم ئۆمەرنىڭ «يېگانە ئارال» دېگەن رومانى، بۇ چىڭغىز ئايتىماتوفنىڭ «قىيادىكى ئۇۋچىنىڭ ئاھۇ زارى» دېگەن كىتابى، بۇ ئورخان پاموكنىڭ «مەن قىزىل» دېگەن كىتابى.
– گۈلنەزەر كىتابلارنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى.
– نېمانچە كۆپ؟
– بۇ كىتابلار مەن كەتكەندىن كېيىن سىزگە ھەمراھ بولسۇن. كېلىڭ، تاماق يەيلى، گۆشنان ئەكەلدىم، ھەممىنى يەۋەتمىسىڭىز خاپا بولىمەن.
– بۇگۈنلا كېتەمسىز؟ – ئالىمنىڭ ئاۋازى ناھايىتى زەئىپ چىقتى، – سىز راستىنلا يۆتكىلىپ كەتمەكچىمۇ؟
– شۇنداق، يولدىشىمنى ئۆستۈرۈپ يۆتكەشتى، مەنمۇ يولدىشىم بىلەن بىرگە كەتمىسەم بولماس.
– بىز كېيىن يەنە كۆرۈشەلەرمىزمۇ؟
– كۆرۈشىمىز، تېلېفوندا يەنە ئاۋالقىدەكلا پاراڭلاشساق بولىۋېرىدىغۇ. كورلا دېگەن ئانچە يىراق شەھەر ئەمەسقۇ، ۋاقتىڭىز چىقسا بېرىڭ، ئالدىڭىزغا چىقىمەن.
ئالىم گۆشناننى ئاغزىغا پۇرلەپ – پۇرلەپ تىقتى، نان گېلىغا تۇرۇپ قېلىپ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. كۆزلىرىدىن ئاققان ياش مەڭزىنى بويلاپ پەسكە دومىلايتتى، ئۇ

يېشىنى سۈرتۈۋەتمەستىن ئاغزىغا نانني پۈرلەپ تىقاتتى.

گۈلنەزەر ئاستا قەدەم ئېلىپ ئالىمنىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە، ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى ئالىقانلىرى بىلەن سۈرتتى. گۈلنەزەرنىڭ تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىدىنمۇ ئىككى تېمىم ياش سىرغىدى. ئۇ نازۇك بارماقلىرىنى ئاستا ـ ئاستا يۆتكەپ ئالىمنىڭ مۈرىسىدىن چىڭ قامالىدى ـ دە، ئۇنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتتى. ئىككى گەۋدە قوشۇلۇپ تەڭلا سىلكىنەتتى. بۇ سىلكىنىش ئۆكسۈشمۇ ياكى تىترەشمۇ بىلىپ بولمايتتى.

ــ كېچىكىپ ئۇچرىشىش، كېچىكىپ چۈشىنىش، ئاھ خۇدا! ــ ئىڭرىدى گۈلنەزەر.

ــ راستلا كېتەمسىز، سىز كەتسىڭىز مەن قانداق قىلارمەن؟ كەتمەڭ.

ــ كەتمىسەم بولمايدۇ، بۇ يەردە قېلىشقا ئىرىم قوشۇلمايدۇ.

ئاپرېلنىڭ غۇر ـ غۇر شامىلى كۆك رەڭلىك دېرىزە پەردىسىنى خۇددى جەڭگاھ بايراقلىرىدەك يەلپۈتەتتى. باھار قۇشلىرىنىڭ سايرىشى يىراقتىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

2009 ـ يىلى 15 ـ ئاپرېل، كۇچا

# غېرىبلىق

ئۇ، ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن تەڭ ئۆزىنىڭ ناھايىتى مىسكىنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ھېس قىلدىلا ئەمەس، ئۆزىنىڭ بارغانچە يەككە - يېگانىلىك ئىچىگە غەرق بولۇۋاتقانلىقىنى، بۇ خىل غېرىبلىق خۇددى تەكلىماكاننىڭ قۇم بورىنىدەك ئۇنى تىنىمسىز بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىگە سۆرەۋاتقانلىقىنى تولۇق چۈشەندى.

ئۇ ھەر كۈنى سەھەر ئورنىدىن تۇراتتى - دە، خۇددى ياش تەنھەرىكەتچىلەردەك ئوچۇق رەڭلىك تەنھەرىكەت كىيىمى كىيىپ، شالاڭلاشقا باشلىغان چېچىنى رەتلىك تاراپ، مايلاپ پارقىرىتىپ، قولىغا كىچىك رادىيونى ئالغىنىچە شەھەرنىڭ سۇس تۇمان قاپلاپ تۇرغان كوچىسىغا چىقاتتى. ئۇنى ئەتىگەنلىك چېنىقىۋاتىدۇ دېگەندىن كۆرە، شەھەر كوچىلىرىنى سەيلە قىلىۋاتىدۇ دېگەن تۈزۈك ئىدى. ئەمما ئەتىگەن - كەچتە بىرنەچچە كىلومېتىر مېڭىپ بەرسە سالامەتلىككە پايدىلىق دېگەننى قايسى بىر گېزىتتىن كۆرگەندىن بۇيان، بۇ خىل ئادەتنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقىلى خېلى ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى.

ئۇ چېنىقىشقا چىققان دەسلەپكى مەزگىلدە، يولدا ئۇچرىغانلار، يۈگۈرۈۋاتقانلار دەرھال توختاپ، ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن سالاملىشاتتى.

— ئا جوجاڭ چېنىقىۋېتىپسىزدە، ئەسلىدە كۈندە چېنىقىپ تۇرغاچقا ساغلام، ياش تۇرۇپتىكەنسىز ئەمەسمۇ.

— ھەممە رەھبەر ئا جوجاڭدەك تەنھەرىكەتكە، چېنىقىشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان بولسا، تەنتەربىيە ھەرىكىتى ئاللىبۇرۇن

ئومۇمىي خەلق ھەرىكىتىگە ئايلانغان بولار ئىدى.

— ھەممىگە يېتىشىدۇ - دە، ئا جۇجاڭ...

— ئاۋايلاڭ، قاتتىق ھەرىكەت قىلماڭ.

—...

ئۇنىڭ ئىسمى ئادىل، فامىلىسى جۇمە بولسىمۇ، كىشىلەر ئۇنىڭ ئەزان تۈۋلاپ قويغان مۇبارەك ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك تولۇقى بىلەن ئۇدۇل ئاتىمايتتى. ئۇ يېڭىدىن رەھبەرلىك ئورنىغا چىققاندا بۇ خىل ئاتاشقا كۆنەلمەي ئوڭايسىزلانغان بولسىمۇ، كېيىنچە ئاستا - ئاستا كۆنۈپمۇ قالدى. بارا-بارا ساۋاقداشلىرى، تەڭتۇشلىرى ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۇدۇل ئاتىسا، «ماڭا ھۆرمەتسىزلىك قىلىۋاتىدۇ»، «مېنى كۆزگە ئىلمىغىنى»دەپ ئويلايدىغان دەرىجىگە يېتىپمۇ قالغانىدى.

مانا ئەمدى ئەتىگەنلىكى چېنىقىدىغانلار ئۇنى كۆرسە، بېشىنى تىزگىن سىيرىگەن ئاتتەك لىڭشىتىپ قويۇپلا ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقىنى ھار ئالغان ئادىل جۇمە بىر مەزگىل چېنىقىشقا چىقمايلا قويدى. ئەمما ئۆيدە ئۆزىدىن باشقا ھېچ كىشى بولمىغاچقا، يالغۇزلۇق ئۇنى قىيناپ ئارام بەرمەيتتى. بەزىدە ئۇ، مېھمانخانا ئۆيىنىڭ ئۇدۇل تېمىغا ئېسىلغان ئايالىنىڭ رامكىغا ئېلىنغان سۈرىتىگە تىكىلگىنىچە تۇرۇپ كېتەتتى. بۇگۇنمۇ كۆزلىرى قىزىق يىللىق ھەمراھىنىڭ سۈرىتىگە چۈشكەندە، چوڭقۇر ئۇھسىنىپ پىچىرلىدى:

— كۆرۈۋاتامسەن نۇرخان؟ مانا، سەن مېنى تاشلاپ كېتىپ بىر ئەر يىل بولا - بولماي تىكەندەك يالغۇز قالدىم. مەن ئالدىراش دەپ، كېسىلىڭ بىلەن ئانچە كارىم بولماپتىكەن، شۇ خىزمەتنى دەپ ئېرەنسىمەپتىمەن ھالىڭغا، شۇ ئالدىرىغان خىزمەتمۇ قالدى، خۇددى مەن بولمىسام جاھان مالىمان بولۇپ

كېتىدىغانــدەك، يەر شــارى چۆرگىلىمەيدىغانــدەك قىلىــپ كېتىپــتىكەنمەن. بــالىلارنى، ئــۆيىنى ئۇنتــۇپ ئالــدىراش ئىــشلەپتىكەنمەن، پېنــسىيەگە چىقــشقا ئالــدىراپتىكەنمەن ئەسلى. مانـا ئەمـدى سـاڭا ھەمـراھ بـولاي دېـسەم سـەن يـوق. بالىلارغـا، نەۋرىـلەرگە ھەمــراھ بــولاي دېــسەم، رەيھـان بىــلەن ئەنقەرجان ئورۇمچىدە، ئۇلارنى يوقلاپ باردىم، ئۆيلىرىـدە تۇرۇپمـۇ بــاقتىم، ئورۇمچىــدىمۇ يالغۇزلۇقتــا چىدىمىــدىم، چىدىمىــدىم رەھمەتلىك خوتۇن. بالىلار ئىشقا، نەۋرىـلەر مەكـتەپكە ماڭىـدۇ، مەن يەنىلا يالغۇز قالىمەن، يالغۇز...

ئادىــل جــۇمە كــۆزلىرىگە ئىــسسىق يــاش ئېلىــپ، ئايــالى نۇرخاننىڭ رامكىغا ئېلىنغان سۇرىتىنى ئەستايىدىللىق بىـلەن سـۈرتتى. ئۇنىـڭ كۆزلىرىـدىن تـاراملاپ ئاققـان يـاش گۆشـلۈك مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ، ئاقىرىشقا باشلىغان ساقاللىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى. ئۇ ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندە، ئايالى نۇرخان كۆز يۇمغانــدىمۇ بۇنچىلىــك ئېزىلىــپ يىغــلاپ باقمىغانىــدى. بارغانسېرى ئىسكەنجىگە ئېلىنىۋاتقان بىرخىل مۇڭ، سىـقىلىش، يالغۇزلۇق ئۇنىـڭ يـۈرىكىنى ئاسـتا ـ ئاسـتا قـۇرتتەك يېـمەكـتە ئىـدى. ئـۇ چىدىمىـدى، ئـاخىرى بوغۇزىغـا كەپلىـشىپ قالغـان نەرسە ئېتىلىــپ چىقىــپ كەتكەنــدەك، ئــۈنىنى قويــۇپ بېرىــپ، ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى. ئۇ شۇ تەرىقىـدە خېلىغىچە يىغلىـدى، قانغۇچە يىغلىۋالدى. ئۇنىڭ ياشلىنىپ غۇۋالاشقان كۆز ئالـدىدا ھايــات مۇساپىــسىدىكى نۇرغــۇن كۆڭۈللــۈك ۋە كۆڭۈلــسىز ئەسلىمىلەر لەيلىشىپ يۈرەتتى. ئۇ ئەنە شۇنداق ئېزىلىپ، ئىچ ـ ئىچىدىن بۇقۇلداپ يىغلاۋاتقانـدا، ئۆيـدىكى تېلېفـون تۇيۇقـسىز جىرىڭلاپ ئۇنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى. ئۇ ئېغىر قەدەملىرىنـى ئاسـتا يــۆتكەپ تېلېفــوننى قولىغــا ئالــدى ۋە قولىنىــڭ سـۇس تىترەۋاتقانلىقىنى قارشى تەرەپ بىلىپ قالىدىغاندەك، تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئىككى قوللاپ مەھكەم تۇتۇۋالدى.

— ۋەي، ئەسسالامۇئەلەيكۇم! ئاتا ياخشى تۇرۋاتامسەن؟ — تېلېفوندىن ئۇرۇمچىدىكى قىزى رەيھانىنىڭ زىل ئاۋازى ئاڭلاندى، — تاماق يېدىڭمۇ؟ تامىقىڭنى ۋاقتىدا، ئىسسىق - ئىسسىق يە جۇمۇ، سالامەتلىكىڭنى ئاسرا، خەير - خوش! مەن بەك ئالدىراش، ساڭا كېيىن تېلېفون قىلىمەن. قىزى تېلېفوننى قويىۋەتتى. تۇرۇپكىدىن چىققان «دۇت، دۇت» قىلغان ئاۋاز ئازادە، ياسىداق ئۆينىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى. ئادىل جۇمە تېلېفون تۇرۇپكىسىنى تۇتقىنىچە نېمە قىلىشىنى بىلمىگەندەك تەمتىرەپ تۇرۇپ قالدى:

— ماۋۇ بالىنىڭ قىلغان ئىشىنى قارا، ئالدىراش بولسا تېلېفون قىلمايلا قويسا بولمامدۇ؟ تېلېفون قىلغاندىكىن بىردەم بولسىمۇ ئەھۋاللاشماي، ئۆزى گەپ قىلىپلا قويىۋەتكىنىنى... بالا دېگەن نېمىلا دېگەن بىلەن بالىدە، تۇۋا! — دېدى ئۆزىگە ئۆزى غودۇراپ، — كونىلارنىڭ ئۆتنە ئالەم دېگىنى شۇ بولسا كېرەك، مەنمۇ ئۆز ۋاقتىدا يېزىدىكى ئاتا - ئانامنى يوقلاپ بارغاندا، ئۇلارنىڭ بىر كۈن بولسىمۇ ئارتۇقراق تۇرغىن، بىر كېچە بولسىمۇ قونۇپ كەت، دېگەنلىرىگە پىسەنت قىلماي، مەن ئالدىراش دەپ نەچچە رەت قايتىپ كەتكەنتىم. مانا ئەمدى ئۆزۈمگە قايتتى بولغاي...

ئۇ ئاستا قەدەم ئېلىپ، ئاشخانا ئۆيىگە كىردى. خېلى ۋاقىتتىن بۇيان، پەقەت چايلا قاينىتىپ، تاماق ئېتىلمىگەن ئاشخانا ئۇنىڭ قەلبىدەكلا مىسكىن، غېرىب كۆرۈنەتتى.

— بولدىلا، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — سىرتقا چىقىپ راخمان ئاتۇشنىڭ ئاشخانىسىدىنلا يەپ كىرەي، بىر جىنىمغا تاماق قىلىمەن دەپ يۈرگۈچە. ئۇ، كىيىم ئاسقۇچقا ئېلىپ قويغان چىمەن دوپپىنى ئاۋايلاپ كىيدى ۋە تېلېفوننى قولىغا ئېلىپ نومۇرنى باستىيۇ، يۈرىكى قارتلا قىلىپ قالدى.

ئۇ ئەسلىدە، تېخى يېقىندا تۇيۇقسىز يۈرەك مۇسكۇل

تىقىلمىسى كېسىلى قوزغىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن دوستى تىلەككە «بىرگە تاماق يەيلى» دەپ تېلېفون ئۇرماقچى بولغانىدى. نېمە دەپ ئۆلۈپ كەتكەن دوستىغا تېلېفون ئۇرماقچى بولۇپ قالغاندۇ!؟ ھەي! قېرىلىق دېگەن ئاجايىپ بولىدىكەن، تووۋا، تووۋا!...

ئۇ ئەتىگەندىلا تولىمۇ ھارغىن، روھسىز كۆرۈنەتتى. ئېغىر قەدەم بىلەن ئاستا پەسكە چۈشتى، بىرىنچى قەۋەتكە چۈشۈپلا ئىشىكنى تاقىغان ـ تاقىمىغانلىقىنى بىلەلمەي يەنە ئۆي تەرەپكە ئۆرلىدى، ئىشىكنى ئىتتىرىۋىدى، ئىشىك تاقاقلىق چىقتى، ئۇ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى.

چىرايلىق زىننەتلەنگەن ئازادە ئاشخانىدا ئادەملەر ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى، ھەر خىل تاماقلارنىڭ مەززىلىك ھىدى دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ئاۋاز ياڭراتقۇدىن چىقىۋاتقان ئاتۇش خەلق ناخشىسى ئاشخانىغا باشقىچە جانلىق تۈس بەرگەنىدى. ئۇ كۆتكۈچى قىزنىڭ يول باشلىشى بىلەن تەشتەكتە ئۆستۈرۈلۈپ، ھۆپپىدە باراقسانلىشىپ كەتكەن ئەنجۈرلەر بىلەن ئورالغان بىر شىرەگە كېلىپ ئولتۇردى.

ـ ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

ـ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!

ئادىل جۇمە يەردىن ئۈنگەندەك يېنىغا پەيدا بولۇپ قالغان، چار ساقاللىرى مەيدىسىگە خۇددى بىر باغ بېدىدەك يېيىلىپ تۇرغان، شاپاق دوپپىلىق ئادەمگە سەپسالمايلا قولىنى يانچۇقىغا سالدى، ھەمدە «تىلەمچى بولسا پارچە پۇل سورايدۇ ھەقىچان» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

ـ سەن ئادىلمۇ؟ ـ سورىدى ساقاللىق تەئەججۈپ بىلەن.

ـ مەن شۇ، ـ دېدى ئادىل جۇمە تەپتارتمايلا ئۆزىنى سەنلەۋاتقان بۇ يوچۇن ئادەمدىن ئەجەبلەنگەن ھالدا. ئۇ ئەمدىلا يانچۇقىغا سالغان قولىنى ئىتتىك چىقىرىۋالدى، ـ ئۆزلىرىنى

تونۇيالمىدىمغۇ؟ سىلى...
ــ ھەي... كادىر خەق دېگەن بىزدەك دېھقاننى ئاسان تونۇمتى، ــ دېدى شاپاق دوپپىلىق ئادەم ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ، ــ ئوبدانراق قارا، مەن سېنىڭ بالا ۋاقتىڭدىكى ئاغىنەڭ سەيپۇل، ئېسىڭگە ئالالىدىڭمۇ؟ نەچچە يىللادىن بۇيان كۆرۈشەلمىدۇق، سېنى چوڭ كادىر بوپ كەتتى، شەدە چوڭ باشلىق بوپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم. مەلىگە بىرنەچچە قېتىم كەپتۇ دېيىشتى، ئەمما مەن دەريانىڭ ئۇ قېتىدا مال بېقىپ يۈرگەچكە كۆرۈشەلمىدۇق. شەگە نەچچە ئىزلەپ كىلەي دېدىم، ئەممازە پەقەت پۇرسىتى بولمىدى، بۈگۈن ماۋۇ يەدە ئۇچۇرشۇپ قالغىنىمىز بەك بەلەن بولدى.
ساقاللىق ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا جايلىشىپ ئولتۇردى. ئادىل جۇمە ھەر قانچە ئەسلەپمۇ بالىلىق دەۋرىدىكى ۋىجىك سەيپۇلنى ھازىر ئالدىدا تۇرغان تەتۇر ئۇستىخان، گەۋدىلىك سەيپۇلغا ئوخشىتالمىدى. لېكىن كۆڭلى ۋاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بىر ئىچكى خۇشاللىق يۈزىگە تېپىپ چىقتى. كۇتكۇچى قىز «نېمە بۇيرۇتىسىلەر» دېگەندەك، ئۇلارغا قاراپ تۇراتتى.
ــ لەڭمەن يەمدۇق، سەيپۇل، ــ دېدى ئۇ بالىلىق ۋاقتىدىكى دوستىغا.
ــ ئاھاي، قويە ئۇ قوساقتا تۇمايدىغان خېمىنى، گۆش يەيلى گۆش، پاخلان گۆشى بارمۇ؟ بوسا ئۇچ ـ تۆت كىلو ئېپ كىلىڭە، ـ دېدى ئۇ يانچۇقىدىن بىر كاللەك پۇلنى چىقىرىپ.
ــ بولدى قىل سەيپۇل، بۈگۈن سەن ماڭا مېھمان، پۇلۇڭنى يانچۇقۇڭغا سال.
ــ سەن مېھمان قىلساڭمۇ، مەن مېھمان قىلسامىمۇ ئوخشاش. كىچىك ۋاقتىمىزدا ھېلىقى ئەترەتنىڭ قوغۇنلىقىدىن ئۇدۇل كەلگەن سويمىلانى ئۇزۇپ، ئۆستەڭ بويىدا تالىشىپ يېگىنىمىزنى ئۇنتۇپ قامىغانسەن؟ بالىلىق ۋاقىتلا

ئاجايىپ ئىدى ھە! بىر ئويلىسا، تونۇگۇن بوغان ئىشتەك بىلىنىدۇ؛ بىر ئويلىسا، بەكمۇ ئۇزۇندا قاغاندەك. ھەي! تىرىكچىلىك دېگەن زادى مۇشۇنداق بولىدىكەن. ھە، بالىلارچۇ؟ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بوپ كەتكەندۇ؟

ــ بالىلار ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولدى، ئوغلۇم بىلەن قىزىم ئۇرۇمچىدە خىزمەتتە، ئۈچ نەۋرەم بار، ناھايىتى چىچەن باللا بولدى، نۇرخان توگەپ كەتتى.

ــ يالغۇزمەن دېگىن، ــ دېدى سەيپۇل ساقاللىرىنى ماي يۇقى قولىرى بىلەن سىيلاپ، ــ ئاھاي، بۇ ياشقا كەگەندە قاملاشماپتۇ بۇ، دەم ئېلىشقا چىققانسە، يالغۇز ھەم قىلىدىغانغا ئىش يوق بىكار دېگەن گەپ.

ئادىل جۇمە سەيپۇلنىڭ گۆشلەرنى تەرگە چۆمۇلۇپ ئولتۇرۇپ ئىشتىھا بىلەن يېيىشلىرىگە ھەۋەس بىلەن قاراپ كەتتى. يۇمشاق پاخلان گۆشىنى ئۇ قوۋزىغا تولدۇرۇپ ـ تولدۇرۇپ چاينايتتى، شورپىنى غۇرتۇلدىتىپ ئىچەتتى.

ــ سەن نېمىشقا گۆش يىمەي قاراپ ئولتۇرىسەن، چوڭ ـ چوڭ ئاله.

ــ ماڭا گۆش، شورپا دېگەنلەر زىيان قىلىدۇ، قان بېسىمىم يۇقىرى.

ــ قويە شۇ گەپنى، گالدىن ئۆتكەن ھەر قانداق يېمەكلىك ئادەمگە پايدا قىلىدۇ. ھازىرقى ئادەملەر نېمە بوپ كېتىۋاتىدۇ؟ ئۇنى يېسەم زەرە قىلىدۇ، بۇنى يېسەم زەرە قىلىدۇ دەپ پەرز تۇتۇپ ئۆز بەدىنىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، بىزنىڭ مەھەللىدىكى ھېلىقى سامساق باينى بىلىسەنغۇ، بىر ئولتۇرۇشىدا بىر تەڭلە گۆشنى يەۋېتىدىغان شۇ ئادەم بىر يۈز ئىككى يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكۈچە، قوينىڭ قۇيرۇقى بىلەن نان يەيتتى. شۇ ئادەمدىمۇ قان بېسىم، قان قېتىش دېگەن نەرسە يوق ئىدى. ئادەمنى يېگەن نەسە ئاغرىتمايدۇ، ھەرىكەت قىلماسلىق ئاغرىتىدۇ،

شۇڭا ھەركەتتە بەركەت بار دەيدۇ ئەجدادلا. بۈگۈن شەگە كىرىمىز دېسەم نەۋرىلىرىم، ھە راس، دېمەپتىمەن. ئالتە بالام بار، ھەممىسىنى ئۆي - ئوچاقلىق قىلدىم. ئون سەككىز نەۋرەم بار، ماڭا ئامراق ئۇ باللار، شۇڭا دائىم چوڭ ئۆيدە تۇرىمىز دەپ مېنىڭ يېنىمدىلا، بازار قىلىۋېتىدۇ ئۆي دېگەننى. شۇنداق قىپ شەگە كىرىمىز دېسەم، كىرا ماشىنىسىدا كىرىمىز دەيدۇ. ئات ھارۋامدا كىرىمىز دېسەم. سېنىڭ ئۇ كونا زامانىدىكى ھەرۋاڭدا ھازىر كىم ئولتۇرىدۇ، دەيدۇ. خالىغىنىڭ ھارۋىغا چىق، خالىغىنىڭ ماشىنىغا دەپلا مېڭىۋەردىم. كەڭ - كۇشادە، ئەتراپىنى كۆرۈپ ماڭغانغا يېتەمدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېتىمۇ ناھايىتى چاپقۇر ئات، نورۇز بايراملىرىدا ئوغلاقتىمۇ سېپ قويىمەن تېخى.

— ھازىرمۇ ھېلىقى تۇزدە ئوغلاق تارتىش بولامدۇ؟ ئاجايىپ قىزىپ كېتەتتى ئۇ تۇز.

— ھە، شۇ ساقىم باينىڭ كۇزلۇكى دېگەن يەردە ھېلىمۇ ئوغلاق تارتىشىمىز، بەك قىزىيدۇ.

ئىككىلىسى خۇددى شۇ تۇزلەڭنى ئەسلەۋاتقاندەك جىمىپ قېلىشتى.

— ھەي كۇتكۇچى قىز. سامسىدىن يۈزنى ماۋۇ داستىخانغا ئوراپ بېرىڭ، — ئارىدىكى جىمجىتلىقنى سەيپۇل بۇزدى.

— نېمە؟ بىر تونۇر سامسىنى بىراقلا ئالامسەن؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى ئادىل جۇمە.

— شۇ نەۋرىلەرگە ئېلىۋالاي دەيمەن، قوغۇن - تاۋۇز دېگەندەك شاپاق - شالتاق مېۋىلەر مەھەللىدە كۆپ.

— ياخشى ئويلاپسەن، — دېدى ئادىل جۇمە خىيالچانلىق بىلەن، ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ چىقتى.

ئۇلار دۇئا قىلىپ ئاشخانا ئالدىغا چىققاندا قۇياش پېتىشقا ئاز قالغانىدى. بارغانسېرى بوي تارتىپ كېتىۋاتقان بىنالار كەچكى شەپەقنىڭ نۇرىدا سارغۇچ رەڭگە كىرگەنىدى.

— بۈگۈن بىزنىڭكىدە قونۇپ قال، ئەتە يولغا سېلىپ قوياي، — دېدى ئادىل جۇمە تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىش بىلەن غېرىبلىقىنى نەلەرگىدۇ ئۇچۇرۇۋەتكەن دوستىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي.
— بولىسا شۇنداق قىلسام بولاتتى. ئەممازە، راست گەپ قىسام، سىلەر شەھەرلىكلەرنىڭ ھاجەتخانىسىغا كۆنەلمەيمەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھاجەتخاناڭلار بىلەن ئاشخانا بىر يەردە بولىدىكەن. شەھەرگە كىرمىگىلىمۇ ئۇزۇن زامانلار بوپتىكەن، قارىسام بۇرۇنقىدەك ئۆتەڭ دېگەنلەرغۇ قالماپتۇ ھازىر. ئەتىگەن ھارۋىنى شەھەرگە ئەكىرىپسەن دەپ، بىر ساقچى ئەللىك كوي جەرىمانە قويدى. شۇنىڭ بىلەن ھارۋىنى شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر يەرنى تېپىپ نەۋرەمگە باقتۇرۇپ قويغان. دېسەم — دېمىسەم ئۆيۈڭ بار يەدە ھارۋا قويغۇدەك يەرمۇ يوق ھەقچان، خوش! تۇرۇپ قال، كېيىن كۆرۈشەيلى. يا بولمىسا ھارۋام بىلەن مەھەللىگىلا ئېلىپ كېتەيمۇ — يا؟ مەھەللىدىكى تەڭتۇش ئاداشلارنىڭ ھەممىسى ھايات، قېرىپ كەتتى شۇ. ئۇلار سېنى كۆسە بەك خۇش بولاتتى.
— بولدى رەھمەت! كېيىن ۋاقىت چىقىرىپ بارارمەن. يا كۆچۈپلا بارارمەن.
— ھەببەللى! بايامتىن دېيەلمەي تۇراتتىم. كۆچۈپلا بارە. تارچىلىق شەھەردە يالغۇز ئۆتۈپمۇ ئىشمۇ!؟ ئالىمادىس بىر ئىش بولۇپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق!؟ مەھەللە دېگەن ھامىنى مەھەللە، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاتا — ئاناڭنىڭ توپىسىمۇ ئاشۇ يەدە تۇرسا. ئەگەر كۆچۈپ بارىمەن دېسەڭ، كۆچۈرۈپ كەتكىلى ھارۋامنى ئېلىپ كېلىمەن.
— رەھمەت ساڭا، ئەگەر شۇنداق قارارغا كېلىپ قالسام ساڭا خەۋەر بېرىمەن.

— ئەمما شۇنداق كېلىشتۇق، ئەگەر دېھقانچىلىق قىلالايمەن دېسەڭ، ئازراق يەر ئاجرىتىپ بېرىمەن، كۆكتات تېرىپ قويساڭمۇ بولىدۇ، خوش، خۇدايىمغا ئامانەت!

ئىككى دوست خوشلاشتى. سەيپۇل قەددىنى تىك تۇتۇپ خۇددى گېنېراللاردەك گورسۇلدەپ چوڭ - چوڭ دەسسەپ يۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كەڭ يەلكىلىك گەۋدىسى كىشىلەر ئارىسىغا سىڭىپ كەتكۇچە، ئادىل جۇمە ئۇنىڭ كەينىدىن خېلى ئۇزۇن قاراپ تۇردى.

ئۇنىڭ بۇرنىغا يىراقتىكى مەھەللىنىڭ ھىدى ئۇرۇلغاندەك بولدى. قۇلىقىغا ئاشۇ مەھەللىدىكى قۇرداشلىرىنىڭ چۇرقىرىشىپ، تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ ئويناۋاتقاندىكى قىيقاس - چۇقانلىرى، بەختىيارلىق ئىچىدىكى «ۋاللەي» سادالىرى ئۇرۇلغاندەك؛ كۆز ئالدىدا ئۇ خىزمەتكە چىقىپ ئۇزىتىلغاندا، مەھەللىدىكىلەرنىڭ خۇشال بولۇپ، ئۇنى مەھەللە دوقمۇشىغىچە ئۇزىتىپ: «بىزنىڭ مەھەللىدىن كادىر چىقتى، ئادىلجان چوڭ كادىر بولدى، ۋالىي بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن...» دەپ سۆيۈنۈش ۋە قىيالماسلىق ئىچىدە ئۇزاتقىنى قايتا زاھىر بولغاندەك بولدى-دە، بۇرنى ئېچىشىپ كۆزلىرىگە ئاچچىق ياش كەلدى. ئۇ، باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ كۆزلىرىنى سۇرتتى، قەدەملىرىنى ئىتتىك ئېلىپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

...

— ئا جۇجاڭ، كۆچۈپ مېڭىپ‌ىلىغۇ، نەگە بارىدىلا؟ — سورىدى يولنىڭ ئۇ چېتىدىكى بىر تونۇشى قولىنى پۇلاڭلىتىپ.

— مەھەللىگە.

— مەھەللىگە؟ قايسى مەھەللىگە؟

— ئۆزۈمنىڭ مەھەللىسىگە، تۇغۇلغان يۇرتۇمغا...

## سۆيىقەست

ئۇ، ئەسلىي ئۇنداق غەلىتە مىجەز ئەمەس ئىدى، بىر قېتىملىق زەربە ئۇنىڭ مىجەزىنى ئاستا - ئاستا ئۆزگەرتىۋەتتى.

ئۇ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ خىزمەتكە چۈشكەن يىلى چوڭلارنىڭ كىشى قويۇپ، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىش تەلىپىنى يەتكۈزۈشى بىلەن، ئۆزىگە لايىق ئىزدەشكە كىرىشتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، يىگىت ئۆزىگە ماس كېلىدىغان قىزنى ئۆزى تاللىغىنى ياخشى، باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇنىڭچە، ھاياتلىق سەپىرىدە بىرگە ياشايدىغان مەھبۇبىسى چوقۇم ۋاپادار، سەممىي، راستچىل، غايىلىك، تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئائىلە ئۈچۈن جان كۆيدۈرىدىغان، مېھرى ئىللىق قىز بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئەنە شۇنداق شەرتكە چۈشىدىغان لايىق ئىزدەپ يۈرگەن كۈنلەردە، تاسادىپىيلا بىر قىز بىلەن تونۇشۇپ قالدى.

قىز ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئاپپاق تېرىسى شۇ قەدەر سۈزۈك ئىدىكى، خۇددى ئىلى ئاق ئالمىسىدەك پارقىراق، كۆزلىرى تۇن قاراڭغۇسىدەك قاپقارا ئىدى. زەينۇرە ئىسىملىك بۇ قىز قوڭغۇراقتەك كۈلكىسى، دائىم كۈلۈمسىرەپلا تۇرىدىغان گۈزەل رۇخسارى بىلەن ئۇنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغانىدى. ئۇلار تۇنجى كۆرۈشۈپلا، خۇددى كونا تونۇشلاردەك قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى. زەينۇرەدىكى ئوچۇقلۇق ھەم دېگەندىلا يىگىتنى تەمتىرىتىپ قويدى.

— سىز نېمانداق تارتىنچاق بالا، قارىسا خېلى ئىشلارنى

كۆرگەندەك قىلمىسىز، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپسىز تېخى، شۇنداق تۇرۇقلۇق....، — قىز شۇنداق دېگىنىچە ئۇنىڭ قولىنى ئالىقىنىغا ئالدى. قىزنىڭ قولى يىگىتنىڭ ئالىقىنىغا تېگىشى بىلەن يىگىتنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تىترەك باستى.

— مىنىڭ ئىسمىم ئەزىمەت، — يىگىت ھاياجانلىنىپ كەتكەچكىمۇ ھودۇقۇش ئىچىدە سورالمىغان سوئالغا جاۋاب بېرىپ سالدى.

— ئەزىمەت بولغاندىن كېيىن ئەزىمەتتەك يۈرەكلىك بولماسىز، — دېدى قىز ۋىلىقلاپ كۈلۈپ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئاسانلا چىقىشىپ قالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئەزىمەت زەينۇرە بىلەن توي قىلىش قارارىغا كەلدى. توي كۈنىمۇ بېكىتىلدى، ئۇلار تويىغا جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتقان كۈنلەردە، مۇنداق بىر ئىش يۈز بېرىپ توي ئىشى بۇزۇلدى.

ئەزىمەتنىڭ يېقىن ئاغىنىسى ئابلەت تۇغۇلغان كۈن زىياپىتىگە ئۇلارنى تەكلىپ قىلدى. زىياپەت شەھەردىكى داڭلىق رېستوراننىڭ كاتتا بېزەلگەن ئايرىمخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. دەبدەبىلىك مۇراسىم سۆزلىرى، ئوتلۇق تىلەكلەر ئىچىدە زىياپەت باشلاندى. ھەرخىل شارابلار كەلتۈرۈلۈپ رومكىلارغا قۇيۇلدى. ئەزىمەت ئەزەلدىن ھاراق ئىچمەيتتى، تاسادىپىي بىرەر رومكا ھاراق ئىچىپ قالغۇدەك بولسا، شۇ ھامان كۆڭلى ئېلىشىپ ياندۇرۇۋېتەتتى. بىرنەچچە كۈنگىچە تاماقمۇ يېيەلمەيتتى، شۇڭا ئۇ چاقىرىلغان سورۇنغا بېرىشتىن ئاۋۋال چاقىرغۇچىغا ئۆزىگە ھاراق زورلىماسلىقنى ئالاھىدە ئەسكەرتەتتى.

ئۇ، بىر بوتۇلكىغا يېقىن ئاق ھاراقنى ئىچىۋېتىپ «تېخى قانمىدۇق» دېيىشىدىغان ئىچەرمەنلەرگە «ئاشقازىنى مۇشۇ سېسىق ھاراقنى قانداقمۇ كۆتۈرىدىغاندۇ» دەپ قاراپ قالاتتى.

بۇگۇنمۇ شۇنداق بولدى. سورۇن باشلانغاندا، ئەزىمەتكە ھاراق ئانچە زورلانمىدى، رومكا بىرنەچچە رەت ئايلانغاندىن كېيىن، قىزىپ قالغان دوستلىرى ئۇنىڭغا ھاراق قۇيۇلغان رومكىنى تەڭلەپ تۇرۇۋالدى.

— نەچچە ۋاقىتتىن سېنى ھاراق ئىچەلمەيدۇ، دەپ سورۇنلاردا يول قويدۇق، ئەمدى ئانچە - مۇنچە ئىچىپ قوي، — دېدى چىرايلىق بۇرۇت قويۇۋالغان ئابلەت.

— ئەتە - ئۆگۇن تويۇڭدا شاراب قۇيارسەن، ئۆزۇڭمۇ ئانچە - مۇنچە ئىچمىسەڭ تويۇڭ تويدەك قىزىمايدۇ، ئالە ئوغۇل بالا بولغاندىكىن، — دېدى تاھىر دېگەن ئاغىنىسى باشقىلارغا كۆز قىسىپ.

— ئىچمىسە زورلىماڭلارچۇ، — دېدى ئابلەتنىڭ يۇرۇۋاتقان لايىقى سەلىمە، — بولسا سىلەرمۇ ئىچمەڭلار.

— ئابلەتكە زىيان بولمىسۇن دەۋاتامسىز سەلىمە.

ھەممە قىيا - چىيا قىلىشىپ كۇلۇشتى.

— ئېلىڭە ئەزىمەت يىگىت بولغاندىكىن، — دېدى باياتىن ئۇنىسىز ئولتۇرغان زەينۇرە پوسۇققىدە. بۇنىڭ بىلەن سورۇن يەنە بىر قېتىم قىيا - چىياغا تولدى.

ئەزىمەت زەينۇرەنىڭ بۇ گېپىدىن قاتتىق ئوڭايسىزلىنىپلا قالماي خاپا بولدى. ئۇ رومكىنى قولىغا ئالدى - دە، كۆزىنى يۇمۇپلا «گۇپلا» قىلىپ ئىچىۋەتتى. ھەممەيلەن چاۋاك چېلىشىپ كېتىشتى، ئەزىمەت ئۇدۇل تازىلىق ئۆيىگە يۇگۇردى. ئۇ تازىلىق ئۆيىدىن چىققاندا ھاراق قۇيۇلغان رومكا ئايلىنىپ يەنە ئۇ ئولتۇرغان تەرەپكە قىستاپ كېلىپ قالغانىدى.

زورلاش يەنە باشلاندى، ئەزىمەت بۇ قېتىم رومكىنى قەتئىي قولىغا ئالمىدى.

— ئەگەر يەنە زورلىساڭلار قايتىپ كېتىمەن، — دېدى ئۇ زەينۇرەگە لاپىدە قارىۋەتكەندىن كېيىن، — مېنىڭ ھاراق

ئىچەلمەيدىغىنىمنى بىلىپ تۇرۇپ نېمە قىلغىنىڭلار بۇ، — غۇدۇرىدى ئۇ خاپا بولغاندەك.

سورۇن قايناۋاتقان قازانغا بىر نوگاي سۇ قۇيغاندەك جىمىپ قالدى. دەل شۇ ۋاقىتتا زەينۇرە ئورنىدىن دەس تۇردى - دە، ئادەمنى ھەيرەتتە قالدۇرغۇدەك ناز بىلەن:

— بولدى، مېنىڭ ئەزىمىتىم ئىچەلمىگەن ھاراقنى ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئىچىۋېتەي، — دېدى - دە، ئەزىمەتنىڭ ئالدىغا قويۇلغان لىق ئاق ھاراق تولدۇرۇلغان رومكىنى ئېلىپلا گۇپپىدە ئىچىۋەتتى. سورۇندىكىلەر ئاغزىنى ئېچىپ قاراپلا قېلىشتى.

— بولدى، بولدى، — دېدى ئابلەت ئورنىدىن تۇرۇپ، — قىزىقچىلىق بولسۇن دەپ ئەزىمەتكە ھاراق زورلاپ قويساق، زەينۇرە سىزمۇ ئاشۇرۇۋەتتىڭىز. بولدى، ئەزىمەت ئىچمىسە زورلىمايلى، سورۇنىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى، ھازىردىن باشلاپ ھاراق ئىچىش ئىختىيار.

— بايامقىسى مېنىڭ بولغۇسى ئېرىمنىڭ، ئەمدى ئۆزۈمنىڭ نۆۋىتىنى قويماسىز، — دېدى زەينۇرە قىزىرىشقا باشلىغان چىرايىنى تۇرۇپ، — بۇيرۇتقان ھاراق ئازمىدى يا.

— ھاراق سىزدىن ئايلانسۇن، ئەزىمەت ئوغۇل بالىدەك ئىچىدىغان قىزغا يولۇقۇپتۇ جۇمۇ.

— يېقىندا تويىمىز بولىدۇ، تويدا مەن سىلەر بىلەن رومكا سوقۇشتۇرالمايمەن، شۇڭا بۈگۈن راسا بىر ئىچىشەيلى. قېنى ساقى، — زەينۇرە ساقىغا رومكىنى سۇندى، — چوڭ رومكىغا قۇيۇڭ، بارلىق ئوغۇللار بىلەن بىر رومكىدىن سوقۇشتۇرۇپ ئىچىمەن.

سورۇندىكىلەرنىڭ ھاي دېيىشلىرى، قىزلارنىڭ «تۇۋۋا»دەپ ياقا تۇتۇشلىرى زەينۇرەگە كار قىلمىدى. ئۇ، ئىچەتتى، كۈلەتتى، يەنە ئىچەتتى، ئىچكەنسېرى ئېچىلىپ كۈلەتتى،

ئەزىمەتنىڭ دوستلىرىنى توختىماي تانسىغا تارتىپ ئوينايتتى.
شۇ قېتىمقى زىياپەتتىن كېيىن، ئەزىمەت ئاساسەن پۈتۈپ قالغان تويدىن يېنىۋالدى، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ئوغلىنىڭ ئۆزى تاپقان لايىقى بىلەن قىلىدىغان بۇ تويدىن نېمە سەۋەبتىن يېنىۋالغىنىنى زادىلا چۈشىنەلمىدى.
شۇنىڭدىن كېيىن، ئەزىمەت قىزلارغا ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ قالدى. دوستلىرىنىڭ ھەممىسى بىر - بىرلەپ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولدى، بەزىلىرى ئىككىدىن بالىلىق بولۇپمۇ قالدى، ئەزىمەت بولسا تېخىچە يەككە - يېگانە يۈرەتتى.
ئۇ، گېزىتلەردە بېرىلگەن لايىق تونۇشتۇرۇش ئېلانلىرىنى كۆرسىمۇ تېرىكىدىغان، بىركىم بىرەر قىزنى سايە قىلسىمۇ خاپا بولىدىغان بولۇپ قالدى. سورۇنلاردىمۇ ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرەتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، دوستى ئابلەت يەنە دوستلۇقىنى يەتكۈزمەكچى بولدى:
— بىزنىڭ ئىدارىگە بىر قىز تەقسىملىنىپ كەلدى، قارىسام ئۇ قىزنىڭ تەقى - تۇرقىمۇ جايىدا. ئەڭ مۇھىمى مىجەز - خۇلقى، يۈرۈش - تۇرۇشىمۇ ناھايىتى ئېسىل قىزكەن. بوش ۋاقىت تاپسىلا كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرىدىكەن. خەنزۇچىنىمۇ ئوبدانلا بىلىدىكەن، يەنە رۇسچە ئۆگىنىۋاتىمەن دەيدۇ، سەنمۇ بىر كىتابباز، مېنىڭچە سىلەرنىڭ ئورتاقلىقىڭلار كۆپكەن.
— مەن يا ئۇ قىزنى تونۇمىسام، — دېدى ئەزىمەت بىرخىل زەئىپ ئاۋازدا.
— خاتىرجەم بول، مەن ئۆزۈم توغرىلايمەن، ئەتە ۋاقىت چىقىرىپ مېنىڭ ئىشخانامغا كەل، — قالغىنى كېيىن بىر گەپ بولىدۇ، — ئابلەت گەپ تامام دېگەندەك كېتىپ قالدى.
ئەزىمەت يەنە خىيالغا پاتتى. مەن ئۆزۈمگە لايىق تاللاشتا

شەرتنى بەك ئۇستۇن قويۇۋالدىمۇ قانداق؟ ئابلەت تونۇشتۇرماقچى بولغان قىز قانداقراق قىزدۇ؟... قېنى بىر كۆرۈشۈپ باقاي، بولسا بولار، بولمىسا قالار...

ئابلەت تونۇشتۇرغان گۈلچىمەن ئىسىملىك بۇ قىز زەينۇرەگە سېلىشتۇرغاندا ئانچە چىرايلىق بولمىسىمۇ، تۇرقىدىن تۈزۈكلا بىر قىز ئىدى. ئۇنىڭ خىيالچان كۆزلىرى ئەزىمەتكە ناھايىتى يېقىملىق تۇيۇلدى. بولۇپمۇ بۇ قىزنىڭ چوڭقۇر بىلىمى، ھاياتقا بولغان قىزغىنلىقى ئەزىمەتنى قايىل قىلدى. ئۇلار ھەر ئۇچراشقاندا، پەقەت جەمئىيەت، ئەخلاق، ئۆزلىرى ئوقۇغان ياخشى كىتابلار ھەققىدە پاراڭلىشاتتى. ئۆزئارا كىتاب ئالماشتۇراتتى، ئۆگىنىش تەجرىبىلىرىنى سۆزلىشەتتى.

يېقىندىن بۇيان ئەزىمەت ئۈچۈن كۈنلەر تولىمۇ تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى بوشاڭلىقى، جىمغۇرلۇقى نەگىدۇر يوقالغانىدى. ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز بىرخىل خۇشاللىق، ئىپادىلىگۈسىز بىر خىل تۇيغۇ ئۇنىڭ قەلبىدە باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ گۈلچىمەننى راستتىنلا ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىغا ئىشەندى. ئۇ يول ماڭغاندىمۇ، تاماق يېگەندىمۇ گۈلچىمەننى ئويلايتتى. قىزنىڭ خىيالچان بىر جۈپ كۆزى كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى، پەقەت شۇ بىر جۈپ كۆزلا ئۇنىڭغا جىمى ھاياتلىقتەك تۇيۇلاتتى...

— قانداقراق، — دېدى بىر كۈنى ئابلەت ئەزىمەتكە مەنىلىك قاراپ، — بولىدىغان قىزمىكەن، مەن سەن گۇمۇشقا ئۇنداق، مۇنداق قىزنى سايە قىلمىدىم جۇمۇ، مۇشۇ كۈندە گۈلچىمەندەك ياخشى قىزنى تاپماق تەس.

— گۈلچىمەنغۇ ياخشى قىزكەن، — دېدى ئەزىمەت پېتىۋاتقان قۇياشقا تىكىلىپ، — لېكىن ماڭا تەلەپ قويۇش پۇرسىتىنى بەرمەيۋاتىدۇ. يەنە كېلىپ ئۇ قىز شەخسى تۇرمۇشى ھەققىدە، زادى ئېغىز ئاچمايدۇ. قاچانلا قارىساڭ

پارىغىمىز كىتاب ـ ژۇرنال، دۇنيا يېغىلىقلىرى، ئىلىم ـ مەرىپەت، مائارىپ قاتارلىقلار ھەققىدە، نەچچە قېتىم ئۇرۇنۇپ باقتىم بولمىسا گەپنىڭ تېمىسىنى يۆتكەپ، لايىقى بولۇپ قالمىغىيدى، دەپ ئەنسىرەيمەن.

ــ ھەي ئەخمەق، بۇ ئىشتا سەن ئوغۇل بالا بولغاندىكىن تەشەببۇسكار بولمىساڭ قىز بالا قانداق پۇرسەت بېرىدۇ ساڭا. ئەگەر چىمەنگۈلنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرگەن بولساڭ ياپسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ، دەپ ئولتۇرماي ۋاقتىدا بىر نېمە دەپ ئارىنى ئوچۇق قىلىۋەتكىنىڭ تۈزۈك.

ــ ئۇغۇ شۇ، ئەمما زە بىنادىن ئالغان ئۆي تېخى پۈتمەيۋاتىدۇ، ئۆي پۈتكەندە ئاندىن...

ــ قويە بۇ گېپىڭنى، قىزغا سەن تەلەپ قويامسەن ياكى بىنادىكى پۈتمىگەن ئۆيۈڭمۇ؟ ئالدى بىلەن قىز بىلەن پۈتۈش، قالغىنى ئاستا ـ ئاستا بولىدۇ.

* * *

ئەزىمەت دوستى ئابلەتنىڭ بەرگەن مەدەتلىرىدىن غەيرەتكە كېلىپ، بۈگۈن گۈلچىمەن بىلەن شەھەرنىڭ بىر چېتىگە جايلاشقان چايخانىدا ئۇچراشتى. بىر ـ بىرىنى كۆرگەندە ئەتراپىدىكى ئىشلاردىن تارتىپ دۇنيادىكى يېڭىلىقلارغىچە قىزغىن سۆزلىشىپ ھارمايدىغان بۇ بىر جۈپ ياش، دەسلەپتە خۇددى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈۋاتقاندەك قورۇنۇشۇپ ئولتۇرۇشتى. بولۇپمۇ ئەزىمەت بويۇن ـ قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ ئولتۇراتتى. ھەرھالدا كۈتكۈچىنىڭ قىزغىن مۇلازىمىتى ۋە قەھۋەنىڭ شېرىن تەمى ئارىدىكى قاتماللىقنى تۈگەتتى.

ــ گۈلچىمەن، ــ دېدى ئەزىمەت قىزنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، ــ بىز شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ياخشى دوست بولۇپ ئۆتتۇق. بۇ جەرياندا مەن سىزنى خېلى چوڭقۇر چۈشەندىم دەپ

ئويلايمەن. شۇڭا بۇندىن كېيىنكى ھايات مۇساپەمنى سىز بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ بىللە باسسام دەيدىغان قارارغا كەلدىم. ئەگەر سىزمۇ مېنى ئۆزىڭىزگە مەڭگۈلۈك جۆرە بولالايدۇ، دەپ قارىسىڭىز مېنىڭ تەلىپىمنى رەت قىلمىسىڭىز.

گۈلچېمەن ئەزىمەتنىڭ مۇشۇنداق دەيدىغانلىقىنى بۇرۇندىنلا بىلىدىغاندەك، مۇشۇنداق بىر گەپ ئۇچۇن ئاللىقاچان پۇختا تەييارلىق كۆرۈپ قويغاندەك بىر دەم ئۇنسىز ئولتۇرغاندىن كېيىن، ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن شىرەنىڭ گىرۋىكىگە تىكىپ ئولتۇرغان كۆزلىرىنى ئەزىمەتكە يۆتكىدى:

— بىز تونۇشقاندىن بۇيان پىكىرداش، سىرداش بولۇپ بىر - بىرىمىزدىن ئىلھام، مەدەتىمىزنى ئاياشماي كەلدۇق، مېنى ئۆزىڭىزگە جۆرە بولالايدۇ، دەپ ئىشەنگىنىڭىزگە رەھمەت! مېنى چوڭ كۆرگىنىڭىزگە رەھمەت! مەن پەقەت شۇنىلا دېيەلەيمەن، بىراق تەلىپىڭىزنى قوبۇل قىلالمايمەن، — دېدى گۈلچېمەن ئوڭايسىز بىر خىل ھالەتتە.

— نېمىشقا؟ — ئەزىمەتنىڭ ئاۋازى ۋارقىرىغاندەك چىقىپ كەتتى، — نېمە ئۇچۇن؟ مېنى ئۆزىڭىزگە ماس كەلمەيدۇ، دەپ قارىغاچقىمۇ ياكى مېنىڭ ئانچە كېلىشىمگەن قەددى - قامىتىم پىسەنتىڭىزگە ياقمىدىمۇ؟

— ياق ئەزىمەت، — مەن سىزنى ياراتمايۋاتقىنىم يوق، بىز پەقەت پىكىرداش دوست. ئۇنىڭ نېرىسىغا ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس.

— نېمە ئۇچۇن؟

— چۈنكى، مېنىڭ لايىقىم بار.

— بۇرۇن نېمە ئۇچۇن لايىقىڭىز بارلىقىنى دېمىگەن؟

— سىز سوراپ باققانمۇ؟ — سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاب بەردى گۈلچېمەن، — سىز مۇشۇ ۋاقىتقىچە مەندىن بۇ ھەقتە ھېچنېمە سورىمىدىڭىز، مەن تېخى سىزنى بىلگەن ئوخشايدۇ

دەپتىمەن.

— مەن، مەن...سىزنى تېخى...

ئەزىمەت بېشىدا چاقماق چېقىلغاندەك چۆچۈدى، ئەندىكتى.

— مېنى لايىقى يوق دەپ قاراپتىكەنسىز - دە، بىز ماي بايرىمىدا توي قىلىشقا پۈتۈشكەن، توي تەييارلىقى ئاساسەن پۈتتى، كېلەر ھەپتە...

— كېلەر ھەپتە باغاق تارقىتىمىز دەڭ.

— شۇنداق، مەن تېخى سىزنى تويدا ھە - ھۇ دېيىشىپ بېرىدۇ، دەپ يۈرۈپتىمەن.

ئەزىمەتنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، ئىككىسى چايخانىدىن چىققاندا خېلىلا كەچ كىرىپ قالغان بولۇپ، سۇس نۇر چېچىپ تۇرغان كوچا چىراغلىرى خۇددى ئەزىمەتنىڭ كۆڭلىدەك خىرە ئىدى. ئۇلار ئېغىر قەدەملەر بىلەن گۈلچىمەننىڭ مەھەللىسى تەرەپكە يول ئالدى.

بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، ئەزىمەت پۈتى كۆيگەن توخۇدەك جايىدا جىم تۇرالماس بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ گۈلچىمەنگە ئاخىرقى قېتىم يېلىنىپ تۇرۇپ: «مەن سىز بىلەن توي قىلىمەن، مېنى رەت قىلماڭ، ئەگەر سىز مېنىڭ پاك سۆيگۈمنى قوبۇل قىلمىسىڭىز، ماڭا بۇ ھاياتنىڭ نېمە كېرىكى...» دېگەن بولسىمۇ، ئۈمىدىنىڭ يوققا چىقىشى ئۇنى قاتتىق ئازابلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ گۈلچىمەننى شۇ قەدەر چوڭقۇر سۆيىدىغانلىقىنى ئەمدىلا ھېس قىلىشقا باشلىغانىدى. ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان، ئەيمىنىدىغان ئۇ يېقىملىق كۆزلەرگە باشقىلار ئىگە بولسا، ئۇ قانداقمۇ چىدىسۇن. نەچچە يىللاردىن بېرى ئۇ، غايىۋى كۈتۈپ تۇرغان قىز دەل گۈلچىمەن ئىدى، مانا ئەمدى بۇ قىز قولدىن چىقىپ كېتىدۇ، باشقا بىرىنىڭ جۆرىسى بولىدۇ، ئۇ مەڭگۇ باشقىلارغا تەئەللۇق بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ، تەقدىرنىڭ بۇ چاقچىقىغا قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەلىسۇن؟...

زەينۇرە بىلەن تويى قىلالمىغىنىغۇ «تەلىيىم» دەپ يۈردى، ئەمدى بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك... گۈلچىمەننىڭ توي كۈنىنىڭ يېقىنلىشىپ قېلىشى ئۇنى تېخىمۇ تىت - تىت قىلاتتى، ئۇيقۇسىنى قاچۇراتتى. ئەگەر گۈلچىمەننى قولدىن چىقىرىپ قويسا ياشاشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمايدىغاندەك، مەڭگۈ بويتاق قالىدىغاندەك ھېس قىلاتتى. ئەزىمەت ئاچچىق ئەلەم بىلەن تولغاندى، قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ رېئاللىققا تەن بېرىپ «بۇ تەقدىر، ئامال يوق» دەپ تۇرسۇنمۇ؟! تۇيۇقسىز ئۇ دوستى ئابلەتنىڭ «ئوغۇل بالا دېگەن ئېرىشمەن دېگەن نەرسىسىگە بىر ئاماللارنى قىلىپ ئېرىشىشى كېرەك، ياپسام پۇشارمۇ، كۆمسەم پۇشارمۇ دەپ يۈرۈشكە بولمايدۇ» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلەپ قالدى.

«توغرا» دەپ ئويلىدى ئۇ: «مەن بىر ئوغۇل بالا بولغاندىكىن بىر ئامال قىلىشىم كېرەك، پەقەت گۈلچىمەنگە ئېرىشىدىغانلا ئىش بولسا، شۇنداق قىلسام نېمە بوپتۇ؟!» ئۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىر گۈلچىمەننىڭ يىگىتىگە بىر پارچە خەت يېزىش قارارىغا كەلدى - دە، قولىغا قەلەم ئالدى.

*　　　*　　　*

گۈلچىمەننىڭ يىگىتى، ئەتە توي دېگەن كۈنى ئەزىمەتنىڭ پوچتىدىن ئەۋەتكەن خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. كونۋېرتقا ئەۋەتكۈچىنىڭ ئىسمى، ئادرېسى يېزىلمىغانىدى. ئۇ بۇ نامسىز خەتنى ساندۇققا سالدى - دە، خەت ھەققىدە گۈلچىمەنگە تىنمىدى. قىسقىسى، ئەتە توي بولىدىغان بولغاچقا، گۈلچىمەننى بۇ كۆڭۈلسىز خەت بىلەن پاراكەندە قىلىشنى، يەنە شۇ نامسىز خەت سەۋەبىدىن تويىنىڭ بۇزۇلۇشىنى خالىمىدى. ئۇ گۈلچىمەنگە ئىشىنەتتى ھەم ئۇنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرەتتى. لېكىن، بۇ نامسىز خەت ئاستا خاراكتېرلىك زەھەردەك ئۇنىڭ

بەدەن ـ بەدەنلىرىگە ئاستا ـ ئاستا سىڭىپ بارماقتا ئىدى...

توي نەپىس بېزەلگەن كاتتا رېستوراندا، ناھايىتى ھەشەم بىلەن ئۆتكۈزۈلدى. چىمەن دوپپىسى بىلەن ئەتلەستىن تىكىلگەن توي كۆڭلىكىنىڭ ئىچىدە گۈلدەك ئېچىلىپ كەتكەن گۈلچىمەن سالاپەت بىلەن ئولتۇرغان يىگىتنىڭ يېنىدا تولىمۇ بەختىيار كۆرۈنەتتى.

توي ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مېھرىلىك دۇئاسى، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ يارەنلەرنىڭ گۈزەل تىلەكلىرى ئىچىدە ئاخىرلاشتى. گۈلچىمەن يىگىتنىڭ خىيالچان كۆزلىرىدىكى ئاچچىق بىر سوئالنى تېخى ھېس قىلىپ ئۈلگۈرمىگەنىدى. قىز كۆچۈرۈلۈپ ھۇجرىغا ئېلىپ كېلىنگەندە، گۈلچىمەننىڭ چۈشىگىمۇ كىرىپ باقمىغان پاجىئە يۈز بەردى.

گۈلچىمەن قىزلىق مەۋسۇمى بىلەن خوشلىشىپ، ئاياللىق بوسۇغۇسىدىن ئاتلاش ئالدىدا تۇرغان ۋاقىتتا ھەق نىكاھلىق ئېرى جۇشقۇن تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغ كۇنۇپكىسىنى باستى. ھۇجرا ئىچى خۇددى كۈندۈزدەك يورۇپ كەتتى. بۇ تۇيۇقسىز ئىشتىن چۆچۈپ كەتكەن قىز ئەنسىز توۋلىۋەتتى، كۆزلىرى غەزەپتىن قىزىرىپ كەتكەن يىگىت كارىۋاتقا يېقىن كەلدى ـ دە، گۈلچىمەننىڭ يالىڭاچ بەدىنىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە خۇددى يىڭنە ئىزدىگەندەك سىنچىلاپ سەپسالدى.

— نېمە قىلىۋاتىسىز، ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟ — دېدى قاتتىق قورقۇپ كەتكەن قىز، — چىراغنى ئۆچۈرۈڭ دەيمەن.

— مەن ساراڭ بولۇپ قالمىدىم گۈلچىمەن، — دېدى يىگىت چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — باشقا ئەركەك كۆرگەن نومۇسلۇق يېرىڭىزدىكى مەڭنى مەنمۇ كۆرۈپ باقاي دېدىم شۇ.

— نېمە دېگىنىڭىز ئۇ، گەپ بولسا ئوچۇق دەڭ. بۈگۈن توي كېچىسى، — گۈلچىمەن شۇنداق دېگىنىچە ھاپىلا ـ شاپىلا كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلىدى.

— بۇنىڭدىن باشقا قانداق ئۇچۇق دەيمەن، — دېدى جۇشقۇن سافاغا ئۆزىنى تاشلاپ تاماكىسىنى قاتتىق - قاتتىق شوراپ، — مەن سىزنى ماڭىلا تەئەللۇق دەپ قاتتىق ئىشىنىپتىكەنمەن، ئەمما ھەمشىرىك ئادەمدىن يەنە بىرى باركەن ئەمەسمۇ؟!

كىيىنىپ بولغان گۈلچىمەن سافاغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئېرىنىڭ بىلىكىنى تۇتقىنىچە كۆزلىرىگە ياش ئالدى:

— ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىپ، نېمە گەپ بولسا ئوچۇق دەڭ. مەن زادى نېمە ئىشنى خاتا قىپتىمەن، قانداقلا بولمىسۇن بۇگۈنكىدەك قۇتلۇق كۈندە ماڭا ئازار بەرمەڭ. ئىككىمىز مۇشۇ قۇتلۇق كۈننىڭ پاتراق يېتىپ كېلىشىنى زارىقىپ كۈتكەن ئەمەسمۇ؟ مانا ئەمدى تۈنجى كۈنىلا باشقىچە ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىڭىزغۇ؟

— نېرى ئولتۇر، — يىگىت قىزنى تۈنجى قېتىم سەتلىدى ۋە بىلىكىنى سىلكىپ ئىتتىرىۋەتتى، — سەن پاك ھەم تۇخۇمدەك ساق بولساڭ، يات بىر ئەر سېنىڭ نومۇسلۇق يېرىڭدىكى مەڭنىڭ ئورنىنى قانداق بىلىدۇ؟ دەپ باقە قېنى، زادى قانداق بىلىدۇ؟ مەن سېنىڭ ساداقىتىڭگە تاغدەك ئىشەنگەن ئەمەسمۇ!؟ مانا ئەمدى ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ دېگەندەك... سەن...

يىگىت غەزەپتىن بوغۇلۇپ قالدى.

— ئوچۇقراق دەڭ، زادى نېمە گەپ بۇ؟ مەن سىزنىڭ ئىشەنچىڭىزنى قانداق يەردە قويۇپتىمەن؟ مەن سىزگە ئەزەلدىن سادىق، سۆيگۈمىزگە ئەزەلدىن سادىق!

قىز ئەمدى ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

تويى بولۇپ ھۇجرىغا تۈنجى قەدەم باسقان بۇ بىر جۈپ ياشنىڭ تۈنجى كېچىسى ئەنە شۇنداق ئاياغلاشتى. يىگىت خەت تاپشۇرۇۋالغانلىقىنى ئوچۇق ئېيتماي، بىرىنىڭ

تېلېفوندا: «گۈلچىمەننىڭ كىندىكىنىڭ ئاستىدا مېڭى بارلىقىنى بىلىدىغانلىقىنى، ئەگەر كۆڭلۈڭ كۆتۈرسە توي قىل» دېگەنلىكىنى ئېيتتى.

تويدىن كېيىن بولىدىغان كۈيۈئوغۇلنىڭ تازىمغا بېرىشى، ياندۇرۇق چاي، تاتلىق چاي دېگەندەك قائىدىلەر ئۆز قەرەلىدە ئۆتكۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما يىگىت بىلەن قىزنىڭ قەلبى ئازاب دېڭىزىدا تۇنجۇقۇپ ئۆرتەنمەكتە ئىدى. بۇگۈنى توي قىلىپ ئەتىسىلا قىز يامانلىسا، ئەل - مەھەللە كوي نېمە دەيدۇ، كۆتۈرۈپ قويقۇسىز قۇرۇق سۆز، قۇرۇق تۆھمەتلەر قىزنىلا ئەمەس، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنىمۇ يەر قىلىۋېتىدۇ.

بۇگۈن توي قىلىپ، ئەتىسى خوتۇننى يولغا سالغان يىگىتنىچۇ؟ بىر ئۆمۈر قۇتۇلغۇسىز ئاھانەت ساقلاپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلار بىرەر ئاي كىشىلەرگە چاندۇرماي ئۆتۈشكە پۈتۈشتى. قارىماققا ئۇلار تولىمۇ ئىناق - ئىجىل ئەر-خوتۇنلارغا ئوخشايتتى. گۈلچىمەن گاراڭلا بولۇپ قالدى، ئاغزىنىڭ بىر قات تېرىسى چۈشۈپ كەتكۈدەك چۈشەندۈرۈشى جۇشقۇننى زادىلا قايىل قىلالمىغانىدى. نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بولىدۇ؟ مەن زادى نېمە گۇناھ قىلدىم؟ قېنى ئۇنىڭ ئىشىنىمەن دېگەنلىرى، قىلغان ۋەدىلىرى؟! ئەجەبا، نەچچە يىللىق ئەقىدەم مۇشۇنداق ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق تۈزۈپ كېتەمدۇ؟ خەقنىڭ تېلېفوندا دېگەن گەپلىرىگىمۇ ئىشىنەمدۇ؟ ئاھ خۇدا! كىمدۇ ئۇ مېنىڭ ئىززەت - نەپسىمگە، بەختىمگە چاڭ سېلىۋاتقان؟...

گۈلچىمەن بىرنەچچە كېچىنى يىغلاپ ئۆتكۈزدى. ئۇ، تۇنجى قېتىم قىز بالىنىڭ ھەقىقەتەن ئاجىز بولىدىغانلىقىغا ئىشەندى. ئۇ ھەقىقەتەن ئاجىز ئىدى، ھەقىقەتەن چارىسىز قالغانىدى. بۇ ئىشلارنى يا بىرەر دوستىغا تىنغىلى بولمىسا، يا بىرەرىدىن ياردەم سورىغىلى بولمىسا، زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ پەقەت يىغلايتتى، كېچىسى ياستۇقى ھۆل بولۇپ

كەتكۆچە يىغلايتتى. كۈندۈزى گىرىمنى قىنىق قىلىپ، يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى، مەيۈس چىرايىنى يوشۇراتتى. جۇشقۇنلىقى ھالىمۇ ئۇنىڭدىن كەم ئەمەس ئىدى، بەزىدە ياستۇقنى قۇچاقلاپ ئۇنسىز ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان گۈلچىمەنگە ئىچى ئاغرىپىمۇ قالاتتى - يۇ، لېكىن يەنە دەرھاللا «ۋاپاسىزلىق قىلغىنىڭغا توي» دېگەندەك تاماكىسىنى ئاچچىق - ئاچچىق شورىغىنىچە سافانىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئولتۇراتتى. «بۇ تۆھمەت بولۇپ قالسىچۇ؟» دېگەن خىيال غىل - پال ئۇنىڭ كاللىسىغا سايە تاشلاپ قالسىمۇ، يەنە دەرھاللا «تۆھمەت بولسا ئۇنىڭ تېنىدىكى مەڭنى...»دەپلا تورۇپ قالاتتى، ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىدىن ئۆكۈنەتتى.

ئارىدىن ئون نەچچە كۈن ئەنە شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. گۈلچىمەن تۇيۇقسىز ئەزىمەتتىن گۇمانلىنىپ قالدى: «بۇ رەزىللىكنى ئاشۇ قىلغانمىدۇ؟ ياق، ياق! ئەگەر ئۇ قىلغان بولسا مېنىڭ بەدىنىمدىكى مەڭنىڭ ئورنىنى ئۇ قانداق بىلسۇن؟ قىز دوستلىرىمنىڭ بىرەرىنىڭ ئىشىمۇ يە؟ مۇمكىن ئەمەس، ئۇلار نېمە دەپ شۇنداق قىلغۇدەك؟!...»

چىمەنگۈل خۇددى رازۋېتكا ساقچىسىدەك بارلىق گۇمانىي كىشىلەر، گۇمانىي نۇقتىلارنى بىر - بىرلەپ ئەقىل ئەلگىكىدە تاسقاپ چىقتى، گۇمان ئاخىر ئەزىمەتكە مەركەزلەشتى. ئەزىمەت مېنى ياخشى كۆرىمەن دېگەن ئىدىغۇ، مەنمۇ ئۇنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىدىن قىلچە گۇمانلانمىغان. ئەمما، ئۇنىڭ ياخشى كۆرۈشى بىردىنلا ئاشۇنداق رەزىللىككە ئۆزگىرىپ كېتەرمۇ؟! مەن ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغاندا ئۇ قايىل بولغاندەك قىلغان، لېكىن تويغا بىرنەچچە كۈن قالغاندا يەنە شۇ كونا گەپنى قىلىپ: «سىز بولمىسىڭىز ياشىيالمايمەن، سىزسىز ھاياتىمنىڭ مەن ئۈچۈن كېرىكى يوق، ئەگەر يەنىلا مېنى رەت قىلسىڭىز مېنىڭ سۆيگۈم نەپرەتكە ئايلىنىپ كېتىدۇ،

سىزنىمۇ، مېنىمۇ كۆيدۈرۈۋېتىدىغان نەپرەتكە ئايلىنىدۇ...»
دېگەندەك قىلغان. ئۇ چاغدا مەن ئېرەن قىلمىغانىكەنمەن. ئۇ
شۇ ۋاقىتتا ئادەمنى سەسكەندۈرىدىغان مۇشۇنداق پىلاننى
ئالدىن ئويلىغان بولغىيمىدى؟! ئۇنداق بولسا ئۇ، مېنىڭ
بەدىنىمدىكى مەڭگىنىڭ ئورنىنى قانداق بىلدى؟ بۇ سىرنى
قانداق ئېچىش كېرەك؟... گۈلچىمەن قەتئىي نىيەتكە كەلگەن
ئىدى. ئۇ ئاخىر، ئەزىمەتتىن سۈرۈشتۈرۈپ بېقىش قارارىغا
كېلىپ، ئۇنى ئىزدەپ ئىدارىسىگە باردى. ئەزىمەت رۇخسەت
سوراپ ئىشقا كەلمىگەنىدى. ئۇ ئەزىمەتنىڭ دوستى ئابلەتتىن
ئۇنى سۈرۈشتە قىلدى:
— ئەزىمەت بىرقانچە كۈن بولدى نېمە بولدىكىنتاڭ، كۈندە
قاۋاقتا ئىچىپ مەسلا يۈرىدۇ، مەنمۇ ئۇنىڭغا نەچچە رەت
نەسىھەت قىلدىم. ھە دەيدۇ - يۇ، يەنە قاۋاقتا يۈگۈرەيدۇ، —
دېدى ئېغىر تىنىپ، — بەلكىم سىزنىڭ تويىڭىز ئۇنىڭغا
قاتتىق تەسىر قىلغان ئوخشايدۇ.
— مەن تويدىن بۇرۇن ئۇنىڭغا چۈشەنچە بەرگەنىغۇ؟
— ئۇغۇ شۇنداق، ئەمما كۆڭۈل ئىشىغا بىر نېمە توغرا
كەلمەيدۇ - دە؟
گۈلچىمەن ئابلەت بىلەن خوشلىشىپ، ئۆزى تونۇيدىغان
بىكار تەلەت مەھەللىدىشى تەۋەككۈلنى ئىزدەپ ماڭدى.

* * *

گۈلچىمەندىن مىڭ كوي نەق پۇلنى ئالغان تەۋەككۈلنىڭ
ئەسلىدىنلا يوغان ئاغزى خۇشاللىقتىن تېخىمۇ كالچىيىپ
كەتتى.
— خوتۇن كىشىلەر نېمە دېگەن ئەخمەق، بىر ھاراقكەشتىن
سوراپ كېلىدىغان ئىككى ئېغىز گەپكە مىڭ كوي بەرسە، يەنە
تېخى بۇ كىچىك ئۇنىئالغۇمۇ ئىش پۇتسە مېنىڭ بولىدىكەن، —

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە گۈلچىمەن يېزىپ بەرگەن سوئال يېزىلغان قەغەزنى سىقىمداپ قويدى.

تەۋەككۈل ئەزىمەتنى ئارقىسىدىن بىر نەچچە كۈن پايلاپ يۈرۈپ، ئاخىر ئۇنىڭ بىلەن قاۋاقتا تونۇشتى. ئەزەلدىن ھاراق ئىچەلمەيدىغان ئەزىمەت ئۈچ - تۆت رومكا ئىچە-ئىچمەيلا مەست بولۇشقا باشلىدى، پۇرسەت كەلگىنىنى بىلگەن تەۋەككۈل كىچىك ئۈنئالغۇنى ئېچىپ قويۇپ ئۇنى ھە دەپ گەپكە سېلىشقا باشلىدى.

ھۇجرا ئىچى جىمجىت ئىدى، چىمەنگۈل ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى ئاستا قويدى. جۇشقۇن بولسا ئۇ ئۈنئالغۇدىن چىقىۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلىغانسېرى چاچلىرىنى قامallap بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئولتۇراتتى. گۈلچىمەن توختىماي ئېقىۋاتقان كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ «مەن پاك دېسەم ئىشەنمەيسىز، ئەمدى نېمە دەيسىز؟» دېگەندەك قاراپ قوياتتى.

كىچىككىنە ئۈنئالغۇ لېنتىسىدىن بارلىق سىرلار ئېچىلدى. ئەزىمەت گۈلچىمەننىڭ تويىنىڭ قىستاپ كېلىشى بىلەن جايىدا ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ ھەر كۈنى گۈلچىمەننى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىدارىسى، مەھەللىسى ئەتراپىنى چۆرگىلەپ يۈرەتتى. بىر كۈنى گۈلچىمەن داس كۆتۈرگىنىچە ئاممىۋى مۇنچىغا كىرىپ كەتتى، مەھەللىنىڭ دوقمۇشىدىكى تېرەكنىڭ دالدىسىدا تۇرۇپ بۇنى كۆرگەن ئەزىمەتنىڭ خىيالىغا چاقماق تېزلىكىدە ئىنتايىن رەزىل بىر پىلان كەلدى. ئۇ نېرى - بېرىنى ئويلاپ ئولتۇرمايلا يولنىڭ بويىدا پال ئېچىپ ئولتۇرغان، يۈزلىرىنى تور ياغلىقتا ئورىۋالغان ئايالنىڭ قېشىغا كەلدى - دە، يېنىدىن بىر تۇتام پۇلنى ئېلىپ مەقسىتىنى تېز - تېز ئېيتتى.

— ناھايىتى مۇنچىغا كىرىپ يۇيۇنۇپ چىقىدىكەنمەنغۇ، مەنمۇ مۇنچىغا كىرگۈدەك بولۇپ كەتكەنىدىم، — دېدى پالچى ئايال يېشىغا ماس كەلمىگەن بىر خىل غىلجىڭلىق بىلەن.

— تېز، ئەنە ئاۋۇ مۇنچىغا كىرىش بىلىتى ئېلىۋاتقان قىز شۇ، ياخشىراق تونۇۋالسىلا. يوتىسىدا ياكى ئىش قىلىپ بىلىنىڭ تۆۋىنىدە تارتۇق بولامدۇ، مەڭ يا داغ بولامدۇ، ئىشقىلىپ ئېنىقراق بىر بەلگىسىنى بىلىۋالسىلا بولىدۇ، سىلىنى مۇشۇ يەردە ساقلايمەن، سىلە چىققاندا يەنە سۆيۈنچە بېرىمەن.

— چۈشەندىم يىگىت، ئۇ قىزنىڭ بەدىنىدە ئېيىب - نۇقسان بارمىكىن دەۋېتىپسىزدە، — پالچى ئايال ئۇششاق پال تاشلىرىنى يىغىشتۇرۇپ مۇنچىغا ماڭدى.

ئەزىمەت پالچى ئايالنىڭ ئېيتىپ بەرگىنى بويىچە ھېلىقى خەتنى يازغانىدى. ئۇن ئالغۇنىڭ ئۇنى ئاللىقاچان ئۆچكەن، ئۇنىڭ شىرىلدىغان ئاۋازى ھۇجرىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. گۈلچىمەن ياشلىق كۆزىنى ئېرىگە تىكتى، جۇشقۇن ئېغىر تىنىپ قويغاندىن كېيىن، ياندىكى ئۆيگە كىرىپ ھېلىقى خەتنى ئېلىپ چىقىپ گۈلچىمەننىڭ قولىغا تۇتقۇزغاچ ئۇنى چوڭقۇر مېھرى بىلەن قۇچاقلاپ ئاستا شىۋىرلىدى:

— كەچۈرۈڭ، مېنى كەچۈرۈڭ، مەن بۈگۈن سىزدىن پەقەت كەچۈرۈملا سورىيالايمەن.

— كەچۈرۈم سورىمايلا قويۇڭ، بۇ بىزنىڭ مۇھەببەت مەنزىلىمىزدىكى بىر قېتىملىق سىناق، ئۇنتۇلغۇسىز ساۋاق بولۇپ قالسۇن، ھەر ۋاقىت مېنىڭ ئۆز مۇھەببىتىمگە سادىق ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇماڭ. تۇرمۇش سەپىرى تېخى ئۇزۇن، بىز بىر - بىرىمىزگە مەڭگۈ سادىق ۋە يار - يۆلەك بولۇپ ئۆتەيلى، — دېدى قىز ياشلىق مەڭزىنى ئېرىنىڭ مەڭزىگە يېقىپ.

دېرىزىدىن كىرگەن كېچىنىڭ غۇر - غۇر شامىلى تەنگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار ئۇلارنىڭ ياشلىق كۆزلىرىدە جىمىرلايتتى. تۈن قاراڭغۇسى بۇ ئىككى ياشنىڭ گەۋدىسىنى يوشۇرماقچى بولغاندەك تېخىمۇ قارىيىشقا باشلىدى...

# ئىگىسىز دەرەخ

شەھەرنىڭ چەتىرەك تەرىپىگە جايلاشقان، بۇ يۇلتۇزلۇق مېھمانسارايىنىڭ ئورنى ئەسلىدە كىچىك بىر مەھەللە ئىدى. بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا، غوجايىنلار بۇ كىچىك مەھەللىنى بىراقلا سېتىۋېلىپ بۇ ھەشەمەتلىك، يىگىرمە يەتتە قەۋەتلىك كۆركەم بىنانى سالدى. ئىشقا كىرىشكىنىگە ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بۇ مېھمانساراي بىراقلا خېرىدارى كۆپ بولغاچقا، ھەر ۋاقىت ئادەملەر بىلەن لىق تولۇپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەر كىشىلەر قىممەت پۇللۇق ياتاقلاردا يېتىپ تۇرۇپمۇ مۇلازىمەتتىن رازى بولۇشۇپ، كېرىلگەنچە كىرىپ - چىقىپ تۇرىدىغان ئاۋات بىر ماكانغا ئايلاندى.

سىرتتىن كەلگەن سودىگەرلەر، دۆلەت مەمۇرلىرى، سایاھەتچىلەر ئاساسەن مۇشۇ مېھمانسارايغا چۈشەتتى.

ئەتىيازنىڭ ئىللىق، نەمخۇش شاملى كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان بىر سەھەردە، مېھمانسارايدىن جۇغى كىچىك، يۇمۇق كۆزىگە يوقىرى گىرادۇسلۇق كۆز ئەينەك تاقىۋالغان بىر كىشى چىقىپ كەلدى. ئۇ، بىنا ئالدىدىكى گۈللۈكلەرنى بىردەم ئايلاندى. يول بويىغا يېقىن جايدىكى ئەمدىلا چېچەك ئېچىشقا باشلىغان قېرى ئۆرۈك دەرىخىنىڭ يېنىغا قىسقا پۇتلىرى بىلەن تېز - تېز چامداپ كەلدى - دە، ئۆرۈك دەرىخىگە سىنچىلاپ قارىغانچە خۇددى ئۇزۇندىن بېرى يىتتۈرۈپ قويغان قىممەتلىك نەرسىسىنى تېپىۋالغاندەك كۆلۈمسىرىدى ۋە دەرھال مېھمانسارايغا قاراپ يۈگۈردى. ئۇ، مېھمانسارايغا قانداق تېزلىكتە كىرىپ كەتكەن بولسا، بىردەمدىن كېيىن بىر قارا

سومكىنى كۆتۈرگىنىچە يەنە شۇنداق تېزلىكتە قايتىپ چىقتى -دە، قېرى ئۆرۈك يېنىغا كېلىپ خاتىرە كومپيۇتېرىنى ئېچىپ بىر نېمىلەرنى يېزىشقا باشلىدى. رەسىم ئاپپاراتىدا قېرى ئۆرۈكنى ئايلىنىپ رەسىمگە تارتتى. سومكىسىدىن سانتىمېتىرنى ئېلىپ ئۆرۈكنىڭ غولى ۋە شاخلىرىنى ئۆلچەپ خاتىرىسىگە سانلارنى يازدى، ئۇچىسىغا كىيىۋالغان ئالىي دەرىجىلىك كاستۇمىنىڭ مەينەت بولۇپ كېتىشىگە قارىماي ئۆرۈكنى قۇچاقلاپ كۆردى. ئۇنىڭ دىققەت قوللىرى ئۆرۈكنى قۇچاقلاشقا چىقىش قىلمىدى. بۇ پاكىنەك، تاقىر باش كىشىنىڭ قىلىقلىرى ئەتراپتىكى ئاشپەز، ناۋاي، ھەتتا ئاياغ مايلايدىغانلارغىچە ھەيران قالدۇرۇپ، بىردىن، ئىككىدىن بولۇپ، ئۆرۈك دەرىخى يېنىغا بىردەمدە بىرمۇنچە ئادەم يىغىلدى.

— نېمە بوپتۇ؟

— نېمە ئادەمكەن، ئۇ ئۆرۈكنى قوچاقلاپ تۇرغان؟

— كىم بىلسۇن بۇ ئادەمنى؟ ئۇ، ئىككى سائەتتىن بېرى ئاشۇنداق يوچۇنلا قىلىقلارنى قىلىپ يۈرىدىغۇ تاڭ، خۇددى ئۆرۈك دەرىخىنى كۆرۈپ باقمىغاندەك.

كىشىلەرنىڭ غۇلغۇلىسى تازا ئەۋجىگە چىققاندا، ھېلىقى يوچۇن مېھمان ئىشىنى تۈگىتىپ ئەتراپتىكى ئادەملەرنى ئەمدىلا كۆرگەندەك بىر خىل نەزەردە قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، سومكىسىدىن بىر دانە دوپپىنى ناھايىتى ئاۋايلاپ ئېلىپ بېشىغا كىيىۋالدى، دوپپا ئايالچە دوپپا ئىدى. ئەتراپتىكىلەر بۇ پاكىنەكنىڭ ھەزىلكەشتەك ئايالچە دوپپا كىيىۋالغىنىنى كۆرۈپ پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.

— نېمىگە كۈلىسىلەر؟ بۇ شىنجاڭلىقلارنىڭ دوپپىسىغۇ؟ مەن كىيسەم ياراشماپتىمۇ؟ — دېدى، ھەيران بولۇپ.

— دوپپىنى سىز كىيىسىڭىزغۇ يارىشىدۇ، ئەمما زە، — دېدى

يارىشىملىق ئىنچىكە بۇرۇت قويۇۋالغان يىگىت ئۆلچەملىك خەنزۇچە ئورتاق تىلدا، — ئەممازە ئايالچە دوپپىنى كىيىۋاپسىز.

— شۇنداقمۇ؟ بۇ دوپپىنى تۈنۈگۈن مەسچىتنىڭ يېنىدىكى دوپپىچىدىن ئالغان، ئۇ ماڭا دېمىدىغۇ، شۇ يەردىلا كىيىۋالغان ئىدىم بولمىسا. تۈنۈگۈن بىر كۈن ئايالچە دوپپىنى كىيىپ يۈرۈپتىمەندە، — دېدى، ناھايىتى سىپايىلىك بىلەن كۈلگىنىچە.

— دوپپىچى سىزنى خانىمىغا ئالغاچ كېتىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ گەپ قىلمىغان نېمە.

— ھە مۇنداق دەڭ، يەنە بىرنى سېتىۋېلىپ بۇنى خانىمىمغا ئالغاچ باراي، — دېدى پاكىنەك مېھمان دوپپىسىنى بېشىدىن ئېلىپ ئاۋايلاپ سومكىسىغا سالغاچ، — سىلەر نېمىگە يىغلىۋالدىڭلار ئىشىڭلار يوقتەك؟

— نېمە دەيدۇ؟ ئۆرۈپ بەرگىنە ئۇكا، — دېيىشتى ئولىشىۋالغانلار بۇرۇتلۇق يىگىتكە. ئۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئۇيغۇرچىغا ئۆرۈۋاتقاندا، پاكىنەك مېھمان ئۇنلۇك توۋلىدى:

— بۇ ئۆرۈك دەرىخى كىمنىڭ؟ ساتامدۇ؟ ئەگەر ساتسا نۇرغۇن پۇلغا يارايدۇ.

— نەچچىگە يارايدۇ؟ نەچچىگە يارايدۇ، دەپ سوراپ باقە ئۇكا.

— يۈزمىڭ يۈەنگە دەيدۇ، — دېدى بۇرۇتلۇق بالا.

— نېمە، مۇشۇ قېرى ئۆرۈك دەرىخى يۈزمىڭغا يارامدىكەن، — دېدى ئەتراپتىكىلەر ئىشەنمەي.

— بىر تۈپ ئۆرۈكنى يۈزمىڭ يۈەنگە ئالىدىغان ئىش بولسا، ماۋۇ مېھماننى بىزنىڭ ئۆرۈكلۈك باغقا باشلاپ چىقە، — دېدى ناۋاي شاپاق دوپپىسىنى گەدىنىگە سۈرۈپ، — ئۆرۈك، ياڭاق پۇل بولمىغاندىكىن بىغىمدىكى ئۆرۈكلەرنى كېسىپ تونۇرغا تۇترۇق قىلىۋاتاتتىم.

— ئۆرۈك دەرىخى بولسىلا ئېلىۋەرمەيدىكەن، — دېدى باياتىن بۇنىڭكىنى ئۇنىڭغا، ئۇنىڭكىنى بۇنىڭغا ئۆرۈپ بېرىۋاتقان تىلماچ يىگىت، — بۇ ئۆرۈك دەرىخى ئۆرۈكلەرنىڭ نەسلى يوقىلىپ كېتىشكە باشلىغان بىر خىل سورتىكەن، شۇڭا قىممىتى ئاشقان گەپ.

— دەرەخنىڭمۇ نەسلى بولامدىكەن؟ قىزىق ئىشكىنە بۇ.

پاكىنەك مېھمان نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ:

— قېرىنداشلار خوش، مەن قەشقەرگە بارماقچى ئىدىم، — دەپ دىقماق قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ مېھمانسارايغا كىرىپ كەتتى. ئۆرۈك ئەتراپىغا يىغىلغانلار خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇنى - بۇنى دېيىشكىنىچە ئۆرۈكنىڭ شاخلىرى، يوپۇرماقلىرىنى سىلىشىپ خۇددى چۆچەكلەردىكى تىللا تۆكۈلىدىغان دەرەخنى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك خېلى ئۇزۇنغىچە تۇرۇشتى. شۇ ئارىدا مېھمانساراي ئالدىغا، كۈن نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان بىر قارا ماشىنا كېلىپ توختىدى، ماشىنىدىن كاتتا كىيىنگەن، قارا كۆزئەينەك تاقىغان بىرەيلەن چۈشۈپ كەلدى - دە، گۈسۈلدەپ ماڭغىنىچە توپنى يېرىپ ئۆرۈك دەرىخىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە كۆرەڭلىك بىلەن:

— بۇ ئۆرۈك دەرىخى مېنىڭ. كىمكى سېتىۋالماقچى بولسا، باھاسى ئۈچ يۈز مىڭ، بىر سىنتى كەم بولسا بولمايدۇ، — دېدى.

ئەتراپتىكىلەر قىيقاس - چۇقان سېلىشتى.

— «پۇل بايغا ئاقىدۇ، سۇ سايغا» دېگەن گەپ راستكەن - ھە! ئۆرۈك مېنىڭ دېگەن ئاۋۇ قارا كۆزئەينەك تاقىۋالغان ئاداش، مېھمانسارايىنىڭ خوجايىنىكەن.

— شۇنى دەيمىنا، پۇلى شۇنچە كۆپ ئادەمگە يەنە پۇل بېرىدىكەن خۇدايىم.

كىشىلەر ئۇنى، بۇنى دېيىشىپ تۇرغاندا، مېھمانساراي

قوغدىغۇچىلىرى قېرى ئۆرۈك دەرىخىگە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە قىلىپ، «بۇ قىممەتلىك سورتلۇق ئۆرۈك دەرىخى شىپىنى تۇتقانلاردىن يۈز يۈەن جەرىمانە ئېلىنىدۇ» دېگەن تاختاينى ئاستى. ئاندىن قاتناش ساقچىلىرى ئىشلىتىلىدىغان توسۇق تانىلارنى ئۆرۈك دەرىخىنى ئايلاندۇرۇپ تارتىپ، تاماشا كۆرگۈچىلەرنى تانىنىڭ سىرتىغا ھەيدەپ چىقاردى. شۇ ئەسنادا شەھەر مەمۇرىيىتى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ فورما كىيگەن بىرنەچچە كادىرى يېتىپ كېلىپ، مېھمانساراي قوغدىغۇچىلىرى بىلەن تاكاللاشتى.

— بۇ ئۆرۈك دەرىخى بىزنىڭ، چۈنكى بۇ دەرەخ شەھەر يولىغا يېقىن، سىلەرنىڭ بۇ دەرەخنى بىزنىڭ دەيدىغانىغا ھېچقانداق ئاساسىڭلار يوق.

مېھمانساراي قوغدىغۇچىلىرىمۇ بوش كەلمىدى:

— بىزنىڭ غوجايىنىمىزنىڭ ئېيتىشىچە، مۇشۇ مېھمانسارايىنى سالدىغان ۋاقىتتا، بىر ئۇيغۇر بوۋاينىڭ كونا ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى بۇ ئۆرۈك دەرىخىنى ئۆي بىلەن قوشۇپ سېتىۋاپتىكەن، شۇڭا بۇ دەرەخ بىزنىڭ.

— «شەھەر يوللىرى بويىدىكى دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى شەھەر مەمۇرىيىتى باشقۇرۇش ئىدارىسىگە تەۋە» دەيدىغان ھۆججەت بار بىزدە، — دېدى بىرى ئىنچىكە ئاۋازدا.

— بىز بۇنى ئۇقمايمىز، ئەرزىڭلار بولسا سوتقا ئېيتىڭلار.

— دەرەخ بىزنىڭ، ئەرزىڭ بولسا سوتقا ئۆزۈڭ بار.

— بولىدۇ، بىز سوتتا كۆرۈشەيلى.

بىر تۈپ قېرى ئۆرۈك دەرىخىنىڭ نەچچە يۈزمىڭ يۈەنگە يارىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر يىراق - يېقىنغا تارقاپ، كىشىلەر ئارىسىدا غۇلغۇلا پەيدا قىلدى.

ئەسلىدىنلا ئاۋات مېھمانساراي ئالدى ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى، ئاردىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەن بولسىمۇ، كېلىپ -

كېتىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى زادىلا ئۈزۈلمىدى. بۇ ئالىمانغا ئۆزىنى كۆرسەتكۈسى كەلگەندەك، قىرى ئۆرۈك دەرىخى ھۆپپىدە چېچەك ئاچقان ئىدى. ھەر خىل گەپ-سۆزلەرمۇ كۆپ بولۇندى. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئۆرۈك دەرىخىنى ھازىر يېڭى مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق سەكسەن ياشلىق قادىر بوۋاينىڭ بوۋىسى قويغانىكەن. پۇل تېپىشنى كۆزلەپ تۇرغانلار قادىر بوۋاينى ئىزدەپ تېپىپ، كونا ئۆيىنى ساتقاندا ئۆرۈك دەرىخىگە ئايرىم پۇل ئالغان - ئالمىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ.

بوۋاينىڭ دېيىشىچە، مېھمانساراي غوجايىنى بۇ تەۋەررۈك ئۆرۈك دەرىخىنى كېسىۋەتمەيدىغانغا، قادىر بوۋاي غوجايىندىن پۇل ئالمايدىغانغا ئېغىزدا كېلىشكەن ئىكەن، غوجايىن گېپىدە تۇرۇپ، قورۇلۇشچىلارنىڭ «ئۆرۈك دەرىخى قورۇلۇشقا تاقاشتى، كېسىۋېتىمىز» دېگەنلىرىگە ئۇنىماي ساقلاپ قالغانىكەن. ھازىر قادىر بوۋاي بوۋىسىدىن قالغان ئۆرۈك دەرىخىنىڭ كېسىۋېتىلمەي كۆكلەپ تۇرغىنىدىن ناھايىتى رازى ئىكەن. گەرچە، ئۆرۈك دەرىخىنىڭ باھاسى ئۆي - زېمىن ساتقان ئازغىنە پۇلدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولسىمۇ، مېھمانسارايدىن ھەق تەلەپ قىلمايدىكەن.

— قادىر بوۋاي دېگىنى پۇلغا كۆز-قىرىنى سالمايدىغان شۇنداق باي ئادەممۇ؟ — دەپ سورىدى بادام دوپپىلىق ئادەم يېنىدىكى ساقاللىرىغا ئاق سانجىغان كىشىنى نوقۇپ.

— ياقەي، — دېدى چارساقال، — ئۆزى ئانچە پۇللۇق ئادەمغۇ ئەمەس، ئەمما لەۋزى ھالال ئادەم.

جەنۇبنىڭ ئەتىياز پەسلى ناھايىتى ئۇسال بولىدۇ. بىر كۈنى كۈن پارقىراپ چىقسا، تۇرۇپلا بوران، توپا - توزان كۆتۈرۈلۈپ دېھقانلىرىنىڭ كېۋەزلىكىدىكى يالتىرىقى، كۆكتاتچىلارنىڭ پارنىكىنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. بىر كۈن تۇرۇپلا 12 - ئاينىڭ زىمىستان قىشى بولىدۇ. بولۇپمۇ چېچەك جۇدۇنى ناھايىتى

قاتتىق بولۇپ، پۈتۈن يەر - جاھاننى توپا - توزان قاپلاپ، كۈندۈز كېچىگە ئايلىنىدۇ. بۇنداق كۈننى كۆرگەن كىشى زامان ئاخىرىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلۈۋاتامدۇ نېمە؟ دەپ ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالىدۇ.

بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. ئەتىگەندە قۇياش پارقىراپ چىقتى، كۆپكۆك ئاسماندا بىر پارچىمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. تاكى كۈن ئولتۇرۇپ يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۈن ئاسمىنىنى بېزىگەنگە قەدەر چىۋىننىڭ قانىتىنى مىدىرلاتقۇچىلىكمۇ شامال يوق، ناھايىتى ئىللىق كۈن بولغانىدى. تۈن نىسپىگە ئاز قالغاندا، كۆتۈرۈلگەن غەربىي جەنۇب بورىنى يەر يۈزىنى سۈپۈرۈپ ئېلىپ كېتىدىغاندەك سۈر - ھەيۋە بىلەن باستۇرۇپ كېلىپ، تاڭ سەھەرگىچە قاتتىق ھۇقۇيتۇپ چىققان بوران خۇددى بىر يەردىن بۇيرۇق كەلگەندەك چىپپىدە توختاپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئالدىنقى كۈنگە ئوخشاشلا كۈن پارقىراپ چىقتى، ھەممە يەر تىپتىنچ ئىدى. يول بويلىرىغا دۆۋىلىنىپ كەتكەن ئەخلەت - چاۋالار، ساڭگىلىشىپ كەتكەن لوزۇنكا، ۋىۋىسكىلار ھەممە يەردە دېگۈدەك كۆزگە تاشلىناتتى. يول بويىدىكى بىرقانچە تۈپ دەرەخنىڭ يىلتىزى بىلەنلا قومۇرۇلۇپ كەتكەنلىكى، ئاخشامقى بوراننىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى.

ئەتىگەندىلا شۇم خەۋەر تارقالدى.

— مېھمانسارايى ئالدىدىكى ھېلىقى قىممەتلىك تىللا دەرىخى ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ.

— نەدە ئۆرۈلىدۇ، قاپ بەلدىن چورتلا ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ.

— ھەممىسى بىر گەپ، جۇرۇڭلار، بېرىپلا كۆرۈپ كېلەيلى گەپ تالاشماي.

كىشىلەر بىر - بىرىگە خەۋەر يەتكۈزۈشۈپ، مېھمانسارايى ئالدىغا يۈگۈرۈشتى. مېھمانسارايىنىڭ ئالدى بىر دەمدىلا ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى.

كىشىلەر كېلىپ كۆرۇشتىكى، قاپ بەلدىن خۇددى پالتىدا كەسكەندەك ئۇزۇلۇپ چۇشكەن قېرى ئۆرۇك دەرىخى، كېلەڭسىز شاخلىرىنى يايغىنىچە چوڭ بىر دائىرىنى قاپلاپ ياتاتتى. ئەتراپ خۇددى قار ياغقاندەك ئۆرۇك چېچىكى بەرگىسى بىلەن قاپلانغانىدى.

— هوي خالايىق، شاخنىڭ ئاستىدا بىر نېمە تۇرامدۇ نېمە؟

— راست، راست، شاخنىڭ ئاستىدا ماشىنا بار ئىكەن.

— بېنىز ماركىلىق پىكاپىكەن.

— كۆرۇڭ بۇ ئىشنى...

— ...

كىشىلەر قىيقاس سېلىشىۋاتقاندا، مېهمانسارايدىن ياخشى يەپ - ئىچىپ، تولۇمدەك سەمرىپ كەتكەن، تۇرقىدىن باي زەردارلىقى بىلىنىپ تۇرغان بىرى يۇگۇرگىنىچە چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىۋالغان چىمچىلاق قول توملۇقتىكى ئالتۇن زەنجىرى ئىگىسىدىنمۇ بەك جىددىيلىشىپ كەتكەندەك، ئۇيان - بۇيان پۇلاڭلاپ يالت - يۇلت چاقنايتتى. بودەك ئۆرۇك دەرىخى يېنىغا كېلىپ توختىدى - دە، ئۆزىنىڭ مەڭزىگە ئۆزى بىر كاچات سېلىپ:

— بۇ نېمە ئىش، بۇ دەرەخ كىمنىڭ؟ — دەپ هۆركىرىدى، ئۇنىڭ چاپاق باسقان كۆزلىرىدىن يۇزىنىمۇ يۇيۇشقا ئۇلگۇرمەي يۇگۇرۇپ چىققانلىقى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى. — بىلىشەمسەن، بۇ ماشىنا دېگەن بېنىز ماركىلىق ماشىنا، چەت ئەلنىڭ، پۇتۇنلەي چەت ئەلنىڭ. دەرەخنىڭ ئىگىسى كىم دەيمەن؟ كىم؟

— دەرەخنىڭ ئىگىسى، — دېدى ساراي قوغدىغۇچىسىدىن بىرى پەس ئاۋازدا، — شەهەر مەمۇرىيىتى باشقۇرۇش ئىدارىسى.

— مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارىم يوق، ئىشقىلىپ مەن سىلەرنىڭ مېهمانسارىيىڭلاردا ياتقان، سەنلەرنىڭ ماشىنىلىرى

ئاپتاپتا قالمىسۇن دەپ كۆرسىتىپ بەرگەن ئورنۇڭ مۇشۇغۇ. قاراپ باقە، قاراپ باقە ماشىنىغا، خۇددى مىجىلىپ كەتكەن پاقىنىڭ ئۆزى، ماشىنىنى تۆلەش...

شەھەر مەمۇرىيىتى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ماشىنىسى كېلىپ توختىدى، فورما كىيگەن بىرنەچچە ئادەم ماشىنىدىن چۈشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى باشلىق سۈپەت بىرى ئەتراپقا قارىۋەتكەندىن كېيىن، ۋەزمىن ئاھاڭدا مېھمانساراي قوغدىغۇچىلىرىغا:

— قانداق گەپ بۇ؟ مېھمانسارىيىڭلارغا چۈشكەن مېھمانىنىڭ ماشىنىسىنى ئۆزۈڭلارنىڭ ھويلىسىدىكى دەرەخ بېسىپ كاردىن چىقارسا، تۆلەمنى بىزنى تۆلىسۇن دەپ تېلېفون بېرىپسىلەرغۇ، — دېدى.

— دەرەخ سىلەرنىڭ بولغاندىن كېيىن سىلەرنى تۆلىسۇن دېدۇق، — دېدى قوغدىغۇچىلاردىن بىرى.

— كىم بۇ دەرەخنى بىزنىڭ دەيدۇ؟ — ئەمدى ئاچچىق بىلەن ۋارقىرىدى ئۇ.

— سوت، سوتتا...

— تولا تىلىڭنى چاينىماي دىرېكتورۇڭنى چاقىر.

قارا كۆزئەينەك تاقىغان، پۇزۇر كىيىنگەن مېھمانساراي غوجايىنى ھېلىگەرلەرچە ھىجىيىپ كېلىپ، شەھەر مەمۇرىيىتى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىق سۈپەت كادىرىغا تاماكا تۇتتى ۋە چاقماقنى ئىككى قوللاپ چېقىپ تۇرۇپ:

— راستىنى دېگەندە، بۇ دەرەخ قادىراخۇن دېگەن بوۋاينىڭ. ئۇ قېرى، ئاتامدىن قالغان تەۋەررۈك دەرەخ ئىدى، كېسىۋەتمىسەڭلار، مۇشۇ دەرەخنى كۆرۈپ تۇرسام كۆڭلۈم توق تۇرىدىكەن دەپ ئۆتۈنگەچكە ئۇنى كېسىۋەتمىگەن، ئەسلىي كېسىۋېتىشكە تېگىشلىك قېرى دەرەخ ئىدى بولمىسا.

— ئەمىسە سوتتا...

— ئۇقۇشماسلىق، ئۇقۇشماسلىق، جۇرۇڭلار، ئىشخانىغا مەرھەمەت قىلىڭلار، سىلەرنىڭ مېھمانسارىيىمىزغا كەلگىنىڭلار بىز ئۇچۇن شەرەپ.

ئۇلار سارايغا قاراپ مېڭىشتى، مېھمانخانا غوجايىنى توختىماي بىر نېمىلەرنى دەپ چۈشەندۈرەتتى.

— مەن ماشىنامنى قانداق قىلىمەن؟ بۇ زىياننى كىم تۆلەيدۇ؟

— سىز سوت ئارقىلىق دەرەخنىڭ ئەسلىي ئىگىسى قادىر بوۋاينى ئىزدەڭ!

دىرېكتورنىڭ چىرقىراق ئاۋازى كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ئارىسىدىن ئاران ئاڭلاندى. ئۆرۈك شاخلىرى ئاستىدا ماكچىيىپ كەتكەن قارا رەڭلىك پىكاپ خۇددى ئۇمچىيىپ يىغلاۋاتقان كىچىك بالىدەك مىجىلىپ تۇراتتى، ئۆرۈك چېچەكلىرىنىڭ ئاپپاق بەرگىلىرى كىشىلەرنىڭ مەينەت ئاياغلىرى ئاستىدا مىجىلماقتا ئىدى.

# سايلام

(فېلىيەتون )

مەھەللە كومىتېتىنىڭ مۇدىرىنى سايلاش سايلىمىنىڭ ئۇزۇنغا قالماي ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى مىش-مىش پاراڭ ئاخىر راستقا ئايلاندى. مەھەللىدىكى چوڭ-كىچىك ھەممە ئادەم كۆڭۈل بۆلۈدىغان بۇ قېتىمقى سايلامنىڭ چوقۇم ئادىل، دېموكراتىك ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىغا ھەممە بىردەك ئىشىنەتتى. يىغىن باشلاندى، يىغىنغا سايلاش-سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە پۇقرالار تولۇق قاتناشقانىدى. ھەتتا يىغىن دېسە بېشى ئاغرىيدىغان، ھەر خىل باھانە-سەۋەب كۆرسىتىپ يىغىنغا كەلمەيدىغان ئۇششاق تىجارەتچىلەرمۇ ناھايىتى كۆتۈرەڭگۈ قىياپەتتە سەھنىگە يېقىن ئورۇندا ئولتۇراتتى. يىغىن باشقۇرغۇچىنىڭ مىكرافوننى قولغا ئېلىشى بىلەن داشقازاندەك قايناۋاتقان چوڭ يىغىن زالى چىۋىننىڭ غىڭشىشى ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە جىمىپ كەتتى. ھەر قېتىمقى يىغىندا «يولداشلار پاراڭ سالمايلى»، «يولداشلار بۈگۈنكى يىغىن ناھايىتى مۇھىم، پالانى باشلىقنىڭ مۇھىم يوليورۇقى، دىققەت قىلىپ ئاڭلايلى»، «يولداشلار، ھەي، ئارقىدىكى يولداش، گېپىڭىز بولسا سەھنىگە چىقىپ سۆزلەڭ» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن يىغىن ئەھلىنى تەرتىپكە چاقىرىپ كالپۇكلىرى قۇرۇپ كېتىدىغان يىغىن باشقۇرغۇچى، بۈگۈنكى بۇ كىشىلەرنى ھازىر تونۇۋاتقاندەك ھەيران قالدى ھەمدە «يولداشلار دىققەت قىلايلى» دەيدىغان ئادەت سۆزىنى دەرھال بوغۇزىغا يۇتتى - دە،

سۆزىنى باشلاپ:

— يولداشلار، بۈگۈنكى يىغىن باشقا ۋاقىتتىكى يىغىنلارغا ئوخشىمايدۇ، چۈنكى بۈگۈن مەھەللە كومىتېتىنىڭ مۇدىرىنى دېموكراتىك سايلايمىز. بىز قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇقىمىزنى يۈرگۈزۈپ، كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان، بىزگە، مەھەللىمىزگە باشلامچى بولالايدىغان مەھەللە كومىتېت مۇدىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان كۈن، — دېدى ناھايىتى تەنتەنە بىلەن، ئارقىدىن ناھىيەلىك سايلام كومىتېتىدىن كەلگەن يولداشنى بۇ قېتىمقى سايلامنىڭ شەرتى، تەرتىپى، تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تەكلىپ قىلدى. زال ئىچىنى گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى بىر ئالدى. ناھىيەدىن كەلگەن يولداش ئالدىدىكى چىرايلىق ئىستاكاندىن ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان خۇش پۇراق چايدىن ئوتلىۋالغاندىن كېيىن گېلىنى قىرىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— يولداشلار بۈگۈن مەھەللىڭلەرنىڭ مۇدىرىنى سايلاپ چىقىمىز، بۈگۈنكى سايلام يۈقىرىنىڭ تەلىپى بويىچە بىرلا قېتىمدا ۋۇجۇدقا چىقىشى كېرەك. ئەگەر بۇنداق بولمايدىكەن، سايلام قايتا - قايتا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر سايلام چۈشلۈك تاماققىچە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمايدىكەن، ھېچكىمنىڭ چۈشلۈك تاماققا چىقىشىغا رۇخسەت يوق.

زال ئىچىدە شاۋ - شۇۋلار كۆتۈرۈلدى، ناھىيەدىن كەلگەن يولداش ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، سايلامنىڭ قائىدە - تەرتىپلىرىنى ئېلان قىلدى:

بىرىنچى، مۇدىرلىققا ئۈچ نامزات كۆرسىتىلگەن، بۇنىڭ ئىچىدىن بىر نامزاتنى تاللاپ كۆرسىتىمىز. قولۇڭلارغا تارقىتىلغان سايلام بېلىتىدە بۇ ئۈچ نامزاتنىڭ ئىسمى يېزىلغان، قوشۇلىدىغان نامزاتقا «√» بەلگىسى، قوشۇلمايدىغان نامزاتقا «×» بەلگىسىنى قويساڭلار ئىش تامام:

ھەممەيلەن ئەستايىدىل ئويلىنىپ بەلگە قويۇشى كېرەك.

ئىككىنچى، سايلىنىدىغان نامزات چوقۇم ئەر بولۇشى شەرت، ئاياللارنى سايلاش ئىناۋەتسىز، يۇقىرىنىڭ تەلپى شۇنداق؛

ئۈچىنچى، سايلىغۇچىلار چوقۇم يۈزدە - يۈز بېلەت تاشلىشى كېرەك. ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشكە، بېلەتكە بەلگە قويماي ئاق تاشلاپ قويۇشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ؛

تۆتىنچى، سايلام بېلىتىنى ساناپ ئىستاتىستىكا قىلىپ نەتىجىسىنى چىقىرىشقا ئامما ئىچىدىن ئۈچ نەپەر نازارەتچى، بەش نەپەر بېلەت سانىغۇچى سايلاپ چىقىلىدۇ؛

بەشىنچى، سايلام نەتىجىسى نەق مەيداندا ئېلان قىلىنىپ يۇقىرىغا يوللىنىدۇ.

ئالتىنچى، ...............

يەتتىنچى، ...............

يىغىن ئەھلى قوللىرىغا سايلام بېلىتىنى ئېلىپ ھەيران قېلىشتى، سايلام بېلىتىگە ئىككى ئايال، بىر ئەرنىڭ ئىسمى يېزىلغانىدى.

2011 - يىلى، 19 - ماي، كۇچا

# چېقىش

بەكرى راخمان بارلىق ئۇيغۇر بالىلىرىغا ئوخشاش ئاتا ـ ئانىسىنىڭ چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، مويسىپىت ئاق ساقال بوۋاي ـ مومايلارنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتمەسلىك، ئۇلارنى ئۇچراتقاندا ئەدەپ بىلەن سالام بېرىش، ئۇلارغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىش... دېگەندەك تەربىيە ئاستىدا چوڭ بولغانىدى. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بۇ تەربىيەسىنى ھەر ۋاقىت ئېسىدە تۇتۇپ چوڭ بولغان بۇ ياش، بۇگۇن چۇشلۇك ئۇيقۇدىن ئويغاندا، ئىشقا چۇشىدىغانغا يىگىرمە مىنۇتچە ۋاقىت بار ئىدى. ئۇ، ئالدىراپ قورۇ دەرۋازىسىغا يول ئالدى. قورۇ ئىچىدىكى چوڭ مېۋىسىز دەرەخ تۇۋىدە، مۇشۇ ئىدارىدىن پېنسىيەگە چىققان ئۇچ پېشقەدەم كادىر قۇرۇق پاراڭ سوقۇپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى كىچىك قەغەز يەشىك ئۇستىدە، بىر قول قارتا چېچىلىپ تۇراتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، تاغىلار ئولتۇرۇپسىلەر، — دېدى بەكرى راخمان ئۇلارغا، — بۇگۇن ھاۋا بەك ئىسسىق، ئۆزۇڭلارغا ئىسسىق ئۆتكۇزۇۋېلىشتىن ئېھتىيات قىلىڭلار.

— نېمە دەيسەننوي ئوكا، — دېدى سېمىز كەلگەن ساجىت ئاكا، — بىزلەر سىلەر ياشلار كۆرمىگەن نى - نى ئىسسىق - سوغۇقنى باشتىن كەچۇرگەن، بۇنچىلىك ئىسسىق بىزگە كار قىلمايدۇ جۇمۇ بىلىپ قوي، — دېدى نارازى بولغاندەك.

— ئەمدى دەيمىنا، — دېدى بەكرى راخمان ئوڭايسىزلىنىپ.

— كېلە ئوكا ئولتۇر، — دېدى سىدىق ئاكا پىخىلداپ كۇلۇپ، — قارتا ئوينايلى دېسەك، بىر ئادەم كاملاپ قېلىپ

ئادەم ساقلاۋاتاتتۇق، بىزگە بىر ـ ئىككى قول ئويىنىشىپ بەرگىنە.

ــ رەھمەت تاغا، مەن ئىشقا ماڭغانىدىم، باشقا ۋاقىتتا ئوينارمىز، مەن ماڭاي.

ــ ئا...ھا ئۇكا، ئىش بىر يەرگە قېچىپ كېتەمتى، ــ دېدى ياسىن ئاكا ئۇنى قولىدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزۇپ، ــ مانا بىز ئوتتۇز ـ قىرىق يىل ئىشلەپمۇ تۈگىتەلمىگەن خىزمەت ئۇ. كېلە ئولتۇر، بۈگۈنكى ئىشنى ئەتە قىلىسىۋالساڭمۇ بولىدۇ.

بەكرى راخمان بۇ ئۈچ پېشقەدەمنىڭ زورى بىلەن ئولتۇرۇپ ئۇلار بىلەن قارتا ئوينىدى. ئەمما ئىشىغا كېچىكىپ قالغانلىقىغا تىت ـ تىت بولاتتى ئىچىدە.

بۇنداق قارتا ئويىنىشىپ بېرىش بىرنەچچە قېتىم تەكرارلاندى، نېمىلا دېگەنبىلەن مويسىپىتلارنىڭ كۆڭلىنى ئاياماي بولمايتتى.

* * *

ــ سىزدە ئىنتىزام ـ تۈزۈم كۆز قارىشى دېگەن بارمۇ زادى؟ ــ بەكرى راخماننى ئىشخانىسىغا چاقىرتقان ئىدارە باشلىقى چىڭقىلىپ سۆزلەيتتى، ئۇنىڭ بۇقىنىڭكىدەك سېمىز پاتىڭىدىكى گۆرەن بەز تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتكەنىدى، ــ بىز سىزنى ئاساسىي قاتلامدا ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىشنى ئويلىشىۋاتساق، سىز خىزمەت ۋاقتىدا غېمىڭىزدە يوق قارتا ئويناپ يۈرسىڭىز بۇ قانداق پوزىتسىيە؟ ھېلىمۇ ياخشى پېشقەدەم پېنسىيونېرلار ۋاقتىدا تەشكىلگە ئىنكاس قىلدى، بولمىسا بىز بۇنى بىلمەي يۈرەركەنمىز. دىققەت قىلىڭ شا كېچىك، دىققەت قىلىڭ. ھەممە ئادەم ئالدىراش خىزمەت قىلىۋاتسا، ئائىلىكلەر قورۇسىدا قارتا ئويناپ ئولتۇرۇشتىن ئۇيالمىدىڭىزمۇ؟ ئىدارە باشلىقى خېلى جىق سۆزلىدى. ئۇنىڭ

ئاخىرقى سۆزلىرى قاتتىق خىجالەتچىلىككە قالغان بەكرى راخمانىنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئىشتىن چۈشكەندە، ئىشقا ماڭغاندا قورۇدىكى مېۋىسىز دەرەخ تۈۋىدە قۇرۇق پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرغان پېشقەدەملەرنى كۆرسە، ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ئۇلارنى كۆرمەسكە سېلىپ ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدى. ئۇلار ئۇنى بۇرۇنقىدەكلا بىرەر قول شاھمات ياكى قارتا ئويناشقا دائىم تەكلىپ قىلاتتى. ئۇ، چىرايلىق ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ تېز - تېز قەدەم ئېلىپ يولىغا ماڭاتتى. بۇگۈنمۇ شۇنداق بولدى، پاكىز تازىلانغان ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا يەنە ئاشۇ ئۈچىسى قۇرۇق پاراڭ سېلىپ ئولتۇراتتى. قورۇدىكى مېۋىسىز دەرەخ ئۈستىگە قونۇۋالغان قارغوجا، قورۇنى بېشىغا كىيىپ چاڭىلداپ سايرىماقتا ئىدى.

— ھوي، ئۆكامىوي، — دەپ توۋلىدى سىدىق ئاكا، — سالام - سەھەتنى ئۇنتۇمايلى، نېمىلا بولمىسۇن بىز سىزگە ئاتا يوللۇق ئادەملەر جۇمۇ!

— سىزنى خېلى ئەدەپ - قائىدىلىك بالا دەپ ھۆرمەتلەپ يۈرسەك، سىزمۇ ئەمدى تاپتىن چىقىپ كېتىۋاتامسىز نېمە؟ — دېدى ساجىت ئاكا، — ئاڭلىساق يېقىندا ئىدارىدە بىر تۈركۈم ياشلارنى بۆلۈم باشلىقلىقىغا ئۆستۈرەرمىش، راستىمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا بىز پېشقەدەملەردىنمۇ پىكىر ئالىدۇ. شۇڭا بىزلەرنىمۇ ئاز - تولا كۆزگە ئېلىپ قويىلى، ھۆرمەتلەپ قويىلى. شاھمات، قارتا ئوينايلى، دەپ قويساق يوقلا بولۇپ كەتتىڭىز. بۇنىڭغا مەيلى دېسەك، مانا ئەمدى سالام - سەھەتمۇ يوق، ياش ئادەم دېگەن ئۇنداق ھاكاۋۇر بولمايدىغان كۇپۇرلۇق ئۆتۈپ كېتىدۇ، كۇپۇرلۇق.

— ئاتا تەربىيەسى كۆرمىگەن بىرنېمىلەر شۇنداق بولسا كېرەك، — دېدى بېشىنى يەردىن ئۇزمەي تۇرۇپ سىدىق ئاكا.

ئۇنىڭ چىش ئارىلىقىدىن چىقىرىپ دېگەن بۇ سۆزى، بەكرى

راخماننىڭ غۇرۇرىغا قاتتىق تەگدى. بايا ئۇ خۇددى بىر نەرسىنى بۇزۇپ قويغان كىچىك بالىدەك يەردىن ئۈستۈن قارىماي، بۇ پېشقەدەملەردىن ئەپۇ سوراپ تۇرغانىدى. ئەمدى چىدىمىدى - دە، بېشىنى تىك كۆتۈرۈپ تۇرۇپ:

— مەن ئاتا تەربىيەسى ئالغان، ئادىمىيلىك تەربىيەسىنىمۇ تولۇق ئالغان بالىمەن. ئاشۇ تەربىيە ھەر قايسىلىرىدا كەمدەك قىلىدۇ، بولسا بىرەر يېرىم كۇرۇسقا قاتنىشىپ تولۇقلىۋېلىشسىلا، — دېدى.

— نېمە دەيدۇ ماۋۇ سېرىق تۇك، — دەپ گۆلەيدى ساجىت ئورنىدىن دەس تۇرۇپ خۇددى مەيدانغا چۈشكەن بوكسچىدەك، — بىلىپ قوي، بىزلەر ئاتاڭدەك ئادەم، بىزگە بىھۆرمەتلىك قىلىشقا پېتىنىۋاتامسەن؟

— ماڭا ئاتا يوللۇقكەن، دەپ ھۆرمىتىڭلارنى قىلغاننى بىلمەي چېقىمچىلىق قىلىپ يۈرگەن ئادەمگە مۇشۇنداق ئەدەپسىزلىك قىلىمەن. قانداق؟ ھەر قايسىلىرى بىز ياشقا چوڭ دەپ قىلغىلى ئىش تاپالمىغاندەك غەيۋەت - شىكايەت، چېقىمچىلىق قىلغۇچە، بىكارچىلىقتىن قىلغىلى ئىش تاپالمىغان بولساڭلار ئىززىتىڭلارنى ساقلاپ نەۋرەڭلەرگە قارىساڭلار بولمامدۇ؟

— نېمە دەيدۇ ماۋۇ سويما!

— نېمە دەپتىمەن؟

تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن غوۋغانى ئاڭلاپ، قوشنا - قولۇملارنىڭ سالا - سۇلھىسى بىلەن جېدەل بېسىقتى. قوشنا - قولۇملارنىڭ كۆپىنچىسى سىدىق تەرەپكە يانبېسىپراق سۆزلەيتتى.

* * *

— سىز بۇنىڭدىن كېيىن پېشقەدەم كادىرلارغا ھۆرمەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ. بۇ قېتىم سىزگە چۈشكەن ئاممىنىڭ

پىكىرلىرى ئىچىدە چوڭلارنى ھۆرمەتلىمەيدۇ، ھاكاۋۇر دېگەن پىكىرلەر كۆپ، ـ دېدى ئىدارە باشلىقى تاماكىسىنى پۈركۈرۈپ چېكىپ، ـ بولۇپمۇ پېنسىيونېرلارنىڭ سىزگە بولغان پىكرى كۆپ، سىزنىڭ خىزمەتتىكى ئەمەلىي ئىقتىدارىڭىزنى كۆزلىگەندە سىزنى ئۆستۈرۈش ئوبيېكتى قىلغانلىقىمىز توغرا ئىدى. ئەمما ئامما پىكىر ئىنكاسىنى نەزەرگە ئالمايمۇ بولمايدۇ، بولۇپمۇ پېشقەدەم كادىرلارنىڭ پىكرىنى ئېتىبارغا ئالمىساق، پرىنسىپقا توغرا كەلمەيدۇ. بۇ قېتىمقى پۇرسەت كەتتى، روھىڭىزنى چۈشۈرمەڭ، باش چۆكۈرۈپ خىزمەت ئىشلىسەكلا بولمايدۇ، ئەتراپتىكى مۇناسىۋەتكە، يۇرۇش ـ تۇرۇشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، كېيىن يەنە پۇرسەت بولۇپ قالار.

ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىدىن روھى سۇلغۇن چىققان بەكرى راخمان، خىيالغا پاتقىنىچە ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا كېلىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى.

ـ ھوي ئۇكا، بۇياققا كېلە بىر ـ ئىككى قول شاھمات ئوينايلى.

ئۇ تۇيۇقسىز چىققان ئاۋازدىن چۆچۈپ قورۇ ئىچىگە سەپسالدى، پاكىز تازىلانغان قورۇ ئىچىدە يەرگە چۈشكەن دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى تېرىپ يۈرگەن تازىلىق ئىشچىسى ئايالدىن باشقا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى، ئۇ، قەدەملىرىنى تېزلىتىپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

# جياڭسۇدىكى ھېكايە

پولات بايىز پويىزدىن چۈشكەندە، ئۆزىدە سەل ياتسىراش ھېس قىلدى. پويىز ئىستانسىسى ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن تىقما - تىقما بولۇپ كەتكەنىدى. گەرچە ئادەملەر شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، ئەمما بىر - بىرىنى ئىتتىرىدىغان، يول تالىشىپ دوقۇرۇپ - سوقۇلىدىغان، بىر - بىرى بىلەن تىللىشىدىغان ئىشلار كۆرۈنمەيتتى، ھەممە ئادەم شۇنداق ئالدىراش، ئەمما سىپىلىق - سىپايە ئىدى.

ئۇ: «بۇ شەھەردىكىلەر خېلى مەدەنىيەتلىك ئىكەن جۇمۇ» دېگەنلەرنى ئويلىغاچ ئىستانسا دەرۋازىسىدىن چىقتى. كەڭ كەتكەن ئىستانسا مەيدانىدا ھەرخىل ماركىلىق ئېسىل پىكاپلار، ھەرخىل رەڭدىكى تاكسىلار قاتار تىزىلىپ كەتكەن ئىدى. پولات بايىز ئەتراپتىكى مەنزىرىلەردىنمۇ كۆرە مەيدان يېنىدىكى قاتار كەتكەن ئاشخانىلارغا بەكرەك سەپسېلىپ، چاقلىق چامادانىنى سۆرەپ ئاشخانا ۋىۋىسكىلىرىنى ئوقۇغاچ ئالدىغا مېڭىۋەردى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ چامادانىغا ئېلىۋالغان نان - توقاچلىرى ۋە ئايالى ئىسسىقتا بۇزۇلۇپ قالىدۇ دېگىنىگە ئۇنىماي سېلىپ قويغان يوغان بىر شېشە قورۇغان گۆشنى يەپ بىرقانچە كۈنلۈك سەپەرنى تۈگەتكەنىدى. ئۇ ھورى ئۆرلەپ تۇرغان بىر قاچا ئۈگرە، گۆشسىز بولسىمۇ بىر تەخسە لەڭمەننى شۇنداق سېغىنغانىدى. ئۇ شۇ ماڭغىنىچە خېلى ماڭدى، ئەمدى ئاشخانىلار تۈگەپ كۆكتات بازىرىغا كېلىپ قالغانىدى. بىرەر خۇيزۇنىڭ بولسىمۇ مۇسۇلمانچە ئاشخانىسىنى ئۇچرىتالمىغان پولات بايىز قاتتىق رەللە بولدى.

«يائاللا، دۆڭكۆۋرۈكتە نېمە جىق، ئاشخانا جىق. ھەممىسى ئۇرۇمچىدىلا ئاچقۇچە، مانا مۇشۇنداق شەھەرلەرگە كېلىپ بىرەر لەڭمەنخانا ئېچىپ قويسا بولماسمىدى شۇلار...» ئۇ ھارغىن ھالدا چامدانىنى سۆرىگىنىچە خىيال سۈرگەچ مېڭىپ، مەرمەر تاش ياتقۇزۇلغان پاكىز بىر كوچىغا كىرىپ قالدى. بۇ كوچىدا ئادەملەر شالاڭ، ئەمما قاتار توختىتىپ قويۇلغان ھەشەمەتلىك ھەرخىل رەڭدىكى پىكاپلار قويۇق تىزىلغانىدى.

— يورداش، خەي ئاداش!

پولات بايىز بۇزۇپ ئېيتىلغان بۇ ئۇيغۇرچە زۇۋاننى ئاڭلاپ بېشىنى ئىتتىك كۆتۈرۈپ ئەتراپقا سەپسالدى، ئەتراپتىكى كىشىلەر ئۆز يوللىرىغا مېڭىشماقتا ئىدى.

— خەي، خەي يورداش، ئاداشى!

ئەمدى بۇ ئاۋاز بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىن ئاڭلاندى. پولات بايىز ھەشەمەتلىك سېلىنغان بىنانىڭ دېرىزىسىگە قاراپ، ئۇ يەردە بىرىنىڭ قولىنى پۇلاڭلىتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. قول پۇلاڭلاتقۇچى خەنزۇچە:

— مېنى بىردەم ساقلاپ تۇرۇڭ، مەن ھازىر چۈشىمەن، ۋېيۋۇر ئاداشى، — دەپ توۋلىدى.

«كىم بولغىيدى بۇ، يا بىزنىڭ ناھىيەدە ئىشلەپ يۆتكىلىپ كەتكەن شاۋلىزىمۇ يە، ئۇنى شاڭخەيدە دېيىشىۋاتاتتى. بىز ئۇيغۇرلار ئۇنى لىتىۋاخۇن دەپ چاقىراتتۇق. شۇ بولمىسا كىمدۇ ئۇ؟» ھايال ئۆتمەي ھەشەمەتلىك بىنانىڭ پىرقىرىما ئىشىكىدىن ۋىجىككىنە كەلگەن، ئېسىل كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن، شالاڭ چېچىنى خۇددى پۇتىدىكى ئالىي خۇرۇم ئايىغىدەك پارقىرىتىۋالغان بىرى تېز - تېز ماڭغىنىچە چىقىپ كەلدى. ئۇ كۈلۈمسىرىگىنىچە غۇلىچىنى كېرىپلا كېلىپ پولات بايىزنى قۇچاقلاپ:

— ياكىشىمۇ؟ ياكىشىمۇ؟ ئاداشى، — دېدى بۇزۇلغان ئۇيغۇر

تىلىدا.

— ياخشى، ياخشى، مەن سىزنى تونۇمىدىمغۇ، سىز كىم؟ بىز تونۇشىمىزمۇ؟ — دەپ سورىدى پولات بايىز راۋان خەنزۇ تىلىدا.

— شۇنداق، سىز مېنى تونۇمايسىز، مەن سىزنى تونۇيمەن. سىز ئۇيغۇرغۇ؟ مەن دوپپىڭىزدىن تونۇۋالدىم، — دېدى ناتونۇش كىشى پولات بايىزنىڭ دولىسىغا يېنىك ئۇرۇپ، — سىز خەنزۇچىنى ياخشى سۆزلەيدىكەنسىز، ئورتاق تىلنى مەن سىزچىلىك ياخشى سۆزلىيەلمەيمەن. جياڭسۇغا قاچان كەلگەن؟

— ھازىر پويىزدىن چۈشۈشۈم.

— مۇنداق بولسۇن، بۇ يېقىن ئەتراپتا بىر خۇيزۇ ئاشخانىسى بار، لەڭمەننى سىلەرنىڭ شىنجاڭدىكىدەك ئوخشىتالمىسىمۇ ھەرھالدا بولىدۇ، بىز شۇ يەردە پاراڭلىشايلى، — ناتونۇش كىشى شۇنداق دېگىنىچە يول بويىدىكى قارا رەڭلىك «بېك» ماركىلىق ماشىنىنى تىزگىنەك بىلەن ئېچىپ ئۇنىڭ چامىدىنىنى ماشىنىغا سالدى. پولات بايىز ئۆزرىخاھلىق ئېيتقان بولسىمۇ، ناتونۇش كىشى زادى ئۇنىمىدى.

ماشىنا قوزغىلىشى بىلەن باھارگۈل ئىمىنىنىڭ «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» دېگەن ناخشىسى ياڭرىدى.

— مەن شىنجاڭدا ئون ئىككى يىل تۇرغان، — دەپ گەپ باشلىدى ناتونۇش كىشى، خۇددى پولات بايىزنىڭ ئۆزىدىن گۇمانلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالغاندەك.

— شۇڭا شىنجاڭلىقلارنى كۆرسەم ئۆزۈمنىڭ بىر تۇغقىنىمنى كۆرگەندەك خۇشال بولۇپ كېتىمەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، شىنجاڭ مېنىڭ ئىككىنچى يۇرتۇم.

— سىزنىڭ ئىسمىڭىز...؟

— ھە كەچۈرۈڭ، مەن ئۆزۈمنى تونۇشتۇرماپتىمەن، فامىلەم

ۋاڭ، ئىسمىم خەيشاڭ، مېنى ۋاڭ خەيشاڭ دەپ چاقىرسىڭىز بولىدۇ. يا بولمىسا ئۇيغۇر دوستۇم ئوسماننىڭ ئائىلىسىدىكىلەردەك «ۋاڭ ھەسەن» دەپ چاقىرسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ـ مۇنداق دەڭ، سىزنىڭ ئۇيغۇرچە ئىسمىڭىز بار ئىكەن ھە.

ـ سۆزلەپ كەلسەم بۇ بىر ئۇزۇن ھېكايە. مانا ئاشخانىغىمۇ كېلىپ قالدۇق، بىز ئالدى بىلەن تاماق يەيلى، ئاندىن سىزنى مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قوياي، شەھەرنىڭ بۇ كوچىسىدا مۇسۇلمانلار خېلى بار، تاماقتىن قىينالمايسىز، يېقىنلا بىر يەردە بىر مەسچىتمۇ بار، سىزگە قولايلىق.

پولات بايىز ياتاقنىڭ مۇنچىسىدىن چىقىپ تۇرۇشىغا، ياتاق تېلېفونى جىرىڭلاپ كەتتى.

ـ ۋەي، پولات ئاداش، ياخشى ئۇخلاپسىزمۇ؟

ـ ھەئە، ۋاڭ ھەسەنمۇ، ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟

ـ ياخشى، ياخشى. مەن تۈنۈگۈنكى ئاشخانىغا ئەتىگەنلىك ناشتىلىق بۇيرۇتۇپ قويدۇم، سىز ناشتا قىلىپ بولۇپ ماڭا تېلېفون قىلىڭ. شوپۇرۇم سىزنى ئالغىلى بارىدۇ. بىز مەنزىرىلىك بىر جايغا بېرىپ پاراڭلىشايلى.

ـ ھە دوستۇم ۋاڭ ھەسەن، ياتاق پۇلىنى تۆلىۋېتىپسىز، مانا ئەمدى ناشتىلىقنىمۇ بۇيرۇتۇپ ئادەمنى خىجىل قىلماڭ.

ـ ھەي... سىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇنداق تارتىنچاقلىقىڭلار بەك سۆيۈملۈك، بولدى، بىز سەل تۇرۇپ كۆرۈشەيلى.

بۈك ـ باراقسان ئورمانلار، رەڭگارەڭ گۈللەر بىلەن قاپلانغان بۇ تۆپىلىكنىڭ مەنزىرىسى ناھايىتى گۈزەل ئىدى. پولات بايىز بىلەن ۋاڭ ھەسەن يىراقتىن كۆرۈنگەن شەھەر مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغاچ، ئەگرى ـ بۈگرى يولدا قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

— مەن بۇنىدىن سەككىز يىل بۇرۇن شىنجاڭدىن يۇرتۇم جياڭسۇغا كۆزۈم قىيمىغان هالدا قايتىپ كەلدىم، ئاتا - ئانام ياشىنىپ قالغان بولغاچقا قايتىپ كەلمەيمۇ بولمايتتى، — ۋاڭ هەسەن چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، بۇلۇتلۇق ئاسمانغا بىر قارىۋېتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن شىنجاڭغا ئازراق ئوقەت قىلارمەن دەپ بارغانىدىم، ئويلىمىغان يەردىن بىر يۇرتلۇقۇمنىڭ ياردىمىدە قۇرۇلۇش هۆددىگىرى بولۇپ قالدىم. دەسلەپ كىچىك قۇرۇلۇشلارنى قىلىپ يۈرۈپ، يول تاپقانچە كەسىپ ئىگىسى بولۇپ چوڭ - چوڭ قۇرۇلۇشلارنى قىلىدىغان غوجايىنغا ئايلاندىم. كۆڭلىرىم شۇنداق ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتەتتى، شۇ تۇرغانچە شىنجاڭدا ئون ئىككى يىل تۇرۇپتىمەن، پۇلنىمۇ تاپتىم. ئەڭ مۇهىمى، ياخشى دوست تاپتىم.

— ئۇ دوستىڭىز هەققىدە هېچنېمە دېمىدىڭىز.

— هە، راست، ئۇ توغرىسىدا دېمەپتىمەن، ئۇنىڭ ئىسمى هەسەن، تولۇق ئىسمى هەسەن زايىت. ئۇ بىر هەقىقىي ئىنسان، هەقىقىي ئەركەك. مەن سىزگە ئۇنىڭ بىلەن قانداق تونۇشقانلىقىمنى قىسقىچە قىلىپ دەپ بېرەي. شۇنداق قىلىپ چوڭ قۇرۇلۇشلارنى قىلىپ چوڭ غوجايىنغا ئايلانغان چاغلىرىم ئىدى. بىر كۈنى، قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنغا پۇل ئالغىلى باردىم، پۇلنى ئېلىپ ئىشچىلارنىڭ ئىش هەققىنى تارقاتماقچى ئىدىم، پۇل بېرىدىغان غوجاملار پۇلنىغۇ بەردى، ئەمما، — ۋاڭ هەسەن تاماكىنى قاتتىق - قاتتىق شوراپ توختاپ قالدى.

— نېمە بولدى، ئۇلار پۇلنى كەم بېرىپتىمۇ؟

— ياق پۇلنى تولۇق بەردى، ئەمما بىزنى رېستوراندا مېهمان قىلىسەن، دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇلارنى مېهمان قىلىشتىن قورقمىدىم، پەقەت ماڭا هاراق زورلىشىدىن قورقتۇم. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنى رېستوراندا ۋاھ دېگۈچە مېهمان قىلدىم. ئۆزۈممۇ

خۇدۇمنى بىلمىگۈدەك ئىچىپتىمەن، بىر ۋاقىتتا ئۇ مەستلەر تانسىخانىغا باشلايسەن، دېدى. ئۇلارنى تانسىخانىغا باشلاپ قويۇپ، ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ قۇرۇلۇش ئورنىغا قايتماقچى بولدۇم. ئۇ زامانلاردا تاكسى يوق ئىدى، ئۆزۈم مىنىپ كەلگەن ئىككى چاقلىق موتوسىكلىتقا سومكىدىكى نەق پۇلنى باغلاپ، قۇرۇلۇش مەيدانىغا ماڭغىنىمنى بىلىمەن، ئەمما كېيىنكى ئىشلار پەقەت يادىمدا يوق.

— كېيىن قانداق بولدى؟

— كېيىن قانداق بولاتتى؟ ئەتىسى چېقىلىپ كېتىدىغاندەك ئاغرىۋاتقان بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام كىيىملىرىم رەسۋاسى چىققان ھالەتتە يېتىپتىمەن، شۇ چاغدىلا سومكا ئېسىمگە كەلدى. موتوسىكلىتىم تام تۈۋىدە تۇرۇپتۇ، سومكا يوق. بېشىمغا قايتا ئاغرىق كىرىپ كەتتى. بۇ، قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىغا بېرىدىغان ئىش ھەققى ئىدى.

— قانچىلىك پۇل ئىدى؟

— تۆت يۈز مىڭ يۈەن. سىز ئويلاپ كۆرۈڭ، 90 ـ يىللاردىكى تۆت يۈز مىڭ يۈەن ئاز پۇلمۇ؟ دەرھال ساقچىغا مەلۇم قىلدىم، ساقچىلار قۇرۇلۇش مەيدانىدىكى ھەربىر ئادەمدىن گۇمانلاندى بولغاي، ھەممىمىزنى بىر ـ بىرلەپ تەكشۈرۈشنى باشلىدى. پۇل تېپىلمىسا مېنىڭ نەچچە يىللىق ئەجرىم بىكار كېتەتتى، مەن تۈگىشەتتىم. پۈتۈن ئۈمىدىمنى ساقچىلارغا باغلاپ بېشىمنى قاماللاپ ئولتۇرسام، پۇلنىڭ تېپىلغانلىق خەۋىرى كەلدى.

— قۇرۇلۇش مەيدانىدىكىلەر ئېلىپ قويۇپتىمۇ؟

— ياق، ناھىيە بازىرىغا يېقىن يېزىدىكى دېھقان يىگىت ئوسمان تاڭ سەھەردە سۇ ياقىلاپ كېتىۋېتىپ تېپىۋېلىپ كەنت كومىتېتىغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ.

— ھەقىقىي پەزىلەتلىك يىگىتكەن ئۇ.

— راست دەيسىز، ھەقىقىي يىگىت ئەنە شۇنداق بولىدۇ. بۇ ئىش پۈتۈن ناھىيە بازىرىنى زىلزىلىگە سالدى. شۇنچە كۆپ پۇلنى يالغۇز تېپىۋېلىپ تاپشۇرۇپ بەرگەنلىك خەۋىرىنى يېزىشقا ئالدىرىغان رادىيو - تېلېۋىزىيە، گېزىت مۇخبىرلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى مېنى ۋە ئوسماننى ئىزلەپ كېلىشۋەردى. ئۇ قانداق قىلدى دېمەمسىز؟ مۇخبىرلارغا ئۆزىنى قەتئىي كۆرسەتمىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، يىتىپ كەتكەن پۇل، يىتىپ كەتكەن نەرسىنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىش ھەربىر ئىنساننىڭ ئەقەللىي ئىشى، ئۇنى داۋراڭ قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى يوق.

— بۇنداق ۋىجدانلىق ياشلار بار.

— مەن شۇندىن كېيىن باشقىچە ئادەم بولۇپ قالدىم. مەن شىنجاڭغا كەلگىلى شۇنچە يىللار بولغان بولسىمۇ سىلەرنى ئانچە چۈشەنمەيتتىم. شۇ ئىشتىن كېيىن مەن، ئۇيغۇرلار بىلەن كۆپرەك باردى - كەلدى قىلىپ، سىلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىڭلارنى، مەدەنىيىتىڭلارنى چۈشىنىشكە تىرىشتىم. مەن ئوسمان ئارقىلىق سىلەرنى چۈشەندىم دېسەممۇ بولىدۇ.

— سىز قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شىنجاڭغا قايتا بېرىپ باقمىدىڭىزمۇ؟

— ئۆزۈمنىڭ شۇنداق بارغۇسى بار ئىدى، ئەمما بۇ يەردىكى ئىگىلىك ماڭا قاراشلىق، ئاتا - ئانام ياشىنىپ قالدى، ئۇلارنى تاشلاپ سەپەر قىلىشقا ئىمكان بولمىدى، كېيىن پۇرسەت بولسا چوقۇم بارىمەن.

— ھازىر شىنجاڭدا ئۆزگىرىشلەر خېلى زور، پۇرسەت بولسا بېرىپ كۆرۈپ كېلىڭ.

— سىز جياڭسۇغا نېمە ئىش قىلىشقا كەلگەن، مەن ياردەم قىلغۇدەك ئىش بارمۇ؟

— مەن دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى شىركىتى قۇرغانىدىم.

بۇ قېتىم جياڭسۇ، سەندۇڭلاردىكى تىراكتور زاۋۇتلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلار بىلەن سېتىش توختامى تۈزمەكچىمەن.

— ئۇنداقتا ياخشى. سىز بىزنىڭ يەنشۈيگە بېرىڭ. بۇ يەرگە يۈز نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ، بولمىسا مەن ئاپىرىپ قويساممۇ بولىدۇ.

— رەھمەت، سىز مېنى پەقەت بېكەتكىلا ئاپىرىپ قويسىڭىز بولىدۇ.

— سىزدىن بىر ئۆتۈنۈشۈم بار ئىدى.

— نېمە ئىش بولسا دەۋېرىڭ، بىز دوست بولۇپ قالدۇققۇ؟

— مەن بۇ يەردە خېلى نۇرغۇن پۇل تاپتىم، ئەممازە دوستۇم ئوسمانغا ھېچقانچە ياردەم قىلالمىدىم. ئۆتكەندە ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ ئازراق پۇل سېلىۋىدىم، پۇل چېكى ئادرېسى خاتا، دەپ قولۇمغا يېنىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئادرېسى خاتا ئەمەس، بەلكى ئۇ قانچىلىك قىيىنچىلىق تارتسىمۇ دوستىدىن بۇ پۇلنى ئېلىشنى خالىمىغان گەپ.

— پەرىزىڭىز توغرا، دوستلۇقنى قەدىرلەيدىغان يىگىت ئىكەن ئۇ دوستىڭىز.

— شۇڭا ماڭا ياردەم قىلىپ شىركىتىڭىزدىكى تىراكتوردىن بىرنى ئاشۇ دوستۇمغا يەتكۈزۈپ بەرگەن بولسىڭىز، مانا بۇ تىراكتورنىڭ پۇلى.

— سىز مەن بىلەن تونۇشقىلى ئىككى كۈن بولماي تۇرۇپ مۇشۇنچىۋالا پۇلنى بېرىۋەتسىڭىز مېنىڭ تېنىۋېلىشىمدىن قورقامسىز؟

— ياق، قورقمايمەن. مەن شىنجاڭدىكى ۋاقتىمدا نۇرغۇن ئۇيغۇرلار بىلەن ھۆججەت توختاملاشماي تۇرۇپمۇ قولنى يەرگە ئۇرۇپلا ۋەدىلىشىپ نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغان، قولنى يەرگە ئۇرغىنىڭلار زېمىن گۇۋاھ بولسۇن دېگىنىڭلارغۇ؟

— بولىدۇ، قولىڭىزنى يەرگە ئۇرۇڭ، — پولات بايىز شۇنداق

دېگىنىچە قولىنى يەرگە ئۇرۇپ، ــ مەن ئالدى بىلەن شىنجاڭغا قايتىپ باراي، تىراكتورنى ئاغىنىڭىز ئوسمانغا تۇتقۇزاي، ئاندىن سىز پۇلىنى تۆلەڭ، بولامدۇ؟

ــ مانا، مانا، مەن دېمىدىممۇ، سىلەردە مانا مۇشۇنداق ئەركەك مىجەز بار.

ــ سىزدىمۇ دوستلارغا ئەنە شۇنداق ئەقىدە بار ئەمەسمۇ؟

ــ ها ها ها...

ئىككىلىسى قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى، ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۈلكىسى چىن ئىدى. ئىنسانىنىڭ ئورتاق تىلى بولغان كۈلكىنى تەرجىمە قىلىش كەتمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

# ئادەم ۋە ھايۋان

— جاھان ئۆزگىرىۋاتىدۇ ھازىر.
— ياق، جاھان ئەمەس ئادەملەر ئۆزگىرىۋاتىدۇ، ئادەملەر. . .
— ياق جاھان!
— ياق ئادەملەر!

كىشىلەرنىڭ ھازىرقى تۇرمۇش ئۈستىدىكى يۇقىرىقىدەك تالاش - تارتىشنى قويۇپ تۇرۇپ، تۆۋەندە ھېكايە قىلىنماقچى بولغان ئاددىي، ئەمما تەسىرى پۈتكۈل شەھەرنى تەۋرىتىۋەتكەن كىچىككىنە، ئەمما غوۋغاسى ھازىرقى قېلىپلاشقان تىل بويىچە قىزىق نۇقتا بولۇپ قالغان ھېكايە ئۈستىدە توختىلايلى.

نەچچە ئاينىڭ ئالدىدا، بىزدىن نەچچە بېكەت نېرىقى مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق سالى دېگەن تونۇشۇم مېنى ئىزدەپ ئۆيگىلا كىرىپ كەلدى. ئەسلىدىنلا سېرىق ئۆڭلۈك بۇ تونۇشۇم ئىشىكتىن كىرە - كىرمەيلا سالامىنىمۇ ئۇنتۇپ، خۇددى مەن بىلەن ئۇرۇشقىلى كەلگەندەك باش - ئاخىرى يوق گەپلەرنى قىلىپ ۋارقىراپلا كەتتى:

— مەن ئۇنداق تۈزكور گۈينى تۇغۇلغىنىغا تويغۇزۇۋېتىمەن. مېنى نېمە چاغلاۋاتىدۇ ئۇ، بوپتىلا سەتلەشمەيلى، كىم دېسە پالانى - پوكۈنى دەپ يۈرىدىغان ئادەملەر بىز دېگەنچە، قىلىۋاتقان ئىشنى قارا ئۇنىڭ!

ئۇنىڭ ئەسلىدىنلا سېرىق ئۆڭى تېخىمۇ سارغىيىپ، تاتىرىپ، جاۋغايلىرىغا ئاپپاق مازغاپ تولغانىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، سالىھ باي، — دېدىم مەن ئۇنىڭ كەيپىياتىنى ئوڭشاش ئۈچۈن، — قېنى سافاغا كېلىڭلار،

بىراۋنىڭ ئۆيىگە مۇشۇنداق قايناپ سالام بېرىپ كىرەمسىلە دوستۇم.

ئۇ پۇشۇلداپ سافاغا ئۆزىنى تاشلاپ:

— تاماكاڭ بارمۇ، بىر چەكتۇرە، مەن مېھمان بولغاندىن كېيىن، — دېدى بوغۇق ئاۋازدا.

مەن بىر تال تاماكىنى ئۇنىڭغا تۇتمۇاتقاچ سورىدىم:

— نېمە بولدۇڭلار؟ بۇنچە چېچىلغىنىڭلاردىن قارىغاندا سىرتتا بىرى بىلەن...

— تازىمۇ، مەن يا ئاۋۇ مەھەللىدىن سىلىنىڭ ماۋۇ مەھەللىگە كېلىپ خەق بىلەن ئۇرۇشىدىغان ساراڭ بولمىسام، — دېدى ئۇ يەنە يۇقىرى ئاۋازدا گېپىمنى بۆلۈپ، — سىلى زادى ماڭا بىر ياردەم قىلمىساڭلا بولمىدى.

— قانداق ياردەم قىلىمەن، نېمە ئىشقا ياردەم قىلىمەن، ئېنىق ئېيتىڭلا، — دېدىم مەن تەرەپپال كەلگەن مېھمانغا داستىخان سېلىپ چاي قۇيغاچ.

ئۇ قولىدىكى چېكىپ بولغان تاماكىسىنى كۈلدانغا پاتۇرۇپ ئۆچۈرۈپ، يەنە بىر تال تاماكىنى تۇزۇتىسزلا تۇتاشتۇرۇپ، قاتتىق شورىۋەتكەندىن كېيىن دېدى:

— مېنىڭ ئۇدۇل قوشنام، ھە راست، سىلى بىزنىڭ ئۆينى بىلمەيسىلە، ئۇچىنچى قەۋەتتىكى ئۇدۇل قوشنام، — ئۇنىڭ كۆكۈش كۆزلىرى تاماكا ئىسى كەينىدىن خۇددى يېشىل ئۇچقۇندەك كۆرۈندى، — بەشىر ئۇستۇمدىن سوتقا ئەرز قىپتۇ، بەدبەخ!

— ئۇ قوشناڭلار نېمە دەپ ئۇستۇڭلاردىن ئەرز قىلىدىكەن؟ — دېدىم مەن چۈشىنەلمەي.

— مۇنداق ئىش، نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا، ئەتىگەندە ئىشقا ئالدىراپ ماشىنامنى ئوت ئالدۇرۇپ مېڭىشىمغا، بىر نەرسە چىرقىرىغاندەك قىلىپ قالدى. ماشىنامنى توختىتىپ يەرگە

چۈشۈپ قارىسام چاقىنىڭ ئاستىدا بىر مۈشۈك جان تالىشىپ يېتىپتۇ. ئەتىگەندە كەلگەن كېلىشمەسلىككە توۋا - ئىستىغبار ئېيتىپ ئەتراپقا قارىسام ھېچكىم يوق، قارىغاندا ئىگىسى يوق ئوغرى مۈشۈك ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ ئىشقا كېتىۋېرىپتىمەن. بۈگۈن مانا سوتنىڭ ماۋۇ چاقىرىقىنى تاپشۇرۇۋالدىم.

ئۇ يەنە بوغۇلۇپ پۇشۇلداپ تىنىغىنىچە، يانچۇقىدىن بىر پارچە تامغىلىق قەغەزنى ئېلىپ ماڭا سۇندى.

— ئاددىيلا ئىشقۇ بۇ. سىلى باسۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغان مۈشۈك قوشنىڭىزنىڭ مۈشۈكى ئىكەنغۇ؟ ئەرز قىلىپ يۈرگۈچە سىلىگە ئۆدۈللا دېسە بولمامدۇ، — دېدىم مەن بۇ ئەرزگە ھەيران بولۇپ.

— شۇ ئەمەسمۇ جېنىم دوستۇم، مەن سوتنىڭ چاقىرىقىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، بۇنىڭ كۈندە ھىجىيىپ سالام قىلىپ تۇرىدىغان سىلىق - سىپايە قوشنامنىڭ ئەرزى ئىكەنلىكىگە زادىلا ئىشەنمەي ئۆيىگە كىرسەم، ئۇ ناكەست ئايالىنى چاقىرىپ قويۇپ، ئۆزى لام - جىم دېمەي ئولتۇرۇۋالدى.

— ۋاي، بۇ قوشنىلار ئارىسىدا ئۆزئارا ھەل قىلىپ كەتكىلى بولىدىغان ئاددىي ئىش ئىكەنغۇ؟ زادى بولمىسا سىلى بازاردىن چىرايلىق ئارىسلاندىن بىرنى ئەكېلىپ بەرسىلا بولمىدىمۇ؟ — دېدىم مەن، — بۇنچە بوغۇلۇپ قايناپ كەتكۈدەك نېمە ئىشكىن دەپتىمەن.

— گەپ دەل ئاشۇ يەردە، مەن قوشنامغا بىر قىيامەتلىك قوشنا - قولۇملار، مۈشۈكۈڭلارنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىنمۇ چىرايلىق مۈشۈك ئېلىپ بېرەي، بازاردىكى مۈشۈكلەرنىڭ ئىچىدىن ئۆزۈڭلارغا يارىغاننى ئېلىڭلار، باھاسى قانچىلىك قىممەت بولسىمۇ مەيلى دېسەم، ئۇ ناكەستىنىڭ ئايالى نېمە دېدى دېمەمسىلە: بۇ شەھەردە ئۇنىڭ مۈشۈكىگە تەڭ كېلىدىغان مۈشۈك يوق ئىكەن. ئۇنىڭ مۈشۈكى چەت ئەل —

قىرغىزىستاندىن ئىمپورت قىلىپ كىرگۈزۈلگەن مۈشۈكمىش. بىزچە گەپنى سۆزلىيەلمىگەن بىلەن ئاڭلايمىش، كېچىسى ئاشۇ ئايالنىڭ يوتقىنى ئىچىدە ياتارمىش. يەنە ھارام جانىۋارنىڭ گۆشىنى زادى يېمەيلا قالماي، ئۇنى پۇراپلا بىلەرمىش، شۇڭا ئۇ مۈشۈكنىڭ ئورنىغا بىرنى ئەمەس ئوننى ئېلىپ بەرسەممۇ ئۇلار رازى بولمايدىكەن.

— سوتقا ئەرز قىلسا ئۇ مۈشۈك تىرىلىپ كېلەمدىكەن، — دېدىم مەن كۈلكەمنى ئاران بېسىپ.

— شۇ گەپ ئەمەسمۇ، مەن سىلى دېگەندەك دېسەم، ئۇ ئايال خۇددى ئانىسى ئۆلگەندەك يىغلاپ ئۆيىنى بېشىغا كىيدى. تۇرۇپلا بۇ ئۆيدە ھېچ ئىش بولمىغاندەك گېزىتنى تەتۈر تۇتۇپ ئولتۇرغان قوشنام بەشىرگە ئاچچىقىم كېلىپ: «گەپ قىلە بەشىر ماۋۇ خوتۇنۇڭغا» — دېدىم، ئۇ نېمە دەيدۇ دېمەمسىلە؟

— نېمە دېدى، پۈتۈن سۆرۈك ئەر بولغاندىن كېيىن لىللا بىر نېمە دېگەندۇ؟

— نەدىكىنى، خوتۇنىدىن ئۆتە بىشەم لاۋزىكەن ئۇ: «مېنىڭ خوتۇنۇم ئاشۇ مۈشۈكنى مېنىڭدىن، ھەتتا يالغۇز ئوغلىمىز جەۋھەردىن ئەتىۋا كۆرەتتى. خوتۇنۇم بىر ئەزىزىدىن ئايرىلدى، ئەگەر ئۇ يىغلاپ يۈرۈپ ئالىمھادىس ئەقلىدىن ئېزىپ قالسا، ياكى ئاغرىق - سىلاق بولۇپ قالسا، سەن بىلەن يەنە ئاخىرغىچە روھىي تۆلەم دەۋاسى قىلىشىمەن. قانۇن ئادىل، قانۇننىڭ ئاددىللىقىنى شۇ ۋاقىتتا بىلىپ قالىسەن، دەيدۇ. شۇڭا بۇ توخۇ پوقىلار بىلەن داۋالىشىش ئۈچۈن سىلىدىن ياردەم سوراپ كېلىشىم.

سالىھنىڭ كەيپى سەل - پەل بېسىققاندەك قىلاتتى.

— مەن يا ئادۋوكات بولمىسام، قانداق ياردەم قىلىمەن سىلىگە، — دېدىم مەن.

— مەندە پاكىت تولۇق، ئەھۋال ئېنىق. بۇ دەۋادا چوقۇم

ئۆتىمەن.

— قانداق پاكىت؟

— سالىھ پۇشۇلدىغىنىچە ئىشتان يانچۇقىدىن بىر دانە كۆركەم يانفونىنى چىقاردى ۋە بىردەم يانفونغا بىردەم ماڭا قاراپ تۇرۇپ كېتىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— قوشنامنىڭ بىشەملىكىگە ئاچچىقىم كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ چىقىپ قورۇ گۈللۈكىگە چۇشسەم قوشنامنىڭ بەش ياشلىق ئوغلى مېنىڭ تۆت ياشلىق قىزىم تاڭنۇر بىلەن ئويناۋېتىپتۇ. ھەي... ي، دېدىم ئىچىمدە: بىز چوڭلار ئۇرۇشقان بىلەن كىچىك باللار پەرۋايى - پەلەك بىللە ئويناپ چوڭ بولىدىكەن. ئەگەر ئاشۇ باللار چوڭ بولسا بىزدەك نەدىكى ئىشلارنى دەپ زىددىيەتلىشىپ يۈرەرمۇ، ياكى ھازىرقىدەك ئىجىل - ئىناق ئۆتەرمۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ گۈللۈكتە ئولتۇرۇپ كېتىپتىمەن، بىر ۋاقىتتا مەندە تۇيۇقسىز قوشنامنىڭ ئوغلىدىن مۇشۇكنىڭ ئىشىنى سوراپ بىلىپ بېقىش ئىستىكى تۇغۇلدى. شۇنىڭ بىلەن دۇكاندىن بىرنەچچە تال چوكا مۇز سېتىۋېلىپ كەلدىم - دە، باللارغا بەردىم. ئاندىن يانفونۇمنىڭ ئۈنئالغۇسىنى ئېچىپ قويۇپ قوشنامنىڭ ئوغلى جەۋھەرنى گەپكە سالدىم. ئۇنىڭ دېيىشىچە، مەن ماشىنامغا باسۇرۇپ قويغان ئۇلارنىڭ مۇشۇكى چەت ئەلدىن ئەمەس، يېزىدىكى تۇغقىنىنىڭ ئۆيىدىن ئەكەلگەن مۇشۇك ئىكەن. ئۇيغۇرچە زۇۋان ئۇياقتا تۇرسۇن «پىش» دېگەننىمۇ بىلمەيدىكەن. ئۆيىدىكى شىرە، قازان بېشى، قازناقلاردا چىچىپ يۇرىدىغان، ئاش - تاماقلارنى پۇراپ، يالاپ، دەسسەپ كېچىپ يۇرىدىغان ئەسكى مۇشۇك ئىكەن. شۇڭا بۇ مۇشۇكنى كۇندە ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتسە، ئىشىك ئېچىلغان ھامان ئۆيگە كىرىۋېلىپ ئاۋارە قىلىدىكەن، — سالىھ گېپىدىن توختاپ قالدى ۋە ئۆزىگە - ئۆزى سۆزلىگەندەك، — بىز نېمە بولۇپ

كېتىۋاتىمىز - ھە، بىزدە ئاشۇ كىچىك بالىلارچىلىكمۇ راستچىللىق، ئاشۇ سەبىيلەرچىلىك سەمىمىيلىك بولمىسا، — دېگىنىمچە ئۇھ تارتتى. مەنمۇ خۇددى ئۇنىڭغا تەڭكەش قىلىۋاتقاندەك ئاھ ئۇردۇم. ئۆي ئىچىدە بىردىنلا سۈكۈت ھۆكۈم سۈردى.

— سىلى ئەمدى قانداق قىلماقچى؟

— ئۇلار ئەرز قىلىپ تۇرىۋالسا سوتقا بارماي ئامالىم يوق.

— بۇ كىچىككىنە ئىشنى چىرايلىق ھەل قىلىشنىڭ يولى بولماسمۇ؟ مەسىلەن، ئۇلاردىن ئەپۇ سوراش ياكى...

— بولدىلا، مەن قايتىپ بېرىپ، قوشنىلارغا چاي تۇتۇپ يەنە بىر قېتىم ئەپۇ سوراپ كۆرەي، ئۇنۇمى بولۇپ قالار، — دېدى سالىھ خۇددى گۇناھكار ئادەمدەك بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە ئۆيىدىن چىقىۋېتىپ.

— سىلىدىنمۇ ئەپۇ سورايمەن، — دېدى ئۇ بوغۇق ئاۋازدا.

— مەندىن نېمىگە ئەپۇ سورايسىلە؟ — دېدىم مەن.

— مۇشۇنچىلىك كىچىككىنە ئىشقا سىلىنى ئىزلەپ كەلگىنىمگە، — دېدى ئۇ كەينىگىمۇ قاراپ قويماي.

شۇنىڭدىن كېيىن، سالىھنى بىر يەرلەردە ئۇچرىتىپ باقمىدىم. ئۇمۇ خۇددى مېنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك مېنى ئىزلەپمۇ كەلمىدى. كېيىن ئاڭلىسام، سالىھنىڭ قوشنىسى بەشىر ئۇنىڭ ئۈستىدىن داۋاملىق ئەرز بېرىپ تۇرۇۋاپتىمىش. سالىھ ھېلىقى كىچىك بالىنى گەپكە سېلىپ ئېلىۋالغان ئۈنئالغۇ ئاۋازىنى يىمىرىلمەس پاكىت قىلىپ سوتتا ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ، ئەمما «قۇرامىغا يەتمىگەن بالىلارنىڭ سۆزى قانۇندا ئىناۋەتسىز» دەپ قارىلىپ، سالىھ «چەت ئەل» مۈشۈكى ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل تۆلەشكە بۇيرۇلۇپتۇ. سالىھ قايىل بولماي ئوتتۇرا سوتقا نارازىلىق ئەرز سۇنۇپتىكەن، ئەسلىي سوتنىڭ ھۆكۈمى كۈچكە ئىگە، دەپ جاۋاب بېرىلىپتۇ. بۇنىڭغا قايىل بولمىغان

سالىھ، يۇقىرى سوتقا ئەرز قىلىمەن، دەپ ئۈرۈمچىگە كەتكىلى خېلى بوپتىمىش. ئەمما، سالىھنىڭ قوشنىسى بەشىر مۈشۈكىمىز ئۆلگەندىن كېيىن، ئايالىم ئىككىمىز ئېغىر روھىي زەربىگە ئۇچرىدۇق. شۇڭا سالىھ بىزگە ئۈچ يۈز مىڭ يۈەن روھىي تۆلەم بەرسۇن، دەپ سوتقا يەنە ئەرز سۇنۇپ يۈرگۈدەك. سوتچى، ئادۋوكاتلار قانۇندا يوچۇق بار، دەپ ئاغرىنىپ يۈرەرمىش.

بۇ ئىش پۈتۈن شەھەرگە پۇر كەتكەن بولغاچقا بەزىلەر توخۇ، توشقان، پىستە كۈچۈكلىرىنى توختىتىپ قويۇلغان ماشىنىلارغا ئەتەي يېقىن ئەكېلىپ باغلاپ قويۇپ، ئۇلارنى ماشىنا بېسىۋالسا شوپۇر ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ يۈرەرمىش. يەنە بىر گەپتە، شەھەردىكى بارلىق ئەرمەك ھايۋانلارنىڭ بويىنىغا تاختا ئېسىپ قويۇلغان بولۇپ، ھەممىسى چەت ئەلنىڭ ئەرمەك ھايۋانلىرى بولۇپ كېتىپتۇ. ئۆزىمىزنىڭ بىرمۇ ئەرمەك ھايۋىنى يوق ئىكەن، شەھەردە ئەرمەك ھايۋان بېقىش قىزغىنلىقى ئەۋج ئېلىشقا باشلاپتۇ.

مەن بۇ خەۋەرنى كېچىكىپ ئاڭلىغىنىمغا بەكمۇ ئەپسۇسلاندىم.

策　　划：阿迪力·穆罕默德
责任编辑：热娜·巴克
特约编辑：艾比布拉·木哈买提
责任校对：阿丽亚·买买提
封面设计：海米旦·塞达里木
制　　版：阿依妮沙·吾布力

**信念**（维吾尔文）

麦麦提·艾合买提
阿布都拉·穆罕默德　著

新疆科学技术出版社出版发行
（乌鲁木齐市延安路255号　邮政编码：830049）
新疆新华书店经销　新疆新华印刷厂印刷
880mm×1230mm　32开本　11.875印张
2012年9月第1版　2012年9月第1次印刷

ISBN 978-7-5466-1480-9　（民文）定价:19.70元

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: خەمسە ئىسلام



ISBN 978-7-5466-1480-9

9 787546 614809 >

定价:19.70 元